ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈرگەن سىرك چولپىنى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا



# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

2-3
1998

XINJIANG CIVILIZATION

www.uyghurkitap.com



ئارخېئولوگ ئابدۇقەييۇم خوجا

شىنجاڭ مەدەنىيىتى
47 - يىل نەشرى
قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال
1998 - يىل 2 -، 3 - سان (ئومۇمىي231 -، 232 - سان)

# بۇ سانىدا

## چولپانلار شەجەرىسى

زېمىن تۇغقان چولپانلار ........................ ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، گۈلچېھرە ئەزىز 2

## كۆڭۈل ئىزھارى

تەبرىك ۋە ئۈمىد........................... مىجىت ناسىر 10

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ئىككى ھېكايە ........................ مەمتىمىن ھوشۇر 13
نەسرلەر............................. ئەخمەت ئىمىن 27
نەسرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار ...................... غ. مۇھەممەت 29
ر. قايىنامى، م. ۋارىسى، ي. سەيدۇل، ئا. ئابدۇراھمان، ھ. خوجا، ت. توختى،
ئا. رېشىت، ئا. ئەبەيدۇللا، ئۆ. ئەخمىدى، د. ياسىن، ت. كەنجى
ھايۋاناتلاردىكى پاراسەت ۋە تەك كېچىدىكى ناخشا .................... ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجى 32
امالتۇرك ۋە ئۇرۇمچى ............................. يالقۇن روزى 6
ئىرۋە شېئىر يازمايدىغان كىشىلەر ........................... بوغدا ئابدۇللا 0
ايىلەر ھەققىدە «ھېكايە»لەر............................. ئابلەت قەييۇم 2
ن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى ........................ گارسىيا ماركوس 45
قانىيەت ئۆلمەيدۇ ......................... نەجىب مەھفۇز48

## مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن

نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار ··· ئا. خوجا 51
قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان ..................... ئىمىن تۇرسۇن 82

## مۇھاكىمە

20 - ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق ..................... ئەسەت سۇلايمان 105

## ئۆيلىنىش ۋە ئىزدىنىش

«كرىزىس ۋە ئۆيلىنىش»تىن تەرمىلەر ........................ خې شىن 137
شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپۋى مىللەتكە ئايلىنىش-دەۋرنىڭ تەلپى.............. شەرىپقان ئەبدالىي 141
ئادەت كۆچى ۋە تەپەككۇردىن ياتلىشىش ...................... تۇرسۇنمۇھەممەت توختى 147

## دانالار خەزىنىسى

ھايات ھەقىقەتلىرى ............................. تەييارلىغۇچىلار: ئە.ناشتۇمۇر 152
ش. ئابدۇلئەھەد، ئى. ئاخۇنباي، ئى. كېرەم، د. قۇربان، ر. راھمان، ئە. توختى، ئېلتېكىن

مۇقاۋا سۈرىتىنى فاتىخ شەرف تارتقان. ژۇرنال نامىنى خالمۇرات قەييۇمبەگ يازغان. مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت

باش مۇھەررىر: مۇھەممەت زۇنۇن مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: قۇربان مامۇت (ئىجرائىيە)
مۇھەررىر ۋە كاتىپ: رىسالەت مۇھەممەت مەزكۇر ساننىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ۋە تېخنىكا رېداكتورى: قۇربان مامۇت

# زېمىن تۇغقان چولپانلار



(ئوچېرك)

ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، گۈلچېھرە ئەزىز

ئەسىرلەر بويى قوياش توغۇپ ھالسىرىمىغان بۇ قۇدرەتلىك ئانا زېمىن ئۇلارنىمۇ تۇغدى. گۈزەللىككە خۇشتار، ئىجادكار، ئەمگەكچان خەلق ياراتقان تەڭداشسىز باي سەنئەت ئۇلارغا قانات بەردى. شۇڭا ئۇلار ئۇلۇغ ئانا زېمىنىنىڭ ئىسسىق بۆشۈكىدە، سەنئەت خۇمار مىللەتنىڭ ئىللىق باغرىدا ئوزۇقلىنىپ، زۇۋانىغا كىرىپ، ھۆسن تۈزەپ، ماھارەت يېتىلدۈرۈپ، بىپايان سەنئەت كۆكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىپ، چولپان كەبى چاقناپ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئۆزگىچە سېھرىي كۈچى بىلەن جاھان ئەھلىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالالىدى.

## سېھىر پەرىسى

ئاجايىپ يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بۇ سېھىركچى - سېھىرگەر قىز 1997 - يىلى ئامېرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 69 - نۆۋەتلىك خەلقئارا سېھىرگەرلىك ساھەسىدىكى ئېسىل نومۇرلار مۇسابىقىسىدە ئۆزىنىڭ قالتىس نەتىجىسى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنى، ئۇيغۇر سەنئىتىنى دۇنياغا تېخىمۇ تونۇتتى.

ئوتتۇز نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن سىرلىق كەسىپ ئەھلى، مىڭلىغان تاماشىبىن بىلەن لىق تولغان زال، ئۇچىسىغا خوتەن ئەتلىسىدىن يارشىملىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا چىرايلىق چىمەن دوپپا كىيگەن جەزبىدار ئۇيغۇر قىزى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يېرىم يۇمغان ھالدا تەڭرىدىن ئۆزىگە كۈچ - قۇۋۋەت، غەيرەت - جاسارەت ئاتا قىلىشنى تىلەپ، ئاستا شىۋىرلىماقتا. ئۇنىڭ يېنىدا شۇ تاپتا ئۇنىڭغا ئىلھام بېرىدىغان نە بىرەر ۋەتەنداش كەسىپدىشى، نە بىرەر تونۇش چىراي يوق ئىدى. جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقى قېشىدا پەقەت بىر قىز — چىمەن دوپپىلىق بىر ئۇيغۇر قىزى، ئۇنىڭ ھەمرىيى 12 قاپ رەڭلىك قارتا. ئامېرىكا ئاسمىنىدا تۇيۇقسىز چاقنىغان بۇ يۇلتۇز كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان ئۇيغۇر مۇزىكىسى ساداسى ئىچىدە ياپپېشىل سەھنە كىيىمى كىيگەن رەڭدار توزدەك لەرزان ئۇيغۇر ئۇسسۇلى بىلەن سەھنىدە پەيدا بولدى. ئادەم پارچىلاش ئۇسكۇنىلىرىنى ئىتتىرىپ، كەپتەر قوندۇرىدىغان تاياقلارنى ئېلىپ، جىددىي سەھنىگە چىقىدىغان سېھىرگەرلەر بۇ «ئۇسسۇلچى قىز» غا قاراپ ئەجەبلەندى. ھەيرانلىققا تولغان كۆزلەر توزغاقتەك ئۇچۇپ چۇشىۋاتقان قارتىلارغا قاراپ ئۇلگۇرەلمىدى. بۇ قىز ئۇسسۇل ئويناۋاتامدۇ ياكى ۋۇجۇدىدىن قارتا چىقىرىۋاتامدۇ؟! ئەينەكتەك كەڭ سەھنە بىردەمدىلا قارتقا تولۇپ كەتتى. تېڭىرقاپ قالغان تاماشىبىنلار ئېسىنى يىغقىچە، ئوڭ قولىنى قارتا بولىقى — ئاتەش كۆكسىگە قويۇپ، ئىللىق سالام قىلغان ئۇيغۇر قىزى روشەنگۈل سەھنىدىن ئايرىلدى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى، ھاياجانلىق قىقاس - چۇقانلار روشەنگۈل ئەبەيدۇللانى

## چولپانلار شەجەرىسى

سەھنىگە ئۈچ قېتىم ئېلىپ چىقتى. خەلقئارا سېھىرگەرلەر جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بىر بىرگروئام ئەپەندى روشەنگۈلگە ئەڭ ئالىي مۇكاپات بۇيۇمىنى، ئۇنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ مەشھۇر 10 سېھىرگەر ئارتىستىنىڭ يەتتىنچىسى بولغانلىقى توغرىسىدىكى گۇۋاھنامىنى بەرگەندە، قەدىمىي يىپەك يولى، تەڭرىتېغىنىڭ گۈل - گۈلىستانلىق ئېتەكلىرى زىلزىلىگە كەلدى.

ئۇ بىزنىڭ قىزىمىز، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىزى. ئۇ مۇشۇ زېمىندا تۇغۇلغان، مۇشۇ زېمىندا ئۆسكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجرى، ئۆچمەس تارىخىي تۆھپىسى ئارقىلىق ئانا زېمىنىنىڭ چەكسىز ئىللىق مېھىر - شەپقىتىگە جاۋاب قايتۇردى. يۇرتىمىزنى، خەلقىمىزنى، سەنئىتىمىزنى، ماھارىتىمىزنى دۇنياغا تونۇتتى.

جاھان ئەھلىنىڭ ئاغزىدا «غەربىي دىيارنىڭ ئالتۇن مېداللىق سېھىر پەرىسى»، «ئۇچقۇر قارتا پەرىشتىسى» دەپ تەرىپلىنىۋاتقان بۇ تالانت ئىگىسىنىڭ مول مەزمۇنلۇق، پەخىرلىنەرلىك ھايات مۇساپىسىگە قاراپ باقايلى.

1967 - يىلى، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن بۆشۈكى قەشقەردە ئوماق بىر قىز دۇنياغا كەلدى. تۇمەن دەرياسىنىڭ ئەلۋەك سۈيىنى ئىچىپ، مۇنبەت تۇپراق، كەڭرى قۇچىقىدا ئۆسۈۋاتقان 8 ياشلىق روشەنگۈل 1976 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىرك ئۆمىكىگە تاللاپ ئېلىپ كېلىندى. «بولىدىغان زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم» دېگەندەك، ئۆسمۈر روشەنگۈلنىڭ سىرك ئۆمىكىدە ھاردىم - تالدىم دېمەي قەيسەرلىك بىلەن مەشىق قىلىشى، جاپالىق ئىزدىنىشى ئۇنىڭ گۈزەل ئەتىسىدىن بىشارەت بەردى.

ئۇ 14 ياشقا تولغان يىلى — 1981 - يىلى لەنجۇدا ئۆتكۈزۈلگەن 1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سىرك مۇسابىقىسىدە سەھنىدە تۇنجى قېتىم مۇستەقىل ھالدا ماھارەت كۆرسىتىپ، ئەڭ يۇقىرى ئورۇنداش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. ئۇ شۇ قېتىم كۆرسەتكەن قول ماھارىتى بىلەن يالغۇز كىشىلىك قاڭشار تىرەش ماھارىتى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى مۇتەخەسسىسلەر بىلەن كەسىپداشلىرىنى ھەيران قالدۇردى.

بۇ تالانتلىق قىز 1989 - يىلى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىيىسى چاغاننى كۈتۈۋېلىش مۇناسىۋىتى بىلەن تەييارلىغان «تەڭرىتاغ جاھانغا تۇتاش» ناملىق ئەدەبىيات - سەنئەت كېچىلىكىدە ئۇيغۇر سېھىرگەرلىكى سەھنىسىدە يېڭىدىن پارلىغان چولپان سۈپىتىدە ۋاللىدە چاقناپ، ھەر مىللەت تاماشىبىنلىرىنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

ھەر قانداق قاتماللىق، مۇتەئەسسىپلىك ئىزدىنىش روھى بىلەن سىغىشالمايدۇ، سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ. روشەنگۈل ماھارەت يېتىلدۈرۈش جەريانىدا قارتا ئۆزگەرتىش سەنئىتىنىڭ ئەنئەنىۋى چەمبىرىكىنى دادىللىق بىلەن بۇزۇپ تاشلاپ، قارتا سېھىرگەرلىكىنى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ھەم مۇزىكىسى بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ، قارتا ئۇچۇرۇش سەنئىتىنىڭ روشەن ئۆزگىچىلىككە ئىگە يېڭى شەكلىنى ئىجاد قىلىپ، روشەن خاسلىققا، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇيغۇر سېھىرگەرلىكىنى زامانىۋى يۈكسەكلىككە، خەلقئارا سەۋىيىگە كۆتۈردى.



روشەنگۈل ئەبەيدۇللا ئۆز كەسپىدە قازانغان زور نەتىجە، شان - شۆھرىتى بىلەن 1991 - يىلى «دۆلەتلىك 1 - دەرىجىلىك ئارتىس» كەسپىي ئۇنۋانىغا، 1991 - يىلى 5 - ئايدا، ۋۇخەندە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك 3 - نۆۋەتلىك سىرك مۇسابىقىسىنىڭ ئەڭ ئالىي مۇكاپاتى — «ئالتۇن شىر» مۇكاپاتىغا، مەملىكەت بويىچە «ئالاھىدە سېھىرگەرلىك مۇكاپاتى» غا ۋە شۇندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن «مۇنەۋۋەر كەسپىي - تېخنىكا خادىمى»، ئاپتونوم رايون بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» دېگەن شەرەپلەرگە، «شىنجاڭنى ئېچىش - گۈللەندۈرۈش مېدالى» غا، «گەۋدىلىك تۆھپىسى بار ياش، ئوتتۇرا ياش مۇتەخەسسىس» دېگەن نامغا، «1 - ماي ئەمگەك مېدالى» غا، گوۋيۇەننىڭ ئالاھىدە

www.uyghurkitap.com

تەمىناتىغا ئېرىشتى.

ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان قارتا ئۇچۇرۇش ماھارىتىنى مەملىكەت ئىچىدىلا ئەمەس، لىۋىيە، گىرىتسىيە، پولشا، مالتا، يۇگوسلاۋىيە، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆپلىگەن جۇمھۇرىيەتلىرى، ياپونىيە، تايلاند، مالايسىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ كەينى - كەينىدىن كۆرسىتىپ، ئۇيغۇر سېھىرگەرلىك سەنئىتىنىڭ بۇ ئۆزگىچە ھەم يېڭى شەكلى ئارقىلىق دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ قەلب ئالىمىگە ئەقىل - پاراسەتلىك، سەنئەت خۇمار، ئىجادكار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىملىق ئوبرازىنى تىكلىدى.

بىز ياشاۋاتقان يەر شارىدا نەچچە يۈزلىگەن دۆلەت ھەم رايون؛ مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان ماھىر، ئاتاقلىق سېركچى ھەم سېھىرگەر بار. سىرلىق ھەم سۈرلۈك تۈس ئالغان سېھىرگەرلىك كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تالانتلىق، دۇنياۋى مەشھۇر سەنئەتكارلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى 10 ماھىرنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئېلىش ھەقىقەتەن قالتىس مۆجىزە. بۇنداق ئامەت، بۇنداق دۇنياۋى نەتىجە ھەممىلا دۆلەتكە، ھەممىلا مىللەتكە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. ئۇيغۇر قىزى روشەنگۈل ئابىرىكىنىڭ نيۇ - يورك شەھىرىدە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ماھارىتى ھەم ۆزگىچە ئىجادىيىتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق مھۇرىيىتىنى دۇنيا سېھىرگەرلىكىنىڭ ئالدىنقى ارىغا ئۆتكۈزۈپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت - نئەت تارىخىغا مەڭگۈ ئۆچمەس، بىباھا، يېڭى ەھىپە قوشتى.

شىنجاڭ سېرك سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرىيەت ئەزاسى، جۇڭگو سېرك سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتى، جۇڭگو سېھىرگەرلىك سەنئەتكارلىرى جەمئىيىتى ۋە خەلقئارا سېھىرگەرلىك سەنئەتكارلىرى جەمئىيەتلىرىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ياشلار بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، مەملىكەتلىك 8 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا — شىنجاڭ ئۇيغۇر خانىم - قىزلىرىنىڭ پەخرى، غۇرۇرى. ئۇنىڭ ئۇيغۇر سېھىرگەرلىكىگە دۇنياۋى شۆھرەت كەلتۈرەلىشىدە ھېچقانداق سىر يوق. بۇ تىرىشچان قىزنىڭ خاراكتېرىدىكى، تۇرمۇشىدىكى بەزى ئالاھىدىلىكلەر ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش سەۋەبلىرىنى تېپىپ چىقىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ بەختلىك، ئىناق ئائىلىسى، كۆيۈمچان، ۋاپادار ئېرى ۋە ئوماق، چېچەن پەرزەنتىدىن باشقا ئۆز ئوغلىدىنمۇ بەك ئارزۇلاپ باقىدىغان نەچچە 10 كەپتىرى بار. بۇ — ئۇ يېتىلدۈرگەن كەپتەر چىقىرىش ماھارىتىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى. ئۇ، سەھنىدە ماھارەت كۆرسىتىش جەريانىدا 10 مىنۇتتا چېچىپ بولغان قارتىلارنى يېرىم سائەت ئىچىدە تىزىپ بولىدۇ. ئالدىن يېزىپ تەييارلىغان ھەر بىر قارتادىكى بىر ئىنگلىزچە خام سۆزنى قارتانى تىزىپ سۈرەتكىچە بولغان ئارىلىقتا يادلاپ بولىدۇ. زوڭ ئولتۇرۇپ مۇكچەيگەن بەلنىڭ ئاغرىقىمۇ بۇ قىزغىن ئۆگىنىش كەيپىياتىدا ئۇنىڭغا ھېچ توسقۇن بولالمايدۇ. شۇڭا ئۇ يۈرەكلىك ھالدا ئامېرىكىغا چىقىپ، ئىنگلىزتىلى بىلەن ئۆزىنىڭ مۇددىئاسىنى، ئارزۇ - ئارمىنىنى ئەركىن ئىپادىلەپ، 69 - نۆۋەتلىك خەلقئارا سېھىرگەرلىك ساھەسىدىكى ئېسىل نومۇرلار مۇسابىقىسىگە ئوڭۇشلۇق قاتنىشىپ، دۇنيانىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى 10 مەشھۇر سېھىرگەرنىڭ ئارىسىدىن ئورۇن ئالالىدى. ئۈچمىسىغا خوتەن ئەتلىسىدىن يارىشىملىق ئۇزۇن كۆڭلەك، بېشىغا چىرايلىق چىمەن دوپپا كىيگەن بۇ تالانتلىق قىز ئۆزى ئىجاد قىلغان قارتا سېھىرگەرلىكىنى تەڭرىتېغىنىڭ تۇزدەك نەپىس ئىككى قانىتىغا ماكانلاشقان سەنئەت خۇمار مىللەتنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل سەنئەت شەكلى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا نيۇ - يورك سەھنىسىدە پەيدا بولغاندا، زالغا لىق تولغان چەت ئەللىك تاماشىبىنلار بۇ ناتونۇش سېھىرگەرنىڭ بۇنچىۋالا يۈكسەك ماھارەتنى قانداق يېتىلدۈرگەنلەكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھاڭ - تاڭ قېلىشتى. ئەمەلىيەتتە بۇ تىرىشچان قىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەپىس ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ ئۆزگىچە ماھارەتنى قەيسەر بوۋىلارنى ئىختىيارسىز ئەسكە سالىدىغان ئاق باشلىق، مەغرۇر بوغدا چوققىلىرىنىڭ يېنىدا؛ خەلقىمىزنىڭ قايغۇ ھەم شادلىق ياشلىرى ئەسىرلەر بويى تېمىپ كەلگەن تارىم دەرياسىنىڭ بويلىرىدا؛ تۇمارىستەك، ئىپارخاندەك، نوزۇگۇمدەك، ئامانىساخاندەك يۈكسەك غايىلىك، پەرىشتە سۈپەت، شىر يۈرەك قىزلارنى تۇغقان قۇدرەتلىك ئانا تۇپراقنىڭ قۇچىقىدا پەيدىنپەي ئىگىلىگەنىدى. پۈتمەس - تۈگىمەس باي خەزىنىگە ئىگە ئانا سەنئەت ئۇنىڭغا ئوزۇق بەرگەن، ئىلھام بەرگەن، مادار بەرگەن؛ ئەجدادلار روھى، خەلقىنىڭ ئىشەنچىسى، ئۇستازلار شەپقىتى ئۇنىڭ ئۈمىد يۇلتۇزىنى چاقناتقان، جاسارەت خەنجىرىنى ئۆتكۈرلەشتۈرگەن، غايە گۈلخانىنى لاۋۇلداتقانىدى. شۇڭا ئۇ ئاياللار پەقەت بالا بېقىش، تاماق ئېتىش، كىر يۇيۇش، ئەرلەرنى كۈتۈش ئۈچۈنلا يارىتىلمىغانلىقىنى؛ ئانىلارمۇ بۇ دۇنيانىڭ نى - نى ئىشلىرىنى تەۋرىتىپ، ئەرلەر چىقالمىغان، ھەتتا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان ئاجايىپ يۈكسەك چوققىلارغا چىقالايدىغانلىقىنى ئۆزىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى قالتىس نەتىجىسى ئارقىلىق يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى.

## ئۇنىڭ پەرۋازى

1997 - يىلى سېنتەبىرنىڭ شوخ شاماللىرى ئۇنى يات بىر ئەلگە ئۇچۇرۇپ ئېلىپ كەتتى. سەنئەتنىڭ بىپايان كۆكىدە ئەركىن پەرۋاز قىلىشنى ئۇنىڭغا گۈزەللىككە باي، مېھرى ئوتلۇق ئانا يەر، سەنئەتنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان جاپاكەش خەلق، قىممەتلىك ھاياتىنى سەنئەتكە بېغىشلىغان پىداكار، ماھارەتلىك ئاتا - ئانا ئۆگەتكەنىدى. ئۇنىڭ چوغدەك يۈرىكى چەكسىز ھاياجان ئىلكىدە يېنىك تىترىدى. ئوتقاشتەك جۇلالاپ تۇرغان قىپقىزىل سەھنە كۆڭلىكى شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئوماققىنە جىسمىغا ئاجايىپ بىر جەزبە ئاتا قىلغانىدى.

بۇ تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچى نۇرغۇن ئەلنىڭ سەھنىلىرىدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ، تالاي قارا،

قۇڭۇر، كۆك كۆزلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، گېزىت-ژۇرناللاردا «شەرق چولپىنى» دەپ تونۇشتۇرۇلۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يۈكسەك ئوبرازىنى تىكلىگەن؛ ياپونىيە، مىسىر، فرانسىيە، ئىتالىيە قاتارلىق 20 نەچچە دۆلەتنىڭ سەھنىلىرىدە ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرى، گۈزەل سىماسى قالغان؛ ئۇنىڭ قۇچاقلىرى چەت ئەللىك دوستلار تۇتقان دەستە - دەستە خۇشپۇراق، رەڭدار گۈللەرگە تولغان؛ ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتىگە بولغان چەكسىز قايىللىقى، يۈكسەك ھۆرمىتى، تەڭداشسىز باھاسى سەنئەتكە بارلىقىنى بېغىشلىغان بۇ ياش تالانت ئىگىسىنىڭ قەلبىنى تالاي قېتىم لەرزىگە سالغانىدى. ئۇ بۈگۈنمۇ ھاياجان، تەشۋىش، ئەندىشە، شادلىق، ئۈمىد، ئىشەنچ ئارىلاش بىر خىل مۇرەككەپ روھىي ھالەتنى باشتىن كەچۈرمەكتە.



ئۇ، ئىششىپ كەتكەن پۇتىنى ئاستا سىلىدى. سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن كۆز تەگكەندەك ئۇنىڭ ئوڭ پۇتى قايرىلىپ كەتكەنىدى، لېكىن ۋەتەنگە، مىللەتكە شان - شەرەپ كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايە ئالدىدا ئۇ تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كەتتى. سەھنە كىيىمى ئۇنىڭغا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئاغرىق ئازابى ئۇنىڭ ئىرادە پىچىقىنى ئۆتكۈرلەشتۈرىدىغان بىلەيگە ئايلاندى. ئۇنىڭ قاپقارا، چوڭ كۆزلىرىدە ئالماس قەترىلەر يالتىرىدى. بۇ، ئانا يۇرت ئىشقىدا لاۋۇلداۋاتقان بىر ساپ قەلبتىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ھاياجان ياشلىرى ئىدى.

سەنئەتتىن، گۈزەللىكتىن قالتىس زوقلىنىدىغان، ھوزۇرلىنىدىغان تاماشىبىنلار ئاتاقلىق ئۇسسۇلچى دىلنار ئابدۇللانى گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۈتىۋالدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ سېھرىي كۈچ يوشۇرۇنغان ئىللىق تەبەسسۇمى بىلەن باشلانغان «ناغرا ئۇسسۇلى» غا تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن چاۋاكلىرى، ھاياجانلىق سوققان يۈرەك رىتىمى جۆر بولدى.

شۇ تاپتا سەھنىدە قىز ئەمەس، بەلكى بىر رەڭدار كېپىنەك پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. گىرىمسەن سەھنە چىراقلىرى ئاستىدا ئۇچۇۋاتقان بۇ كېپىنەك يۈكسەك ھۆرمەت، ئېتىقادقا تولغان خەلق قەلبىگە قوندى. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ «ناغرا ئۇسسۇلى» دىن قالتىس زوقلانغان، تاڭ قالغان ياپونىيە خەلقى بىلەن ياپونىيىدە ئوقۇۋاتقان ۋەتەنداشلار دەستە - دەستە قىزىلگۈل ئارىسىدا جۇلالاپ تۇرغان بۇ ئۇسسۇل پەرىسىنى تەرەپ - تەرەپتىن ئورىۋالدى . . .

ئۇ يەنە بىر قېتىم غەلىبە قىلىپ، ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شەرەپ كەلتۈردى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىنىڭ بۇ تالانتلىق ياش ئۇسسۇلچىسى ياپونىيىنىڭ ئوساكا شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا سەنئەت فېستىۋالىدا «ئەڭ ئالىي ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، خەلقىمىزنىڭ يۈزىنى يورۇق، قەلبىنى شاد، روھىنى ئۈستۈن قىلدى.

ئۇ، 1997 - يىلى 22 - سېنتەبىردە ياپونىيىدە قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئاجايىپ غەلىبە ئۇنىڭ جاپالىق ئىزدىنىشى، تىرىشچانلىقى، ئۇنىڭ يۇمران قەلبىگە سەنئەت ئورۇقىنى تۇنجى قېتىم چاچقان مەرھۇم ئاتىسى ئابدۇللا ھامۇت بىلەن ئانىسى ھۆرىيەت خانىمنىڭ سەممىي تەربىيىسى ھەم ئۈمىدى، ئېسىل ئەنئەنىلەرگە باي ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى، ئۆمۈر يولدىشى نىجات ئىسمائىل ئەپەندىنىڭ يالقۇنلۇق مۇھەببىتى، ئوماق ئىككى قىزىنىڭ چۈچۈك تىللىرى بىلەن يېقىملىق ۋىچىرلاپ، تۈگىمەس شادلىق بېغىشلىشى ۋە ئاقكۆڭۈل كەسىپداشلىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئۇستازلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن ئىلھاملاندۇرۇشىنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداق، سەنئەتكارلار ئائىلىسىنىڭ تۇنجى مۇھەببەت گۈلى بولغان دىلنار پەقەت سەنئەتكار ئاتا - ئانىسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئۇزۇن تارىخقا، پۈتمەس - تۈگىمەس باي خەزىنىگە، ئېسىل ھەم قىممەتلىك ئەنئەنىگە، تەبىئىي ئىقتىدارى ئۇرغۇپ تۇرغان غايەت زور قوشۇنغا ئىگە ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ھەقىقىي ۋارىسىدۇر.

ئۇ، 1982 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئۇسسۇل فاكۇلتېتىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكىگە تەقسىم قىلىندى.

مەرھۇم دادىسى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە

تونۇلغان ئاتاقلىق چالغۇچى ئابدۇللا هامۇتنىڭ ئۇسسۇل سەنئىتى هەققىدە ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ كەسپىي ئەخلاق دەستۇرىغا ئايلاندى. ئەنە ئۇنىڭ دادىسىنىڭكىگە ئوخشايدىغان قاپقارا كۆزلىرى، ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ يالقۇنلۇق ئىشقىدا يېلىنجاپ تۇرغان يۈرىكى مەرھۇم دادىنىڭ — هارماس ئۇستازىنىڭ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلىرىنى تەكرارلىماقتا: «ئۇيغۇر سەنئىتى توختىماس سۈزۈك ئېقىنغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ ساپلىقىنى ساقلاش، ئۇنى قۇرىتىپ قويماسلىق، ئۇنى لاي - لاتقىلار بىلەن بۇلغىماسلىق بىزنىڭ ئورتاق مەجبۇرىيىتىمىز»، «سېنىڭ سەھنىدىكى ئۇسسۇلۇڭ قىياپىتىڭنىلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقتىدارىنى، قايغۇ هەم شادلىقىنى، ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى، غورۇرىنى، خىسلىتىنى، ئىرادىسىنى، گۈزەللىككە بولغان ئىنتىلىشىنى نامايان قىلىپ بېرىشى كېرەك.»

سەنئەتكار دادىنىڭ يۈرىكىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇ سۆزلەر ئۇنىڭغا پۈتمەس - تۈگىمەس كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلىدى، كۈچلۈك ئىلھام بەردى. كۆكتىكى ئاي ۋە سانسىز يۇلتۇز دىلنارنىڭ جاپالىق مەشقىنىڭ گۇۋاهچىسىغا ئايلاندى. بۇ تىرىشچان ياش نوتا 1985 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئۇسسۇل سەھنىسىدىكى تالانتىنى تۇنجى قېتىم روشەن نامايان قىلدى. ئۇسسۇل كېچىلىكى ئاخىرلاشقاندا مەرھۇم ئۇسسۇل ئۇستازى قەمبەرخانىم پېشانىسىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بۇ ئوماق قىزنى چىڭ قۇچاقلىغان هالدا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: «سىز شۇنچىلىك كىچىك تۇرۇپ، مۇۋەپپەقىيەت قازاندىڭىز. مەن ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ سىزدەك ۋارىسىدىن پەخىرلىنىمەن. ئىزىمنىڭ ئۆچۈپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەندىم. مەن خاتىرجەم بولدۇم.» پېشقەدەم ئۇستازنىڭ بۇ تەسىرلىك سۆزلىرى دىلنارنىڭ غەيرەت - جاسارىتىنى، مەجبۇرىيەت ۋە بۇرچ تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى. ئۇنىڭ زېمىنىسىگە يەنە بىر ئېغىر يۈك — ئۇستاز تاپشۇرغان مۇشكۇل ۋەزىپە يۈكلەندى. ئۇ، ئەجدادلاردىن تاپشۇرۇۋالغان ئۇسسۇل ئەنگۈشتىرىنى ئەۋلادلارغا ئۇڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ بېرىشى كېرەك. نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەت ئۇنىڭ ئىرادىسىنى سىنىدى، غەيرىتى بىلەن كۈچ سىناشتى. يۈكسەك غايە نۇرلۇق ماياكتەك ئۇنىڭ ئىزدىنىش يولىنى، ئىلگىرىلەش نىشانىسىنى يورۇتتى. ئاتا - بوۋىلارنىڭ «تىرىشقان تاپار، تاشقا مىقنى قاقار» دېگىنىدەك، دىلنارنىڭ كۈچلۈك كەسپچانلىق، تىرىشچانلىق، چىدامچانلىق روهى ئۇنىڭغا مول هوسۇللۇق يىللارنى كەينى - كەينىدىن تەقدىم قىلدى.

دىلنار ئابدۇللا 1986 - يىلى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەت بويىچە 2 - نۆۋەتلىك ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە «ئارزۇيۇم» ناملىق ئۇسسۇلى بىلەن 3 - دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 1990 - يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك «يىپەك يولىدىكى چېچەكلەر» ئۇسسۇل مۇسابىقىسىدە 10 ياخشى ئارتىستنىڭ بىرى بولۇپ بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. 1992 - يىلى 10 - ئايدا جۇڭخوا خەلق جۇمهۇرىيىتى گوۋۇيۈەنى تەرىپىدىن «دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن ئالاهىدە تۆهپە قوشقان» دەپ ئەنگە ئېلىنىدى ۋە هۆكۈمەتنىڭ ئالاهىدە تەمىناتىدىن بەهرىمەن قىلىندى. 1995 - يىلى 16 - مايدا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى ئۆتكۈزگەن 5 - نۆۋەتلىك «مەدەنىيەتلىك جۇڭخوا» مۇكاپاتى بويىچە سەنئەت نومۇرلىرىنى باهالاش پائالىيىتىدە چوڭ تىپتىكى مىللىي مۇزىكىلىق ناخشا - ئۇسسۇل «تەڭرىتاغدىكى هەسەن - هۆسەن» نىڭ باش ئۇسسۇلچىسى سۈپىتىدە «مەدەنىيەتلىك جۇڭخوا ئورۇنداش مۇكاپاتى» غا ئېرىشتى. شۇ يىلى 9 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە «ئىلغار خىزمەتچى» بولۇپ باهالاندى هەم تەقدىرلەندى. مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا «تەكلىپ قىلىنغان پروفېسسور» ئۇنۋانى بەردى.

ئۆزىنىڭ ئالاهىدە ماهارىتى بىلەن ئۇزۇن مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك، مەڭگۈ ئۆلمەس سەنئەت دۇردانىلىرىنى دۇنيا سەھنىسىدە جۇلالاندۇرۇۋاتقان بۇ تەلەپچان سەنئەتكار ئالقىش، مەدھىيە سادالىرى ئالدىدا خۇدىنى يوقاتماي، مەغرۇرلىنىپ كەتمەي، تاماشىبىنلارغا جاپالىق ئەجرىنىڭ شېرىن مېۋىلىرىنى ئۈزلۈكسىز تەقدىم قىلدى. ئۇ، 1995 - يىلى 20 - ئىيۇندا بېيجىڭدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا «تەڭرىتاغدىكى قارلەيلىسى» ناملىق يالغۇز كىشىلىك ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارى بىلەن پايتەخت خەلقى ئالدىدا ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى، نەپىسلىكىنى يەنە بىر قېتىم روشەن نامايان قىلدى. جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى قاتارلىق تۆت ئورۇن بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان بۇ كېچىلىكتە ئۇ ئاجايىپ يېقىملىق هەم بەكمۇ نازۇك ئۇسسۇللىرى ئارقىلىق زىلزىلە پەيدا قىلىپ، جۇڭگو ۋە چەت ئەللىك مەشهۇر سەنئەتكارلار بىلەن هەر ساهە تاماشىبىنلىرىنىڭ يۈكسەك باهاسىغا ئېرىشتى.

ياپونىيىلىك مەشهۇر زات ۋۇشياڭجىڭ سەنجى ئەر - ئايال مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن توكيودىن ئۇنىڭ ئۇسسۇل كېچىلىكىنى كۆرۈشكە كەلدى ۋە دىلنارغا كەچلىك زىياپەت بەردى، شۇنىڭدەك ئۇنى ياپونىيىگە بېرىپ ئۇسسۇل كېچىلىكى ئۆتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى.

هەر قانداق بىر مىللەتنىڭ سەنئىتى ئۇنىڭ تالانتلىق، ماهىر، تىرىشچان، جۈرئەتلىك، تەدبىرلىك سەنئەتكارلىرى ئارقىلىق يۈكسەك پەللىگە كۆتىرىلەيدۇ، سېهرىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ هەم باشقا مىللەتلەرنىڭ قەلبىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالالايدۇ.

ۋۇجۇدىغا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ گۈزەللىكى مۇجەسسەملەشكەن، مېهرى ئىسسىق ياش سەنئەتكار دىلنار ئابدۇللانىڭ سۈرىتى بېسىلغان چەت ئەل گېزىت - ژۇرناللىرىدىكى ئۇيغۇر سەنئىتىگە بېرىلگەن ئاجايىپ يۈكسەك باهالار كىشىنى هەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ هەم ئىختىيارسىز چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. قاراڭ، چەت

ئەللىكلەر ئۇيغۇر سەنئىتىنى، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ تەرەققىي قىلغان دېيىلىدىغان ئىسپان ئۇسسۇلىدىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا قويۇپ، ئۇنى بەس - بەس بىلەن شۇنچە ماختاپ كېتىپتۇ. ئۇلار تېخى چەت ئەلدىن مەخسۇس ئايرۇپىلان بىلەن كېلىپ، بىزنىڭ سەنئىتىمىزدىن شۇنچىۋالا زوقلىنىپتۇ. لېكىن بىزچۇ؟ بىز ئۆزىمىزنىڭ سەنئىتىنى، گۆزىمىزنىڭ ئىقتىدارلىق، تىرىشچان، تۆھپىكار سەنئەتكارلىرىمىزنى زادى قانچىلىك قەدىرلەۋاتىمىز؟! بىزنىڭ ئارىمىزدا ناخشا - ئۇسسۇلغا ماھىرلىقىمىزنىمۇ بىر خىل ئاجىزلىق، نۇقسان ھېسابلاپ، ئۇنى خەلقىمىزنى چۆكۈرۈشنىڭ، كەمسىتىشنىڭ ۋاستىسىغا ئايلاندۇرۇۋالغانلار يوقمۇ؟! بەزىلەر ھازىر ئۆزىمىزنىڭ دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ناخشا - ئۇسسۇللىرىمىزدىن، مۇقاملىرىمىزدىن چەت ئەللىكلەرنىڭ تولغىما ئۇسسۇلىنى، ئادەمنىڭ مېڭىسىنى يەيدىغان غەيرى، غەلىتە، قوپال، يېقىمسىز ناخشا - مۇزىكىلىرىنى ئەۋزەل كۆرۈۋاتامدۇ؟! بەزىلەر ئوغۇرلانغان، سەللا پەردازلانغان ياكى پۈتۈنلەي بۇزۇۋېتىلگەن چەت ئەل ناخشا - مۇزىكىلىرىنى قىلچە ئۇيالماستىن، تەپتارتماستىن «ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇلى» دەپ بازارغا سېلىۋاتقانلارغا ھەدەپ يول قويۇپ، سەھنە ھازىرلاپ بېرىۋاتامدۇ؟! بىزنىڭ پەرزەنتلىرىمىز، ئىز باسارلىرىمىز نېمىشقا يېتەرلىك مىللىي سەنئەت تەربىيىسىگە ئىگە قىلىنمايدۇ؟! ياشلىرىمىزنىڭ ئارىسىغا قىلچە مىللىي پۇرىقى بولمىغان، ئاھاڭى يات، تېكىستلىرى مەنتىقىسىز ناخشىلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە تېز يامراپ كېتىدۇ؟! سەنئەتنى چاكىنىلاشتۇرىدىغان، ناخشا - ئۇسسۇللارنى پاخاللاشتۇرىدىغان، مىللىي ئالاھىدىلىكنى چەتكە قاقىدىغان، باشقا مىللەتلەرنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىنى، ئۇسسۇللىرىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ، كەلسە - كەلمەس يىرتىپ - ياماپ، ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتى سۈپىتىدە سورۇنغا يولسىزلارچە سۆرەپ چىقىدىغان نورمالسىز، قانۇنسىز قىلمىشلار ئالدىدا قاچانغىچە سۈكۈت قىلىمىز؟! باشقىلار سەنئىتىمىز ئارقىلىق بىزنى، مىللىتىمىزنى تونۇۋاتسا، بىز نېمە سەۋەبتىن ئۆزىمىزنىڭ سەنئىتىنى، ئۆزىمىزنىڭ سەنئەتكارلىرىنى چۆكۈرۈشكە، ئىنكارقىلىشقا شۇنچە بېرىلىپ كېتىمىز؟! سەنئەتكارلىرىمىزدىن بىرەرسى سەھنىدە چولپان كەبى چاقنىسا، خوشال بولۇشنىڭ ئورنىغا نېمىشقا ئۇنىڭغا تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ھەدەپ سېسىتىمىز؟! سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىرەر ھەرىكىتى ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئەخلاق رامكىمىزغا سەللا چۈشمەي قالسا، نېمىشقا ئۇلارغا بىشەملىك بىلەن «شاللاق» دېگەن بەدنامنى چاپلايمىز؟!

دىلنار ئابدۇللانىڭ دۇنياۋى شۆھرەت قازىنالىشىدىكى تۈپكى سەۋەب شۇ يەردىكى، ئۇ ئەڭ ئالدى بىلەن ئانا سەنئىتىدىن يېتەرلىك ئوزۇق ئالغان. روشەن مىللىي ئالاھىدىلىك دىلنار ئوينىغان ئۇسسۇللارنىڭ تومۇرىدا جۇشقۇنلاپ ئېقىۋاتقان قان. موشۇ قان ماھىر سەنئەتكارغا دۇنيا سەھنىسىدە قانات بولدى. شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر نازۇك ئۇسسۇل ھەرىكىتىدىن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل جەۋھەرلىرى چاقناپ تۇردى. بۇ ئېسىل جەۋھەرلەر خاسلىقى، رەڭدارلىقى خۇشتار ئىنسانلارغا ئۆزگىچە زوق بېغىشلىيالىدى. تالانتلىق سەنئەتكار دىلنار ئۆزىنىڭ جاپالىق ئەجرى، تىرىشچانلىقى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئۇسسۇلىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشقان بولسىمۇ، لېكىن ئېسىل ئەنئەنىلەر زېمىنىدىن، ئانا سەنئىتىدىن، مىللىي ئالاھىدىلىكتىن بىر كۈنمۇ ئالاقىسىنى ئۈزگىنى يوق. شۇڭا ئۇ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتى ئارقىلىق ئۆز مىللىتىنىمۇ، باشقا مىللەتلەرنىمۇ جەلپ قىلالىدى، زوقلاندۇرالىدى.

ھەر قانداق مىللىي سەنئەتنىڭ ئۈزلۈكسىز بېيىپ، تولۇقلىنىپ، يېڭىلىنىپ، تاكامۇللىشىپ بارىدىغانلىقىدا شەك يوق، لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، مىللىي ئالاھىدىلىكتىن، ئېسىل ئەنئەنىدىن ئايرىلغان سەنئەت، ئەمەلىيەتتە، يىلتىزىدىن ئايرىلغان، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن سەنئەتتۇر. شۇڭا ئۇ ھەر قانداق پەرداز، چىرايلىق نام ھەم قىقاس - چۇقانلار بىلەن ئوتتۇرىغا چىقسىمۇ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بەرىبىر پاخالغا ئايلىنىپ قالىدۇ، كىشىلەرنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئاتا - بوۋىلارنىڭ «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىنى ئىنسانىيەتنىڭ سەنئەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى يۈزلىنىشلەرنىڭ ئوبرازلىق يەكۈنى دېيىشكە بولىدۇ.

لەپەر — ناخشا بىلەن ئۇسسۇلنىڭ بىرىكىشىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل قىزىقارلىق سەنئەت شەكلى. خەلقىمىز سەنئىتىنىڭ بۇ ئالاھىدە تۈرىگە بەكمۇ قىزىقىدۇ. بىزدە لەپەر ئورۇنداشنىڭ ئۆزگىچە ماھارىتىنى يېتىلدۈرگەن سەنئەتكارلار خېلى بار. دىلنار ئابدۇللا بىلەن ئۇنىڭ كەسىپدىشى ئەسقەر رېقىپ ئىجراسىدىكى «گۈل بىلەن ياپراق»، «سۆيگۈ» ناملىق لەپەرلەرنى كۆرگەن تاماشىبىنلار بۇ ياش سەنئەتكارلارنىڭ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ بۇ ئۆزگىچە شەكلىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇپ، ئۇنى ئېسىل ئەنئەنىلەر ئاساسىدا دادىللىق بىلەن يېڭىلاپ، گۈزەل مىللىي ئۇسلۇبقا روشەن زامانىۋى تۈس بەرگەنلىكىنى، لەپەرچىلىكىمىزدە ساقلىنىۋاتقان قاتماللىق ۋە قېلىپپازلىقنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇنى دەۋر يۈكسەكلىكىگە كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇ سەنئەتكارلارنىڭ سەھنە ئوبرازى يارىتىش ماھارىتىگە ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. ئۇلار ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان بۇ لەپەرلەر تاماشىبىنلارغا بەزىدە شېرىن مۇھەببەتنىڭ گۈزەل خاتىرىلىرىنى ئەسلەتسە، بەزىدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا بەختلىك، ئىناق، شاد - خۇرام ئائىلىنىڭ كۆركەم مەنزىرىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

يېڭى زامان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئەتكارلىرىنىڭ تۆتىنچى ئەۋلادى بولغان دىلنار ئابدۇللا يېڭىدىن پارلىغان چولپان سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ يۈكسەك تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئۇسسۇل سەنئىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىياتى ئۈستىدە كېچە - كۈندۈز جاپالىق ئىزدەنمەكتە. بىز قەلبىگە كەلگۈسىدە ئۆزى قۇرۇشنى پىلانلىغان ئۇسسۇل مەكتىپىدە ئوقۇپ چىققان سەنئەت نوتىلىرىنىڭ مول نەتىجىلىرىنى

كۆرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك غايىنى يۈككەن بۇ تىرىشچان، ئالىجاناب سەنئەتكارىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئۇسسۇل سەنئىتىنى تېخىمۇ يۈكسەك تارىخىي پەللىگە كۆتىرەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ۋە ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانتى بىلەن ئۇيغۇر سەنئىتىنى دۇنيا سەھنىلىرىدە پارلاتقان دىلنار ئابدۇللا، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجاندەك ئۇسسۇل چولپانلىرىمىزدىن مەڭگۈ پەخىرلىنىمىز.

## ئۇنىڭ جاۋابى

«سەنئەتنىڭ چېكى يوق. مەن ھەرگىزمۇ سەنئەتنىڭ پەللىسىگە يەتتىم دېيەلمەيمەن. بۇ پەقەت بىر نەچچە يىللىق تىرىشچانلىقىمنىڭ نەتىجىسى، خالاس. مەندىن يۇقىرى سەۋىيەلىك نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرى بار. مېنىڭ بۇنداق دۇنياۋى شۆھرەتكە ئېرىشەلىگەنلىكىم ئۆمەك تەشكىلىنىڭ ماڭا ياخشى شارائىت، ياخشى سورۇن ھازىرلاپ بەرگەنلىكىدىن.»

مانا بۇ — ئۇنىڭ دۇنياۋى نەتىجىگە ئېرىشكەندىن كېيىن كەمتەرلىك بىلەن بەرگەن جاۋابى. بۇ جاۋاب ئۇنىڭ خاراكتېرىنىڭ بىر قىسمىنى يورىتىپ بەردى. تالانتلىق ياش سەنئەتكارنىڭ دۇنياۋى شۆھرەتكە تۇتقان بۇ خىل سەمىمىي، ئالىيجاناب پوزىتسىيەسى ئالدىدا شۆنچىكى تۆھپىسىگە ئالەمچە مەدھىيە تەلەپ قىلىدىغان، ئەرزىمەس نەتىجىدىن كېرىلىپ، يەر - جاھانغا پاتماي قالىدىغان شەخسلەر ئازراقمۇ خىجالەت بولماسمۇ؟!

ئارىمىزدىكى بەزى «ئەدىب»، «سەنئەتكار» لار ئۆزى جىن چىراقتەك پىلدىرلاپ تۇرسىمۇ، ھەدەپ چولپان بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ؛ ئەل قەلبىنى ئاللىقاچان ئىللىتقان گۈلخانلارنى مەسخىرە، پىتنە - پاسات، تۆھمەت، تىل - ئاھانەت بورانلىرى ئارقىلىق ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئۇرۇنىدۇ؛ بىر سىقىم مېۋىگە بىر باغنىڭ ھەققىنى يولسىزلىق بىلەن تەلەپ قىلىدۇ؛ ھۆرمەت تەختىگە چىققانلارنىڭ يۈزىگە قارا سۈركەپ، شۆھرەت تاجىنى پەقەت ئۆزىنىڭ بېشىغا كىيىشىنىلا ئويلايدۇ؛ ئۆزىنى يۆلىگەن، قوللىغان، ئىلھاملاندۇرغان، ھۆرمەتلىگەن ئۇستازلىرىدىنمۇ، سەپداشلىرىدىنمۇ يۈز ئۆرۈپ، ئۆزىنىڭ يېرىم چېلەك سۇ ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇپ، كۆرۈنگەنلا جايدا

شالاقشىپ يۈرىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كىشىلەر چۈشكۈنلىشىپ، پۇچەكلىشىپ، ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. لېكىن بۇ كەمتەر، ئېھتىياتچان، تىرىشچان، ئىجتىھاتلىق قىز ئۇلارغا زادىلا ئوخشىمايتتى. شۇڭلاشقا ئۇ 1997 - يىلى 28 - ئىيۇلدىن 5 - ئاۋغۇستقىچە كورېيە پايتەختى ھاۋانادا ئۆتكۈزۈلگەن 14 - نۆۋەتلىك خەلقئارا ياشلار - ئوقۇغۇچىلار سەنئەت فېستىۋالىدا، يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان «تاغ سۇلىرى»، «گۈلمەرەم» قاتارلىق ناخشىلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىپ، «كۆزگە كۆرۈنگەن سەنئەتكارلار ئالىي مۇكاپاتى» غا ئېرىشىپ، ۋەتەنگە، مىللەتكە، ئۇيغۇر سەنئىتىگە دۇنياۋى شان - شۆھرەت كەلتۈردى.



ھەر بىر دۆلەتنىڭ گۈزەل تاغ - دەريالىرى، ھەيۋەتلىك ئېقىنلىرى بولىدۇ. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ تالانتلىق ياش ناخشىچىسى ئايتۇرسۇن نىياز كۈيلىگەن تاغ سۈيى، ئۇ سىزغان ئاجايىپ كۆركەم سەنئەت كارتىنىسى ئۆزىنىڭ غايەت زور سېھرىي كۈچى بىلەن يات ئەلدىكى تاماشىبىنلارنى ئۆزىگە مەپتۇن ئەيلىدى. ئۇ، ھاۋانادا قايناق ھېسسىيات بىلەن ئورۇندىغان مەشھۇر ئۇيغۇر خەلق ناخشىسى «گۈلمەرەم» ئۆزىنىڭ روشەن خاسلىقى، ئاجايىپ يېقىملىقلىقى، مۇڭلۇقلىقى، تەڭداشسىز نەپىسلىكى، ئىسسىقلىقى بىلەن چەت ئەللىك دوستلارنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.

1963 - يىلى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، يېزىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى سۈمۈرۈپ، ئەركەك سۈيىنى ئىچىپ، نەمخۇش توپىسىغا دەسسەپ، ئۆز ئەركى بويىچە تولۇپ، سەكرەپ چوڭ بولغان بۇ قىزنىڭ يۇمران قەلبىگە ئۇنىڭ دادىسى ئوما مەزگىلىدە خامان تەپكەچ ئېيتىدىغان «لاي - لاي» ناخشىسى ئارقىلىق سەنئەتنىڭ تۇنجى ئۇرۇقى چېچىلغانىدى. ئەمگەكنىڭ سەنئەت بىلەن گىرەلەشكەن بۇ كۆرۈنۈشى ئۇنىڭغا ئاجايىپ كۈچلۈك ئىلھام بېغىشلىغانىدى. ئۇنىڭ ناخشىسى بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشكەن بۇغدايلار، بۇ سادالارنى يىراق تاغلارغا يەتكۈزگەن ئويناق شاماللار ئۇنىڭ شېرىن باللىق ئەسلىمىلىرىنىڭ بىر قىسمىغا ئايلانغانىدى.

1974 - يىلى قالىغاچلار پىشايۋانلارغا ئۇۋا سېلىپ، ئۇنىڭ ناخشىسىغا جۆر بولۇۋاتقان ئايلاردا تېخى باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ پۈتتۈرمىگەن بۇ يۇمران نوتا شىنجاڭ سەنئەت ئىنىستىتۇتىنىڭ ئۇسسۇل

كەسپىگە قوبۇل قىلىندى ۋە 1977 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەنئەت ئۈمىكىگە تەقسىم قىلىندى. ئۇ، 1981 - يىلى ئانا مەكتىپىنىڭ ناخشا كەسپىدە بىر يىل، شىئەن مۇزىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ناخشا كەسپىدە ئىككى يىل بىلىم ئاشۇردى. ئۆزلۈمەي ئاققان تەرلەر، توختىماي چەككەن جاپالار بىكارغا كەتمىدى. . .

بۇ تىرىشچان ياش سەنئەتكار 1985 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى قېتىملىق سەنئەت بايرىمىدا «زەپ چىرايلىق كەلدى باھار» ناخشىسى بىلەن بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 1986 - يىلى ئۈچىنچى نۆۋەتلىك «تەڭرىتاغ ساداسى» ناخشا كېچىلىكىدە «تاڭ شامىلى» ناخشىسى بىلەن «ئالتۇن بۇلبۇل» بىرىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 1987 - يىلى غەربىي - شىمالدىكى بەش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىش مۇسابىقىسىدە «ئوما ناخشىسى» بىلەن ئالاھىدە ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 1989 - يىلى ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ياش ناخشىچىلارنىڭ تېلېۋىزوردا ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش تۈرى بويىچە ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، 1992 - يىلى «تۇلپار» لوڭقىسىنى تالىشىش بويىچە مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش مۇسابىقىسىدە «قەدىردان ئانا شىنجاڭ» ناخشىسى بىلەن ئىككىنچى دەرىجىلىك ئورۇنداش مۇكاپاتىغا، يەنە شۇ يىلى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەت مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، رادىئو - كىنو - تېلېۋىزىيە مىنىستىرلىكى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان سەنئەت كۆرىكىدە ياشلار گۇرۇپپىسى بويىچە مىللىي ئۇسلۇبتا ناخشا ئېيتىش تۈرىدە ئىككىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. كەينى - كەينىدىن كەلگەن شان - شەرەپ ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى، ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، تالانتىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتتى. ھەقىقىي تۆھپىكارلار ئەل - يۇرتنىڭ ھۆرمىتىگە، قەدىرلىشىگە، مۇكاپاتىغا ئېرىشمەي قالمايدۇ. 1993 - يىلى ئۇ گوۋۇيۈەن تەرىپىدىن «دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت - سەنئەت تەرەققىياتى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان شەخس» دەپ ئەنگە ئېلىندى ۋە دۆلەتنىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن قىلىندى.

ناخشا - قوشاقلار — تارىخ گۇۋاھچىسى، ئۆلمەس مىراسنامە. ئۇ، ئەسىرلەردىن بۇيان «خەزىنە بۆشۈكى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلمەكتە. بۇ مۇقەددەس «خەزىنە بۆشۈكى» تارىختا ئايتۇرسۇن نىيازدەك قانچىلىغان مەشھۇر ناخشىچىلارنى يېتىلدۈرگەندۇ - ھە! شۇڭلاشقا ئۇيغۇر سەنئىتىنى ئۆزىگە خاس ماھارەت بىلەن دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىققان ئايتۇرسۇن ئېرىشكەن ئۇتۇقلار بىلەن شان - شەرەپلەر ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا سۈت بەرگەن ئۇلۇغ ئانا سەنئەتكە، بۇ تالانتلىق ناخشىچىنى قوللىغان، ئۇنىڭغا مەدەت بەرگەن سەنئەت خۇمار ئۇيغۇر خەلقىگە مەنسۇپ. خەلققە گۈزەللىك زوقى بېغىشلاشنى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك مۇقەددەس كەسپىي بۇرچى ھېسابلىغان؛ تۇرمۇشنىڭ ئېغىرچىلىقى، قايغۇسى ئالدىدا مەيۈسلىنىپ، بوشىشىپ قالماي، غايە مەشئىلىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتىرىپ، تىنىمسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەن، شامدەك خىسلەتلىك، ئۈمىدۋار قىز ئايتۇرسۇن، جانجان ئانا يۇرتىنىڭ ئىللىق باغرىدا، ئالاھىدە ماھارەت، يۈكسەك ئەقىل - پاراسەت تەلەپ قىلىدىغان دۇنيا سەھنىلىرىدە بۇلبۇل كەبى مەڭگۈ خەندان ئورۇڭ! سىزگە بەخت ھەم مۇۋەپپەقىيەت مەڭگۈ يار بولسۇن!

## چولپانلىرىمىز تېخىمۇ چاقنىسۇن

سەنئەت ئىنسانلارغا گۈزەللىك تۇيغۇسى بېغىشلىيالايدىغانلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك ھەم قۇدرەتلىك. شۇڭا قۇدرەتلىك سەنئەتنى يارىتالىغان خەلق باشقا ئۇلۇغ ئىشلارنىمۇ جەزمەن ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ.

سەنئەت ئىنسانغا ئارام، مادار، ئۈمىدۋارلىق، شادلىق، ئىجادكارلىق، ئۇيۇشقاقلىق روھى تەقدىم قىلىدۇ. ئۇستى - بېشىنى چاڭ - توزان باسقان، پۇت - قوللىرى يېرىلىپ كەتكەن، جاپا - مۇشەققەت تاغلىرىنى يۇدۇپ يۈرگەن ئاشۇ جاسارەتلىك ئاتا - بوۋىلار ياراتقان ئاجايىپ ئېسىل، تەڭداشسىز باي سەنئەت خەزىنىسى بولغاچقا، تۇرسۇنئاي ئىبراھىمجاندەك، دىلنار ئابدۇللادەك، ئايتۇرسۇن نىيازدەك مەشھۇر سەنئەتكارلىرىمىز دۇنيا سەھنىسىدە چولپاندەك چاقناپ، خەلقىمىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە قوندۇردى ئەمەسمۇ؟! خەلقىمىزنى دۇنياغا تونۇتقان مەشھۇر سېرك - سېھىرگەرلىك ماھىرى روشەنگۈل ئەبەيدۇللا يېتىلدۈرگەن قارتا ئۇچۇرۇش ماھارىتىگىمۇ ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ جەۋھەرلىرى مۇجەسسەملەشكەن. شۇڭا بۇ سەنئەتكار سېھىرگەرلىك دۇنياسىدىكى نى - نى چولپانلارنى پەستە قالدۇرۇپ، ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر شەھىرىنى زىلزىلىگە سالالىدى.

نۇر قاراڭغۇلۇقنى يورىتىدۇ. شۇڭا ئىنسانلارنىڭ قەلبى ئۇنىڭغا ئىنتىلىدۇ، لېكىن يورۇقلۇقنى تۇسۇشقا ئورۇنىدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. چۈنكى بەزى كىشىلەرنىڭ يۈرىكىمۇ، نىيىتىمۇ، يۈزىمۇ تۈن بىلەن رەڭداش كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆمرى باشقىلارغا، بولۇپمۇ ھاياتلىق ئالىمىدە چولپان كەبى چاقناشقا باشلىغانلارغا زاۋاللىق تىلەش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇلار تۇرمۇشنىڭ لەززىتىدىن، شېرىن مېۋىلىرىدىن، مول سوۋغىلىرىدىن قۇرۇق قالىدۇ. كىشىلەرنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىۋەرگەن قول پاسكىنىچىلىقتىن مەڭگۈ قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا ئەۋلادلارغا ۋەسىيەت سۈپىتىدە مۇنداق قۇرلارنى تەقدىم قىلغۇمىز كېلىۋاتىدۇ: ئىنسانلار قۇياشقىمۇ، ئايغىمۇ، يۇلتۇزلارغىمۇ ئامراق، چۈنكى ئۇلار ھاياتلىق ئالىمىگە يورۇق بېرىدۇ. خۇدايىم ئاسماندىن قۇياشقىمۇ، ئايغىمۇ، يۇلتۇزلارغىمۇ ئورۇن بەرگەن. چۈنكى ئۇلار كائىناتقا ھۆسن بېرىدۇ. بىزمۇ چولپانلىرىمىزنى بېشىمىزدا كۆتۈرەيلى، ھۆرمەت چوققىلىرىغا چىقىرايلى. ئۇلار يۇرتىمىزنى، قەلبىمىزنى، يۈزىمىزنى تېخىمۇ يورۇق قىلسۇن. تالانت ئىگىلىرى ئېرىشكەن شان-شەرەپتىن ھوزۇر ھەم شادلىق تاپالايدىغانلارغا قەلبىمىزنىڭ تۆرىدىن ئورۇن بېرەيلى. چۈنكى بۇ ئالەم مۇھەببەت ئەھلى بىلەن شېرىن، مەنىلىك، قىممەتلىك ھەم گۈزەلدۇر. (M2)

www.uyghurkitap.com



## تەبرىك ۋە ئۈمىد

مىجىت ناسىر

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۆتكۈزگەن ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتى بويىچە خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن خۇلاسە سۆز

يولداشلار، دوستلار:

سىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدىكى مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ھەر قايسى سەپلىرىدە، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ بوستانلىرى ھەم چاڭقىغان چۆللىرىدە ئىجادىيەت ۋە ئورۇنداشتىكى كامالەتكە يەتكەن ماھارىتىڭلار بىلەن ئىناقلىقنى قوغداپ، رەزىللىككە ئوت ئېچىپ خەلقىمىزگە مەدەت ۋە ئىلھام بېرىپ، مىللىي روھنى ئۇرغىتىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشتۇڭلار.

سىلەر مەملىكىتىمىز سەھنىلىرى ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە شىنجاڭنىڭ سېھرىي كۈچىنى - سەنئەت ئۆزگىچىلىكىنى نامايان قىلىپ، دۆلەت ئىچى ۋە چەت ئەللەردە قىزغىن ئالقىش، يۇكسەك باھاغا ئېرىشىپ، خەلقىمىز ئۈچۈن دۇنياۋى شان - شەرەپ كەلتۈرۈپ، قەددىمىزنى كۆتۈردۈڭلار. يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە، سەنئەتكارلىرىمىز يۇكسەك ماھارەت بىلەن ئورۇندىغان ئەمما مۇكاپاتلانمىغان، لېكىن خەلقىمىز ياقتۇرۇپ، كۆڭلىدە مۇكاپاتلايدىغان، تەسىرى ئىنتايىن كۈچلۈك نۇرغۇن ئېسىل سەنئەت نومۇرلىرى بار. مەيلى مۇكاپاتلانغان ياكى مۇكاپاتلانمىغان بولسۇن، ئېسىل سەنئەت ئەسەرلىرى ئىجادكارلىرى ۋە ئورۇندىغۇچىلىرىغا خەلقىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى، رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت نامىدىن يەنە بىر نۆۋەت تەشەككۇر ئېيتىمەن. چىن قەلبىمدىن ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش داۋامىدا ئىدىيىنى دادىل ئازاد قىلىپ، جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، مۇنەۋۋەر مىللىي مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇپ، شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئەسىرلەر داۋامىدا جۇغلانغان ئېسىل مەدەنىيەت - سەنئەت مىراسلىرىمىزغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، خەلقنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز بېيىتتى؛ جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى، گۈللىنىشىنى، مەدەنىيەتلىك بولۇشىنى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى. نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئويۇن (نومۇرلار) دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى چوڭ سەنئەت پائالىيەتلىرىدە ئالىي مۇكاپاتلارغا ئېرىشىپ، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» بولغان شىنجاڭنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قىلدى.

ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن بۇ زور مۇۋەپپەقىيەتلەر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز مىللىي سەنئىتىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن، شۇنداقلا سەنئەت كەسپى بويىچە يېقىنقى يىللاردا خەلقئارا ۋە دۆلەت دەرىجىلىك ئەڭ يۇقىرى، كاتتا مۇكاپاتقا ئېرىشەلمەسلىكتەك ۋەزىيەتكە خاتىمە بېرىلگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. بۇ، سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ يۇكسەك تارىخىي بۇرچ تۇيغۇسى بىلەن جاپالىق ئىزدەنگەنلىكىنىڭ، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، يۇقىرى بەدىئىي سۈپەتكە ئىگە نادىر سەنئەت ئەسەر (نومۇر) لىرىنى ئىجاد قىلىپ ۋە ئورۇنداپ، شىنجاڭنىڭ سەنئەت سەۋىيىسىنى مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش، شۇ

## كۆڭۈل ئىزھارى

ئاساستا يېڭى ۋە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ پۈتكۈل مەملىكەتكە ۋە دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى؛ شۇنداقلا تارىختىن بۇيان ئالەمگە مەشھۇر «مۇقام - مەشرەپ دىيارى»، «ناخشا - ئۇسسۇل ماكانى» دەپ شۆھرەتلەنگەن دىيارىمىزنىڭ گۈزەل تەبىئىي مۇھىتى، ئۇزۇن تارىخى بىزگە ئاتا قىلغان يۈكسەك ئىچكى تۇيغۇ - ھېسسىياتلارنىڭ ۋە قەدىمىي يىپەك يولى مەدەنىيەت - سەنئىتىنىڭ يېڭى دەۋردىكى مېلودىك پارتلىشى، ئەجدادلار مۇڭىنىڭ ئەۋلادلار ئاۋازىدا قايتا ياڭرىشىدۇر.

بىز بۇندىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىدە نەتىجىلىرىمىزدىن قانائەتلەنمەي، شان - شەرەپنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ قىلىشىمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، يەنىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئېسىل ئەسەر (نومۇر) لار بىلەن ئەسىر ھالقىپ، 21 - ئەسىر مېلودىيىسىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ياڭرىتىشىمىز لازىم.

مەن مۇشۇ مەنىلىك يىللاردا بىر سەپتە سىلەرگە زامانداش بولۇپ، سىلەر ئۈچۈن نەتىجىلىك بولمىسىمۇ بىر مەزگىل خىزمەت قىلغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن.

ئۇزۇندىن بېرى مەيلى تونۇشايلى - تونۇشمايلى ئەسەرلىرىڭلار، ئىجادىيەت مېۋىلىرىڭلار، يېقىملىق نومۇرلىرىڭلاردىن تۇرمۇشنىڭ جاپالىق كۈنلىرىدە روھىي مەدەت، خۇشال كۈنلەردە زوق ئېلىپ، ئۇنى خىزمەت ئىشلەشنىڭ، پاك ياشاشنىڭ بىر مۇھىم تاشقى ئامىلى قىلىپ كەلدىم. سىلەر داۋاملىق يىراقتىن مۇناسىپ مەنىۋى ياردەمدە بولدۇڭلار. شۇ يىللاردا كۆڭلىمىز بىرگە بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن سىلەرگە — سىز ئەزىز قەدىردانلارغا شەخسەن ئۆز نامىمدىن ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. ماڭا قالدۇرغان ئاشۇ ئۇنتۇلغۇسىز ياخشى تەسىراتىڭلار ۋە ئېسىل ئوبرازىڭلار بىلەن سىلەرنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن. شۇ يىللاردا رەنجىتكەن يەرلىرىم بولسا ئەپۇ قىلساڭلار.

تېنىڭلارغا سالامەتلىك، خىزمىتىڭلارغا مۇۋەپپەقىيەت، ئائىلەڭلەرگە خاتىرجەملىك تىلەيمەن.

كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى يىل، روزا ھېيت ۋە چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن ئالدىنئالا سىلەرنى تەبرىكلەيمەن.

1997 - يىل 24 - دېكابر

# 1998 - يىللىق چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۇڭتىڭكى ئۆتكۈزگەن كوللېكتىپ چايدا سۆزلەنگەن سۆز

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 8 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى ۋە ئۇنىڭ ئومۇمىي خىزمەتلىرى بەش يىلدىن بۇيان ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرەپلىك ھەم مۇشەققەتلىك 8 - بەش يىللىق ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ستراتېگىيىلىك تەرەققىيات پىلانلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاپ، خەلق ئۈچۈن نۇرغۇن ئەمەلىي ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى 100 مىليارد يۈەنلىك ئۆتكەلدىن ئۆتۈپ، يەنى 57.5% ئاشۇرۇپ ئورۇنداشتەك زور نەتىجىلەر بىلەن قانۇن نۆۋەت تەرتىپى بويىچە ئوڭۇشلۇق نۆۋەت ئالمىشىپ، 9 - نۆۋەتلىك ھۆكۈمەت ۋاقىت جەھەتتە 9 - بەش يىللىق پىلانغا ئوڭۇشلۇق ئۇلىنىپ، دەۋر جەھەتتىن 21 - ئەسىرگە، تەرەققىيات جەھەتتىن ھاللىق سەۋىيە قۇرۇلۇشىغا تەدرىجىي يۈزلەندى.

بۇ نەتىجىلەرنىڭ قولغا كېلىشى — پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكى ۋە غەمخورلۇقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ توغرا رەھبەرلىكى، شۇنداقلا دېموكراتىك، كەمتەرىن، ئىنتايىن سالماق، كۆكسى - قارنى كەڭ، قابىلىيەتلىك، خىزمەتتە ئەستايىدىل، پارتىيە ۋە خەلققە سادىق رەئىسىمىز، دوستىمىز ئابلەت ئابدۇرېشىت بەنجاڭلىقىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ دېموكراتىك، ئىتتىپاق خىزمەت كوللېكتىپى بولۇپ ئۇيۇشۇپ بىجانىدىل خىزمەت ئىشلىگەنلىكى، ھەر قايسى فۇنكسىيىلىك تارماقلارنىڭ كۈچلۈك ماسلاشقانلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىرنىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقى، شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئورگىنىدىكى ھەر قايسى ئورۇن، باشقارمىلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە خادىملارنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىپ، جاپالىق ئىشلىگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

بۇ يىللاردا، بەزى مۇرەككەپ - ئوڭۇشسىز جەرياندا بولسۇن خىزمىتىمىز ئوڭۇشلۇق، ئىشلىرىمىز ئۈنۈملۈك، مۇناسىۋىتىمىز ئىناق، ھاياتىمىز قايناق ۋە مەنىلىك، تۇرمۇشىمىز جىددىي ئەمما كۆڭۈللۈك، زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى ئىلمىي بولدى، كۆڭلىمىز ئىنتايىن ئازادە ئۆتتى.

بىز بۇ بەش يىلدىن بۇيان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ رەھبەرلىك مەركىزىدە ئىشلەشتىن سىرت تۆۋەنگە - ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈپ، چەت - يىراق يېزا - قىشلاق، يايلاق، زاۋۇت - كان، گازارما، چېگرا مۇداپىئە پونكىتلىرى، ئىلىم - پەن ئورۇنلىرىدا قىيىن - مۇشكۈل شارائىتتا شىنجاڭنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەت ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا جانپىدالىق بىلەن ئىشلەۋاتقان، ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل، پاك، ئىنتىزامچان، سەۋرچان ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ۋە زىيالىيلاردىن، ئۇلارنىڭ ئالىيجاناب روھىدىن چوڭقۇر تەربىيە، زور ئىلھام ئالدۇق، قەلبىمىزدە ئۇلارغا، شۇنداقلا بىپايان ئانا يۇرتىمىزنىڭ ھەيۋەت، گۈزەل تاغ - دەريالىرى، چەكسىز كەتكەن بوستانلار ۋە قۇم بارخانلىرى، كەم ئۇچرايدىغان ئۆزگىچە ھاياتلىق ئېكولوگىيىسىگە مېھىر - مۇھەببىتىمىز ھەسسىلەپ ئاشتى. شەخسەن ئۆزۈم

www.uyghurkitap.com

بۇ توختاۋسىز جەڭگىۋار يۈرۈشلەردىن تارىخنى يارىتقۇچى خەلقنىڭ ھەقىقەتەن ئۇلۇغلۇقىنى؛ قويىنى پۈتمەس بايلىق، نازۇ - نېمەتلەرگە تولغان، خەلقى ئەمگەكچان، سېخىي، مەرد بۇ ئانا تۇپراقنىڭ نەقەدەر سۆيۈملۈك ۋە مۇقەددەسلىكىنى بارغانسېرى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمەن.

بىز ئەجدادلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئەۋلادلارغا يول ئېچىپ، بۇ يول، بۇ ئىزلاردا قان - تەرىمىز، ئەقىل - ئىدرىكىمىز، ئەجرىمىز بەھرىدىن كېيىنكى ئەۋلادلارغا، ئانا يۇرتىمىزغا چىرايلىق تىزىلغان خۇش پۇراق گۈلدەستىلەر، سايىبان كۆچەتلەرنى خاتىرە قىلىپ قالدۇردۇق. كېيىنكى ئەۋلادلار ناۋادا ۋاقتى يېتىپ شۇ يىللاردىكى تارىخ سەھىپىسىنى ۋاراقلىغاندا جاپا چەككەن، تەرتۆككەن ھازىرقىلارنى ئەسلىسۇن ياكى ئەسلىمىسۇن ئاز - تولا مەمنۇن بولسىلا بۇ مەمنۇنلۇق ئۆمرىمىزنىڭ شۇ قىسمىنىڭ بىكار ئۆتمەي مەلۇم ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولۇپ قالار.

يولداشلار، دوستلار:

بىز خۇددى ئۆز ئائىلىمىزدەك مۇشۇ چوڭ قورۇ، مۇشۇ قۇياشلىق شەھەردە بەش قېتىم تەبىئەتنىڭ تۆت پەسلىنى، بەش باھارنى، بىر جەڭدىن كېيىن يەنە بىر جەڭنى، تاغ ئارقىسىدىن سەھەردە كۆتۈرۈلگەن قۇياشنى بىرلىكتە كۈتۈۋالدۇق، قايغۇ ۋە خۇشاللىقتا ئورتاقلىشىپ، قېرىنداشلارچە ئۆز ئارا مەدەت بېرىشىپ، قايسىبىرلىرىمىزنى، ئارىمىزدىن كەتكەنلەرنى كۆزىمىز قىيمىغان ھالدا قايغۇ - ھەسرەت بىلەن ئۇزاتقان بولساق، يېڭى كەلگەنلەرنى. مۇبارەك مەرىكىلەرنى تەنتەنە، خۇشاللىق بىلەن بىرگە كۈتۈۋالدۇق.

ھەر كۈنى دېگۈدەك قەدىمىمىز چۈشۈپ تۇرىدىغان شۇ قورۇ، شۇ تۇپراقتا ئۆز ئارا ئەدەپ - قائىدە سالىمى، ئىللىق چىراي، چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن ئۆز ئارا تونۇشۇپ ھاڭ - مۇڭ ئېيتىپ، دەردى - ھالىمىزغا يېتىپ، بىر - بىرىمىزگە ئىناقلىق، مېھرىبانلىق، چوڭقۇر دوستلۇقتىن قىممەتلىك ئەستىلىكلەرنى قالدۇرۇشتۇق.

شۇ يىللاردا رەئىستىن تارتىپ مۇلازىمەتچىلەر-گىچە ھەممىڭلارنىڭ خۇش مۇئامىلە، غەمخورلۇق، مەنىۋى، ئەمەلىي ياردىمىڭلارغا ئېرىشكەنلىكىمدىن، شۇنىڭدەك ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا سىلەردەك قەدىردانلار بىلەن زامانداش بولۇپ ئۆتكەنلىكىمدىن ئىنتايىن پەخىرلىنىمەن. ئۆتكەن ئۆمرۈمنىڭ بۇ ئۆزگىچە مەنىلىك باسقۇچىدا، قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا قالدۇرغان سەمىمىي، ئىسسىق ئوبرازىڭلار، قىلغان ياخشىلىقىڭلار بىلەن سىلەرنى مەڭگۈ سېغىنىپ ئەسلەپ قالىمەن. ھەممىڭلارغا يولداشلارچە ھۆرمەت، ئاتەشىن ھېسسىيات ئىلكىدە چىندىن تەشەككۈر، ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن.

رەئىس ئابلەت ئابدۇرېشىت باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 9 - نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ تېخىمۇ ئىتتىپاقلىشىپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 15 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەسىر ھالقىيدىغان شەرەپلىك ئەمما مۇشەققەتلىك ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنداشقا تىلەكداشمەن ھەم بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل.

ياشلارنىڭ دەۋرىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، تەرەققىيات جەھەتلەردىكى ئەۋزەللىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆز ساپاسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشۈپ، تىللاردا داستان بولغىدەك زور نەتىجىلەر بىلەن شان - شەرەپ قۇچۇپ، ئەسىر ھالقىشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر ئەمما شەرەپلىك تارىخىي بۇرچنى دادىللىق بىلەن ئۈستىگە ئېلىشى ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ جاسارەت بىلەن ئۆگىنىشى، ئىجتىھات بىلەن ئىشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەپسۇس، بىر قىسىم يولداشلار بىلەن ياخشى تونۇشالمىدىم، شۇنداقلا جەمئىيەت ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆز قارىشىمنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبلىك، يولداشلارنى رەنجىتكەن، كۆڭلىگە ئاراز بەرگەن يەرلىرىم بولسا، يولداشلاردىن بۇ غەرەزسىز ئۆتكەن سەۋەنلىكلىرىم ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن.

ھەممىمىز يېڭى نەتىجىلەر بىلەن 20 - ئەسىرنى ئۇزىتىپ، غەلىبە بىلەن 21 - ئەسىرنى بىرلىكتە كۈتۈۋالايلى.

يولداشلارنىڭ ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك، تېنىگە سالامەتلىك، خىزمىتىگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمەن. روزاھېيت ۋە چاغىنىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن.

1998 - يىل 25 - يانۋار (M1)

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى. بۇ ئىككى نۇتۇقنى ئۇ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىنى ئۆتەۋاتقان مەزگىلدە سۆزلىگەنىدى.

ماۋزۇ سۈرىتىدە: مىجىت ناسىر ئەپەندى (سولدىكى كىشى) ئاتاقلىق خەلق قىزىقچىسى ھېسام قۇربان (ئوڭدىكى كىشى) ۋە ئەدىبلەر بىلەن بىللە.





# ئىككى ھېكايە

مەتىمىن ھوشۇر

## تەييا باي

غۇلجا شەھىرىدىن 40 كىلومېتىرچە يىراقلىقتا، ئىلى — ئۈرۈمچى تاشيولىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە «كۆرە» دېگەن بىر يەر بار. ھازىر ئۇنى ئانچە كۆزگە چېلىقمايدىغان ئاددىي بىر يېزا دېيىشكە بولىدۇ. ئەمما، چىڭ خاندانلىقى شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر يېرىم ئەسىردىن ئوشۇق ۋاقىتتا بۇ يەر شىنجاڭنىڭ مەركىزى ھۆكۈمىتى تۇرىدىغان مۇھىم ئورۇن بولۇپ كەلگەنىدى. چىڭ ئوردىسىنىڭ بېيجىڭدىن تەيىنلەپ ئەۋەتكەن جياڭجۇنلىرى مانا مۇشۇ يەردە تۇرۇپ، تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىغا ھوقۇق يۈرگۈزەتتى.

كۆرە — كونا كۆرە، يېڭى كۆرە دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كونا كۆرە قەلئەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا بولۇپ، 1860 - يىلدىن كېيىن كۆتۈرۈلگەن ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى (كونىلارنىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا «سادىر پالۋان سوقۇشى») دا ۋەيران بولغان. بۇ سوقۇشتا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلىدىكى قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي تار مار بولۇپ، شۇ چاغدىكى كۆرەدە تۇرۇشلۇق ئىلى جياڭجۇنى مىڭ شۇي بالا - چاقىسىنى ئېلىپ ئوق - دورا ئامبىرىنىڭ ئۈگزىسىگە چىقىپ، دورىغا ئوت يېقىشنى بۇيرۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋاپتىكەن. شۇ قېتىمقى پارتلاشتا كۆرەنىڭ ئەتراپى يەر تەۋرىگەندەك سىلكىنىپ، چېرىكلەرنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن پۇت - قوللىرى نەچچە چاقىرىم يەرگە ئۇچۇپ چۈشكەن، قەلئە ئىچىدىكى پۈتۈن ئىمارەتلەر كۆيۈپ تۈگەشكەن، دېيىشىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن 1890 - يىللىرى ئەتراپىدا ھازىرقى يېڭى كۆرە قەلئەسى سېلىنغانىدى.

ئىككى ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت، دېمەك ئۇڭايمۇ دەيسىلەر؟ ئىچكىرىدىن ھەر بىر يېڭى جياڭجۇن يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەردە داقا - دۇمباقلار چېلىنىپ، تەنتەنىلىك قارشى ئېلىش مۇراسىملىرى ئۆتكۈزۈلەتتىكەن. بىرەر جايدا پۇقرالارنىڭ ئازراقلا ئىش تېرىغانلىقى ئاڭلانسا، كۆرەنىڭ دەرۋازىلىرىدىن دۈپۈرلەپ قوشۇنلار چىقىپ تەرەپ - تەرەپكە يۈرۈش قىلاتتىكەن. شۇ يىللاردا يۈز بەرگەن قانچە قانلىق ۋەقەلەرنىڭ پىلانى مانا مۇشۇ كونا - يېڭى كۆرەدە تۈزۈلگەن؛ قانچە كۆلكىلىك كومېدىيىلەر مانا مۇشۇ ھۆكۈمرانلار ئۆۋىسىدا ئوينالغان. بۇ ئىشلارنى تەپسىلىي يېزىشنى بىز ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسىنى ئۆزىدىن يوغان كىتابلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈپ، بېشىنىڭ تۈكى قالمىغۇاتقان تارىخچىلارغا قويۇپ، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كەلسەك، شۇ يىللاردا يېڭى كۆرە قەلئەسىدە «تەيياباي» دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن. بىزنىڭ بۇ ھېكايىمىز چوڭ ئىشلار ئۆتكەن شۇ قەلئەدىكى ئاشۇ ئاددىي بىر پۇقرانىڭ ھاياتىغا بېغىشلانغان.

### 1

يېڭى كۆرە قەلئەسى ناھايىتى ھەيۋەتلىك

## ئەدەبىيات گۈلزارى

سېلىنغانىدى. قەلئەنىڭ سېپىللىرى ئېگىز، مۇستەھكەم بولۇپ، شەھەر ئىچىدىكى تۆت چوڭ كوچا تۆت تەرەپتىكى سېپىل دەرۋازىلىرىنى بىر بىرىگە تۇتاشتۇراتتى. چوڭ كوچىلارنىڭ كېسىشكەن جايى - كۆرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۆت قەۋەت ھەشەمەتلىك بىر راۋاق قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ، «قوڭغۇراق راۋىقى» دەپ ئاتىلاتتى. سېپىلنىڭ ئىچى - تېشىدا ھەربىي گازارمىلار بار ئىدى. قەلئە ئىچىدىكى چوڭ - كىچىك يامۇللار، ئوق - دورا ئىسكىلاتلىرى، ئوزۇق - تۈلۈك ساقلىنىدىغان ئامبارلارنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا پوست تۇراتتى. سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى ۋە سېپىلنىڭ تۆت دوقمۇشىدىكى كۆزەتخانىلاردىمۇ كېچە - كۈندۈز قاراۋۇل ئۈزۈلمەيتتى. ھۆكۈمەت يېڭى كۆرەنى ئاۋاتلاشتۇرۇش ئۈچۈن چوڭ كوچىلارغا دۇكان - سارايلارنى ئېچىپ بەرگەنىدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دۇكان - سارايلارنى ئاچىدىغان سودىگەرلەرنىڭ تولىسى چىڭ خاندانلىقىغا زوزۇڭتاڭ، ليۇجىڭتاڭ دېگەن ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىكى توپىلاڭلارنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئەسكەر ئېلىپ چىققاندا قوشۇنغا ئەگىشىپ كەلگەن ئادەملەرئىكەن.

غۇلجىغا كېتىدىغان شەرقىي دەرۋازىنىڭ سىرتىغا ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ۋە ئاھالىلەر كېلىپ ئولتۇراقلاشقانىدى؛ سۈيدۇڭگە قاتنايدىغان دەرۋازىنىڭ سىرتىدا خەنزۇ، خۇيزۇ ئاھالىلىرى بىر قەدەر كۆپرەك ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ئۈچ پو ئېتىلىشى بىلەن سېپىل دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، سىرتتىكىلەر قەلئە ئىچىگە ئېقىپ كىرىشكە باشلايتتى. دۇكانلار ئېچىلىپ سودا - سېتىق قىزىپ كېتەتتى. ئىچكىرىنىڭ چاي، دورا - دەرمان، يىپەك ماللىرى، شىنجاڭنىڭ ئاشلىق، تېرە - يۇڭ، قۇرۇق مېۋىلىرى قولدىن - قولغا ئۆتۈپ سودا بولاتتى. ئاشپۇزۇل، قاۋاقخانىلار- نىڭ چۆرىسىگە قىزىل پەرەڭ تۇتۇلغان ۋىۋىسكىلىرى لەرزان پۇلاڭشىپ، خېرىدارلارنى ئىختىيارسىز جەلپ قىلاتتى. بۇ يەرگە ئەمەل تۆتۈپ كەلگەن ئامباللار ئەتراپتىكى يېزا - قىشلاقلارغا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كەلسىلا، يىغىۋېلىنغان باج - سېلىق، سوۋغا - سالام بىلەن يانچۇقى يامبۇغا توشۇپ كېتەتتى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەرلەرنىڭ بىرەرسىگە بېرىپ، بىر - ئىككى يىل ئەمەل تۆتۈپ قايتقانلار بىر ئۆمۈر يەتكۈدەك مال - دۇنياغا ئىگە بولاتتى.

كۆرەدىكى قىمارخانىلار بىلەن قاۋاق، ئەپيۇنخانىلارنىڭ چىراغلىرى تاڭ ئاتقىچە ئۆچمەيتتى. ھارامدىن كەلگەن يامبۇلار بۇ يەردە شاراقشىپ تۆكۈلۈپ سۇدەك ئاقاتتى. شۇڭا، ئىچكىرىدىن كەلگەنلەر كۆرەنى «كىچىك بېيجىڭ» دەپمۇ قويۇشاتتى. ئاۋاتچىلىققا كەلگەندە ئەينى يىللاردىكى ئۈرۈمچى شەھىرى ئۇنىڭ قولىغا سۇمۇ قويۇپ بېرەلمەيتتى. بۇ يەردىن خېيبىي - خېنەن، خۇبېي - خۇنەن، شەنشى - سەنشى، سىچۈەن، گەنسۇ دېگەندەك ھەممە بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنىڭ ئادەملىرىنى تاپقىلى بولاتتى. كاتتا ئەمەلدارلار، ئاددىي ئەسكەرلەر، مال - دۇنيا قوغلىشىپ يۈرگەن سودىگەرلەردىن باشقا يەنە خىلمۇ خىل جاھانكەزدىلەر، يۇرتىدىن تەزگەن مۇساپىرلار، خەۋپ - خەتەرنى ئىزدەپ يۈرۈدىغان تەۋەككۈلچىلەرمۇ ئۇچراپ تۇراتتى. تەيبا باي ئەنە شۇيىللاردا كۆرەدە پەيدا بولۇپ قالغان ئادەملەرنىڭ بىرى ئىدى.

تەيياباينىڭ ئايالى بەي خېنىم خەنزۇ بىلەن مانجۇنىڭ ئارىسىدىن تۇغۇلغان بېيجىڭلىق ئايال بولۇپ، قامىتى كېلىشكەن بۇ ئايال گەرچە تەييابايدىن ئون ياشچە چوڭ بولسىمۇ، يەنە ئالاھىدە گۈزەل كۆرۈنەتتى. بەي خېنىم شەرقىي كوچىدىكى تىككۈچىلەر قاتارىدا بىر دۇكان ئاچقانىدى. دۇكاندا ئىككى - ئۈچ تىكىمچىلەر ئىش تىكەتتى. بەي خېنىم ئۆزى ئىش كېسەتتى. جياڭجۈن مەھكىمىسىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ مانجۇ پاسونىدىكى ھەر خىل كىيىملىرى، چاڭپاۋ، كەنجەر، خېنىملارنىڭ ھەر خىل پاسونىدىكى يىپەك كۆڭلەكلىرى مۇشۇ دۇكاندىن پۈتۈپ چىقاتتى.

ئۇ يىللاردا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆرە ئىچىدە ئولتۇراقلىشىشى مەنئى قىلىنغانىدى. بەي خېنىمنىڭ يۈزى بىلەن تەيياباينىڭ ئائىلىسىگە كۆرە ئىچىدە تۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى. تەيياباي ئۆزىمۇ ئاق يۈزلۈك، قاپقارا بۇرۇت قويغان، ئوتتۇرا بوي، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىدا راۋان سۆزلىيەلەيتتى. قىلىدىغان مۇقىم ئىشىمۇ يوق ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگىنى بەي خېنىمنىڭ بەرگەن پۇلىنى يانچۇقىغا سېلىپ، ئىچكىرىنىڭ قانداقتۇر بىر ناخشىسىغا غىڭشىغىنىچە ئۆيدىن چىقاتتى:

بۇتخانا ئىدى ھەيۋەت،
يېشىللىق ئارا خىلۋەت . . .

ئاندىن كۆرەنىڭ بازارلىرىنى ئارىلاپ، ئاشخانا، قىمارخانا ۋە راۋاق ئەتراپىدىكى قىزىقچىلىقلارنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتى. بەي خېنىم ئۇنىڭغا ئارتۇقچە تەلەپمۇ قويمايتتى، پەقەت يامان ئىشلارغا ئارىلاشماي، كەچتە ئۆيگە ۋاقتىدا قايتىپ كەلسىلا رازى بولاتتى. تەيياباي ئۆزىمۇ قالايمىقانچىلىقتىن قاچىدىغان يۇۋاش ئادەم ئىدى. «ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە . . . » دەپ، چاغان كەلسە خوتۇنىنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن بىرەر جوزا چاغانلىق نەرسىلەرنى راسلاپ قوياتتى. ئۆزى ھاراق دېگەننى ئاغزىغا ئالمايتتى. ھېيت كەلگەندە يەنە راۋۇرۇس تەييارلىق قىلىپ ھېيت قىلاتتى. ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن بىللە بولغاندا ئانچە - مۇنچە قىزىقچىلىقلارنىمۇ قىلىپ قوياتتى. ھەر قېتىم چاغان يېقىنلىشىپ قالغاندا بەزىلەر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— تەيياباي، بۇداقى چاغاندا قانچىلىك پوجاڭزا ئاتارسەن؟ — دەپ سورىسا، ئۇ:

— 20 - 30 تىزىق پوجاڭزا ئېلىپ قويدۇم. ئەر - خوتۇن بېلىمىزگە باغلاپ ئۇچىغا ئوت يېقىۋېتەيلىمىكىن دەيمىنا، — دەپ كۈلدۈرەتتى.

بىكارچىلار يىغىلىپ قالغان بەزى سورۇنلاردا تەيياباي بېيجىڭ چاڭچىلىرىگە تەقلىد قىلىپ، خېيبېي باڭزىنىڭ ناخشىلىرىنى خېلىلا قاملاشتۇرۇپ ئېيتىپ قوياتتى:

بۇ جاھاندا ئەسلىدە قانۇن - مىزاندىن يوق ئەسەر،
بەزىبىر نائەھلىلەر پۇقرانى قىينار كەن بەتەر.
ھەي ئېسىت، بىلسەم ئەگەر بالدۇرلا زالىم پەيلىنى،
مەرد بولۇپ تاغلار ئارا، كەلمەس ئىكەنمەن بۇ سەپەر.

. . . . . .

كۆپىيەر ئوغرى - قاراقچى، يولىدىن تايسا زامان،
ئوغرى بولماقتىن پۇل تۆلەپ بەگ بولۇش بەكمۇ ئاسان . . .

تەيياباي ئاغزىدا چاڭچىلىكەشلەرنىڭ داقا - دۇمباق، غىجەكلىرىنى دوراپ چېلىپ، نەچچە پىرقىراپ موللاق ئېتىپ تىك تۇرالايتتى. ئۇ، ناخشىلارنىڭ ئاخىرىدىكى «ئا - ئا - ئى - ى . . . » دەيدىغان يەرلىرىنى نەپەس ئالماي، بىر نەچچە دەقىقىغىچە سوزۇپ چۇشۇرگەندە، ئاڭلاپ تۇرغانلار ئىختىيارسىز چاۋاك چېلىپ سەكرىشىپ كېتەتتى. خەنزۇ چاڭچىلە ناخشىلىرىنى بىر ئۇيغۇرنىڭ

مۇشۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ ئېيتالىغىنى ئۇلارغا تېخىمۇ قىزىق تۇيۇلاتتى.

«تەيياباي» دېگەن تەييابابىنىڭ ئىسمىمۇ ياكى لەقىمىمۇ؟ بۇنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. بەزىلەر: تەييابابىنىڭ ئەسلى ئىسمى تاھىر. تەيياباي بەي خېنىمغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ تەييار پۇلى بىلەن بايۋەچچىلەردەك ئويناپ - كۈلۈپ يۈرگەچكە، باشقىلار ئۇنى: «تەيياباي» دەۋالغان، دېيىشەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تەيياباي ئەسلى كوچالىق ئادەم ئىكەن. ئۇ نەچچە ياش ۋاقتىدا، كىراكەشلىك قىلىدىغان دادىسىغا ئەگىشىپ بېيجىڭغا بېرىپ قالغانىكەن. ئۇ چاغلاردا ھەرقايسى جايلاردىكى بەگلەرنىڭ ئۈز دەرىجىسىگە قاراپ 3 - 4 يىلدا بىر قېتىم پايتەختكە بېرىپ خانغا كۆرۈنۈش قىلىدىغان تۈزۈمى بار ئىكەن. شۇ قېتىمدا تەييابابىنىڭ دادىسى ئوغلىنى ئېلىپ، بىر بەگنىڭ خانغا ئېلىپ ماڭغان سوۋغاتلىرىنى كىرا قىلىپ بېيجىڭغا مېڭىپتۇ. يولدا قانچە بېكەتلەردە ئات يەڭگۈشلەپ، مىڭبىر جاپادا ئاران مەنزىلگە يېتىپتۇ. قايتىدىغان ۋاقتىتا «يۇرتتا ئوپۇر - توپۇرچىلىق بولۇپ كېتىپتۇدەك» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، كېتەلمەي بېيجىڭدا تۇرۇپ قاپتۇ. ئۇ چاغلاردا بېيجىڭدىمۇ كىراكەشلىك يامان ئەمەس بولسا كېرەك، ئاتا - بالا ئىككىيلەن بۇ يەردە يەنە بىر مەزگىل كىرا كەشلىك قىلىپ جان بېقىپتۇ. كۈتۈلمىگەندە تەييابابىنىڭ دادىسى بىر - ئىككى كۈن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. تەييارباي ئات - هارۋىنى تاراقلىتىپ بىرەر يىلچە كىراكەشلىك قىلىپ بېقىپ قاملاشتۇرالماي، ئات - هارۋىنى سېتىپ، پۇلنى بەلگە تۈگۈپ، چاڭچىلىخانىلاردا ئويۇن كۆرۈپ، ناخشا تىڭشاپ، چايخانىلاردا مەدداھلارنىڭ جەڭنامىلىرىنى ئاڭلاپ، بېيجىڭنىڭ كوچىلىرىنى ئالا قويماي ئارىلاپ ئاۋات قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئاز ئۆتمەيلا ھەممە پۇل تۈگەپ، تەيياباي تازا تەس كۈنگە قالغاندا ئۇنىڭغا بەي خېنىم يولۇقۇپ قالغانىكەن.

ئۇ چاغ تەييابابىنىڭ 20 گە يېقىنلىشىپ، بەي خېنىمنىڭ يېشى ئەمدىلا 30 دىن ئاشقان ۋاقىتلار ئىكەن. بەي خېنىم بۇرۇتلىرى يېڭىدىن خەت تارتقان، يوغان قارا كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان بۇ يىگىتكە ئاشىق بولۇپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا زادى قانچىلىك مۇھەببەت ۋەقەلىرىنىڭ سادىر بولغانلىقى كىشىلەرگە قاراڭغۇ. ئەمما، ئېرىدىن ياشلا تۇل قالغان بەي خېنىم پۈتۈن مال - مۈلكى بىلەن ئۆزىنى تەييابايغا تاپشۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنىدۇ. تەييا باي بۇ خېنىمنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ - چېچىپ، ھەر كۈنى ئۇنىڭ قېشىغا مەست كېلىدىكەن. بەي خېنىم:

كىشى قەدرىنى بىلمەيدۇ، يار كىچىك، نادان كەلدى.
بېرىپ مەيلىنى شارابقا، مەست بولۇپ ئاران كەلدى . . .

دېگىنىچە يەنە ئۇنى خۇشخۇيلۇق بىلەن كۈتۈۋالىدىكەن.

ئارىدىن يەنە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. تەييا باي بارغانسېرى كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ كېتىپتۇ. «يۇرت تىنچلىنىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ: «يۇرتۇمغا كېتىمەن» دەپ چاتاق سالىدىغان بوپتۇ. تەييابايدىن ئايرىلىپ قېلىشقا كۆڭلى قىيمىغان بەي خېنىم: «يۇرتىڭىزغا بارساق بارايلى، ئەمما، بىرىنچىدىن يۇرتقا بېرىۋېلىپلا مېنى تاشلىۋەتمەيسىز؛ ئىككىنچىدىن، هاراق دېگەننى ئاغزىڭىزغا ئالمايسىز» دەپ شەرت قويۇپ، تەييابايغا ئەگىشىپ شىنجاڭغا چىققانىكەن. ئۇلارنى ئاۋۋال تەييابابىنىڭ يۇرتى كوچاغا بېرىپ ئورۇنلاشقان، دېيىشىدۇ. لېكىن، تەييابابىنىڭ ئانىسى بىر يىل ئىلگىرىلا ئالەمدىن ئۆتكەنىكەن. تەييابابىنىڭ يات دىيىدىكى بىر خوتۇننى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يۇرتداشلىرى ئۇنىڭغا ئانچە ياخشى كۆز بىلەن قارىماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئايلىنىپ مۇشۇ كورەگە كېلىپ توختاپ قالغانىكەن.

تەيياباي دائىم ياخشى ئاتتىن ئايرىلمايتتى. ئېتىنىڭ ئېگەر - جابدۇقىنىمۇ ناھايىتى تاللايتتى. بەزىدە ئېتىنى مىنىپ سۆيدۈك، غۇلجا شەھەرلىرىگە باراتتى ياكى بولمىسا خەنزۇ جەڭنامىلىرىدىكى ناخشىلارغا توۋلاپ:

مەرد ئىكەن چىڭ جى ئاجايىپ، خىسلىتى پالۋانغا باب،
كېلىغا شەمشەر سۇرۇپ ئۇ، بەردى زەپ خانغا جاۋاب.
ئەھدىدىن قايتمىدى ئەسلا يەتسىمۇ ھەتتا ئەجەل،
قالغۇسى نامى جاھاندا داڭقى ئالەمگە تاراپ.
. . . . .
كەلمىدى كارغا ئىست! ۋېي بەگلىكى سەردارى . . .

دېگىنىچە دالىلارغا چىقىپ بولۇشىغا ئات چاپتۇراتتى. يەردە تۇرۇپ بىر موللاق ئېتىپ دەل ئىگەرنىڭ ئۈستىگە مىنىۋالالايدىغان، يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ يەرگە تىك چۈشۈپ تۇرالايدىغان ھۈنەرلىرىمۇ بار ئىدى. بۇ ھۈنەرلەرنى ئۇ بالا ۋاقتىدا كوچادىكى دارۋازلار، يەرلىك سېرك ئۇستىلىرىدىن ئۆگەنگەنىدى.

يۈگۈرۈپ كېتىپ بارغان ئاتنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشۈشنىڭ زادى قانچىلىك ھۈنەر ئىكەنلىكىنى ئات بىلەن ھەپىلىشىپ باقمىغان ئادەملەر بىلمەسلىكى مۇمكىن. بىر يىلى كورەدە گەنسۇلۇق بىر چامباشچى پەيدا بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ چاڭچىلىلەردە ئالاچىپار يۈزلۈكلەرنىڭ رولىنى ئالىدىغان ئۇستا چامباشچىلاردىن ئىكەن. ئۇ، تەييابابىنىڭ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ تىك چۈشەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ: «بۇ ئىشنىڭ نېمە ھەيران قالغۇچىلىكى بار» دەپ نەزەرىگىمۇ ئېلىپ كەتمىدى. بىر قېتىم ئۇ قوڭغۇراق راۋىقى يېنىدىكى قاۋاقلارنىڭ بىرىدە هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ: «ئەمدى مېنىڭ بىگىسمىنى بىر كۆرۈپ بېقىڭلار - ھە!» دەپ، ئاغىنىلىرىنى سېپىلنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. ئاندىن ئۆزى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ، پۇت - قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، تازا چېنىقىلىپ كۈچ يىغقاندىن كېيىن، سېپىلنىڭ ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ يەرگە تىككىدە چۈشتى. ئەتراپتىكىلەر: پاھ، پاھ، پاھ! دەپ چۇقان سېلىشىپ كەتتى. تەييابايمۇ بىر چەتتە تورۇق ئاتنىڭ ئۈستىدە قىڭغىيىپ ئولتۇرۇپ بۇ تاماشىنى كۆرۈۋاتاتتى. بىر چاغدا ھېلىقى چامباشچىنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا چۈشۈپ قالدى.

— ھوي، ئىسمىڭ نېمىدا سېنىڭ؟ قېنى ئېتىڭنى بۇياققا ئەكەلمەمسەن، — دېدى ئۇ تەييابايغا قولىنى شىلتىپ.

تەيياباي ئېتىنى دىۋىتىپ كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ چۇلۋۇرىنى چامباشچىغا تۇتقۇزدى. چامباشچى ئاتقا مىنەر - مىنمەستىنلا تورۇق ئات تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ كېتىۋىدى، چامباشچى ئۈگدىسىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ھەممەيلەن پاراقىدە كۈلۈۋېتىشتى. بىر - ئىككىيلەن كېلىپ چەمباشچىنى يۆلەپ:

— بىر يەرلىرى زەخىملەنمىگەندۇ؟ — دەپ كۆڭۈل سوراشتى.

— ھېچ گەپ يوق، ھېچ گەپ يوق، — دەپ چاپانلىرىنى قاقتى چامباشچى، — تازا تەربىيە

كۆرمىگەن ئاتكەن — دە بۇ! قېنى ئەمدى ئەكىلىڭلار.

تەيياباي ئېتىنى قايتۇرۇپ كېلىپ، چامباشچى مىنىۋالغىچە بېشىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇردى - دە، ئاندىن ئاتنىڭ ساغرىسىغا يېنىك شاپىلاقلاپ قويۇۋەتتى. تورۇق ئات باشتا سىلىق يورغىلاپ مېڭىپ ئىتتىكلەپ كەتتى. چامباشچى مەيداننى بىر ئايلىنىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىغا ئاتنى ئوقتەك چاپتۇرۇپ كەلدى - دە، ئىگەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا بىر موللاق ئېتىپ يەرگە تىككىدە چۈشتى - يۇ، تەڭپۇڭلۇقىنى تەڭشىيەلمەي، ئالدىغا مۆدۈرۈپ يەرگە بېشچىلاپ يىقىلدى. ئادەملەر يۈگۈرۈشۈپ يېتىپ كەلگىچە ئۇ يۈز - كۆزى توپا، پېشانىسى يېرىلغان پېتى ئورنىدىن قوپتى. بەزىلەر پىخىلداپ كۈلۈپ ئاغزىنى تۇتۇشتى، بەزىلەر: «يامان بولدى - ھە، يامان بولدى!» دېگىنىچە بېرىپ ئۇنى قايتا يۆلىدى. بۇ ئىش ھېلىقى چامباشچىغا قاتتىق ھار كەلگەن چېغى، ئەتىسىدىن باشلاپ ئۇ كورەدە كۆرۈنمىدى. تەيياباينىڭ ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشىدىغان ھۈنىرى شۇنىڭدىن باشلاپ كورەدە ئالاھىدە ماھارەت ھېسابلىنىدىغان بولدى.

تەيياباي بەي خېنىمنىڭ دۆلىتىدە كورەدە ئويناپ - كۈلۈپ، ئەنە شۇنداق غەمسىز خېلى يىللارنى ئۆتكۈزگەنىدى.

## 2

چىڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا كەلگەندە ھۆكۈمەتنىڭ ھالى خارابلىشىپ كەتتى. بەكمۇ ئۇزۇن يىل ھۆكۈم سۈرۈپ كەتكەن بۇ خاندانلىق ئەمدى نىرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەندەك قىلاتتى. . . كورەدىكى ئەسكەرلەرگە بەزىدە تاماق راسخوتىمۇ تارقىتىلماي قالاتتى. كورە بازىرىدىكى ئاۋاتچىلىقلار سۇسلىشىپ، قوڭغۇراق راۋىقى ئەتراپىدا بولىدىغان كېچىلىك تىجارەتلەر بالدۇرلا يىغىشتۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاز دەپ، بەي خېنىم ئاغرىپ ئۇزۇنغىچە ياخشى بولالمىدى. ئاخىرىدا ئۇ تەييابايغا: «مېنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ قويۇڭ، ئۆلگەندە بولسىمۇ ئۇرۇق - ئەۋلادىمنىڭ قېشىدا ياتاي!» دەپ يۈرەك سۆزىنى ئېيتتى. تەيياباي ئۆزىگە بىر ئۆمۈر پاسىۋان بولغان بۇ ئايالنى مەپىگە سېلىپ، جيۇچۈەن ئەتراپىغا يېتىپ بارغاندا بەي خېنىم جان ئۈزدى. بۇ، يازنىڭ تازا دىمىق ئىسسىق كۈنلىرى ئىدى، جەسەتنى بېيجىڭغا يەتكۈزۈشنىڭ ھېچبىر ئامالى يوقتى. ئاخىرى تەيياباي ئايالنى ئىلاجىسىز جيۇچۈەنگە دەپنە قىلىپ يەنە كورەگە قايتىپ كەلدى.

بەي خېنىم كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ تىككۈچىلىك دۇكىنىمۇ تاقىلىپ قالدى. تەيياباي ۋاپادار ئايالىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ھېچ نېمىگە كارغا كەلمەيدىغان بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ھۈنەر ئۆگىنىپ، بىرەر ئىشنى باشتىن باشلايدىغان ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەنىدى. سودا - سېتىق قىلىپ 5 - 10 تەڭگە پايدا كۆرۈش ياكى بىرەرسىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ پۇل تېپىشمۇ ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇ بەي خېنىمدىن قالغان ئالتۇن - كۈمۈشنى خەجلەپ، ئۆيدىكى بەزى ئۇشۇقچە جابدۇقلارنى سېتىپ كۈن ئالدى. لېكىن، يېتىپ يېسە تاغمۇ توشمايدۇ - دە!

يوقسۇزچىلىق جېنىغا پاتقانسېرى تەيياباي بەي خېنىمنى بەكرەك سېغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى ئاق بوز ئات ئىدى. بۇ ئاتنى بەي خېنىم ئۆزى ئاغرىق ياتقان ۋاقتىدا: «تورۇق ئېتىڭىز قېرىپ قالدى، ئوبدانراق بىر ئات سېتىۋېلىڭ» دەپ ئېلىپ بەرگەنىدى. شۇڭا تەيياباي بۇ ئاتنى ناھايىتى ئەتىۋارلايتتى.

— ھەمراھ! — دەپ چاقىراتتى ئۇ ئېتىنى، — مانا، خېنىمدىن ئايرىلىپ ئىككىمىز يېتىم بولۇپ قالدۇق. كۆپار بولسىمۇ ئۇ ناھايىتى ئىنسابلىق، ساداقەتمەن خوتۇن ئىدى . . .

تەيياباي ئېتىنىڭ بېشىنى سىيلاپ، ئۇنىڭغا خوتۇنىنىڭ ياخشى گەپلىرىنى ئۇزاقتىن - ئۇزاق سۆزلەيتتى، بوز ئاتمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى چۈشىنىۋاتقاندەك بېشىنى سىلكىپ، پۇتلىرى بىلەن يەرنى تېپىپ - تېپىپ قوياتتى.

بىر كۈنى، تەيياباي كورەنىڭ غولجىغا كېتىدىغان دەرۋازىسى سىرتىدىكى بىر ئاشخانىغا تاماق يېمەكچى بولۇپ كىردى. بۇلۇڭدىكى شىرەدە بىر قانچەيلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشاتتى.

— ھاي تەييا باي ! — دەپ قىچقىرىشتى ئۇلار،

— بۇ ياققا كەل.

— خوش ئاغىنىلەر، بىرەر خىزمەت بارمىدى؟

— دەپ ئۇلارنىڭ قېشىغا باردى تەيياباي.

— ئازراق ئىچىپ قويامسەن؟

— بىلىسىلەرغۇ، مەن بۇ نېمىنى ئاغزىمغا ئالمايمەن.

— خوتۇنۇڭدىن ئايرىلغاندىن بېرى بەك غېرىبسىنىپ قالدىڭ، ئازراق كۆڭۈللۈك ئىچىپ قالسۇن دەيمىزا . . .

تەيياباي تۇرۇپ قالدى. يېقىندىن بېرى ئۇ ئۆزىمۇ: «ئازراق ھاراق ئىچىپ باقسام قانداق بولار، كۆڭلۈمگە ئارام بولارمۇ؟» دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. تەيياباينىڭ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ ھېلىقىلار ھېجىرغا يېرىم قۇيۇلغان ھاراقنى تەڭلىدى:

— قېنى تەيياباي، كۆتۈرۈۋەت. بىزمۇ جىق ئىچمەيمىز. تاماقنىڭ ئالدىدىن ئازراق . . .

تەيياباي ھاراقنى قولىغا ئېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى.

— بەللى، بەللى! ، — دېيىشتى شىرەدىكىلەر،

— قېنى ئولتۇر، تاماق ھازىرلا كېلىدۇ.

ئازراق ھاراق ئىچىپ تەيياباي ئوبدانلا كەيىپ بولدى. ئاشخانىدىن چىققاندا ئۇ ئاغىنىلىرىگە ناخشا ئېيتىپ بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭ چاغچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتىپ باقمىغىنىغىمۇ ئۇزۇن بولۇپ قالغانىدى. ئەتراپقا ئۆتكەن — كەچكەنلەردىن يەنە بىر نەچچەيلەن ئولاشتى.

تا ئەزەلدىن ھەر گۇناھقا مەي سەۋەب دەپ ئېيتىلار،

بىر سۆزۈم بار ئاڭلىساڭلار سىر شۇنىڭدىن يېشىلەر.
بەزىلەر مەي شۆھرىتىدىن تاپتى شانۇ - ئىپتىخار،
زور پالاكەت كەلتۈرۈپ مەي بەزىلەرنى قىلدى خار،
كۆڭلى سۇنۇق بەزىلەرگە قىلدى شادلىق ئىختىيار،
مەي كىشىنى مەست قىلالماس، مەينى ئادەم مەست قىلار . . .

دەل شۇ چاغدا، ئاشخانا ئالدىغا چىرايلىق بىر پەيتۇن كېلىپ توختىدى. پەيتۇندىن قارا تاۋار چاپان كىيگەن، ئۇزۇن ئۆرۈمە چېچى كەينىگە تاشلانغان بىرەيلەن چۈشۈپ كەلدى. تەيياباينىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاۋاتقانلار: «گۇاڭ بېگىم، گۇاڭ بېگىم!» دېگىنىچە سالام بېرىپ يول بوشاتتى. بۇ يەردە تۇرۇپ قالغان بىر نەچچە ئەسكەر ئالمان - تالمان ئۆزىنى يەرگە

ئېتىپ باش قويدى. بۇ كەلگەن كىشى شۇ يىللاردىكى ئىلى جياڭجۇنى گۇاڭ فۇ ئىدى.

— بۇ نېمە ئادەم؟ — دەپ سورىدى جياڭجۇن ئوتتۇرىدا نېمە قىلارىنى بىلمەي تېڭىرقاپ قالغان تەيياباينى كۆرسىتىپ:

— بۇ كىشى مۇشۇ كورەلىك تەيياباي بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى جياڭجۇنگە بىرەيلەن، — بىز ئۇنىڭ ناخشىسىنى تىڭشاپ تۇرۇۋېدۇق. ئۆزى ئۇيغۇر، خەنزۇ، مانجۇ تىللىرىنى سۇدەك بىلىدۇ. ياش ۋاقىتلىرىدا بېيجىڭدا تۇرغان، خېيىي باڭزىلىرىغا ئوبدانلا تۇۋلاپ قويىدۇ . . .

— تەيياباي ئات بېقىشقىمۇ ئۇستا، ئات ئۈستىدە موللاقمۇ ئاتالايدۇ . . . — دېگەنلەرنى قوشۇمچە قىلىپ قويدى يەنە بىرەيلەن.

— ۋاھ! — دەپ ھەيران بولدى جياڭجۇن، — ئۇنداقتا، سەن مەھكىمىنىڭ ئاتلىرىنى بېقىپ بەرسەڭ بولامدۇ؟ ئوبدانراق بىر ئاتباقار تاپالماي يۈرىمىز.

بار بىساتىنى سېتىپ خەجلەپ قۇرۇقدىنىپ قالغان تەييا باي بۇ تەكلىپنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

## 3

گۇاڭ جياڭجۇن ئەسكەرلىكتىن ئۆسۈپ چىققان ئادەم ئىدى. ھەممە ئۇنى ئاقكۆڭۈل، كەمتەر، كىبىرسى يوق كىشى، دەپ ماختىشاتتى. جياڭجۇن دائىم تاماكا خالتىسى بىلەن ئۇزۇن غاڭزىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، كورەنىڭ ئىچىنى پىيادە ئايلىناتتى. كەمبەغەللەر ئۇچرىسا سەدىقە بېرەتتى. جياڭجۇن بولماستىن ئىلگىرى ئۇ دوتۇڭ ئىدى. ھازىرمۇ دوتۇڭ مەھكىمىسىدە تۇراتتى. ھەر ئاينىڭ بېشى ۋە ئوتتۇرىلىرىدا جياڭجۇن مەھكىمىسىگە كېلىپ ئىشلارنى باشقۇرۇپ قوياتتى. تەيياباي بۇ جياڭجۇن بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالدى. گۇاڭ فۇ بەزىدە ئۇنى ئالدىغا چاقىرتىپ، چاڭچىلە ناخشىلىرىنى ئېيتقۇزۇپ ئاڭلاپ، كۈلۈپ كېتەتتى.

تەيياباينىڭ ئاتخانىدا قىلىدىغان ئىشلىرىمۇ ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. جياڭجۇننىڭ مەپىگە قاتىدىغان بىر قانچە ئېتىنى باقاتتى. بېدە توغرايدىغان، ئېغىللارنى تازىلايدىغان ئىشلارنى يامۇلدىكى جىنايەتچىلەر بېجىرەتتى. تەيياباي ئاتلارغا ۋاقتى - قارارىدا يەم - خەشەك بېرىپ، يۇيۇپ پاكىز باقاتتى. ھارۋا جابدۇقلىرىنىمۇ مايلاپ پارقىرىتىۋېتەتتى. ئۆزىنىڭ ئاق بوز ئېتىنىمۇ مۇشۇ قاتاردا بېقىلىپ كېتەتتى. جياڭجۇننىڭ ئۇنىڭغا ئاجرىتىپ بەرگەن ئايلىق ئىش ھەققىمۇ يېتەرلىك ئىدى.

بەزىدە ئۇ ئىشلىرىنى سەرەمجانلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئازراق ھاراق ئىچىۋېلىپ، خۇش پۇراق چېچەك تۇرغان بېدىنىڭ ئۈستىدە يېتىپ خىيالغا كېتىپ قالاتتى. كۆز ئالدىغا ۋاپادار خوتۇنى بەي خېنىم بىلەن دەسلەپكى تونۇشقان چاغلىرى كېلەتتى. ئاۋات بېيجىڭ كوچىلىرىدىكى تەنزىكەشلەر، خۇيزۇلار ئولتۇراقلاشقان كوچىلاردىكى شورپا بىلەن يۇمشاق قويماق ساتىدىغان ئاشخانىلار، ۋاڭ - چۇڭلۇق چايخانىلار، ئادەملەر دائىم تىقما - تىقماق بولۇپ تۇرىدىغان چاڭچىلىخانىلار، ھارىقى تەملىك قاۋاقلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ناھايىتىمۇ جانلىق گەۋدىلىنەتتى. كۆزىنى يۇمسىلا، چايخانىلاردا مەدداھلارنىڭ ۋارقىراپ تۇرۇپ «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» دىن ھېكايىلەرنى سۆزلىگىنى قۇلىقىغا ئاڭلانغاندەك بولاتتى. بۇ مەدداھلار جەڭنامىلەرنىڭ تازا قىزىق يېرىگە كەلگەندە:

قايسىبىر مەغرۇر قوشۇن جەڭدە قوچۇپ باققان زەپەر،
يەڭگىنى بار جەڭدە كىم سەل چاغلىسا باۋنى ئەگەر.

كىم يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى ئەتە كېلىپ ئاڭلىغايسىز، دەپ ھېكايىسىنى توختىتىۋالاتتى. ئادەملەر: «ئاپلا!» دېيىشكىنىچە سورۇندىن كۆزى قىيماي تارقىلىشاتتى — دە، ئەتىسى دېگەن ۋاقىتتا يەنە كېلىپ ھېكايە تىڭشايتتى. تەيياباي دادىسىدىن ئايرىلىپ، ئات - ھارۋىنى سېتىپ، بار پۇلىنى ئەنە شۇنداق سورۇنلاردا خەجلەپ تۈگەتكەنىدى. ئەگەر شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بەي خېنىم باشپاناھ بولمىغان بولسا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاتتىكىن؟ . . .

بەي خېنىمنىڭ ئاۋات كوچىلارنىڭ بىرىدە تىككۈچىلىك دۇكىنى بار ئىدى. دۇكاننىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چاققانغىنا بىر ھويلىغا چىققىلى بولاتتى. قەدىمىي پاسوندا سېلىنغان بۇ تۆت چاسا قورۇنىڭ ئاستىغا تۆت بۇرجەك چوڭ خىشلار ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ھويلىنى ئايلاندۇرۇپ سېلىنغان تۆۋرۈكلۈك ئۆيلەر ناھايىتىمۇ كۆركەم ئىدى. پېشايۋانلاردىكى يوغان پېڭلاردا گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى. ھەممە نەرسە شۇنچە پاكىز، رەتلىك ئىدى. تەيياباي تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە مال كىرا قىلىپ كېلىپ قالدى. بەي خېنىم غەربىي يۇرتتىن كەلگەن بۇ يىگىتنىڭ كېلىشكەن بەستىگە ھەيران بولۇپ قاراپلا قالدى ۋە ئۇنى ئۆيىگە باشلاپ مېھمان قىلدى.

— پات — پات كېلىپ ئۇقۇشۇپ تۇرۇڭ. دۇكىنىمىزنىڭ كىرا ئىشلىرى چىقىپ تۇرىدۇ، — دەپ ئۇنىڭغا شۇ قېتىمدا ئوبدان ھەق تۆلىدى.

تەيياباي بۇ ئايالنىڭ ماللىرىنى يەنە بىر نەچچە قېتىم توشۇدى. ھەر قېتىم ئايال ئۇنى ياخشى كۈتەتتى. ئوبدان ھەق بېرىپ يەنە كېلىشىنى تاپىلايتتى. تەيياباي كېيىن ئات - ھارۋىدىن ئايرىلىپ سەرسان بولۇپ يۈرگەن كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بەي خېنىمنىڭ ئۆيىگە مەست كېلىپ قالدى. مەستچىلىكتە ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن، نېمىدەپ كەلگەنلىكىنى ئۇقمايتتى. بەي خېنىم ئۇنىڭ ئات - ھارۋىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ كۈلدى. ئاچچىق چاي دەملەپ ئۇنىڭ مەستلىكىنى قايتۇردى. ئاندىن قايتىدىن جوزا راسلاپ يەنە ھاراق كەلتۈردى. ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ خېنىم ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدە يالغۇزلۇقىنى، بۇ قورۇ - جاي، مۈلۈكلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېرىدىن قالغانلىقىنى، ئېرىنىڭ ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى، بالىسىمۇ يوق، ناھايىتى غېرىبسىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلىدى. شۇ كېچە تەيياباي بەي خېنىمنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئەتىسى بەي خېنىم ئۇنى پاكىز يۇيۇندۇرۇپ، خىرجەت ئۈچۈن يانچۇقىغا پۇل سېلىپ، يەنە كېلىشىنى ئۆتۈنۈپ يولغا سېلىپ قويدى.

تەيياباي شۇ قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئەمدى بۇ ئۆيگە ئىككىنچى دەسسىمەي، دېگەننى كۆڭلىگە پۈككەنىدى. بىراق ھەر قېتىم جىقراق ئىچىپ قويغان كۈنى ئۇ يەنە بەي خېنىمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالاتتى. بەي خېنىم ئۇنى ھەر قېتىمدا ئوخشاشلا خۇشخۇي كۈتۈۋالاتتى. چاي دەملەپ ئۇنىڭ مەستلىكىنى قايتۇرۇپ، يەنە جوزا راسلاپ ھاراق كەلتۈرەتتى، يەنە ئىچىپ يەنە مەست بولۇشاتتى.

بىر قېتىم تەيياباي خېلى ئۇزاق كۈنلەرگىچە كەلمەي قالدى. بەي خېنىم ئۇنى چايخانا، چاڭچىلىخانىلار ۋە قاۋاقلاردىن ئىزدەپ تاپالمىدى. شۇ

www.uyghurkitap.com

كۆنلەردە تەيياباي ئۆزى تۇرۇۋاتقان سارايدا ئاغرىپ ياتاتتى. ئۇ، ئوت - كاۋاپ قىزىپ جۆيلۈيتتى. سارايۋەن قايىنتىپ بەرگەن دورىلارمۇ كار قىلمىغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا ئۇنىڭ ياتىقىنىڭ بوسۇغىسىدا بەي خېنىم پەيدا بولۇپ قالدى. هارۋا كىرا قىلىپ تەييابايىنى ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

تەيياباي بەي خېنىمنىڭ ئۆيىدە يەنە بىر ئايچە يېتىپ، ياخشى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. بەي خېنىم چىرايلىق ۋە ناھايىتى قائىدە - يوسۇنلۇق ئايال ئىدى. ئۇنىڭ سىياقىدا مانجۇ قىزلىرىغا خاس قامەت، خەنزۇ جانانلىرىنىڭكىدەك ئاق - سۈزۈك چىراي مۇجەسسەم ئىدى. بۇ ئايال ئۆزىنىڭ ۋاپادارلىقى، تەييابايغا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن ئاخىرى تەييابايىنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى. ئۇلار بىر خۇيزۇ ئاخۇنۇمنى چاقىرىپ، ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە نىكاھ ئوقۇتۇپ ئەر - خوتۇن بولۇشقانىدى . . .

## 4

يېقىندىن بېرى تەييابايغا جاھان ئۆزگىرىپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدىغان بولۇپ قالدى. كىشىلەر ئارىسىدا: «ۋۇچاڭدا توپىلاڭ بوپتۇدەك①، خاننى ئاغدۇرۇپ تاشلايمىز دەيدىغان باتۇرلار چىقىپتۇمىش. . . » دېگەندەك مىش - مىش پاراڭلار ئېقىپ يۈرەتتى. ياموللارنىڭ ئىچىدە بوينىغا تاقاق، پۇتىغا ئىغىر كىشەنلەر سېلىنغان جىنايەتچىلەر كۆپىيىپ قالغىلى تۇردى. ئىچكىرىدىن ئىلىغا پالانغان جىنايەتچىلەرنى توشۇيدىغان ياغاچ شادىلىق مەھبۇس هارۋىلىرى كۇرەنىڭ كوچىلىرىدىن پات - پات ئۆتۈپ قالاتتى. مەھبۇس هارۋىلىرىدىكى چاچلىرى ئۆسۈپ پىگىلىشىپ كەتكەن جىنايەتچىلەرنى كۆرگەندە تەييابايىنىڭ ئېسىگە قايسىبىر جەڭنامىدىكى:

تەلپىي كاج بەھلىۋاننىڭ باتۇرلۇقى بىر تىيىن،
بەگ - غوجاملار ھىيلىسى كۆپ، قۇتۇلمىقى بەك قىيىن . . .

دېگەن نەزمىلەر كېلەتتى.

شۇ يىللىرى، گۇاڭ فۇ جياڭجۈننىڭ ئورنىغا خاڭجۇدىن جى رۇي دېگەن بىر جياڭجۈن يۆتكىلىپ كەلدى. «جى رۇي جياڭجۈن خان جەمەتىدىن بولىدۇ، ئوردىنىڭ دىۋان مىرزىسى بولغان» دەپ ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن چۆچۈيتتى. بەزىلەر ئۇنى: «خانىش چىڭ جىنىنىڭ ئىنىسى» مۇ دېيىشەتتى. بۇ جياڭجۈن كېلىشى بىلەنلا كۇرەنىڭ تىنچلىقى بۇزۇلدى. ئۇ تولىمۇ رەھىمسىز، تەكەببۇر ئادەم كۆرۈنەتتى. قوشۇننى تەرتىپكە سالىمەن، دېگەننى باھانە قىلىپ، بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى قىسقارتىۋەتمەكچى بولدى. بۇ قىش - قىرۇدا ئۇلارنىڭ ئۆز يۇرتىغا ئامان يېتىپ بارمىقى مۇشكۈل ئىدى. ئەسكەرلەرنىڭ ئايلىقىمۇ ۋاقتىدا تارقىتىلماي، ئاشلىق تەمىناتى قىسىۋېتىلدى.

قىشنىڭ سۈتتەك ئايدىڭ بىر كېچىسى، كېچىچە كۇرە ئىچىدە ئوق ئاۋازى بېسىلماي ئەنسىزچىلىك بولدى.

— كېچە نېمە ئىش بولدى؟ — دەپ سورىدى تەيياباي ئەتىگەندە يان قوشنىلىرىدىن.

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېيىشتى قوشنىلار، — بۈگۈن كېچە سوقۇش بولدى، — سوقۇش!

— ئۇرۇش دېگەن شۇنداق بولامدۇ؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى تەيياباي.

— ئەمىسە، سېنىڭچە قانداق بولسا بولاتتى؟ — دەپ قىزىقسىنىپ سورىدى قوشنىلىرى.

تەيياباي ئۆزى ئاڭلىغان جەڭنامىلەردىكى ئۇرۇشنى مىسال قىلىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئۇرۇش دېگەندە ئىككى تەرەپنىڭ سەردارلىرى ئاۋۋال لەشكەرلىرىنى كەڭرى بىر مەيدانغا ئېلىپ چىقىپ، بىر - بىرىگە قارىتىپ سەپ قىلىپ تىزىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپتىن ئىككى پەھلىۋان ئوتتۇرىغا چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىدۇ. كىمنىڭ پەھلىۋىنى يېقىلسا، شۇ تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭغىمۇ قايىل بولمىسا، سەردارلار ئۆزلىرى باشلاپ ئات سېلىپ جەڭگە كىرىدۇ. مانا بۇ ئۇرۇش. شەيتاندەك تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈشۈۋېلىپ، تاڭ - تۇڭ ئېتىشىپ قويغانمۇ ئۇرۇشقا ھېسابمۇ؟! . . . ھەي، جاھان دېگەندە مەردلەر راستلا قالمىغىلى تۇرۇپتۇ — دە!

بۇ گەپنى ئاڭلىغانلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن بىرەيلەن:

- تەيياباي، سوقۇشقانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىمىزنىڭ ئەسكەرلىرى. ھەربىي مەكتەپتىكىلەر② بىلەن خەنزۇ ئەسكەرلەر تۇتۇشۇپ قاپتۇ، — دېدى.

— ئۆزىنىڭ ئادەملىرى بىلەن ئۆزى سوقۇشىدىغان بۇقانداق ئۇرۇش؟ . . . ئەسكەرلەرنىڭ بېشى ئايلىنىپ قېلىۋاتقان ئوخشىمامدۇ؟ . . .

تەيياباي يەنە نېمىلەرنىدۇ دېگىنىچە بوز ئېتىغا مىنىپ، ئاتخانىغا قاراپ كەتتى.

تەيياباي ئاتخانىغا كىرىپ ئەمدىلا ئاتتىن چۈشەي دەپ تەمشىلىپ تۇراتتى، ئۇزۇن تاۋار چاپان كىيگەن، 50 ياشلار چامىسىدىكى بىر كىشى كەينىگە بىرنەچچە ئەمەلدارلارنى ئەگەشتۈرۈپ ئاتخانىغا كىرىپ كەلدى. بۇ، جى رۇي جياڭجۈن ئىدى. كېچىدىكى قالايمىقانچىلىقتىن قاتتىق خاپا بولغان جياڭجۈن ئۆزى يامۇلمۇ يامۇل كىرىپ تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. تەيياباي بۇ يېڭى جياڭجۈننى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. جياڭجۈن ئاتخانىغا كىرىپلا، ئات ئۈستىدە بىخىرامان ئولتۇرغان تەييابايغا كۆزى چۈشۈپ تۇرۇپ قالدى.

— سەن نېمە ئادەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى جياڭجۈن.

— مەن مۇشۇ يامۇلنىڭ ئاتباقارى.

— ئاتباقار بولساڭ، ئىشىڭنى قىلماي ئاتنىڭ ئۈستىدە نېمە قىلىپ يۈرۈيسەن؟

— بۇ، بۇ، بۇ دېگەن ئۆزۈمنىڭ ئېتى — دە!

— سېنىڭ ئېتىڭ يامۇلنىڭ ئاتخانىسىدا نېمە قىلىدۇ؟

— گۇاڭ بېگىم ئۆزى بۇ ئاتنى يامۇلنىڭ ئاتلىرى قاتارىدا بېقىپ، مىنىپ يۈرۈشۈمگە رۇخسەت قىلغان.

— ئۇنداقتا، بۇ ئېتىڭ خېلىدىن بېرى يامۇلنىڭ ئوت - بوغۇزىنى يەپ يۈرگەنىكەن — دە؟! . . . بۇنىڭ ئېتىنى مۇسادىر قىلىپ، ئۆزىنى مەن بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپ تاكاللاشقىنى ئۈچۈن 40 غولدا ئۇرۇڭلار!

بىر نەچچە چېرىك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ، تەييابايىنى ئاتتىن سۆرەپ چۈشۈرۈپ، سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. خېلى ياشلارغا كېلىپ قالغان تەيياباي ئەگەر بۇ 40 غولدىنى يەيدىغان بولسا، مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالماسلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى.

— ماڭا ئۇۋال بولدى، بېگىم، ئۇۋال! مەن سىلىنىڭ يېڭى كەلگەن جياڭجۈن جانابلىرى ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەپتىمەن. بولمىسا ئاتتىن چۈشۈپ، يۈكۈنمەي ھەددىممىدى! — دەپ ئاۋازىنىڭ بارىچە نالە قىلدى تەيياباي.

— توختا! — دەپ قولىنى كۆتۈردى جياڭجۈن، — ئۇنىڭ مىنى تونىماي قالغىنىمۇ راستۇ، قويۇپ

بېرىڭلار. گۇاڭ دېگەن كالۋا مالايلارنى قانداق ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيدىغان ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭغا ئاتباقار دېگەننىڭ زادى نېمە ئىش قىلىدىغىنىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي.

شۇ كۈندىن باشلاپ تەيياباي ئاق بوز ئېتىدىن ئايرىلدى. جى رۇي جياڭجۇن مەھكىمىسىنىڭ كونا قائىدە - تۈزۈملىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. ئۇ، سىرتقا چىقسا ھەشەمەتلىك مەپىگە ئولتۇراتتى. ئالدىدا 40 - 50 ئاتلىق ئەسكەر، ئوتتۇرىدا مۇزىكا ئەترىتى، كەينىدە يەنە بىر مۇنچە مۇھاپىزەتچىلەر قوشۇلۇپ ماڭاتتى. جياڭجۇن يامۇل دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا ئالتە پاي پو ئېتىلىپ، كوچىدىكى بارلىق ئىش - ھەرىكەتلەر توختاپ، كىشىلەر جياڭجۇن ئۆتۈپ كەتكىچە سالام بېرىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. مەھكىمىگە قايتىپ كەلگەندىمۇ ئۈچ پاي پو ئېتىلاتتى. جياڭجۇن يولغا چىققاندا تەيياباي ھەممىنىڭ كەينىدە، توپا - چاڭغا كۆمۈلۈپ يۈگۈرەيتتى. مەپە نەدە توختىسا ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، شۇ يەردىلا دۈم ياتاتتى. جياڭجۇن ئۇنى پەلەمپەي قىلىپ دەسسەپ يەرگە چۈشەتتى. ئاتخانىدا تاكاللاشقىنى ئۈچۈن تەييابايىنى جى رۇي ئەنە شۇنداق خورلۇققا سالغانىدى. تەيياباي توپىغا مىلىنىپ دۈم ياتقان چاغلىرىدا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ، ئۈستىدىكى جياڭجۇننى موللاق ئاتقۇزۇۋېتىپ، ئەتراپىدىكى چېرىكلەرنىمۇ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، بىر كارامەت كۆرسەتكۈسى كېلىپ كېتەتتى. لېكىن بۇ جەڭنامىدىكى پەھلىۋانلارنىڭ ھېكايىلىرىنى كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن تەييابايىنىڭ قۇرۇق خىيالىلا بولۇپ، ئۆزىدە مۇنچىلىك جاسارەت يوق ئىدى.

تەيياباي ھەر كۈنى ئۆيىگە ھارغىن ھالدا قايتاتتى. ئۆزىنى قاتتىق ھاقارەتلەنگەن ھېس قىلىپ، ھېچكىمنىڭ چىرايىغىمۇ قارىيالمايتتى. «ياشىنىپ قالغاندا بۇ خورلۇقلارنى تارتقىچە، ھېلىقى 40 غولدىنى يەپ ئۆلۈپلا كەتسەم بوپتىكەن» دەپمۇ ئويلايتتى. ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، كۈندۈزلىرى ھاراق ئىچىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. پەقەت كەچلىكى ئۆيگەقايتقاندا، ئازراقلا بىر نېمە يەپ، يېرىم ھېجىر ھاراقنى ئىچىۋېتىپ، ئۆزىنى چۈشەككە ئاتاتتى. ئۇستىخانلىرى سىرقىراپ ئاغرىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى.

بىر كۈنى، قاراڭغۇ چۈشەر - چۈشمەستىنلا كۈرەنىڭ ئىچىدە ئوق ئاۋازى ياڭراپ، گۈلدۈرلەپ زەمبىرەكلەر ئېتىلىشقا باشلىدى. نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن تەيياباي كوچىغا يۈگۈرۈپ چىقتى. دۇكانلار ئاللىبۇرۇن تاقالغان، خەقلەر ئىشىكلىرىنى مەھكەم ئېتىۋېلىشقانىدى. جياڭجۇن يامۇلى تەرەپتىن ئۈزۈلمەي ئوق ئاۋازى كېلىپ تۇراتتى. بەزىدە نەلەرگىدۇر چۈشۈپ يېرىلغان زەمبىرەك ئوقى يەرلەرنى تىترىتىۋېتەتتى. قايسىبىر تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن ئوت ئەتراپنى يورۇتماقتا ئىدى. «كۆيە، كۆيۈپ كۈل بول!» دەيتتى تەيياباي ئىچىدە.

تەيياباي بىر قاۋاقنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، دۇكاننىڭ كېچىلىك خېرىدارلارغا ھاراق ساتىدىغان كىچىك تۆشۈكىنى مۇشتلىدى. بىر چاغدا تۆشۈك ئېچىلىپ دۇكاندارنىڭ يۈزى كۆرۈندى.

— تەيياباي، ئۆيۈڭدە جىم ياتماي نېمە قىلىپ يۈرۈسەن؟ — دېدى دۇكاندار، — جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ؟

— بىر ھېجىر ھاراق سۇنۇۋەتكىنە، — دېدى تەيياباي، - ئۆيدە ھارىقىم قالماپتىكەن . . . نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، خۇدا ھەققى؟

— ياڭ قوماندانىنىڭ③ ئادەملىرى جى رۇي جياڭجۇن بىلەن سوقۇشۇۋاتىدۇ. بۈگۈن كېچە جياڭجۇننى تۇتىدىكەن، — دەپ چۈشەندۈردى دۇكاندار.

— جياڭجۇننى تۇتۇپ نېمە قىلغۇدەك؟ — دەپ سورىدى تەيياباي دۇكاندار سۇنغان ھېجىرنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

— جازاغا تارتقۇدەك. ئەمدى شەھەرنى ياڭ قوماندانىنىڭ ئادەملىرى سورىغۇدەك.

— ئۇلار سورىسا قانداق سورىغۇدەك؟

— ئەمدى پۇقرالار ئەمەلدارلارغا باش ئۇرىدىغان ئىشلار تۈگىگۈدەك، ئەرلەر ئۇزۇن چاچلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىدىكەن، ئاياللارمۇ پۇتىنى بوغىدىغان ئىشلار بولمايدىكەن. يامۇلنىڭ دەرۋازىسىدا پوستمۇ تۇرمىغۇدەك، كىمنىڭ ئەرزى - ھالى بولسا ئامباللارغا ئۇدۇل كىرىپ ئېيتىۋېرىدىكەن.

— ئۇنداقتا، ئەمەلدارلار مەپىدىن ئادەمنىڭ دۈمبىسىگە دەسسەپ چۈشىدىغان ئىشلارمۇ تۈگەر؟ . . .

دۇكاندار تەييابايىنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ بەرمەي «تاراققىدە» قىلىپ تۆشۈكنى ئېتىۋەتتى.

تەيياباي قولىدىكى ھاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋېتىپ، ھېجىرنى پىرقىرىتىپ ئاتتى. شۇ چاغدا قاتتىق گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ يامۇل تەرەپتىن ئوت كۆتۈرۈلدى - دە، ئەتراپنى يەنە ئاپئاق يورۇتۇۋەتتى.

قاپلاپ شەھەرنى قارا ئىس - تۇمان،
راۋاقلار كۆيۈپ ياسىدى گۈلخان.
سۇندى چىرايلىق، رەڭدار كاھىشلار،
كۈلگە ئايلاندى ياقۇتۇ - مارجان.
قىزىلگۈل كەبى قىزلار - چوكانلار،
قىلىندى ھالاك، چەيلەندى شۇئان.
نى - نى ئەمەلدار، قىران يىگىتلەر.
ئايرىلدى جاندىن، سەلدەك ئاقتى قان . . .

بۇ نەزمىنى تەيياباي قايسى جەڭنامىدە ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى.

تەيياباي ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، يەنە ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. ئۇ، خانىنىڭ بېيجىڭدىكى ھەشەمەتلىك ئوردىلىرىنى، قوۋۇقلاردىن ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ - چىقىپ تۇرىدىغان سانسىز لەشكەرلەرنى كۆرگەنىدى. ئەگەر ئىلىدەك بىر كىچىك ئورۇندا ئىش تېرىپ، خانىنى ئاغدۇرۇۋېتىمەن، دېگەن بولسا، ياڭ قوماندان دېگەننىڭمۇ يۈرىكى قاپتەك بارىكەن - دە، دەپ ئويلايتتى ئۇ. شۇ كېچە ھېچكىم چىراغ يېقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. زەمبىرەكلەرنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازى تۈن بويى توختىمىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ كوچىدا ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازى پەيدا بولاتتى - دە، يەنە يىراقلاپ كېتەتتى.

## 5

تەيياباي قايسى ۋاقىتتا كۆزىنىڭ ئۇيقۇغا ئىلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. ئۇ ئويغانغاندا تاڭ تېخى تولۇق ئاتمىغان بولسىمۇ، غەربكە قىيسايغان ئاي نۇرى تالانى ئېنىق يورۇتۇپ تۇراتتى. تەيياباي ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزىنى ئالدىراپلا يۇدى — دە، ناشتىمۇ قىلماي ئاتخانىغا قاراپ يۈگۈردى. سىرتتا ئوق ئاۋازى جىمىپ قالغانىدى. تەيياباي كېچىچە ئاتخانىدىكى ئاتلار نېمە بولغاندۇ؟ دەپ ئەنسىرەيتتى. شۇ ئاتلار ئىچىدە ئۇنىڭ ئاق بوز ئېتىمۇ بار — دە! ئاسمان — پەلەك

www.uyghurkitap.com

بىدە — چۆپ دۆۋىلىنىۋېتىلگەن ئاتخانىغا بىرەر تال ئۇچقۇن چۈشۈپ كەتسىلا ھەممە نىمە كۆيۈپ كۈل بولاتتى.

تەيياباي ئاتخانىغا يېتىپ كېلىپ ھەيران بولدى. بۇ يەردە ھېچنىمە كۆيمىگەن بولسىمۇ، دەرۋازا يوغان ئېچىۋېتىلگەن بولۇپ، ئوقۇردىكى ئاتلارنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى. تەيياباي ھەيران بولۇپ يەنە كوچىغا قايتىپ چىقتى. قەيەرلەردىدۇ تۇتەپ كۆيۈۋاتقان بىر نەرسىلەرنىڭ ئاچچىق ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى. كوچىلاردا سەھەرلەپ ئولجا ئىزدەپ چىققان ئەسكەرلەر، كۆيگەن چامادان، ساندۇق، پۇرلەشكەن كىيىم - كېچەكلەرنى كۆتۈرۈشۇۋالغان ئادەملەر غىل — پال كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى . . . تەيياباي ئاتخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر كوچىدا كېتىۋېتىپ، بوز ئاتنىڭ كىشنىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغاندەك بولدى - دە، توختاپ قالدى. ئالدىدا يوغان بىر دەرۋازىلىق ھويلا تۇراتتى. تەيياباي دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ھويلا ئىچىگە قارىدى. راست دېگەندەك، ھويلىدىكى پېشايۋان تۈۋرۈكىدە ئۇنىڭ بۇز ئېتى باغلاقلىق تۇراتتى. ئات تەييابايىنىڭ تىنىقىنى ئېلىپ، دەرۋازا تەرەپكە قاراپ كىشنەپ، يەرنى توختىماي تەپچىمەكتە ئىدى. ئات ئۈستىدە جياڭجۇنىنىڭ ياسداق ئېگەر - جابدۇقلىرى توقۇقلۇق تۇراتتى. شۇچاغدا كوچىنىڭ بېشىدا بىر نەچچە ئەسكەر پەيدا بولدى. ئۇلار ئۇدۇل ھېلىقى ھويلىغا كىرىشتى — دە، ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، بوز ئاتنى يېشىپ ئېلىپ كوچىغا چىقتى. «ماۋۇ ئات مىنىڭ» دېسە ئاتنى ئالالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن تەيياباي:

— ئاتنى نەگە ئاپىرىسىلەر؟ بۇ جياڭجۇنىنىڭ ئېتى جۇمۇ! — دەپ ئۇلارغا ۋارقىرىدى.

— جياڭجۇنىنىڭ ئېتى!؟ — ئۇلار توختاپ تەييابايغا قارىدى، — ھوي، بۇ، يامۇلنىڭ ئاتباقارىغۇ، بۇ راستلا جياڭجۇنىنىڭ ئېتىمۇ؟

— جياڭجۇنىنىڭ بولماي، ئۈستىدىكى ئېگەر - جابدۇقلىرىغا قارىمامسەن.

— ئۇنداقتا، جياڭجۇنمۇ مۇشۇ ئەتراپتا ئوخشىمامدۇ؟

— بېشىڭلار ئايلىنىپ قالدىمۇ؟ ئېتى نەدە بولسا، ئۆزىمۇ شۇ يەردە بولمامدۇ!

مۇشۇ بىر ئېغىز گېپى بىلەن تەيياباي ئىنقىلابچىلارنىڭ جياڭجۇنىنى تۇتۇش ئىشىغا قانچىلىك ھەسسە قوشقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. ھېلىقى ئەسكەرلەر ئاتنى تەييابايغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ھويلىغا قايتىپ ئۇقتەك ئېتىلىپ كىرىپ كېتىشتى. ھەممە يەرنى ئالا قويماي ئاختۇرۇپ، ئاخىرىدا ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويغان قومۇش دۆۋىسى ئىچىدىن جى رۇي جياڭجۇنىنى تېپىپ چىقىشتى. جياڭجۇنىنىڭ ئۈستىدە ھاۋارەڭ ئۇزۇن تاۋار چاپان تۇراتتى. پۇتىدىكى ئايىغى قومۇش ئىچىدە سۇغۇرۇلۇپ قالغان بولسا كېرەك، ئاق پايپاق بىلەن يەر دەسسەپ تۇراتتى. باش - كۆزىگە قومۇش پۆپۈكىنىڭ توزۇندىلىرى يېپىشىپ قالغانىدى. چېرىكلەر ئۇنى دەرۋازا ئالدىغا ھەيدەپ چىققاندا، جياڭجۇنىنىڭ كۆزى ئاق بوز ئاتنى تۇتۇپ تۇرغان تەييابايغا چۈشتى — دە، ئىتتىك يەرگە قارىۋالدى. ئۈنچىقماي ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئەسكەرلەر ئەمدى ئاتنى ئۇنتۇشقانىدى. . .

ئەسكەرلەر جياڭجۇنىنى چوڭ كوچىغا ئېلىپ چىققاندا، ئۇ: «مېنى مۇنداق سۆرەپ يۈرگىچە ئۆلتۈرۈۋەتسەڭلەر بولمامدۇ!» دەپ ۋارقىرىدى.

تەيياباي ئۇلارنىڭ جياڭجۇنىنى قانداق جازالايدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىدى. «جادۇدا تۇغرارمۇ ياكى قىلىچ بىلەن قەتلى قىلارمۇ؟ . . . قوڭغۇراق راۋىقى تەرەپكە ئېلىپ كېتىشىۋاتقىنىغا قارىغاندا، راۋاققا ئېسىپ ئۆلتۈرسە كېرەك» دەپ پەرەز قىلاتتى ئۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە جەڭنامىلەردىكى:

غولىغان ھاڭغا تۇمەنىڭ ھارۋىلار بۇندىن بۇرۇن،
ئىز بېسىپ ماڭغانلىرىمۇ ئالغۇسى شۇندىن ئورۇن.

دېگەن مىسرالار كەلدى.

راست دېگەندەك، ئەسكەرلەر جياڭجۇنىنى راۋاق ئالدىغىچە سۆرەشتۈرۈپ ئاپاردى. شۇ يەرگە بارغاندا جياڭجۇن تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ ماڭغىلى ئۇنىمىغان بولسا كېرەك، «پاڭ - پۇڭ» قىلغان ئىككى پاي ئوقنىڭ ئاۋازى چىقتى - دە، يول ئۈستىدە ھېچكىمنىڭ قارىسى كۆرۈنمەي، ئەتراپ جىمىپ كەتتى. تەيياباي ئىشنىڭ مۇنداق ئاددىي ئاخىرلىشىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ، ئېتىغا سەكرەپ مىندى - دە، راۋاق يېنىغا ئۇچقاندەك يېتىپ باردى. ئەسكەرلەر جياڭجۇنىنى ئېتىپ، شۇ يەرگە تاشلىۋېتىپ كېتىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بىر نەزمىدىكى:

بەك كۆرەڭلەپ كەتسە ئادەم بولغۇسىدۇر ئۆزى لەت،
خەقنى بوزەك ئەيلىگەنگە ياخشى كۈن يوق ئاقىۋەت.

دېگەن مىسرالار كەلدى.

جياڭجۇنىنىڭ بۇرۇن تۆشۈكچىلىرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس لىپىلداپ تۇرغىنىغا قارىغاندا، ئۇ تېخى تولۇق جان ئۈزمىگەندەك قىلاتتى. تەيياباي قەيەردىندۇر كەلگەن غەيرەت بىلەن ئات ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ چۈشتى. جياڭجۇنىنىڭ جەستى يېنىدا ھازىرلا پەيدا بولۇپ، ھاڭۋېقىپ قاراپ قالغان بىر ئەسكەرنىڭ يېنىدىكى قىلىچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى - دە، جياڭجۇنىنىڭ يۈزىگە ئەڭ ئاخىرقى ئەجەللىك بىر تىغنى ئۇردى. قىلىچىنى ئەسكەرگە تاشلاپ بېرىپ، يەنە موللاق ئېتىپ ئات ئۈستىگە چىقتى - دە، ئالدى - كەينىگە قارىماي چاپتۇرۇپ، كورەنىڭ شەرقىي دەرۋازىسىدىن چىقىپ كەتتى.

6

تەييابايىنىڭ ئوق يەپ يىقىلغان جياڭجۇنگە تۆپىلەپ قىلىچ ئۇرۇشى كىشىگە خۇددى ئۆلگەن يولۋاسنى كالتەكلىگەندەكلا كۈلكىلىك تۇيۇلىدۇ. بۇ، پەقەت خورلانغانلىقىنىڭ ئەنتىنى ئېلىش ئۈچۈنلا قىلىنغان ھەرىكەت ئىدى. تەيياباي ئۈچۈن بۇنىمۇ بىر قەھرىمانلىق دېمەي بولمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭجۇنىنىڭ تۇتۇلۇشىدىمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسى بار — دە! كىم بىلىدۇ، شۇ چاغدا تەيياباي ھېلىقى ئەسكەرلەرگە شۇ ھويلىدا جياڭجۇنىنىڭ بار بولۇشى مۇمكىنلىكىنى ئەسكەرتمىگەن بولسا، جياڭجۇن قېچىپ چىقىپ كېتىپ، يەنە قانداق پاراكەندىچىلىكلەر يۈز بېرەتتىكىن.

تەيياباي جياڭجۇنگە بىر قىلىچ ئۇرۇپ قويۇپ سەل قورقۇپ قالدىمۇ ياكى ئۇنىڭ كورەدىن كۆڭلى سوۋۇپ كەتكەنمۇ؟ ئۇ، كورە دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل غۇلجا شەھىرىگە قاراپ ماڭدى. ئەتىگەنلىك قۇياش شەرقتىن ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى، غەربىي ئاسماندا بولسا ئاي تېخىچە ئېسىلىپ تۇراتتى. تەيياباي ئات ئۈستىدە كېتىۋېتىپ، ئېگەرنىڭ تازا راۋۇرۇس توقۇلمىغانلىقىنى ھېس قىلدى. يولنىڭ چېتىگە چىقىپ ئاتتىن چۈشتى. «ھەي ھاماقەت جياڭجۇن! — دېدى تەيياباي ئۆز - ئۆزىگە، — ئېگەرنىمۇ ئوڭلاپ توقۇيالمىغىنىنى قارا . . .»

تۇيۇقسىز ئۇ يوپۇقنىڭ ئاستىدا تۇرغان بىر خورجۇننى كۆرۈپ قالدى. خورجۇننى سۇغۇرۇۋېلىپ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ ئىزىغا ئولتۇرۇپ قالدى. خورجۇننىڭ ئىككى بېشى ئالتۇن جابدۇقلار بىلەن لىق تولغانىدى. «بۇ، تەقدىرنىڭ مەسخىرىسىمۇ ياكى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىمۇ؟ — دەپ ئويلايتتى تەيياباي، — ماڭا دائىملا مۇشۇنداق تەييار بايلىق ئۇچرامدۇ؟! . . . . »

ئۇ ئەمدى بۇ بايلىقنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە بىر هازا ئويلاندى. ئاخىرىدا نەدىندۇر ئېسىگە چۈشۈپ قالغان:

ئۆزگىنىڭ ھەققىغە چاڭ سالغان ئەمەلدار ئوغرىدۇر،
تويلىسا كىمكى هارام مال، تارتىۋالماق توغرىدۇر.

دېگەن نەزمىنى تەكرارلىدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ يولىغا راۋان بولدى.

* * *

كېيىنكىلەرنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا، تەيياباي شۇ قىشنى غۇلجىدا ئۆتكۈزۈپ، يازغا چىققاندا ئاق بوز ئېتىنى مىنىپ، جەڭنامىلەردىكى نەزمىلەرگە تولۇپ، مۇز داۋان ئارقىلىق يۇرتىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. كۇچادا كاتتا بىر مەسچىت سالدۇرۇپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىنى ناھايىتى تەقۋادارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپتۇ. يەنە بەزىلەرنىڭ سۆزىگە قارىغاندا تەيياباي شۇ قېتىم كورەدىن چىققىنىچە ئۇدۇل جىيۇچۇەنگە يېتىپ بېرىپ، بەي خېنىمنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە ھەشەمەتلىك بىر گۈمبەز ياساتتىپتۇ. كېيىن جىيۇچۇەن بىلەن قۇمۇل ئارىسىدا قاتناپ سودا قىلىپ، تېخىمۇ بېيىپ كېتىپتۇ.

# شاھ ۋە قاغا

«بورادۇ» دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك بىر پادىشاھلىق بار. ياش چوڭ بولغانسېرى ئادەمنىڭ زېھنىمۇ ئاجىزلاپ كېتىدىغان گەپكەن، مەن بەزىدە ئۆزۈمنىڭ يېقىن ئاغىنىلىرىمنىڭمۇ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ دۆلەتنىڭ ئىسمى «بورادۇ» مۇ، باشقا نېمىمۇ؟ ئۇنىڭ ئورنى دۇنيا خەرىتىسىنىڭ قايسى بۇرجىكىگە توغرا كېلىدۇ؟ تازا ئېسىمدە قالماپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۇنىڭ نامى «بورادۇ» غا يېقىنراق بىر نېمە. هازىرچە بىز ئۇنىڭ ئىسمىنى «بورادۇ» دەپلا تۇرايلى. بىز ھېكايە قىلماقچى بولغان ۋەقە مانا مۇشۇ يەردە يۈز بەرگەن.

«بورادۇ» شاھىنىڭ ئوردىسى ئىچىدە شاھىنىڭ ئارام ئېلىشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان بىر باغچا بار. مۇبادا تەلىيىڭىز ئوڭ كېلىپ بۇ خاس باغچىغا تاسادىپىي بىرەر نۆۋەت قەدەم بېسىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولۇپ قالسىڭىز، جەننەت دېگەن ھەر قانچە گۈزەل بولسا مۇشۇنچىلىك بولار، دەپ ئويلاپ قالىسىز. بۇ يەردە قۇياش نۇرىغا تويۇنۇپ تۇرغان رەڭمۇرەڭ گۈللەر، تۆت پەسىل كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەل ـ دەرەخلەر، ياپيېشىل چىملىقلار، سۈپسۈزۈك سۇلار تولدۇرۇلغان چۆمۈلۈش كۆللىرىنى كۆرىسىز. شاھ خۇش كەيىپ چاغلىرىدا ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرىنى بۇ باغقا چاقىرىپ سۆھبەت ئېلىپ بارىدۇ. كاتتا زىياپەتلەرنى ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭلى تارتقان مېھمانلار بىلەن بىللە بولىدۇ، نەغمىچىلەرنىڭ كىشىنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ ئەرشكە ئېلىپ كېتىدىغان نەغمە ـ ناۋالىرىنى تىڭشاپ، ساھىبجاماللارنىڭ بەللىرىنى تولغاپ، ساغرىلىرىنى سىلكىپ ئوينىغان ئۇسسۇللىرىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

سىز بىلەن بىز: دۇنيادا ئەڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەتلىك ياشاۋاتقانلار ئاشۇ شاھلار بولسا كېرەك، دەپ ئويلايمىز. ئەمەلىيەتتە شاھلارنىڭمۇ ئۆزىگە چۈشلۇق دەردى، زېرىكىدىغان، ئىچى پۇشىدىغان، كېچىلىرى ئارامسىزلىنىپ ئۇخلىيالمايدىغان، ئەتراپىدىكى ئۆزى تىكلىگەن مەۋجۇت نەرسىلەردىن بىزار بولىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. مۇنداق چاغلاردا «بورادۇ» شاھى ھەممىنى قوغلاپ چىقىرىپ، باغچىدىكى يېشىل چىملىقلار ئارىسىدىن كەتكەن ئاياغ يوللاردا تەنھا مېڭىپ خىيال سۈرىدۇ. كۆپكۆك ئاسمان، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ سۈكۈتتە تۇرغان گۈل ـ گىياھلاردىن ئۆزىگە ئاراملىق ئىزدەيدۇ. بۇ دەقىقىلەردە، شاھىنىڭ غەزىپىدىن قورقۇپ ھېچكىم بۇ باغقا ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ.

بۈگۈنمۇ بورادۇ شاھى خاس باغچىدىكى ھېلىقى چىملىقلار ئارىسىدىن كەتكەن يولدا تەنھا مېڭىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ چىرايى ئۆڭگەن، قوشۇمىلىرى تۈرۈلگەن بولۇپ، قانداقتۇر بىر دەردىنىڭ ئۇنىڭ يۈرىكىنى تاتىلاۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

«جاھان بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئويلايتتى شاھ، — بورادۇدەك ئۆزىنىڭ شاھلىق سەلتەنىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان دۆلەتلەردىن ھازىر دۇنيادا زادى نەچچىسى بار؟ . . . ناھايىتىمۇ ئاز قالدى. ئەمدىلىكتە قەدىمكى ئەتراپىمدىكى ئەللەرنىڭ قەدىمگە ماسلاشتۇرۇپ ماڭىمساڭ كۆلكىگە قالىسەن . . . » شۇ سەۋەبتىن شاھ مەملىكەت ئىچىدە ئانچە ـ مۇنچە ئۆزگىرىشلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇۋېدى، پۇقرالار بارغانسېرى ھەددىدىن ئېشىپ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ چوڭ ئەركىنلىك تەلەپ قىلغىلى تۇردى. ۋەزىرلەر، ئەمەلدارلار، ھەتتا ئۇنىڭ بالا ـ چاقىلىرى ئالدىدا ھەدەپ قويۇپ، ئارقىدىن ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلىشاتتى. دۆلەت خەزىنىسى بارغانسېرى قۇرۇقدالماقتا ئىدى . . . ھەممە مەخلۇقات شاھىنىڭ ئايىغىغا شەرتسىز باش قويىدىغان ئۆتمۈشنىڭ ئۆزى قانچىلىك گۈزەل ـ ھە! . . . ھازىرچۇ؟ مۇشۇ «ھازىر» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزى بىر دەھشەت! ھازىر شاھ ئۆز دۆلىتىنى ئەتراپى غايەت زور دولقۇنلار بىلەن قورشالغان يىگانە ئارالدەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئارال بارغانسېرى قاتتىق داۋالغۇپ ئۇنى ئارامسىزلاندۇرماقتا ئىدى.

شۇ خىياللار بىلەن شاھ باغدىكى يوغان بىر تۈپ چىنار دەرىخىنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. شاھىنىڭ مۈرىسىگە يۇقىرىدىن بىر نەرسە پوككىدە چۈشكەندەك قىپقالدى. شاھ چۆچۈپ قاراپ، شاھلىق تون ئۈستىدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ئاپئاق سۇيۇقلۇقنى كۆردى. بۇ بىر قۇش مايىقى ئىدى. دەل شاھىنىڭ بېشى ئۈستىدىكى چىنار شېخىدا بىر قاغا قانات ـ قۇيرۇقىنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. شاھ غەزەپ بىلەن قولىنى كۆتۈرۈۋېدى، قاغا ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاستا ئورنىدىن قوزغىلىپ ھاۋاغا ئۆرلەپ كەتتى. بۇ ئىش شاھىنىڭ كەيپىنى تېخىمۇ قاتتىق ئۇچۇردى.

— هاي لەشكىري ئىشلار ۋەزىرى! — دەپ ۋارقىرىدى شاھ.

يىراقتا، باغنىڭ ئىشكى ئالدىدا شاھنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇرغان مۇلازىم يۈگۈرۈپ دىگۈدەك يېتىپ كېلىپ تىز چۆكتى.

— خوش، شاھ ئالىيلىرى.

— ۋەزىرنى، لەشكىري ئىشلار ۋەزىرىنى دەۋاتىمەن.

مۇلازىم ئارقىغا يېنىپ، مىنۇت ئۆتمەي لەشكىري ئىشلار ۋەزىرىنى تېپىپ كەلدى. لەشكىري ئىشلار ۋەزىرى ساقاللىق، بەستلىك كەلگەن ئادەم ئىدى. ئۇ، ھاسىرىغىنىچە كېلىپ شاھنىڭ ئالدىدا يۆكۈندى. ياش ۋاقتىلىرىدا جەڭ مەيدانلىرىدا ئاجايىپ قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن بۇ ئادەم ھەر قېتىم شاھنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق تىزلىنىشقا مەجبۇر بولغاندا قاتتىق خورلۇق ھېس قىلاتتى.

— بۇ نېمە؟ — دەپ ئۈستىدىكى تونىنى كۆرسەتتى شاھ.

— بۇ . . . بۇ . . . — دەپ ھودۇقۇپ قالدى ۋەزىر، — بۇ، جانابلىرىنىڭ ئۈستىدىكى مۇبارەك شاھلىق تون.

— مەن تونىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقىنىم يوق! . . . ئۇنىڭ ئۈستىدىكى نېمە؟!

شۇ چاغدا ۋەزىر توندىكى ئاقۇش داغنى كۆردى — يۇ، دەماللىققا ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئىلغا قىلالمىدى.

— ئەقىلسىز قۇللىرنى كەچۈرسىلە، — ئۇ يەردە ئاقۇش بىر داغ تۇرۇپتۇ. نېمىلىكىنى ھەقىقەتەن ئىلغا قىلالمىدىم.

— قۇشنىڭ مايىقى، ئەقىلسىز! . . . مۇشۇ چىنار شېخىدا ئولتۇرغان ئەرزىمەس بىر قاغا ھېلىلا مېنىڭ ئۈستۈمگە نىجاستىنى چېچىپ قويۇپ ئۇچۇپ كەتتى . . . شۇ بىر قۇش چېخىدا مېنى كۆزگە ئىلمىسا - ھە! . . . بۇ جاھان زادى نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدۇ!؟ . . . يوقات، مەملىكەت ئىچىدىكى، قولۇڭدىن كەلسە دۇنيادىكى قاغا ئەۋلادىنىڭ ھەممىسىنى يوقات! . . . مۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ كۆزۈم قاغا - پاغا دىگەننى كۆرگۈچى بولمىسۇن!

لەشكىري ئىشلار ۋەزىرى بىر دەقىقە تېڭىرقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى — دە، دەرھال ئېسىنى يىغىپ: «خوپ!» دىگىنىچە ئوردىغا قاراپ يۈگۈردى.

* * *

شاھ ئۆزىنىڭ خاس باغچىسىدا قاغىلارنى يوقىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈۋاتقان شۇ مىنۇتلاردا يەنە بىر ۋەزىر — تەرغىبات ئىشلىرى ۋەزىرىمۇ ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىدا قولىنى ئارقىسىغا تۇتقىنىچە ئۇياقتىن - بۇياققا تېپىرلاپ مېڭىپ يۈرەتتى. شۇ تاپتا ئۇ شاھنىڭ كەيپىنى مۇنچە ئۇچۇرۇۋاتقان ئىشلارنىڭ زادى نېمىلىكى ئۈستىدە ئويلاپ ئاۋارە ئىدى. تىت - تىت بولغان ۋەزىر ئاخىرى ئۆز ئىشخانىسىدىن چىقىپ، قىپقىزىل پاياندازلار سېلىنغان زالدىن ئۆتۈپ تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. تەرغىبات ۋەزىرى پات - پات باشقىلار بىلەن چاقچاقلىشىپ قىزىقچىلىق قىلىپ قويىدىغان، يېقىندىن بېرى ناھايىتى كېلەڭسىز سەمرىپ كەتكەن، پاكار، دوغىلاق ئادەم ئىدى. شاھ ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان قىزىق چاقچاقلىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن ئۇنى زىياپەت سورۇنلىرىغا چاقىرماي قويمايتتى. بۇ ۋەزىر ئۆزىنىڭ شۇنچە سەمرىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي، گۆشنى كۆرگەندە زادىلا نەپسىنى يىغىۋالمايتتى.

شاھقا ئەيمىنىپ - ئەيمىنىپ قاراپ قويۇپ، گۆش تارتىلغان تاۋاقلار قۇرۇقدىلىپ بولغاندىلا داستىخاندىن نېرى بولاتتى. تەرەققىيات ۋەزىرى بولسا، ئورۇق كەلگەن ئېگىز ئادەم ئىدى. ئۇ، ياش چاغلىرىدا چەت ئەللەردە ئوقۇغان، ھازىرمۇ خىزمەت ئېھتىياجى سەۋەبىدىن چەت ئەللىكلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتى. شۇلارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ئۇ تاماقتا ئۆلچەمگە ناھايىتى دىققەت قىلاتتى. بۇ ئىككى ۋەزىر بوي - تۇرقى، مىجەز - خۇلقىدىكى شۇنچە ئوخشىماسلىقلارغا قارىماي ناھايىتى ئەپ ئۆتۈشەتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قورۇنماي ئېيتىشالايتتى. ئوردىدا شاھ بولمىغان پۇرسەتلەردە بىر - بىرىنىڭ قېشىغا كىرىپ كۆسۈلدىشىپ ئوردىدىكى كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىشلار، مەملىكەتتىكى قالايمىقانچىلىق، شاھنىڭ بىلىمسىزلىكى، شاھ جەمەتىدىكى كىملەرنىڭ قانچىلىك پۇلنى قايسى دۆلەتنىڭ بانكىسىغا يۆتكەپ كەتكەنلىكى، شاھ ھەرەمخانىسىدىكى تېخى شاھ ئۆزىگىمۇ مەلۇم بولمىغان سەتچىلىكلەر دىگەندەك نۇرغۇن ئىشلار توغرىسىدا ھارغىچە غەيۋەت قىلىشىپ، شاھ ئۈستىدىن ئاچچىق كۈلۈپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشاتتى.

تەرەققىيات ۋەزىرى تەرغىبات ۋەزىرى بىلەن سالاملىشىپ، ئۇنى مەخمەل بىلەن قاپلانغان يۇمشاق دىۋانغا تەكلىپ قىلدى.

— شاھ ئالىيلىرىغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇ، ھەممە قاغىلارنى يوقىتىش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرۈپتۇدەكقۇ؟

— قاغىلارنى . . . ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلارنى دەمسىز؟

— قاغا دىگەن ئاسماندا ئۇچماي سىزگە ئوخشاش ئوردا ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرىدۇ، دېۋىدىڭىزمۇ؟

— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟

— تېخى ھېلىلا . . . لەشكىري ئىشلار ۋەزىرىدىن.

— ھەي - ي، جانابىي تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم، — پېشانىسىدىن تەپچىپ چىقىۋاتقان ئۇششاق تەرتامچىلىرىنى يىپەك ياغلىقى بىلەن سۈرتتى تەرغىبات ۋەزىرى، — شاھنىڭ كۆزدە تۇتۇۋاتقىنى ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگەن قاغىلا ئەمەس، قاغىدەك ئاغزى بېسىلماي قاقىلدايدىغان شائىرلار!

— شائىرلار؟ . . . شائىرلارغا نېمە بوپتۇ؟!

— شائىرلارنىڭ ئىشى مېنىڭ باشقۇرۇش دائىرەمدىكى مۇھىم خىزمەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىسىز؟

— شۇنداق، سىز تەرغىبات ئىشلىرى ۋەزىرى بولغاندىكىن، ئەلۋەتتە شائىرلارنىمۇ باشقۇرىسىز — دە!

— راستىمنى ئېيتسام، دوستۇم، بۇ شائىر دىگەنلەرنىڭ بىر مەملىكەت ئۈچۈن زادى نېمىگە لازىمى بولىدىغانلىقىنى ئۆزۈممۇ چۈشەنمەيمەن.

تەرەققىيات ۋەزىرى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— زامان — زامانلاردىن بېرى، — دەپ چۈشەندۈردى تەرەققىيات ۋەزىرى — شاھلار ئۆز ئوردىلىرىدا يۆلەپ شائىرلارنىڭ قورسىقىنى بېقىپ كەلگەن.

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى تەرغىبات ۋەزىرى.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى، شاھلار ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، ئادالەتپەرۋەرلىكىنى ئۆزى كوچىغا چىقىپ جار سېلىپ يۈرسە بولمايدۇ - دە! ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى

باشقىلار ماختىشى كېرەك. شائىرلار شاھنىڭ ئۆزلىرىگە قىلغان مېھرىبانلىقلىرىنىڭ بەدىلىگە تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان سېلىشىپ، شاھنىڭ چەكسىز قۇدرىتى، ئېسىل پەزىلەت، تەڭداشسىز ئالىيجانابلىقىنى كۆككە كۆتۈرۈپ شېئىرلار يېزىشىدۇ، ئۇنىڭ شەنىگە دەستە - دەستە داستانلارنى پۈتىدۇ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، ھازىرچە؟ . . . ھازىر . . . ھەي تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم، بۇ شائىر دېگەنلەرنى باشقۇرماقنىڭ مۇشكۈللۈكىنى سىز تېخى چۈشەنمەيسىز. شائىر دېگەننىڭ ھەقىقەتەنمۇ چاتىقى تولا خەق. يېقىندىن بېرى بۇ كارغا كەلمەسلەر ئۆزىنىڭ بۇرچىنى ئۇنتۇپ خىيالىغا كەلگەن نېمىنى يازىدىغان بولۇۋالدى . . . سەن ئۆزۈڭ بىلەن ئۆزۈڭ يالغۇز قالغاندا نېمىلەرنى ئويلىدىڭ، كېچىسى خوتۇنۇڭ بىلەن يوتقاندا ياتىپ نېمىلەر ھەققىدە پىچىرلاشتىڭ، بىز بۇنىڭغا ئارىلاشتۇقمۇ؟ شۇنچە چوڭ ئەركىنلىكنىڭ قەدرىگە يەتمەي، خۇددى مېنىڭ نېمىلەر ھەققىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقىنىمنى باشقىلار بىلمەي قالمىسۇن، دەپ كۆرەڭلىگەندەك، ئۆزۈڭنىڭ ئوڭدا ياتىپ ئويلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى شېئىر قىلىپ يازغىلى تۇرساڭ، بۇ دۆلەتنىڭ ئىگىسى يوقمۇ؟ . . . گېزىت - ژۇرناللار ئۈچۈن پۇل خەجلەۋاتقان شاھنىڭ غەزىپى كەلمەمدۇ؟ . . .

— شۇنچە خاپا بولغۇدەك ئۇلار نېمىلەرنى يېزىپتۇ؟

— ئوقۇپ باقسىڭىز ھەممىسى چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەر. ئۇلارچە گەپنى قانچە ياپتا قىلسا، سۆز - ئىبارىلىرى قانچە چۈشىنىكسىز بولسا، شېئىر دېگەن شۇنچە پاساھەتلىك چىقارمىش؛ قانچە ئېگىز يەرگە يۈت ئاتسا، شۇنچە ئابرويلۇق بولارمىش. بۇ خەقنىڭ ھالىغا باقماي تۆت ئادەم جەم بولغان سورۇنلاردىكى گەپلىرىنىڭ يوغانلىقىنى دېمەمسىز. خۇددى ئۇلار شېئىر يازمىسا بۇ ئالەممۇ ئالەم بولماي قالىدىغاندەك يوغان گەپلەرنى قىلىپ باشقىلارنىڭ يېغىرىغا تېگىدۇ.

— شاھىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا شۇنچە كۆپ ۋاقتى يارمىكەن؟

— ئۇ چۈپرەندىلەرنىڭ بىر نېمىلىرىنى ئوقۇپ ئولتۇرۇشقا شاھىمىزنىڭ نەدىمۇ ۋاقتى بولسۇن، ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ئۇ نېمىنى چۈشىنەتتى. قاپىيىسى يوق سۆزلەرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇپ بەرسىڭىزمۇ قالتىس شېئىر ئىكەن، دەپ ئاڭلاپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ . . .

— ئەمسە، سىز ئېيتقان ھېلىقى ياپتا شېئىرلارنىڭ مەنىسىنى ئۇنىڭغا كىم يېشىپ چۈشەندۈرۈپتۇ؟

— ھەممىسى ھېلىقى شۇمبۇينىڭ ئىشى بولمامدۇ!

تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ «شۇمبۇيا» دېگىنى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى ئىدى. مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى شاھنىڭ يېنىغا ھەر قانداق ۋاقىتتا ئىجازەتسىز كىرىپ - چىقالايتتى. پادىشاھلىقنىڭ ئامانلىقى، شاھنىڭ ئىززەت - ئابرويىغا بېرىپ تاقىلىدىغان ئىشلارنى ئەنە شۇ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى شاھنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلايتتى. ئوردىدىكى ۋەزىرلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئىلمەك بۇرۇن، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىن كىشىگە ئوغرىدەك قارايدىغان ئادەمدىن ھەزەر ئەيلىشەتتى ۋە ئۇنى ئارقىسىدىن: «شۇمبۇيا» دەپ تىللىشاتتى. لېكىن، شاھتىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئوردىدىكى بۇ شۇمبۇينى يۇلۇپ تاشلاشقا قۇربى يەتمەيتتى.

— بۇ، مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى ئارىلاشقۇدەك شۇنچە چوڭ ئىشمىكەن؟ — دەپ سورىدى تەرەققىيات ۋەزىرى يەنە.

— مەن سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئېيتسام، بۇ چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەر گېزىت - ژۇرناللىرىمىزدا بېسىلىشقا باشلىۋېدى، ئۆزۈڭدىن بېرى قىلىدىغان ئىش تاپالماي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان تەنقىدچى دېگەن نېمىلەر بىرسى ماختاپ، بىرسى قوسۇر تېپىپ تەرەپ - تەرەپتىن چۇقان كۆتۈرگىلى تۇردى. سىز بىلمىسىز، ھازىرقى ۋاقىتتا گېزىت - ژۇرناللاردا كىمنىڭ ئۈستىدە چۇقان - سۈرەن كۆپ بولسا، شۇنىڭ ئابرويى ئۆسكىلى تۇرىدۇ. ياپتا شېئىرچىلارنىڭ ئابرويى ئۆسۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باشقا شائىرلار ئولتۇرالماي قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئەرز - شىكايەتلىرىنى كۆتۈرۈپ ئوردىغىچە يېتىپ كەپتۇ. بۇنچىلىك ئىش دېگەن شۇمبۇيىغا تېپىلغۇسىز — دە! ئۇنىڭ شاھنىڭ قۇلىقىغا: ياپتا شېئىرلارنىڭ تىغ ئۇچى سىزنىڭ مۇبارەك نامىڭىزغا، شاھلىق تەختىگە قارىتىلغان، دەپ پىچىرلىغىنى ئېنىق.

— ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟

— نېمىشقا شۇنداق قىلاتتى، مۇشۇ پۇرسەتتە مېنىڭ ئەدىپىمنى بەرمەكچى! ؟

— سىزنىڭ! ؟

— شۇنداق، مېنىڭ

— سىزگە ئۇ نېمانچە ئۆچمەنلىك قىلىدىكەن؟

— ئاڭلىسام، ئۇ «شۇمبۇيا» دېگەن لەقەمنى مېنى چىقاردى، دەپ يۈرگۈدەك.

— بۇ لەقەمنى سىز چىقارغانمىدىڭىز؟

— خۇدايا توۋا دەڭ، مەن نېمىدەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن لەقەم توقۇپ يۈرگىدەكمەن.

— ياق، ئەمدى، مۇنداقلا بىر يەردە، قىزىقچىلىق قىلىمەن دەپ ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتتىمىكىن دەيمەنا؟

— سىز مېنى شۇنچە ئەخمەق كۆرەمسىز؟ . . .

.

شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ كۆزى تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ ئالدىدىكى مەرمەر ئۈستەل ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە قەغەزگە چۈشۈپ قالدى. قەغەزگە قانداقتۇر بىر ماللارنىڭ تىزىملىكى رەتلىك يېزىلغانىدى.

— جانابىي ۋەزىر، بۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى تەرغىبات ۋەزىرى ھېلىقى تىزىملىكنى كۆرسىتىپ.

— بۇ، بىز يېقىندا چەت ئەلدىن كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتقان نازۇك تېخنىكىلىق ئەسۋابلارنىڭ تىزىملىكى، — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى.

— ماۋۇ «ماشىنا ئادەم» دېگىنىڭىز قانداق ئادەم، ئەمدى ئادەملىرىنىمۇ چەتتىن كىرگۈزىدىغان بوپتىمىزمۇ؟

— ماشىنا ئادەم دېگىنى ئادەم ئەمەس، ئۇ بىر ماشىنا.

— ئۇ قانداق ماشىنا؟ نېمىشقا ئۇنى ئادەم دەيدۇ؟

— ئۇ ئادەتتىكى ماشىنا ئەمەس، تەقسىر. ئۇ، نان يېمەيدىغان، چاي ئىچمەيدىغان، ئەمما ئادەملەر قىلىدىغان ھەر قانداق ئىشنى قىلالايدىغان ماشىنا. بىز خەتىرى چوڭ ئىشلارنى قىلغۇزۇشقا مۇشۇنداق ماشىنا ئادەملەردىن بىر نەچچىنى ئەكىلىپ سىناق قىلىپ باقماقچىمىز.

— پاھ! - دەۋەتتى تەرغىبات ۋەزىرى، — ئالەم تەرەققىي قىلىپ نەلەرگە كېتىپ قالغان — ھە! بىز

www.uyghurkitap.com

تېخى بۇ يەردە شېئىر - پېئىر دېگەنلەرنىڭ پىتىنى بىقىپ ئولتۇرۇپتىمىز . . . بۇ ئىشتىن تېخى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ خەۋىرى يوق ئوخشىمامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

- ئۇنىڭ خەۋىرى بولغان بولسا، ھەرەمخانىسىغا جەزمەن بىر نەچچە ماشىنا خېنىملارنىمۇ زاكاز قىلدۇرغان بولاتتى، — دەپ پىخىلداپ كۈلدى تەرغىبات ۋەزىرى، — ھەرەمخانىدىمۇ خەتەرلىك ئىشلار كۆپ . . .

— شۇنداق، خەۋىرى يوق. بىز بۇ ماشىنا ئادەملەرنى ئىشلىتىپ كۆرۈپ، سىناقتىن ئۆتكەندىن كېيىن جانابىي ئالىيلىرىنى خەۋەرلەندۈرمەكچىمىز.

— قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ تازا نازلىق ماشىنا خېنىملاردىن بىر نەچچىنى زاكاز قىلماي قالمايدۇ. شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرى دوستۇم راست ئېيتىپتىكەن، دەپ قالىسىز.

— بۇرادەر، — دەپ كۈلدى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ماشىنا خېنىمنى ھەر قانچە چىرايلىق ياسىغان بىلەنمۇ ئۇ بەربىر مېتال - دە! ئۇنىڭدا قان بىلەن گۆشتىن پۈتۈلگەن ئادەمدەك نازۇك ھېسسىيات بولمايدۇ، ئۇنى قۇچاقلاپ ياتقان ئادەممۇ ھېچقانداق لەززەت ئالالمايدۇ.

— شاھىمىزنىڭ خۇيىنى بىلمەمسىز؟ ھەرەمخانىسىغا ئايال تاللاشتا ئۇ قانداق مىللەتتىن، قانداق رەڭدە بولۇشىغا قارىمايدۇ. ھەر قايسىسىنىڭ لەززىتى باشقا — دە! . . . مەن دېدىمغۇ . . . قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ مېتال خېنىمنى قۇچاقلاپ بېقىشتىنمۇ يانمايدۇ.

— بەلكىم، — دەپ دوستىنىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى تەرەققىيات ۋەزىرى.

شۇ چاغدا تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ كاللىسىدا بىر پىكىر چاقماقتەك يالتىرىدى — دە، ھاياجاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— جانابىي تەرەققىيات ۋەزىرى، سۆيۈملۈك دوستۇم، — دېدى ئۇ خۇشاللىقتىن قوللىرىنى ئىشقىلاپ، — مۇمكىن بولسا، شۇ ماللارنىڭ تىزىملىكى ئىچىگە بىر شائىرنىمۇ قوشۇپ تىزىملاپ قويسىڭىز.

— نېمە شائىر ئۇ؟ — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى ھەيران بولۇپ.

— ھېلىقى سىز چەت ئەلدىن ئەكەلدۈرمەكچى بولۇۋاتقان ماشىنا ئادەملەر ئىچىدە . . . سىزگە مەقسىتىمنى قانداق چۈشەندۈرسەم بولار . . . دېمەكچىمەنكى . . . ھە، شۇ زاكاز قىلىنماقچى بولغان ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىر ماشىنا شائىرمۇ بولسۇن.

— ماشىنا شائىر!؟

— ھە، شېئىر يازالايدىغان ماشىنا ئادەم دېمەكچىمەن. ئەلۋەتتە، ھازىرچە بۇ ئىشىمىزنى شاھمۇ بىلمىسۇن. ئۇ ماشىنا ئادىمىڭىز پەقەت بىزنىڭ ئارزۇيىمىز بويىچە، شاھنى مەدھىيىلەپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىدىغان شېئىرلارنى بىز قانچىلىك دېسەك شۇنچىلىك تۆكۈۋېتىدىغان شائىر بولسۇن. گېپىمنى چۈشەنگەنسىز؟ ئۆتۈنۈپ قالاي، دوستلۇقىمىزنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن جەزمەن شۇنداق ئاجايىپ شائىردىن بىرنى قوشۇپ زاكاز قىلىۋېتىڭ!

* * *

شۇنداق قىلىپ، تەرغىبات ۋەزىرى بىلەن بولغان دوستلۇقنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن تەرەققىيات ۋەزىرى بىر شائىر ماشىنا ئادەمنى زاكاز قىلىپ كىرگۈزدى.

تەرغىبات ۋەزىرى چەت ئەلدىن كەلگەن بۇ «شائىر» نى چەت ئەلچە پوزۇر كىيىنگەن، بوينىغا ئالا - بۇلىماچ گالستۇك تاقىغان، ئۇستەلگە ئېڭىشىپ ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىۋەرگەچكە پېشانىسى ئالدىغا ساقىيىپ بۆرتۈپ چىققان، چېچى چۈشۈپ گەجگىسىدە بىر تۇتاملا تۈكى قېپقالغان، ئورۇق بىر ئادەم سىياقىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن سالاملىشىپ، ئۇنىڭدىن كۈتىدىغان ئۈمىدلىرىنى ئىزھار قىلماقچى بولدى. ئۆزىنىڭ ساۋاتسىزلىقىنى چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن «شائىر» بىلەن كۆرۈشكەندە دەيدىغان گەپ - سۆزلىرىنى كېچىچە يادلاپ چىقتى. ئەتىسى، بۇ «شائىر» نى ئورۇنلاشتۇرغان ئالاھىدە ئىشخانىغا كىرىپلا بىر قىسما بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا شەكلى ئادەمگە سەل ئوخشىتىپ ياسالغان، ئۆزىگە ئوخشاش پاكار، دوغىلاق بىر مەخلۇق تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە نە كىيىم، نە ئالا - بۇلىماچ گالستۇك يوق ئىدى. ئىككى قولى گۆشى شىلىۋېلىنغان ئۇستىخاندەك ئىككى تەرەپكە تاشلىنىپ تۇراتتى. باش قىسمىدا ئېغىز، بۇرۇن، قاش - كىرپىك دېگەندىن ئەسەر يوق، كۆزىنىڭ ئورنىدا ئىككى قىزىل لامپا لىپىلداپ يېنىپ تۇراتتى. تەرغىبات ۋەزىرى شۈركىنىپ كەتتى. بۇ «شائىر» نىڭ سىياقى ئۇ كىچىك چېغىدا چۈشىدە پات - پات كۆرىدىغان ئالۋاستىغا ئوخشاپ كېتەتتى.

— تەرەققىيات ۋەزىرى دوستۇم، ھېلىقى بىز زاكاز قىلغان ماشىنا شائىرىمىز مۇشۇمۇ؟ — دەپ سورىدى تەرغىبات ۋەزىرى.

— مۇشۇ، — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇنىڭ كارامىتىنى ھازىر كۆرىسىز.

تەرەققىيات ۋەزىرى «شائىر» نىڭ قانداقتۇر بىر كونۇپكىسىنى بېسىپ قويۇۋېدى، ئۇ غەلىتە ئاۋازدا شېئىر ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قۇدۇقنىڭ ئىچىدىن كېلىۋاتقاندەك بوغۇق ئىدى. ئوقۇغان شېئىرلىرى كىندىكىگە ئورنىتىلغان قانداقتۇر بىر تۆشۈكتىن ئاق قەغەزگە رەتلىك يېزىلىپ چىقىپ تۇراتتى.

— سىز بۇ «شائىر» ىمىزنىڭ كارامىتىنى سەل چاغلىماڭ! — دېدى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇنىڭ مېڭىسىگە دۇنيادىكى بۇرۇن ئۆتكەن ۋە ھازىر ياشاۋاتقان بارلىق مەشھۇر ئوردا شائىرلىرىنىڭ ئۆز شاھلىرىنى ماختاپ خۇش قىلىدىغان شېئىرىي پىكىرلىرى قاچىلانغان. بىز ئۇنىڭغا شاھنى قايسى تەرەپتىن، قايسى تەرىقىدە ماختاش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى كىرگۈزسەكلا، ئارزۇيىمىزدىكى مىڭلاپ كۇبلىت شېئىر بىردەمدىلا ھازىر بولىدۇ.

ماشىنا شائىر ئىشقا چۈشۈپ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ دۆلەتنىڭ پۈتۈن گېزىت - ژۇرناللىرىنى ئۆزىنىڭ مەدھىيە شېئىرلىرى بىلەن كۆمۈۋەتتى. شۇ كۈندىن باشلاپ ياپتا يازىدىغان، ئوچۇق يازىدىغان، ئەنئەنىچى، ھازىرقى زامانچە بارلىق شائىرلارنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. ماشىنا شائىر شېئىرىي ژانىرنىڭ ھەممە شەكىللىرىدە يازالايتتى. بۇ شېئىرلارنىڭ قۇرۇلمىسى شۇنچىلىك پۇختا ئىدىكى، ئۇنىڭدىكى بىرەر سۆزنى تۇرماق، چېكىت، پەشلىرىنىمۇ ئېلىۋەتكىلى بولمايتتى. ماشىنا شائىر شېئىرلىرىدا شاھنىڭ تاغلارنى لەرزىگە سالىدىغان قۇدرىتى، ئالىيجاناب پەزىلىتى، بوي - بەستىنىڭ شۇنچە گۈزەللىكى، ھەتتا

ئۇنىڭ بۇرۇن تۆشۈكلىرىدىكى تۆكلەرنىڭمۇ ئۆزىگە خوپ ياراشقانلىقى دېگەندەك ئاجايىپ - غارايىپ نەرسىلەر ھەققىدە مەدھىيە ئوقۇيتتى. پۇقرالارغا بۇ مەملىكەتتە پەقەت جانابىي شاھ ھايات بولغاچقىلا پۈتۈن ئاسمان - زېمىن، جانلىقلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھەر كۈنى ئەسكەرتىپ تۇراتتى. شاھنىڭ كۆڭلىنى خوش قىلىش ئۈچۈن ئوردا خۇشامەتچىلىرى ھەر كۈنى ئۇنىڭغا بۇ يېڭى شېئىرلارنى تېپىپ كېلىپ ئوقۇپ بېرىپ تۇرىدىغان بولدى.

* * *

بۈگۈن شاھ يەنە خاس باغچىدىكى خىلۋەت ئاياغ يوللاردا تەنھا مېڭىپ يۈرەتتى. ئەتراپتا قۇشلار كۈكۈللۈك چۇرۇقلىشاتتى، يېشىل چىملىقلار قۇياش نۇرىغا چۈمۈلۈپ ئۇگدەيتتى، باغنىڭ ھاۋاسى گۈللەرنىڭ خوش پۇرىقىغا تويۇنغانىدى. شائىرلارنىڭ يېقىندىن بېرى يېزىۋاتقان شېئىرلىرىدىكى ئۆزىگە ئوقۇلغان ئاجايىپ مەدھىيىلەرنى ئويلاپ شاھنىڭ بەدىنىگە شادلىق يامراپ، چىرايى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ كەتكەنىدى. شۇتاپتا ئۇنىڭ بىرەرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرىنىسە، شۇ چىملىقلار ئۈستىدە كىچىك بالىدەك دومىلاپ، ھەر تەرەپكە قېيغىتىپ باققۇسى بار ئىدى. لېكىن، ئۇ شاھتە! شاھلىق تاجىنىڭ ئۆزىمۇ ئىنسان ئۈچۈن ئېغىر يۈك . . .

شاھ چىنار دەرىخى ئاستىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان ھېلىقى قاغىنى يەنە كۆردى. بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلمىدى. بۇ قاغىدا شاھلىق تونىغا چىچىپ قويۇشنىڭ ئېغىر گۇناھ ئىكەنلىكىنى بىلگۈدەك ئەقىل بولسا شۇنداق قىلاتتىمۇ؟ پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا شاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا تىترەپ تۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا، شائىرلار يەنە ئۆز ئەقلىنى تېپىپ، شاھنىڭ شەنىگە ئەڭ ئۇلۇغ سۆزلەر بىلەن مەدھىيە ئوقۇشنى باشلىۋەتتى . . .

شاھ مېڭىشتىن توختاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ دانا كاللىسىغا تۇيۇقسىز بىر پىكىر كەلگەنىدى. ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالدى - دە، ئالدىراپ ئوردىغا قايتتى. دەرھال ۋەزىرلەرنى ئالدىغا چاقىرتىپ، يېقىندىن بېرى ئاجايىپ شېئىرلارنى يېزىپ خىزمەت كۆرسەتكەن شائىرلارنى مۇكاپاتلىماقچى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ ئىچى لازا سۈركىگەندەك ئېچىشىپ كەتتى - دە، ئاستا شاھ تەرەپكە سۈرۈلدى. جانابىي شاھقا ئەڭ يېقىن چەكتە يېقىنلىشىش ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا شىۋىرلاش ھوقۇقى پەقەت ئاشۇ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىگىلا بېرىلگەنىدى.

— ئېھ، قۇدرىتى تەڭداشسىز جانابىي شاھ! — دەپ پىچىرلىدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى، — ئۇ شائىرلارنى تارتۇقلاش ئۇشۇقچىمىكىن، دەيمەن.

— نېمىشقا؟! — دەپ مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىگە ئالايدى شاھ، — سېنىڭ ئاغزىڭدىن: پۇقرالارنىڭ نىيىتى يامانلاشتى، دۆلەت خەزىنىسى قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتىدۇ، جاھان بۇزۇلۇۋاتىدۇ . . . دېگەندەك ۋەھىمە، شىكايەتتىن باشقا نېمە چىقمايدۇ. مەن ھەممىڭدىن بىزار بولدۇم. شۇ كۈنلەردە كىم مېنى شۇ شائىرلارچىلىك خوش قىلالاپتۇ!؟

«شۇمبۇيا» نىڭ شاھتىن دەككىسىنى يېگەنلىكىنى كۆرۈپ باشقا ۋەزىرلەرنىڭ چىرايىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈردى. مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرى بۇ مەسخىرىلىك كۈلكىلەرنى كۆرۈپ ئۇلگۇردى.

— چۇ . . . چۇ . . . چۈنكى، — دەپ دۇدۇقلاپ قالدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى، — شاھ ئالىيلىرى، راست گەپنى ئېيتىش مېنىڭ بۇرچۇم . . . بۇ يەردە ھېچقانداق شائىر - پائىر دېگەن نېمە مەۋجۇت ئەمەس.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟! — دەپ ھەيران بولدى شاھ.

— جانابلىرى ئوقۇغان شېئىرلارنى يېزىۋاتقىنى بىر ماشىنا ئادەم.

— ماشىنا ئادەم!؟

— شۇنداق، جانابىي ئالىيلىرى، - ئۇ بىر ماشىنا ئادەم.

— ماشىنا ئادەم دېگىنىڭ قانداق ئادەم؟

— بۇنىڭ ئىنچىكە يەرلىرىنى مەنمۇ تازا چۈشىنىپ كەتمەيمەن. بۇ توغرىسىدا بەلكىم تەرەققىيات ۋەزىرى تولۇقراق چۈشەنچە بېرەر، — دەپ يەرگە قارىدى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرى.

ئەمدى شاھنىڭ نەزەرى تەرەققىيات ۋەزىرىگە ئاغدۇرۇلدى.

— ماشىنا ئادەم دېگىنىمىز، — دەپ گېپىنى قىردى تەرەققىيات ۋەزىرى، — ئۇ بىر ماشىنا. ئادەملەر قىلىدىغان ھەممە ئىشنى قىلالايدىغان ماشىنا. شۇڭا ئۇنى «ماشىنا ئادەم» دەيمىز. ئۇنى يىراقتىن تۇرۇپلا بىر كونۇپكىنى بېسىپ باشقۇرۇپ، ھەر قانداق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ. ئۇ ئەڭ ئىنچىكە، تېخنىكىلىق ئىشلارنىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالايدۇ. بىز جانابىي ئالىيلىرىنىڭ: «تەرەققىياتتا قوشنا ئەللەردىن قالماسلىق» دېگەن دانا يوليورۇقلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، شۇنداق ماشىنا ئادەملەردىن بىر نەچچىنى چەتتىن كىرگۈزگەنىدۇق. بۇ ماشىنا ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تەرغىبات ۋەزىرىنىڭ ئۆتۈنۈشىگە ئاساسەن كىرگۈزۈلگەن بىر ماشىنا شائىرمۇ بار ئىدى . . .

— مۇنداق دېگىن، — دەپ تەرەققىيات ۋەزىرىنىڭ سۆزىنى بۆلدى شاھ، — نېمىشقا بۇ ئىشتىن مېنىڭ ھازىرغىچە خەۋىرىم يوق؟

— ماشىنا ئادەملەرنى ئاۋۋال ئىشلىتىپ كۆرۈپ، سىناقتىن ئۆتسە، خىزمىتىمىزنىڭ نەتىجىسىدىن جانابىي ئالىيلىرىغا خەۋەر بەرمەكچى ئىدۇق. ئىنشائاللا، سىنىقىمىز نەتىجىلىك بولدى. مىسالى: مانا ھازىر گېپى بولغان «ماشىنا شائىر» نى ئالايلى، ماشىنا شائىرنىڭ ئاجايىپ شېئىرلىرى جانابىي ئالىيلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. تەرغىبات ۋەزىرى ئىشخانىسىدا ئولتۇرۇپ بىر كونۇپكىنى باسسىلا، ماشىنا شائىر مۇنداق گۈزەل مىسرالار بىلەن تولغان شېئىرلاردىن مىڭلاپ كۈبلىت چىقىرىپ بېرەلەيدۇ.

باياتىدىن بېرى شاھقا بىرەر پايدىلىق ئەقىل كۆرسىتىپ شاھنىڭ مەرھەمىتىگە ئېرىشىش پۇرسىتىنى كۈتۈپ تۇرغان مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنىڭ كۆڭلىدىن بىر شۇملۇق كەچتى - دە، شاھ تەرەپكە سۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەنە بىر نېمىلەرنى شىۋىرلىدى. شاھ بىردىنلا ئەقلىگە كېلىپ، خۇشاللىقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— توغرا، تىرىك ئادەملەرنى گەپكە كىرگۈزمەك تەس، ماشىنا ئادەملەرنى بولسا بىر كونۇپكىنى بېسىپلا ھەرقانداق ئىشقا سالغىلى بولىدۇ — ھە؟ بۇ نېمىدېگەن كارامەت كەشپىيات! — دەۋەتتى شاھ، — قوشنا ئەللەر نېمىشقا شۇنچە تېز ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىدىكىن

دېسەم، ئەسلى گەپ بۇ يەردە ئىكەن — دە! . . . قېنى سەن پەرمانچى، پەرمانىمنى ياز! . . . شۇنداق ماشىنا ئادەملەردىن يەنە مىڭلاپ كىرگۈزۈلسۇن! ئۇنىڭ ئىچىدە ماشىنا ۋەزىر، ماشىنا مۇلازىم، ماشىنا ئەسكەر، ماشىنا ساتىراش، موزدۇز - تۆمۈرچى . . . يەنە بىزنىڭ ھەرىمىمىزگە چىرايلىق ماشىنا خېنىملار . . . ھە، ئېشىپ قالغىنىنىڭ ھەممىسى يەر تېرىيدىغان ماشىنا پۇقرالار بولسۇن. ئۇلارنى باشقۇرىدىغان كونۇپكىنى دەل مېنىڭ مۇشۇ تەختىمنىڭ ئۆزىگە ئورنىتىڭلار. ماڭا غەيۋەتخور ۋەزىر، باشباشتاق پۇقرا، خىيانەتكار خوتۇنلارنىڭ نېمە لازىمى. ھەممىڭ كۆزۈمدىن يوقال!!

ۋەزىرلەر نېمە دېيىشىنى بىلمەي قېتىپ تۇرۇپلا قېلىشتى.

* * *

شۇ كۈندىن باشلاپ «بورادۇ» پادىشاھلىقىنىڭ ئىچى قالايمىقانلىشىپ كەتتى. كېچىدە، «شۇمبۇيا» دەپ ئاتىلىدىغان ھېلىقى مەخپىي ئىشلار ۋەزىرىنى قاغىلارنى ئېتىپ زېرىككەن لەشكىرىي ئىشلار ۋەزىرى ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلاپ تاشلىدى. ھېلىقى ماشىنا شائىرمۇ كىملەر تەرىپىدىندۇر چۇۋۇپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان قانداقتۇر ئۇششاق ۋىنتا، ۋىرژۇنا، ئىنچىكە سىم دېگەندەك نەرسىلەر تەرەپ - تەرەپكە چېچىلىپ، خۇددى ئۈچەي - باغرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن مەخلۇقتەك سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى. شاھنىڭ ھەممە تىرىك جاننى ماشىنا ئادەمگە ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئۇققان پۇقرالار بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن پادىشاھلىق لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوت ئىچىدە قالدى. شاھ تەختى ئاستىدىكى مەخپىي يول بىلەن ئوردىدىن قېچىپ چىقىۋېلىشقا ئارانلا ئۈلگۈردى.

يەر ئاستى يول شاھنى شەھەر سىرتىغا ئېلىپ چىقتى. ئۇ قانداقتۇر بىر چاتقاللىقلار، دۆڭلۈكلەر ئارىسىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ، تاڭ يورۇشى بىلەن بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قالدى. شۇۋاق قاپلىغان دۆڭلۈكنىڭ يانباغرىدا باراقسان ئۆسكەن بىر تۈپ قارىياغاچ تۇراتتى. شاھ قارىياغاچ تۈۋىگە يېتىپ بېرىپ، ئۇنىڭ غولىغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ھارغانىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىياغاچنىڭ قۇرۇپ قالغان بىر تال شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان قاغىنى كۆردى، بۇ ھېلىقى ئوردا باغچىسىدىكى چىنار شېخىغا قونۇپ ئولتۇرىدىغان قاغىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتەتتى. شاھ غەلىتە كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئۇنىڭ ئېسىگە بالىلىق چاغلىرى كەلدى. بالىلىق چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئوردا خىزمەتچىلىرىنىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ قېچىپ چىقىپ، دەرەخلەرگە، يارلىقلارغا يامىشىپ، قۇشلارنىڭ چۈجىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ باققانلىرىنى ئەسلىدى . . .

شاھ شېرىن ئەسلىمىلەردىن ئېسىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى. شاھنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ ئادەمنىڭ چىرايى ئاپتاپتا قارىداپ كەتكەن، ئۈستىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى ياماق چۈشۈۋېرىپ توقۇملاشقان، ساقال - بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ، كۆلاسىدىن چىقىپ تۇرغان چاچلىرى گەدىنىگە چۈشكەنىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا ئۇزۇن بىر تاياق، يەنە بىر قولىدا قانداقتۇر بىر خالتا تۇراتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇنى پادىچى، دىۋانە ياكى بىر جاھانكەزدى ئاشىققىمۇ ئوخشىتىشقا بولاتتى. بۇ ئادەمنىڭ سىياقىنى كۆرۈپ شاھقا ۋاقىت نەچچە ئەسىر كەينىگە چېكىنىپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى. ئۇ: «نېمە ئادەمسەن؟» دەپ سورىماقچى ئىدى، لېكىن ھېلىقى غەلىتە ئادەم ئاۋۋال ئېغىز ئېچىپ:

— نېمە ئادەمسەن؟ . . . ئۈستۈڭدىكى چاپان — چاربىلىرىڭغا قارىغاندا، دۆلەتمەن غوجىلاردەك قىلىپ تۇرىسەن، بۇ يەردە نېمىگە توپىغا مىلىنىپ ياتىسەن؟ — دەپ سورىدى.

شاھ بېشىدىكى شاھلىق تاجىسىنى ئوردىغا تاشلاپ چىققان، ئۈستىدىكى تونىنى ئۆرۈپ كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ كىيىملىرىنىڭ ئېسىللىقى يەنىلا بىلىنىپ تۇراتتى.

— كەل، ئۈستىمىزدىكى كىيىملىرىمىزنى تېگىشەيلى، — دېدى شاھ.

سەن نېمە قىلماقچى؟ — دەپ ھەيران بولدى ھېلىقى ئادەم، — قارىغاندا، بېشىڭدىن ئامەت قۇشى ئۇچۇپ كەتكەندەك قىلىدۇ. ئەمدى مېنىڭ بۇ جۇلدۇر كېپەنلىرىمنى كىيىپ تىلەمچىلىك قىلماقچىمۇ سەن؟

— بىلمەيمەن.

— تىلەمچىلىكمۇ ئاقمايدۇ. شاھنىڭ ھەممە تىرىك جاننى قانداقتۇر بىر ئۆزى ياسىۋالغان ماشىنىغا ئالماشتۇرماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟ ئەمدى كوچىلارغىمۇ شۇ ماشىنىلار چىقىپ تىلەمچىلىك قىلغۇدەك. سەدىقە پۇللارنىڭ ھەممىسى ئۇدۇل شاھنىڭ خەزىنىسىگە كىرىم بولارمىش.

— شاھ شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇمۇ؟ — دەپ ھەيران بولدى شاھ.

— شۇنداق پەرمان چۈشۈرۈپتۇ.

— ئەمىسە، شاھ ساراڭ بوپتۇ.

— سەن شاھنى ساق دېگەنمىدىڭ!؟

ھېلىقى ئادەم شۇنداق دېدى — دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي يىراقلاپ كەتتى. ئەتراپنى ئېغىر سۈكۈت باستى. شاھ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قارىياغاچ شېخىغا قونۇپ ئولتۇرغان قاغىنىڭمۇ ئاللىبۇرۇن ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى — دە، ئۆزىنى بەكمۇ بىچارە ۋە يالغۇز ھېس قىلدى.

رەسسام: پەرھات ئىبراھىم(M1)

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

**ئىزاھلار:**

① ۋۇچاڭ — 1911 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋۇچاڭدا چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەندى. ② ئەينى يىللاردا كۆرەڭدىكى ھەربىي مەكتەپتە شىبە، مانجۇ، موڭغۇل بالىلىرى ئوقۇيتتى. ③ ياڭ قوماندان — ياڭ زەڭشىن. ئۇ، 1911 - يىلى 12 - ئايدا ئىلى شىنخەي ئىنقىلابىنى قوزغاپ، چىڭ خاندانلىقىنىڭ كۆرەڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى جياڭجۈنى جى رۈينى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان. ئىلى ئەسكەرلىرىنىڭ قوماندانى.



# ئەسىرلەر

ئەخمەت ئىمىن

## چېچەك پەسلىدىكى خىياللار

يۈر، دوستۇم، يۈر، باھارنىڭ گۈل پەسلى يېتىپ كەلدى، بىز كۆكلەم كۈلگەن باغقا بارايلى.

ئاپئاق ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەرگە قاراپ كۆز ئالدىڭغا نېمە كېلىۋاتىدىغاندۇ؟ قىشتىكى پاك، تازا قارلارمۇ ياكى ئاسماندىكى پاختىدەك ئاق بۇلۇتلارمۇ؟ غۇزا يېرىپ چىققان كېپەزلەر خۇددى بۇ باغقا كۆچۈپ كېلىۋالغاندەك بىر تەسىراتلارغىمۇ چۆمۈۋاتامدىغانسەن؟! قەشقىرىمىزنىڭ ئۆرۈك، جىنەستە، گىلاس، ئامۇت چېچەكلىرىنىڭ ئاقلىقى ساڭا ئانىمىزنىڭ ئاق سۈتىنىمۇ ئەسلىتىۋاتامدۇ؟ . . . مەن نۇرغۇن نەرسىلەردىن ئانامنىڭ سۈپەتلىرىنى كۆرىمەن. شۇتاپتا باغنى، يوللارنى، مەكتىپىمنى، ئۆيۈمنى، ئىشقىلىپ ھەممىنى ئۆز قوينىدا يايرىتىۋاتقان گۈزەل باھار ئىللىق مېھرى بىلەن ئانامغىلا ئوخشايدۇ. مەيىن شامال ماڭلىيىمدىن سۆيگەندە، مەن خۇددى ئانام سۆيگەندەكلا خۇش بولىمەن. چېچەك پۇراقلىرى دىمىقىمغا ئۇرۇلسا، مەن خۇددى ئانامنىڭ خۇش بۇيىنى ھىدلىغاندەك زوقلىنىمەن. شۇتاپتا بۇ چېچەك ئاچقان باغ — بۇ يېقىملىق ئاق دۇنيا ماڭا ئانامنىڭ بىغۇبار ئاق كۆڭلىنىڭ سۈرىتىدەكلا بىلىنىدۇ. ئۇ ئۆزمېۋىسى ئۈچۈن چېچەكلەيدۇ، ئۆز مېۋىسى ئۈچۈن توكۇلىدۇ.

. .

ۋاھ، دوستۇم، قارا، قارا! ئۆرۈك، ئامۇتلارغا جاھاندىكى ھەممە ئاق كېپىنەكلەر ئۇچۇپ كېلىۋالغاندەك بىر خىيالغىمۇ كېلىۋاتامسەن؟ كېپىنەكمۇ ئەڭ گۈزەل باغقا ئىنتىلسە كېرەك-ھە! شۇ تاپتا ھويلا-ئاراملىرىنىڭ ھەممىسى بۈككىدە چېچەكلەپ كەتكەن قەشقىرىم دىيارىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل باغچىسى ئەمەسمىدۇ!؟ بىز مۇشۇ باغدا تۇغۇلدۇق، مۇشۇ باغدا چوڭ بولدۇق. بۇ بېغىمىزنىڭ سۈپىتى بىزنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزغا سىڭگەن: مەڭزىلىرىمىز ئانارغا ئوخشايدۇ، قاپاقلىرىمىز بادامغا ئوخشايدۇ، يۈزلىرىمىز توغاچتەك، لەۋلىرىمىز گىلاستەك، تىللىرىمىز ئەنجۈردەك تاتلىق، دىلىمىزدا ھەمىشە شادلىق.

سەن يەردە قاردەك ياتقان چېچەكلەرگە قاراپ، ھەي، ياز پەسلىنى كۆرمەي بالدۇر توكۇلگەن چېچەكلەر، دەپ نالە قىلمايۋاتقانسەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىر توكۇلگەن ئىزىدا شېرىن مېۋىلىرىنىڭ ئۇندۇرمىسى قالغان. ئۇلارنىڭ خىسلىتى مەردانە ئىپتىخار ناخشىسىنى ئېيتىپ بۇ جاھاندىن خوشلاشقان ئەزىزلىرىمىزنىڭ روھىغىلا ئوخشايدۇ. بىز مۇشۇ چېچەكلەرگە رەڭداش ئاپئاق دەپتەرلىرىمىزگە ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنى پۈتۈپ قويايلى. ئۇ بىزگە ياشاشنىڭ قىممىتىنى ئەسلىتىپ تۇرىدۇ. يىلتىزلىرى بىلەن بىرمۇنچە دەرەخنى تۇتاشتۇرۇپ ھېلىھەم مېۋىلىرى بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى نامايەن قىلىپ تۇرغان ئاۋۇ قەدىمكى ياڭاق دەرەخلىرىگە قاراپ ئۇلۇغ ئەقداتلىرىمىنى ئەسلىگۈم كېلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك بوۋىلىرىمىنىڭ روھىغا سېغىنغۇم، ئاشۇلاردەك ياشاپ، ئاشۇلاردەك جاھاندىن ئۆتكۈم كېلىدۇ. ياش كۆچەتلەرمۇ مېۋىلىك باراخسان دەرەخ بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، مەنمۇ قەشقەر گۈلىستانىدىكى بىر كۆچەتقۇ!

دوستۇم، يۈر، بىز بۇ كۆچەتلەردىن ئاجايىپ بەھىر ئالدۇق، ئەمدى بېرىپ بىدە تېرىۋالايلى. ئانىلىرىمىز ئۇنى تۇگۈپ، مۇشۇ چېچەكتەك ئاپئاق داستىخانغا بىدە چۆچۈرىسى ئەكەلگەندە، بىز بۇ خىياللىرىمىزنى ئۇلارغا ئېيتىپ بېرىمىز. ئۇلار چوقۇم بىزنى سۆيۈپ-سۆيۈپ قويىدۇ. ئۇلار كۈلگەندە بىزمۇ ئارزۇلىرىمىز كۈلگەندەك شادلىققا چۆمىمىز. يۈر!

## قارغا خىتاب

ئەي، قار! ئۈستۈڭگە چۈشكەن ئىزلىرىمنى كۆمۈۋېتەلەيمەن دەمسەن؟

ياق، مەن سەندىن يول ئاچىمەن. يوللارنى قار ھېچقاچان كۆمۈۋېتەلىگەن ئەمەس. چۈنكى بۇ بىر-بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ كېلىۋاتقان ئىنسانىيەتنىڭ يولى!

بېسىمىڭدىن پۈتلىرىڭغا باش قويۇۋاتقان قاپاق سۆگەتلەرگە قاراپ ئۆزۈڭچە كۆرەڭلەۋاتامسەن؟ ئۇ تەبىئەت دەھشىتىدىن قەددى پۈكۈلگەن بىچارە، ھەرگىزمۇ غەيۇر ئورمانىنىڭ قەيسەر ئوغلانى ئەمەس.

مەن يۈرىكىڭگە دەسسەپ مېڭىۋاتقىنىمدا، قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرغان مەغرۇر شەمشادقا قارا. ئۇ مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

سۈرتتىم، زېمىنىمىزدىن مۈشكۈلات قورام تاشلىرى بېسىپ تۇرسىمۇ پۈكۈلمەي كېلىۋاتقان ئىنساننىڭ سۈرىتى!

بۈيۈكلۈكتىن گىدىيىپ چۈشىۋاتقىنىڭدا زېمىندا ئۈششاق كۆرۈنگەن ئىنساننىڭ ئاياغ ئاستىدا چەيلىنىۋاتقانلىقىڭنى ئويلاپ باققان بولغىيمىتتىڭ؟!

## شۇڭقار

شۇڭقار دەرەخنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، كاككۇك كېلىپ ئۇنىڭغا ئەرز قىلدى:

— بىر دۈشمەن ئۇۋامدىكى تۇخۇمنى يەۋاپتۇ. ئۇنى تۇتۇپ ئەنتىمنى ئېلىپ بەرسەڭ.

— بولىدۇ، — دەپلا، شۇڭقار قانىتىنى كېرىپ ئۇچتى. كاككۇك ئۇنى تۆۋەندىن بىر دۈشمەننى تۇتۇۋالىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن شۇڭقار ھەدېگەندىلا يۇقىرىغا ئۆرلەپ كەتتى. ئۇنىڭ يەر يۈزىدىن بەك ئېگىز گە چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، كاككۇك ئۇنى ئاسمانغا ئويۇنغىلى چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك، دەپ گۇمان قىلىپ تۇرىۋىدى، تۇيۇقسىز شۇڭقار پەسكە ئوقتەك ئۇچۇپ چۈشۈپ، قورام تاشلار ئارىسىدىن ھەش-پەش دېگىچە بىر زەھەرلىك قارا يىلاننى تۇتۇپ چىقتى ۋە ئۇنى كاككۇكنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قارنىنى ياردى. يىلاننىڭ قارنىدىن كاككۇكنىڭ تۇخۇمى چىقتى. كاككۇك ئۇنىڭ بۇ كارامىتىگە ھەيران بولۇپ سورىدى:

— بۇ دۈشمەننى قانداق تاپالىدىڭ؟

— ئېگىزدىن قارىغاچقا، - دېدى شۇڭقار كۈلۈپ تۇرۇپ، — ھەممىنى پەرق قىلاي دېسەڭ، بۈيۈكلۈككە كۆتۈرۈلۈشۈڭ كېرەك.

— قارا قورام تاشنىڭ ئارىسىدىن قارا يىلاننى قانداقمۇ پەرق قىلغانسەن؟

— ئىلاھ ياراتقان كۆز بىلەن، — دېدى شۇڭقار.

كاككۇك بۇ گەپنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ماڭقىيىپ تۇرۇپ قالدى.

— ئىلاھ قاپقاراڭغۇ كېچىدە قارا قورام تاشنىڭ ئۈستىدىكى قارا چۈمۈلىنى پەرق ئەتكۈچىدۇر، دېگەن ھېكمەتنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ، — دېدى شۇڭقار چۈشەندۈرۈپ، — ئىلاھ قاپقاراڭغۇ كېچىدە شۇنچە كىچىك قارا چۈمۈلىنى كۆرگەن يەردە، مەن يورۇق كۈندۈزدە تۇرۇپ شۇنچە يوغان يىلاننى كۆرەلمىسەم، مېنى ياراتقان ئىلاھقا قانداقمۇ يۈز كېلەلەيمەن!

## خەۋپلىك جىمجىتلىق

بىر پاشا پاقىنىڭ يېنىغا قونۇپ جىمىمدە تۇرىۋالغانىدى، پاقا ئۇنى كۆرمىدى. باياتىن بېرى شالىلىقتا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان پاشىلارنى بىر ئەپچىل تۇتۇپ يېگەن پاقىنىڭ قېشىدىلا تۇرغان پاشىنى كۆرمەيۋاتقانلىقىغا ئىچى پۇشقان ئۆردەك ئۇنىڭغا كايىدى:

— يېنىڭدىكى دۈشمەنگە ئەجەب پەرۋا قىلمايسەنغۇ؟

— مەن ھەرىكەتتىكى دۈشمەننىلا كۆرەلەيمەن. دۈشمەن جىم بولۇۋالسا، يېنىمدا تۇرسىمۇ كۆرمەيمەن، — دېدى پاقا ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ئەيىبىنى بويىنغا ئېلىپ.

— ئەمىسە، دۈشمىنىڭ جىم بولۇۋالسا، سەن جىم بولۇۋالما، — دېدى ئۆردەك، — بەزەن جىمجىتلىق خەۋپلىك بولىدۇ. خەۋپلىك جىمجىتلىقنى بۇزساڭ، دۈشمىنىڭ ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئاپتور: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ كاندىدات ئالىي مۇھەررىرى (M2)

## بوۋا

(نەسىر)

ئەنۋەر قۇتلۇق نەزەرى

ھەممە ئادەم ئەتراپىڭغا ئولىشىۋالمىغاندا، تېخى تىلىڭ تۇتۇلۇپ قالمىغانىدى، بوۋا!

سەن شۇكۈندىن كېيىن — ھەممە ئادەم سېنىڭ كۆزۈڭگە كىرىۋالغان كۈندىن تارتىپ تا بۈگۈنگىچە چەۋرىلىرىڭنىڭ يېشىغا تەگمىگەن ئوغۇل - قىز پەرزەنتلىرىڭگە گەپ - سۆز قىلغاندىن باشقا، ئۈچ - تۆت ياشقا كىرىپ قالغان گۆدەك باللىرىڭمۇ گەپ قىلىشقا ئۈنىمىدىڭ.

جېنىم بوۋا، سەن بۇنداق جىم تۇرۇۋالساڭ، ئىچىمىز سىيرىلىپ كېتىدىكەن؟!

بوۋا، سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ ئەمدى زادىلا قاملاشمىدى. مانا، ئەمدىلىكتە پۈتكۈل توققۇز يېزىدا بىرلا سېنىڭ سۆز - چۆچىكىڭ!

بوۋا، سېنىڭ بۇ قىلىقىڭ راستىنلا چەكتىن ئېشىپ كەتتى. يەتتە ئەۋلاد قىچە ياشاپ كەلگەن تار، زەيكەش ھەم سوغۇق ئۆيىمىزگە — بارى - يوقى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيىمىزگە بىردىنلا تارىخچىلار، پەيلاسوپلار، داڭلىق گېزىتلەرنىڭ مۇخبىرلىرى، سېنى كۆرىدىغان ئادەملەر يېغىپ كەتكەن، سېنىڭ ۋە مېھمانلارنىڭ ئامانلىقىنى قوغدايمىز دەپ تۆت ساقچى كېلىۋېلىپ ئارامىڭ بۇزۇلغاندىن بۇيان بۇ يامان خۇينى چىقىرىۋالدىڭ.

بوۋا، بۇ توققۇز يېزىدا سېنىڭ تەڭ - دېمەتلىكلىرىڭ تۈگۈل، 40 يېشىڭدا كۆرگەن تۇنجى پەرزەنتىڭ - ئوغلۇڭ ياشارتىڭمۇ تەڭتۇشلىرى قالمىدى؛ بوۋا، سەن ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە قېرىپ كېتىۋاتقانلىقىڭ ھەققىدە خىيال سۈرگىنىڭدە، 130 ياشمۇ تېخى ھېچ نېمە ئەمەس ئىكەنا دەپ يۈرىدىغانسەن، بەلكىم . . . بوۋا، سەن يەنىلا بىزنى — ئىنسانلارنى مەسخىرە قىلىۋاتىسەن. تۇرۇپ - تۇرۇپ تىلى چىقمىغان بوۋاقلارغا گەپ ئۆگىتىپ كېتىسەن، كىمدۇ بىرى بىر نەرسە سورىغۇدەك بولسا، گەپ - سۆز قىلمىغانىڭ ئۈستىگە جىمىپلا كېتىسەن.

بوۋا، سەن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان چاغلاردا ساڭا تويدۇرماي، يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن توققۇز گۈمبەز زاراتگاھلىقىغا ئۇدا توققۇز قېتىم يەرلىكىڭنى كولىدۇق. كىم بىلسۇن، ئۆمرۈڭنىڭ بۇنداق ئۇزۇنلۇقىنى ؟! بوۋا، مانا ئەمدىلىكتە ساڭا يەرلىك كولاشتىنمۇ ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدۇق. نېمىشقا دەمسەن بوۋا، تۇنجى ئوغلۇڭ ساڭا كولىغان بىرىنچى يەرلىكىڭنىڭ ئېغىزىنى خام كېسەك تىزىپ ئەتكەنىدى، يەتتە كۈندىن كېيىن ئۇنىڭغا شۇ يەرلىكتە يېتىش نېسىپ بولدى. ئىككىنچى يەرلىكتە، ساڭا ئەڭ ئۈچ بولۇپ كەتكەن مەرھۇم يېزا باشلىقى ياتتى (شۇ يەرلىكنىڭ ئورنىنى ئاشۇ كىشى كۆرسىتىپ بەرگەنىدى). جېنىم بوۋا، قالغان يەرلىكلىرىڭدىمۇ ئاشۇ يەرلىكلەرنى قېزىشقا باش بولغان كىشىلەر ياتتى!

بوۋا، توققۇز يېزا، توققۇز بۇلاق، توققۇز دۆۋە، توققۇز داۋان، توققۇز تاغ، توققۇز ئەگىم، توققۇز جىلغا، توققۇز ساي، توققۇز ئۆتەڭدە بىرلا سېنىڭ سۆز - چۆچىكىڭ!

بوۋا، بىزنى ساراسىمىگە سالماي، گەپ قىلساڭچۇ، بوۋا !



# نەسىرلەر ۋە ئەدەبىي پارچىلار

## ئەينەك كەينىدىكى كۆلەڭگىلەر

غوجىمۇھەممەت مۇھەممەت

### ئاجىزلىق

سەدىقە بېرىشىم كېرەك يول بويىدىكى ئۆتكەم تىلەمچىلەرگە، ئۇلارنىڭ مۇشتۇملىرى تۈگۈكلۈك ھامان مەخسۇس بېقىلغان قوچقار مۈڭگۈزلىرىدەك. ئىئانە بېرىشىم كېرەك مەسچىت - خانىقالارغا، دوزاخ مۇئەككىلى چارلايدۇ مېنى ھىلال ئاي شەكىللىك مەسچىت مۇنارىدا. قول ياندۇرماسلىقىم كېرەك سارائىغا، ھەقىقەتنىڭ ھۆكمىگە قىلىپ ئىتائەت.

ئىچ - ئىچىمدىن پۈكۈلگىنىمچە مەغرۇرانە تۇتۇپ قەددىمنى كۈتۈۋېلىشىم كېرەك ھەر بىر شەيئىنى. تا ھازىرغىچە ئۆزۈمدىن ئاجىزراق بىرەر مەخلۇقنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم، مەغرۇرلۇقىم بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

### تۈن باغلىرى

تۈن باغلىرىدىكى بۇلبۇل پىغانى تەكرار مۇقامىڭغا ئەسلا ئوخشىماس. ئارىمىزدا مەۋجۇت شۇنداق بىر ئىشەنچ، تۈلكە بالىسى ئۆز ئانىسىغا ئىشەنمىگەندەك. چوققىدىكى بۈركۈت كۆزلىرى قەپەزسىملىرىدىن ھالقىپ ئۆتەلمەس. ساڭا دەستە - دەستە نۇرىنى سوغا قىلغان باھادىر قۇياش ئەسلا ۋە ئەسلا تۈنلىرىڭگە ھامىي بولالماس. بېغىشلانغان نەرسىلەر ئۆلۈكتۇر ھامان. ئىلاھسىز ئىنسان ئىلاھتۇر شەكسىز.

كالا ئېيتار: بويۇنتۇرۇقتا ساپان سۆرەيمىز، تاتلىق بولغاچقا سارغايغان سامان.

ئىت ئېيتار: زەنجىرگە رازىمىز يۇمشاق بولغاچقا ئاپئاق ئۇستىخان.

بىز ئېيتارمىز: بەختلىكمىز، كالا، ئىت ئەمەس بولغاچقا ئىنسان. لېكىن، كالا ۋە بىز، بىز ۋە ئىت . . . ئايرىماق تەستۇر ئۆزگىچە ھامان.

## روھ يامغۇرى

رەخىم ياسىن (قاينامى)

ئۇ يەنىلا غەلىبە قىلدى. چۈنكى ئۇ، دۈشمىنىنى سارامسىگە سېلىپ قويغانىدى.

* * *

جاھاندا ھەق سۆزلەيدىغان بىرمۇ ئادەم قالمىغاندا، تەڭرى ئەڭ بۈيۈك ھەقىقەتنى نامايەن قىلىدۇ.

* * *

www.uyghurkitap.com

كەڭرى كەتكەن ئورمانلىقتىكى بىرلا دەرەخنىڭ يىقىلىشى ھېچقانچە گەپ ئەمەس. ئەمما، ئەشۇ بىر تۈپ دەرەخكە ئوت تۇتىشىپ قېلىشى تولىمۇ خەۋپلىك . . ئەشۇ ئوت يامراپ بارلىق ئورماننى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتىشى مۇمكىن . . .

* * *

قانائەتسىز تىلەمچى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆز ئىشىكىنى چېكىپ قالىدۇ.

* * *

بىز ھەممىمىز تىلەمچى. پەرقىمىز پەقەت، بەزىمىز باشقىلاردىن تىلەيمىز، يەنە بەزىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن تىلەيمىز.

* * *

بىز ھەممىمىز ئوغرى! پەرقىمىز پەقەت، بەزىمىز باشقىلارنىڭ مېلىنى ئوغرىلايمىز، يەنە بەزىمىز ئۆز ـ ئۆزىمىزنىڭ مېلىنى ئوغرىلايمىز.

* * *

بىز ئەرلەر تولا چاغلاردا ئاياللار ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدلىقىمىزنى ھېس قىلالايمىز.

* * *

باشقىلارنى كۆزىتىشتە ئەخلاق نۇقتىسىدىنلا قارىۋالماسلىق كېرەك! چۈنكى، ماھىيەتتە ھېچكىممۇ ئۆزىنى ئەخلاقلىقمەن دەپ ئېيتالمايدۇ.

* * *

بۈگۈنكى رېئاللىقتا داۋالاش مۇمكىن بولمايدىغان كېسەللەر ئۈچۈن ئەتىنىڭ شېرىن خىياللىرى شىپالىق مەلھەم بولىدۇ.

* * *

بىز بىر ئۆمۈر تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ كۈرەش قىلىپ ھاياتلىق مەركىزىگە يەتكەندە ئۆزىمىزنىڭ ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزنى ھېس قىلىپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

* * *

مەنمەنلەرنىڭ ئالدىدا كەمتەرلىك قىلىشنىڭ ئۆزى ئەخمەقلىق ياكى پەسكەشلىك.

* * *

تاسادىپىي غەلىبە ـ يېرىم غەلىبىدۇر.

* * *

سېنىڭ بىراۋنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ قېلىشىڭ، بىر بولسا سېنى ساراڭ قىلىپ قويىدۇ، يەنە بىر بولسا سېنى دانا كىشىلەردىن قىلىپ قويىدۇ.

* * *

قانائەت ـ مەغلۇبىيەتنىڭ چۈمپەردىسى.
ياشاش ـ موھتاجلىقنىڭ سۈرىتى .

* * *

غەپلەت ئۇيقۇسىدىكى ئىنسان ـ بەجايىكى ئۆلۈم بوسۇغىسىدىكى ئىنساندۇر.

* * *

ۋىسال ـــ مارافونچە يۈگرەشنىڭ خاتىمىسى.

* * *

ئادەملەر كۆپىنچە ئۆزى ياراتقان نەرسىلەرنىڭ قولىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

* * *

سەن ھاياتقا قانداق كۆزدە قارىساڭ، ھاياتمۇ ساڭا شۇنداق كۆزدە قارايدۇ.

* * *

سەن تىلەمچىلىك قىلماسلىق ئۈچۈن ۋىجدان سېتىۋاتىسەن، ئۇ، ۋىجدان ساتماسلىق ئۈچۈن تىلەمچىلىك قىلىۋاتىدۇ.



* * *

ئۆزۈم ئالۋاستىغا ئايلىنىپ قالغىنىمدىلا ئۇنىڭ شەيتان ئىكەنلىكىگە ئىشەندىم.

* * *

ئەركىنلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قەپەزدىكى قۇشلاردىن سورىغىن.

* * *

ساقچىلار تۈنۈگۈن كېلىپ ئوغلۇمنى تۇتۇپ كەتتى. مەن ئەمدى ھۇجرامدا يالغۇز ئولتۇرۇپ ئەڭ ئادىل سودىيىنىڭ ئۈستۈمدىن ھۆكۈم چىقىرىشىنى كۈتۈۋاتىمەن.

* * *

ئانامنى يۇدۇپ ھەرەمگە ئاپىرىشنى ئويلايمەن. لېكىن شۇ كەمگىچە ئانامنى يۇدۇپ كىچىككىنە ھويلامنى بىرەر قېتىم ئايلاندۇرغانلىقىمنى ئەسلىيەلمىدىم.

* * *

قاۋاقخانىلاردىن ياڭرايدىغىنى ھەمىشە ماتەم مۇزىكىسى

## پارچىلار

### مۇھەممەت كېرىم ۋارىسى

مەستلىك ـــ زەھەرلىنىش بەدىلىگە ئىگە بولغان ئەركىنلىك.

* * *

سېنى ئويغاقسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ نەسىھەت قىلغۇچى دەل سېنىڭ دۈشمىنىڭدۇر.

## پەلسەپە

### ياقۇپ سەيدۇل

توكۇر ئۆز ھاياتىدا دائىم مۇنداق ئوينىڭ ئىسكەنجىسىدە بولىدۇ: بىرى، بارلىق ساغلام كىشىلەردەك نورمال مېڭىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە

بولۇش؛ يەنە بىرى، بارلىق ساغلام كىشىلەرنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش توكۇر بولۇپ شۇ ئارقىلىق تەڭ - باراۋەرلىككە ئېرىشىشنى تىلەش.

## پارچىلار

**ئابدۇلباسىت ئابدۇراھمان**

### قاۋاش ۋە چىللاش

ئىتنىڭ جان - جەھلى بىلەن قاۋاپ كېتىشى بىرەر ۋەھىمىدىن دېرەك بېرىدۇ، خورازنىڭ چىللىشى بۇنىڭ ئەكسىچە.

### يىغا

بوۋاقنىڭ تۇغۇلۇش ۋاقتىدىكى ۋەھىمىلىك يىغىسى كەلگۈسى ئاچچىق تۇرمۇشقا بولغان نارازىلىق ئىنكاسىدىن ئىبارەت.

## ئەجەبلىنىش

**ھەبىبۇللا خوجا**

بۈگۈن ئانامنىڭ ماڭا مەستلىكى كېلىپ قالدىمۇ قانداق، ماڭا ئۇزاق قاراپ تۇرغاندىن كېيىن مېھرىبانلىق بىلەن بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ: «ئوغلۇم، كىشىلەرنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك نەۋقىران يىگىت بولۇپ قالدىڭ، داداڭغا زەپمۇ ئوخشايسەن، ئەمما ئۆمرۈڭ ئوخشىمىسۇن . . . » دېدى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ.

مەن ئانامنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرىدىن ئەجەبلىنىپ ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلدىم.

## ئۆز ھالاكىتىنى ياراتقۇچىلار

**تۇرسۇننىياز توختى (ئوغۇز)**

بىر كۈنى بىر پەيلاسوپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بىراق ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ھېچكىم بىلمەيلا قاپتۇ. بىلگەنلەرمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە كېلىپ قويماپتۇ. چۈنكى، ھەممە ئۇنى: « بىر ئۆمۈر ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلاپ ئۆتكەن نېمە » دەپ قارايدىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي بىر ناخشىچى ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئاجايىپ داغدۇغىلىق ئۇزىتىلىپتۇ. كەلمىگەن ھېچكىم قالماپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن تەڭرى بۇ قەۋمنى « ناخشا ئېيتىپلا ئۆتۈپ كېتەرسەن » دەپ قارغىۋېتىپتۇ.

## پارچىلار

ئەي ئىنسان، توخۇغا ئوخشاش ھەردائىم ئۆز ئالدىڭغا تاتىلاۋەرمە، خەلققە پايدىلىق نەرسىلەر كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

— ئالىمجان رىشىت

ئادەم ئۆزى ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىشلارنى تەقدىر دەپ چۈشىنىدۇ.

— ئابدۇكېرىم ئەبەيدۇللا

باشقىلار سېنىڭ ئىزلىرىڭدىن، كىشىلەر سەن ھەققىدە قالدۇرغان خاتىرىلەردىن سېنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلسۇن. ھەرگىز ئۆزۈڭ ئۈچۈن خاتىرە تېشى قالدۇرىمەن دېمە.

— ئۆمەر يۈسۈپ ئەخمىدى

ئاۋامنىڭ ئاھىنى ئاڭلىماسلىق ئاقىۋەتتە ئاپەت ئاھاڭىنى ئاڭلىتىدۇ.

* * *

گۇناھسىزلارنىڭ گۇناھى - گوللۇق.

* * *

تىلىكىڭنى تەڭرىدىن تىلەپ، تەقدىرىڭدىن تەشۋىشلىنىپ، تائەت - ئىبادەتتە توكۇلۇپ، تىنەپ - تەمتىرەپ، تىرناق تاتىلىغىچە، تەدبىرىڭگە تايان.

— دولقۇن ياسىن

## راست ۋە يالغان ئارىلىقىدا

**ئابدۇرېشىت ئېلى**

بىز زار - تەشنا بولغان نەرسىمىزگە ئېرىشكەن چېغىمىزدا، ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن ئانچە ئەھمىيىتىنىڭ قالمىغانلىقىنى ئەپسۇسلۇق ئىچىدە ھېس قىلىشقا باشلايمىز.

* * *

ئۆزىنى سۆيمىگەن ئادەم باشقىلارنىمۇ سۆيەلمەيدۇ.

* * *

ئەخمەق كۈتكىنىگە ئېرىشكەندە كۈلىدۇ، ئاقىل كۈتكىنىگە ئېرىشكەندە يىغلايدۇ.

* * *

ھەقىقەتچى كۆپ ھاللاردا ساراڭ دەپ قارىلىدۇ.

## غىل - پال چېقىن - شولىلار

**تەلئەت جېلىل كەنجى**

ئالدىنمايدۇ تۈلكە تۈلكىنى،
بىلىشكەچكە مىجەز - خۇلقىنى.

* * *

ئېشەك مىنسەم ئات مىندىڭ، ئات مىنسەم تۆگە،
چىقتى بىزنىڭ ھەسەتتىن نېمىمىز تۆرگە؟

* * *

بىز ھەممىنى تەقدىردىن كۆرۈپ،
كەتمەكتىمىز تەدبىرسىز ئۆلۈپ.

* * *

چاقچاق بولۇر كۈلكىگە ئۇزۇق،
ئەگەر نىيەت بولمىسا بۇزۇق.

* * *

قىلىچنى بىلەپ تۇر ئىشلەتمىسەڭمۇ،
بوپ قالار ئۇشتۇمتۇت ئۇرۇش ۋە جەڭمۇ.

(M1)

ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ نەشر ھوقۇقى ژۇرنىلىمىزغىلا تەۋە

www.uyghurkitap.com



# ھايۋاناتلاردىكى پاراسەت ۋە تەڭ كېچىدىكى ناخشا

(ئوچېرك)

ئابلىكىم ئوبۇلھەسەنھاجى

## مۇقەددىمە

ھايۋاناتلارنىڭ تۈرى، شەكلى، رەڭگى، ئىقتىدارى، ياشاش مۇھىتى، مىجەز-خاراكتېرى، ئەۋلاد قالدۇرۇشى، خۇسۇسىيەتلىرى قاتارلىقلارنى ئەدەبىيات ژانىرىغا كىرگۈزۈپ يېزىشقا بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، دېگەن مەسىلىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى خېلىلا ئەگىدەيدۇ. چۈنكى بىز كەينىمىزگە بۇرۇلۇپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات قەسرىنى ئارىلايدىغان بولساق، ھايۋاناتنى پەقەت ئادەم ئوبرازىنىڭ ئاستىغا قويۇپ، ئادەم ئوبرازىنى ۋايىغا يەتكۈزۈشتىكى ياردەمچى ئوبراز قىلغان ۋە ياكى «ئوبرازنىڭ يادروسى ئادەم» دېگەن پىرىنسىپ بويىچە ھايۋاناتلارنى «ئادەملەشتۈرگەن» ئىزنالارنى كۆرەلەيمىز.

ئەپسۇسكى، ھايۋاناتلارنى نوقۇل زوئولوگىيە نۇقتىسىدىن كۆزىتىپ ئاندىن ئۇلارنى ۋە ئۇلاردىكى خۇسۇسىيەتلەرنى بەدىئىي تىل بىلەن يۇغۇرۇپ، ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە يەككە ھالەتتە ئېلىپ كىرىلگەن ئىزنالارنى ئۇچرىتالمايمىز. بۇ ئەھۋال باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىياتىدا بولۇپمۇ خەنزۇ، روس ئەدەبىياتىدا ئاللىقاچان ھەل قىلىنىپ، نۇرغۇنلىغان ئېسىل ئەسەرلەر ئىجاد ئېتىلگەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە بەكرەك تونۇشلۇق بولغان خەنزۇلاردىكى «شىجىڭ» ① نى، رۇسلاردىكى تۇرگېنىۋ يازغان «ئوۋچى خاتىرىلىرى»، مامىن سىبىرەك يازغان «ھېكايىلەر» نى مىسالغا ئېلىشقا بولىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئۇ خەلقلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئۇنداق ژانىردىكى ئېپىك ئەسەرلەردىن پايدىلىنىپ تەبىئەت ۋە ھايۋانات توغرىسىدا مول، قىزىقارلىق بەدىئىي بىلىمگە ئېرىشكەنلىكىدە شەك يوق.

مەن 1977-يىلى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ماتېماتىكا فاكۇلتېتىنىڭ 2-يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىمدە «گۈل ئاشىقى» دەپ تەرىپلىنىدىغان بۇلبۇلنىڭ زادى بار قۇش ياكى يوق قۇش ئىكەنلىكىنى تالىشىپ، ساۋاقداشلار ئارا مۇشتلاش چىقىپ كەتكەنلىكى ھېلىمۇ يادىمدا تۇرۇپتۇ. ئەگەر شۇ چاغدا ھايۋانات- قۇشلار ھەققىدە بىرەر مەلۇمات بېرىدىغان ئوچېرك بولسا ئىدى، «مانا، كىتابقا قاراڭ» دەپلا جېدەلنى تۈگەتكەن بولاتتۇق.

شۇ ئىشلارنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 20يىل بولاي دەپ قاپتۇ... ھېلىمۇ ياخشى، ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ پۈتەي يولنى ئۇستاز شەرىپىددىن ئۆمەرنىڭ «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1995-يىل 12-فېۋرال سانىغا بېسىلغان «قىسقا ئوچېركلار» دېگەن ئەسىرى يېگانە ئېچىپ بەردى.

ئۇستاز شەرىپىددىن ئۆمەر «قىسقا ئوچېرك» دا بورتالا ئارشىڭىدا كۆرگەن سۈڭگۈچ، سېرىق يىلان، ئاق تۆشلۈك كەسلەنچۈكلەرنى بىۋاسىتە يېزىپ، ئۇلارنىڭ ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر قاتار پائالىيەتلىرىنى قەلىمىدىن گۈل تۆكۈپ تەسۋىرلەپ، ئوقۇرمەنلەرگە يېڭى بىر ساۋات، يېڭى بىر غۇنچە تەقدىم ئەتتى.

قىسقىسى، بۇنداق ئەسەرلەر ھادىسىلەرگە باي سەھرا ۋە دالا تۇرمۇشىدىن كۆنسايىن يىراقلاپ چوڭ بولۇۋاتقان ياش ئەۋلادلارغا مول بىلىم، گۈزەللىك زوقى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەرتەرەپلىمە قىزىقىشىنى قوزغاپ، ئۇلارنى نەزەر دائىرىسى كەڭ، كۆرگەن-ئاڭلىغىنى كۆپ، تەبىئەتنى سۆيىدىغان ياراملىق كىشىلەردىن بولۇشقا ئۈندەيدۇ.

«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى مۇشۇنداق ياخشى ئەسەرنى بىرىنچى بولۇپ ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈپ ياخشى قىلدى، توغرا قىلدى.

تۆۋەندە مەنمۇ قەلەم قۇۋۋىتىمنىڭ ئاجىزلىقىغا قارىماي، «قايتا تەربىيە» ئېلىنۋاتقان يىللىرىمدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئىككى ئىشنى يېزىپ چىقىشنى لايىق تاپتىم.

ئەگەرچەندە «قىسقا ئوچېركلار» نى ئوقۇش

پۇرستىگە ئىگە بولالمىغان بولسام، مەن كۆرگەن ئىشلارمۇ يامغۇردا قالغان چوغدەك كۆز يۇمۇپ مەڭگۇ ئۆتتۇلار ئىدى.

## يىپى توزۇغان قۇچقاچ

1969-يىلى ئىيۇلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى كۆكخوتقۇر② دىن نىلقا ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئاتنى تاقىلىتىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئاھالە شالاڭ بولغانلىقى ئۈستىگە ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرىنى ئاساسەن كۆرگىلى بولمايتتى. يامغۇر كۆپ ياغاتتى، ۋاقتىدا ياغاتتى. بىنەم بۇغدايلىرى، ئوت-چۆپلەر ئېگىز، بولۇق، پاكىز ئۆسەتتى.

ھاۋامۇ بەزىدە چىدىغۇسىز ئىسسىپ قالاتتى. يەرلىك خەلق ھەممە ئىشنى ئات ھەم ئۆكۈزدىن پايدىلىنىپ پۈتتۈرەتتى.

چىڭقى چۈشنىڭ تىنجىق ئاپتىپى مېنى ۋە ئاتنى قىينىماقتا. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئوت-چۆپلەر، قورايلار، گۈللەرمۇ پىژغىرىم ئاپتاپتىن سولاشقان بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايتتى.

ماڭا ئاتلىق ياكى ئۆكۈزلۈك ماڭغان بىرەر يولۇچىمۇ ئۇچرىمىدى. شۇ تاپتا مېنىڭ ئېس-يادىم زېرىكىشلىك تىم سۈكۈناتتىن تېز قۇتۇلۇپ، كۆكخوتقۇرغا تېز يېتىۋېلىش ئىدى.

تۇيۇقسىز قۇشقاچنىڭ چۇرۇقلىشى، چۇرۇقلىغاندىمۇ ئەنسىز چۇرۇقلىشى مېنى خىيالدىن ئويغاتتى.

مۇئەللەقتە ئەيتاۋۇر پۇرقىراپ پەي توزۇۋاتاتتى. باشتا مەن نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم. تازا قادىلىپ قارىغاندىن كېيىن، توزۇۋاتقان پەي ئىچىدىن توختىماي پىلدىرلاپ قانات قېقىپ تۇرغان قۇشقاچنى كۆردۈم.

بىچارە قۇشقاچنىڭ چۇرۇقلىشىنىڭ رىتىمى تېزلىشىپ پەريادقا ئۆرۈلدى.

شۇ لەھزىدە ئاتقا كۆزۈم چۈشتى.

ئات ئىككى قۇلىقىنى شىڭگىتىپ ئالتە چامدامچە نېرىدىكى يول ئىچىگىرەك ئۆسۈپ قۇرۇپ قالغان ياش، شېپتىراڭغۇ ئاچا سۆگەتنىڭ تۈۋىگە قارايتتى.

ئات مېڭىشتىن توختىغانىدى. مېنى سۈر باستى.

يىلان!

يىلاننىڭ بېشىدىن تۆۋەن قىسمى قاپاق چۈمۈچنىڭ نوگىيىدەك كۆپۈپ كەتكەن بولۇپ، سۆگەت ئاچىسىغا يۆلەنگەن ھالدا قۇيرۇقى بىلەن يەر بېسىپ چىڭقىلىشتىن گەۋدىسى تىك ھالەتتە سەل-پەل تەۋرىنىپ تۇراتتى.

قۇرۇغان سۆگەتنىڭ ئۈستىدە-بوشلۇقتا كۆزگە كۆرۈنمەس جەھەننەم تورى ئەشۇ تەرىقىدە داۋاملىق يېيىلماقتا ئىدى. ئات خارتىلداپ، مېڭىشتىن توختىدى.

پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كەتكەن بۇ يىلان ئاتنىڭ خارتىلدىشىنىمۇ سەزمىدى!

مېنى بىر ھەيرانلىق ۋەسۋەسىسى قىيىنىماقتائىدى. ئاخىرى تۆمۈرچى ئۇستام بەرگەن ئىككى تال ئالمىنىڭ بىرىنى يانچۇقۇمدىن ئالمان-تالمان ئالدىم-دە يىلانغا قارىتىپ ئاتتىم. . . «شالدىر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قۇشقاچنىڭ پەريادى توختىدى، تېخى ھېلىلا جان قايغۇسى بولۇۋاتقان ئاسماندا لەيلەپ چۈشۈۋاتقان ئۇششاق پەيدىن ئۆزگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى.

دېمەك قۇشقاچ خەتەردىن قۇتۇلغانىدى. لېكىن مەن يىلاننىڭ نەگە مۆكۈنگەنلىكى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتىم.

بۇ ئىش قانچە دەقىقىلەردە يۈز بېرىپ تاماملاندى، ماڭا بۇ ھازىرغىچە بىر سىر.

ئات بىردىن بايا ماڭغىلى ئۇنىمىغان قۇرۇق سۆگەت تەرەپكە ھۈركۈپ داجىۋىدى، تۇيۇقى ئاستىدىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئەمدىلىكتە سۆگەتكە يېقىنلاپ يولغا كۆندىلەڭ ھالەتتە تۇرۇپ قالدۇق. بۇ ئىشنى كۆرۈڭ.

بايىقى يىلان يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېشىنى كۆتۈرگەن پېتى بىزگە قارىغىنىچە سېنوس ئەگرى سىزىقىدەك تولغۇشۇپ يولنىڭ ئۇقبېتىغا- قۇشقاچ ئۇچقان تەرەپتىكى چۆپلۈكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەشۇ مېڭىشى كەينىچە قاراپ قېچىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاپ قالاتتى.

كۆكخوتقۇرغا بېرىۋالغاندىن كېيىن، يولدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى دادامغا ئالدىراپ سۆزلەپ بەردىم.

- ئاتتىن چۈشمەي توغرا قىپسەن، - دېدى دادام، - ئۇنداق ۋاقىتتا يىلان ئاچچىقىدا ئادەم ياكى ھايۋانغا ئېتىلىشتىن يانمايدۇ. تۇرغان ئورنىڭلارنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش سەۋەبىمۇ شۇنىڭدىن. سەن يىلاننىڭ قۇشقاچنى دەم تارتقىنىنى كۆرۈپسەن، بالام. ئەگەر بىر ئاز سەۋرى قىلىپ يىلانغا شەپە بەرمىگەن بولساڭ، قۇشقاچ پەيلىرى توزۇپ كۆتۈرۈلۈش كۈچىدىن بىراقلا ئايرىلاتتى-دە يىلاننىڭ ئاغزىغا قېپقىزىل گۆش بولۇپ چۈشەتتى.

## ئۇكا، بىزنى ئات قۇتقۇزدى

ئاق كۆڭۈل، ۋىجدانلىق ئادەملەر ئۆزىنى خىجالەتتىن، تۆھمەتتىن، بەختسىزلىكتىن، قارا قاناتلىرىنى سوزۇپ كېلىۋاتقان ئۆلۈم دەھشىتىدىن قۇتۇلدۇرغان راپاۋەتچىسىنى ئۇلۇغلايدۇ، ھۆرمەتلەيدۇ، سۆيىدۇ، مەڭگۈ ئۇنتۇماي يادلاپ تۇرىدۇ.

راپاۋەتچىڭىز ئادەم بولماي ھايۋان بولۇپ قالسىمۇ ئوخشاشلا ئۇلۇغلايسىز، ئۇنى سۆيىسىز، يادلايسىز.

1973-يىلى يانۋارنىڭ بىر ئەتىگىنى نىلقا بال فېرما چارۋا ئەترىتىنىڭ بوغالتىرى ئابلىمىت قاھار بىلەن ئىككىمىز كۆكيار③ دىكى ئىككى قوي قوشىغا تۈز يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن ئالغان نەرسىلەرنى ئاتقا بۆكتەرلەپ يولغا چىقتۇق.

بىز تۇرغان چارۋا ئەترەت بىلەن كۆكياردىكى قوي قوشىنىڭ ئارىلىقى 40 كىلومېتىر يول ئىدى. قىش كۈنلىرى قىسقا يول خەتەر بولسىمۇ، يەنىلا قىسقا يولنى تاللىدۇق. چۈنكى قىسقا يول بىلەن يۈرگەندە يول 20 كىلومېتىردەك قىسقىرايتتى.

بىز چادىرتال④ نىڭ چېپىش ھەم توقايلىقلىرىنى ئارقىمىزدا قالدۇرۇپ، ئارسلان⑤ سۈيىنى كېچىپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتۈپ، موگغۇللار تىۋىنىدىغان «تەڭگىر» تېشىنى ئايلىنىپ، كۆن قايرىلغاندا كۆكيارنىڭ ياردائلىق يالغۇز ئاياغ يولىغا ياماشتۇق. ئاستىمىزدا قاش دەرياسىنىڭ شارقىرىشى بوش ئاڭلىناتتى.

بۇنداق يولدا ئادەم ئۆزىنى ئاتقا تاپشۇرماقتىن باشقا ئامال يوق. ئەگەر ئات سۈرۈنۈپ كەتسە ياكى پۇتلاشسا سوغاقتىن يىرىلىپ هور كۆتۈرۈلۈپ ئېقىۋاتقان قاش دەرياسىغا غۇلاپ جان بېرىدىغان گەپ. ئىشقىلىپ كۆزلىگەن نىشانغىمۇ ئامان-ئېسەن يەتتۇق.

ئەتىسى گەرچە بىزنىڭ ۋەزىپىمىز بولمىسىمۇ، مالچىلىرىمىزنىڭ بۇزۇلغان قورۇلىرىنىڭ قاشالىرىنى قاشالاشتۇق، قويلارغا تۇز بەردۇق، چۆپ چاچتۇق، قار كۆرىدۇق. ئۇلارنىڭ تۇرلۇك سەۋەبلەر بىلەن يېتىشەلمەيۋاتقان ئىشلىرىغا هەمكارلىشىپ كەچ كىرىپ قالدى. غىزالىنىپ مالچىلار تۇرغان يەردىن يولغا چىققۇچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. بىز يەنە تۆۋەنلىدۇق. شۇ كۈنى بەختىمىزگە تولىمۇ ئايدىڭ بولدى. ئابلىمىت ئاكام ئىككىمىزنىڭ ئۈستىدىلا راساتولغان ئاي نۇرچېچىپ تۇراتتى، كۆكيار ئۇرمانلىقى ئارىسىدىن-نەچچە يۈزلىگەن دەرەخ غوللىرى ئېچىدىن قاش سۈيىنىڭ جۇۋىرلاپ ئېقىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

سولغا بۇرۇلساق خەتەر يولغا، ئوڭغا بۇرۇلساق ئۆزۈن يولغا چۈشەتتۇق.

ئىككىمىز ئۇنى دېيىشىپ - بۇنى دېيىشىپ ئاخىرى ئۇرمانلىقنى ئارىلاپ قاش سۈيىنىڭ مۇز قاتىدىغان بوغۇزىدىن ئۇدۇل ئۆتۈپ، ئاندىن دېھقانچىلىق 2-ئەترىتىنىڭ مەھەللىسى بىلەن مېڭىپ چوڭ يولغا چىقىۋالماقچى بولدۇق.

قاتقان مۇز ئۈستىدە ئاي نۇرى يالىلداپ تۇراتتى. مۇز بىز پەرەز قىلغاندىنمۇ قېلىنراق، كەڭ دائىرىدە قاتقاندەك قىلاتتى. ئالدى بىلەن ئابلىمىت ئاكام ئات سالدى.

ئاق قاردىن كېيىم كىيىپ، ئالامەت باغجانلاپ هەيۋەت ئۆسكەن ياۋا تېرەكنىڭ مۇز ئۈستىدىكى سايىسىنى كەينىمىزدە قالدۇرۇپ، مۇزنىڭ ئوتتۇرىسىغا - ئاي شولىسى تولىمۇ چىرايلىق چۈشكەن يەرگە كەلگىنىمىزدە، ئابلىمىت ئاكامنىڭ ئېتى ئۆزىچىلا تىزگىن سۆرەپ مۇزنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە ئېلىپ قاچتى. ئاتنىڭ كۈتمىگەندە بۇنداق بۇرۇلۇشىدىن ئابلىمىت ئاكام ئەگەردە ئوبدانلا قىيسىيىپ، ئۆزىنى ئارانلا ئوڭشىۋالدى. روسچە ئات تاقىسىنىڭ كۆك مۇزغا ئۇرۇلۇشىدىن تاقىلداپ چىققان غەلىتە ئاۋاز ئىنسى - جىن يوق بۇ كېچىدە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. مېنىڭ ئېتىممۇ ئۇنىڭ كەينىدىن جېدەللەپ قاتىردى. تىزگىننى بەك تارتماي ئاتنىڭ مەيلىگە قويۇپ بەردىم. بۇنداق قىلىشىم تايغاق يولدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ مېڭىشقا پايدىلىق ئىدى. نىشان قىلغان يەردىن ئەمەس باشقىلا بىر يەردىن ئۇقاتقا ئۆتتۇق.

ئابلىمىت ئاكام رەنجىپلا كەتتى:

- قارىمامسىز ئۇكام. . . - مۇنۇ ساراڭ ئېلىپ قېچىپ. . . -- ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا «چارس» قىلغان بىر ئاۋاز ئۇچۇپ ئۆتتى.

ئاتلارمۇ چۆچۈپ كەتتى. يېنىك تەۋرىگەن هاۋا دولقۇنى يۈزىمىزنى سىيپىغاندەك بىر خىل سېزىم قالدۇردى.

بىز بايا ئۆتمەكچى بولۇپ نىشان قىلغان يەرنىڭ مۇزى چورتلا ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۆي ئورنىدەك ئۈزۈل مۇز سۇنىڭ ئېقىمى دەم تارتىپ

تۇرغان يوچۇققا كەپلىشىپ كۆتۈرۈلۈپ، قويرۇقىدىن ئاسمانغا قاراپ قالدى. مۇز ئۈستىگە تاشقىنلىغان سۇ «شار» قىلغان سادا بېرىپ جىمىپلا كەتتى.

بايىلا ئاي شولىسىنىڭ نازىنىتىشىدىن ئەينەكتەك پارقىراپ تۇرغان تاختا مۇز ئورنى ئۆلۈم چىللاپ لەپەڭشىۋاتقان كاچكۆلگە ئايلانغانىدى.

ئابلىمىت ئاكام ساقاللىق يۈزىنى ماڭا ئۆرۈپ:

- يائاللا. . . ئۇكام. . . ئات بويى بەرمەي كەتكەنتى. . . يائاللا بىزنى ئات قۇتقۇزدى جۇمۇ. . . - دەۋەتتى. قاسات كېچىپ دېھقانچىلىق 2 - ئەترىتىنىڭ سوقماق يولىغا چۈشۈۋېلىپ مەھەللە يولىغا كىردۇق. ئەل ئۇيقۇغا چۆككەن، ئەتراپ تىمتاس ئىدى. كېچە جىمىلىقىنى پەقەت ئات تۇيىقىنىڭ چىڭدالغان قارنى غورچ-غورچ قىلىپ يەنچىشىلا بۇزۇپ تۇراتتى.

ئابلىمىت ئاكام مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قارا توڭغىلاق يەرگە كەلگەندە ئېتىنى توختىتىپ:

- ئابلىكىم، بىر پەيزى قىلمايمىزمۇ، - دەپ قالدى.

مەندە بايىقى ئىشنىڭ ئەندىشىسى يوقالمىغاچقا، گەپ كوچىلاپ يۈرمەيلا ماقۇل بولدۇم. ئارىكچىلاپ يېپىلغان، ئىشىكى كۈنچىقىشقا قارىغان ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتۇق. مەن ئاتلارنى خادىغا باغلاپ ئۇلاغلىرىنى بوشاتتىم. ئابلىمىت ئاكام ئۆي ئىگىسىنى ئويغاتتى.

دېرىزە تەكچىسىدە لامپا يورۇدى.

بىز ئۆي ئىگىسى بىلەن ئېسەنلىك سوراشقاندىن كېيىن جۇۋىمىزنى يېشىۋېتىپ دالان ئۆيگە جايلاشتۇق. بۇ، تۇردى تۆمۈرچى دېگەن كىشىنىڭئۆيى ئىكەن. بۇ كىشىنى مەن چارۋا ئەترەتتەئابلىمىت ئاكامنىڭ ئۆيىدە بىرقانچە قېتىم كۆرگەنىدىم.

تۇردى تۆمۈرچى ئايالىنىڭ باللىرىنى ئېلىپ قەيەرگىدۇ بىر يەرگە كەتكەنلىكىنى ئېيتقاچ كەسلەنگەن قارىغايىنى يوغان مەشكە توشقۇزۇپ سالدى.

- قىزىق چاي دېدىڭما، ئۇنىڭدىن قىزىقى بولسىمۇ ئەكەل، - دېدى ئابلىمىت ئاكام. ئىككىسى قارىغاندا قەدىناستەك قىلاتتى.

تۇردى تۆمۈرچى كىچىك شىرە قويۇپ داستىخان سالدى-دە ئىككى نان بىلەن قۇرت قويدى. گەپ تەبىئىكى بايىقى خەتەرگە يۆتكەلدى. تۇردى تۆمۈرچى ئۇزۇن كونىياك بوتۇلكىسىنىڭ مەدەك ئاغزىنى يۇلۇپ ئېلىپ هاراق قۇيغاچ ئات توغرىسىدا بىرنەچچە قىزىقارلىق پاراڭ سېلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى بۇۋبولاق ⑥ تەۋەسىدە بىر ئاقساقال ئېتىنى ئېغىلغا كىرگۈزەلمەي ساۋاپ كەتكەنلىكى، شۇ ئەسنادا ئېغىلنىڭ گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ئات ۋە ئادەمنىڭ ئۆلۈمدىن قۇتۇلغانلىقى، قايسىدۇر بىر ئاۋۇلدا قاراشەهەرگە سېتىلغان بىر ئاتنىڭ يەتتە ئايدىن كېيىن قېچىپ كەلگەنلىكىدەك پاراڭلار ئىدى.

هاراق كىرسىن تۇڭىغا قاچىلانغان هاراق ئىكەن، شۇڭا كىرسىن تېتىپ تۇراتتى.

ئاچچىق چاي، ئاچچىق موخوركا، قۇرۇت زاكوسكا قىلىندى.

ئۇلار مېنى هاراققا زورلىماي ئىختىيارىمغا قويدى.

هاراق يېرىملاپ كەيىپ كۆتۈرۈلگەندە تۇردى تۆمۈرچى مۇرابىا پىيالىسىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈۋېتىپ، ئابلىمىت ئاكامغا قاراپ :

- ئادىشوي، ئېيتمايمىزمۇ، - دېدى - دە ئىچكەركى ئۆيدىن دۇتار ئېلىپ چىقتى. دۇتار ياخشى

ساقلانغان يېڭى دۇتار ئىكەن.

تۇردى تۆمۈرچى دۇتارنى سازلاۋاتقاندا ئۇنىڭغا زەڭ سالدىم. ئۇتقا كۆپ قارىغاچقىمۇ ئىككى كۆزى ھەمىشە قىزىرىپ تۇراتتى. رەڭگى سولغۇن ئىدى. ئۇ، 60 - يىللاردا قەشقەردىن چىقىپ، ئاخىرىدا مۇشۇ يەردە توختاپ قىلىپ ئۆي-ئوچاقلىق بولغانىكەن. تۇردى تۆمۈرچى دۇتارنى سازلاپ بولۇپ تورۇسقا سەل قاراپ، نىلقا ئۇيغۇرلىرى كۆپ ئېيتىدىغان قەدىم ناخشىدىن بىرنى باشلىدى:

غاز قاناتى قات-قات بولۇر،
ئەر قاناتى ئات بولۇر.
يات يەرلەردە ئۇزۇن يۈرسەڭ،
ئۆز دوستلىرىڭ يات بولۇر.

ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقىنى ماڭا ناخشا ئەمەس، زاردەك ئىشتىلدى. دىمىقىمدىن قۇيۇلغان تۇزلۇق ياشنى ئەلەم ئىچىدە يۇتىۋەتتىم. ناخشىدىن كېيىن كۆينى تولۇقى بىلەن ئورۇنداپ پائۇزا بەردى. ئۇنىڭ قول ئورۇشى چىڭ، پەدە يۆتكىشى تېز ھەم سىيلىق ئىدى. دۇتارچىلارنىڭ تولىسى «سېيرىپ بوقولدۇتۇپ» چالدىم دەپ كۆي ئاساسىنى يوقىتىۋېتىپ، نېمىگە چېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالماس قىلىۋېتىدۇ. ئەمما تۇردى ئۇستامنىڭ چېلىشى دۇتارنىڭ ئۆركىستىر ئالدىدىكى ئابروينى بەش گەز ئۆستۈرىدىغان چېلىش ئىدى. ئابلىمىت ئاكام ناخشىنىڭ قايتارمىسىنى ئەپچىللىك بىلەن ئۇلىدى:

قايتارىڭدا جانىم،
خوش دېمىگەن خانىم،
قانداق رازى بولارمەن.

ئۇلارنىڭ ئاۋازى مۆلدۈرلەپ ئاققان تاغ سۇلىرىدەك قېتىلىپ، ناخشا ئاھاڭلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل مەۋجىنى ھاسىل قىلاتتى.

بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، دېھقانچىلىق 2-ئەترەت خەنزۇلاردىن تەشكىللەنگەن ئەترەت بولغاچقا، بىرى ئورازقان دېگەن قىرغىزكىشىدىن، يەنە بىرى مۇشۇ تۇردى تۆمۈرچىدىن باشقا مىللىي ئائىلىلىك يوق ئىدى. شۇڭا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تازا غالجىرلىشىپ «كۈرەش قىلىش، تەنقىد قىلىش، ئۆزگەرتىش» بولىۋاتقان بۇ يىللاردا دېرىزىگە قۇلاق ياقىدىغان تاكتاكچىلار يوق ئىدى. «سېرىق ناخشىلار»نى بىسوراق - خاتىرجەم ئېيتسا بولىۋېرەتتى.

غاز قانىتى ئەي. . قاتقاندا،
سۇزۇلۇپ تاڭلار ئاتقاندا.
ئەر يىگىتلەر ناخشا ئېيتار،
ئۆز قۇربىنى تاپقاندا.

ھايۋانات ۋە تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى، ئىنسان دوستلۇقىنىڭ بۈيۈكلىكىنى ئاددىي ئەمما راۋان تىل ئارقىلىق ئېچىپ بەرگەن بۇ ناخشا كىشىگە ئۈمىد بېغىشلاپ، دۇنيانى تېخىمۇ گۈزەل ۋە سۆيۈملۈك چۈشىنىشكە ئۈندەيتتى. بىردىن خىياللىرىم قۇمدەك چېچىلىپ كەتتى. تۇرۇپلا مەش يوچۇقىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئالتۇندەك چوغلار ئىچىدىن قارا كۆلەڭگىسى لەپەڭشىگەن كاچكۆل چىقىۋاتقاندەك تېنىم شۈركىنىپ كېتەتتى.

نېمە ئۈچۈن ھايۋاناتلار ئالاھىدە پاراسەتكە ئىگە، نېمە ئۈچۈن خەۋپنى ئالدىن سېزىدۇ، نېمە ئۈچۈن بۇرۇن ماڭغان يولنى ئۇنتۇماي ئەسلى ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە قېچىپ كېلەلەيدۇ؟

نېمە ئۈچۈن لاپلا قىلىپ تاڭ ئاتماي سۈزۈلۈپ تاڭ ئاتىدۇ؟ . . .

بۇ سوئاللارغا جاۋاب تاپالماي قۇرۇت شۇمىگەچ ئالتۇن چوغلار ئىچىگە قارايتتىم.

تاڭ سۈزۈلۈشتىن بەلگە بەرگەندە - چولپان ھۈركىگەندە ئاتلاندۇق.

چوڭ يولنىڭ ئۇ قېتىدىن - بۇۋبۇلاق تەرەپتىكى چەكسىز سوزۇلغان قارلىق تۆپىلىكنىڭ قاراڭغۇ ئۇيۇقىدىن بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ئات ئۈستىدە قوقۇيۇپ ئولتۇرۇپ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كېتىپ باراتتۇق. . .

## خاتىمە

كۆرمىگەنلەر تەكلىماكان قۇملۇقلىرىدا توغراقنىڭ تۆمۈردەك مۇستەھكەم، قارىغايدەك ئېگىز ئۆسىدىغانلىقىنى، كېلەنىڭ ئوغلاقتەك چوڭىيىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيدۇ. جۇڭغار ۋادىلىرىدا ياۋا توڭگۇز بىلەن ئېيىقنىڭ ئېلىشىدىغانلىقىنى، قارلىغاچ ئۆز بالىپانلىرىنى يىلاننىڭ ھۇجۇمىدىن قوغداش ئۈچۈن ياچىۋەگىنى ياردەمگە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يېتەلمەيدۇ.

مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش، جەلپ قىلارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىش دۆلىتىمىزدە تەبىئىي مۇھىت، ھايۋاناتلارنى قوغداش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك. بۇلار خاس تەبىئەتنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى بىۋاستە ھېس قىلدۇرىدۇ. كۆپنى كۆرگەن، كۆپ ئاڭلىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ھەقتە ئۆزى يازالىسا ئۆزى يېزىپ، ئۆزى يازالمىسا يازالايدىغانلارغا ئېيتىپ ۋە ئوبدان يازدۇرۇپ، بالا-چاقىلىرىغا ساقلاپ قويغىنى ياكى ئالاقىدار مەتبۇئاتلارغا ئەۋەتىپ بېرىپ ئەپكار ئاممىنى خەۋەردار قىلغىنى ھەقىقەتەن ئەھمىيىتى بار ئىشتۇر. چۈنكى ھەقىقىي تارىخچى، يازغۇچى ۋ. گ. يان مۇنداق دېگەنىدى: «ئاجايىپ ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۈرگەن تۇرۇقلۇق بۇ ھەقتە ئۈندىمەي ئۆتۈپ كەتكەن كىشى. . . خۇددى قىممەتلىك بۇيۇمنى ئەسكى چاپانغا ئوراپ چوڭقۇر يەرگە كۆمۈۋەتكەن بېخىل ئادەمگە ئوخشايدۇ» . (M1)

ماۋزۇسۇرىتىدە: قايتىش. دىڭ چاڭمىڭ فوتوسى

ئاپتور: شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى

ئىزاھلار:

① «شىجىڭ»دا بەزى كىشىلەرنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە، 150خىل ھايۋانات توغرىسىدا ھېكايە بار ئىكەن («ئەدەبىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئوچېركلىرى» I كىتاب 1-قىسىم، 1963-يىل نەشرى 125-بەت، شىنجاڭ رادىئوپېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرى) . ② كۆكخوتقۇر، ③ كۆكيار، ④ چادىرتال، ⑤ ئارسلان، ⑥بۇۋبۇلاق - نىلقىدىكى يەر ئىسىملىرى.

www.uyghurkitap.com



# كامالتۇرك ۋە ئۈرۈمچى

يالقۇن روزى

بوشلۇق مۇھىتى بىپايان بولغان يېزا - سەھرالىرىمىزغا سېلىشتۇرغاندا، ئاسمىنىدىن ئىس - تۈتەك كەتمەيدىغان ئۈرۈمچى تولىمۇ قىستا - قىستاڭ شەھەر. ھازىرغىچە بولغان ھايات مۇساپەمدە، ماڭا ئېخى ئۈرۈمچىدىن چوڭراق بىرەر شەھەرنى كۆرۈش پۇرسىتى نېسىپ بولمىدى. شۇڭا، ئۈرۈمچىنى باشقا خەقلەرنىڭ شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئارتۇق - كەم يەرلىرى ئۈستىدە سېلىشتۇرما ھاسىلات پەيدا قىلغىدەك ئىمكانىيەتكە ئېرىشەلمىدىم. ئەمما، ھازىرغىچە ئېسىمدىن كەتمەيدىغىنى، مەلۇم بىر روسىيىلىك مۇخبىرنىڭ بۇنىڭدىن 3 - 4 يىل ئىلگىرى ئۈرۈمچى ھەققىدە يازغان، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتىگە بېسىلغان زىيارەت خاتىرىسىدىكى بىر ئابزاس تەسۋىرى. بۇ مۇخبىر ئۆز تەسراتىنى يازغاندا: ئۈرۈمچى ئاسمىنىغا يېتىپ كەلگەندە ئايروپىلان دېرىزىسىدىن بۇ شەھەرگە قارىسام، قاپقارا ئىس - تۈتەكلەرگە چۈمكەلگەن بۇ شەھەرنىڭ ئاسمىنى ماڭا خۇددى دوزاخنىڭ دەرۋازىسىدەك تۇيۇلۇپ كەتتى، دېگەن. پراۋوسلاۋىيە دىنىدا دوزاخنىڭ دەرۋازىسى قاپقارا ئىس - تۈتەك بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، دەپ تەسۋىرلىنىدىغان بولغاچقا، بۇ رۇس مۇخبىرىنىڭ ئوخشىتىشى ئۆز مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن، ئەلۋەتتە.

مەن شۇندىن بۇيان رۇس مۇخبىرنىڭ نەزەرىدىكى بۇ «دوزاخ» ھەققىدە ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. كۆرۈمسىز ئاسمىنىدا تۈكلىرى ئىسلىنىپ كەتكەن سەرگەردان قۇشقاچلاردىن باشقا ھاياتلىقنى ئۇچرىتىش مۇشكۇل بولغان ئۈرۈمچى مېنى تەگسىز خىياللارغا بەنت قىلاتتى. ئەندىشە ۋە ۋەھىمە بىلەن تولغان خاتىرجەمسىز ئىچكى كەيپىيات ۋۇجۇدۇمنى بارغانسېرى قاتتىق چىرمايتتى.

مەن توپ - توپ قۇشقاچلار پۇرۇلداپ ئۇچۇشۇپ تۇرىدىغان، ئاسمىنى كەڭ قەدىمىي سەھرادا تۇغۇلغان. يالىڭاچلانغان ئېتىزلىقلاردا ۋاللىدە ئويناپ، تاغۇ - تاشلاردا پادا بېقىپ، چاڭقىسام ئېرىق - ئۆستەڭلەرگە دۈم يېتىپ غۇرتۇلدىتىپ سۇ ئىچىپ، بېغىل قوشنىلارنىڭ بېغىدىن ئالما - ئۆرۈك ۋە ئەترەتنىڭ قوغۇنلۇقىدىن سويما ئوغۇرلاپ، كۈندۈزلىرى بولسا قاتار ئۇچقان تۇرنىلارنىڭ پەرۋازىغا زوقلىنىپ قاراپ، كېچىلىرى يېڭىدىن توي قىلغان قىز - يىگىتلەرنىڭ ھوجرىسىنى قىزىقسىنىپ ماراپ، خامان ساقلاپ ياتقاندا، ئۆمۈر بويى يالاڭ ئاياغ يەر دەسسەپ تاپىنى يېرىلىپ كەتكەن ئۇزۇن ساقال بوۋايلارنىڭ گۈزەل چۆچەكلىرىنى ئاڭلاپ ، قېلىن يەرلىرىگە كەلگەندە پىخىلداپ كۈلۈپ چوڭ بولغان. ئۇ چاغلاردا ماڭا، يېزىمىزنى ئوراپ تۇرغان تاغلارنىڭ كەينىدىكى دۇنيا تېپىشماقتەك تۇيۇلاتتى. ئۈرۈمچى چۈشۈمدىكى شەھەر ئىدى. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى لاۋۇلداپ چوغ بولۇپ ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ يەر - زېمىننى نۇرلاندۇرىدىغان قۇياش، ماڭا خۇددى ئۇ تاغنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ، بۇ تاغنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ غايىب بولىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. سىرلىق تەبىئەت باللارغا خاس ساددا تەسەۋۋۇرلىرىمىنىڭ يۇمران قاناتلىرىنى يېشىپ، خىيال ئېكرانىمنى تۈگىمەس گۈزەل كۆرۈنۈشلەر بىلەن تولدۇراتتى. ياز كۈنلىرى ئۆگزىدە ئۇخلاش ئەڭ كۆڭۈللۈك ئىشلارنىڭ بىرى ئىدى. مۇنداق بولغاندا ئەتراپتىن پۈتكۈل تەبىئەتنىڭ تىنىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۈستۈڭدىكى يۇلتۇز بىلەن تولغان قاراڭغۇ ئاسماننىڭ قەرىدە ئۇ باشتىن بۇ باشقا سوزۇلۇپ ئاقىرىپ تۇرغان سامان يولى بالىلىق قەلبىڭدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولغۇسىز بىر خىل يۈكسەكلىكنى ئويغىتاتتى. يىراقلاردىن، بالاغەتكە يېتىپ خىيال كىرىپ قالغان سۇچى يىگىتنىڭ ئىشتىياق بىلەن

ئېيتقان لەرزان ناخشىسى ئاڭلىناتتى. سالقىن شامال يۈزۈڭنى سۆيۈپ، ھەممە نەرسىگە سەگەك تۇرىدىغان چۆچۈرىدەك قۇلاقلىرىڭغا نېمىلەرنىدۇ شىۋىرلاپ ئۆتەتتى. بۇنداق چاغدا كىشى ئۆزىنىڭ ئاشۇ ئۇلۇغ تەبىئەتنىڭ بىر زەررىسى ئىكەنلىكىنى شەك - شۈبھىسىز ھالدا چوڭقۇر ھېس قىلماي قالمايدۇ.

مېنىڭ ئەكسىمچە ئوغلۇم كامالتۈرك شاۋقۇن - سۈرەنلىك ئۈرۈمچى شەھىرىدە تۇغۇلدى. ئۇنىڭ بالىلىق ھاياتى ھايۋاناتلار باغچىسىدا چوڭ - كىچىك قەپەزلەرگە سولىنىپ ياتقان ھەر خىل ھايۋانلارنى كۆرۈش، تېلېۋىزور ئالدىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ قونچاق فىلىملىرىدىن ھوزۇرلىنىش، يەسلىدە ياغاچ ئاتقا مىنىپ ئويناش، سۇلياۋ خالتىغا قاچىلانغان كالا سۈتىنى ئىچىش، ئانىسىنىڭ زۇكامداپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى تەكرار ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنى ئاڭلاش، ئىستولبىلارغا چاپلانغان ئادەم ئىزدەش ئېلانلىرىنى كۆرۈش بىلەن ئۆتۈۋاتىدۇ. قېلىپلىشىپ، رېتىملىشىپ كەتكەن كۈندۈلۈك تۇرمۇش، يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزىدىغان تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەش ئادىتى، مەكتەپكە يولنىڭ چېتى بىلەن ئۇدۇل بېرىپ، ئۇدۇل قايتىپ كېلىدىغان ئۆزگەرمەس قائىدە، ئوقۇتقۇچىسىنىڭ «گەپ ئاڭلايدىغان ئوبدان بالا» بولۇش ھەققىدىكى پەند - نەسىھەتلىرى، بەدىنى قىزىپ قالسا دەرھال دورا يېيىش ئۇنىڭ بالىلىق دۇنياسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. گەرچە، ئوغلۇم يەتتە ياشتىن ئاشقان بولسىمۇ تېخىچە قۇياش كۆتۈرۈلگەن پارلاق سەھەرنى كۆرۈپ باققىنى يوق. چۈنكى، بۇ شەھەردە قۇياش چەكسىز ئۇپۇقنىڭ قوينىدىن ئەمەس مەلۇم بىر ئىدارىنىڭ بىناسىنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلىدۇ. شارقىراپ ياغقان يامغۇرنى كۆرگەن بولسىمۇ لېكىن ھاۋانىڭ گۈلدۈرلىگەن ھەيۋەتلىك ساداسىنى ئاڭلىغىنى، تۈن قوينىنى يېرىپ، يەر - زېمىننى زىلزىلىگە سالىدىغان چاقماقنىڭ نۇرىنى ياكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان ھەسەن - ھۈسەننى ۋە ياكى يامراپ كەلگەن شىددەتلىك كەلكۈننى كۆرۈپ باققىنى يوق. بۇنداق ۋەھىملىك مەنزىرىلەر تېخى بىرەر قېتىممۇ ئۇنىڭ بالىلىق قەلبىنى زىلزىلىگە سېلىپ باقمىدى. شۈبھىسىزكى، ۋەھىمىدىن يۈكسەك كەيپىيات تۇغۇلاتتى. بۇ خىل ۋەھىمىدىن تۇغۇلغان يۈكسەك كەيپىيات ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا تەبىئەتنىڭ چەكسىز كۈچ - قۇدرىتىنى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى ھېس قىلدۇراتتى. تەبىئەتنىڭ ھەيۋەتلىك ھادىسىلىرى ۋە تاسادىپىي ئۆزگىرىشلىرىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈش بەختىگە مۇيەسسەر بولالمىغان ئوغلۇم كامالتۈرك ئېڭىدىكى تەبىئەت ھەققىدە چوڭقۇر ھەم ئۆزگىچە تەسىراتلارغىمۇ ئىگە ئەمەس. تا بۈگۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ يالاڭ ئاياغ ھالدا چىلان تۇپراقنى دەسسەپ باقمىغان، دەريا - ئۆستەڭلەرگە چۆمۈلۈپ باقمىغان ئوغلۇمغا قاراپ ئىچ - ئىچىمدىن پۇچۇلىنىپ كېتىمەن. تەشتەكتىكى گۈللەر بىلەن ئەينەك قاچىدىكى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرغان رەڭدار بېلىجانلار ئۇ كۈندە ھەپىلىشىدىغان بىردىنبىر تەبىئەت. ئەسلىدە ئوغلۇم تەبىئەتنىڭ قۇچىقىدا ئۆسۈشى كېرەك ئىدى. ئەپسۇسكى، ھازىر تەبىئەت ئۇنىڭ قۇچىقىغا يات بولۇپ قالدى. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇكى تەبىئەتنىڭ بۇ تەتۈر قىسمىتى ھامىنى بىر كۈنى ئۆز قىساسىنى ئالماي قويمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۈرۈمچىنىڭ بۇ ئاتالمىش زامانىۋى مەدەنىيىتى، زامانىۋى تۇرمۇش شەكلى ۋە ھەقىقى، ساپ تەبىئەتتىن مۇستەسنا بولغان مۇھىتى ئوغلۇمنى يەپ كېتىۋاتىدۇ. چوڭلارمۇ بۇ خىل رېئاللىقتىن خالىي ئەمەس، ئەلۋەتتە. ئادىمگەرچىلىك كۈنسايىن سۇسلىشىپ، ئىجتىمائىي ئەخلاق بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىپ، ئىنسانلار ئۆز تەبىئىتىدىن ياتلىشىپ كېتىۋاتقان ئىجتىمائىي مۇھىت بۇنىڭ دەلىلى.



تەبىئەت — دۇنيادا جەلپ قىلىش كۈچى ئەڭ يۇقىرى بولغان تەربىيىچى. ئۇنىڭ تەربىيىلەش

www.uyghurkitap.com

دائىرىسى ئىنتايىن چەكسىز، تەربىيىلەش مەزمۇنى ئىنتايىن مول، تەربىيىلەش ۋاستىسى ئىنتايىن كۆپ. ئەپسۇسكى، ئۈرۈمچىدە بۇ تەربىيىچىنىڭ ھالى بەك خاراب. ئېنىقكى، مەكتەپلەر ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىمۇ بۇ تەربىيىچىنىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ. چۈنكى، مەكتەپلەر ئەزەلدىن بالىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىشنى زىيادە قوغلىشىپ، ھېسسىيات (مېھرى - مۇھەببەت) تەربىيىسىگە سەل قارايدۇ.

ئىنسان ئەقىل بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە تەڭ تەربىيىلەنمىسە پاجىئەدىن قۇتۇلالمايدۇ. ھەممە جەھەتتە يۈكسەك تەرەققىياتقا ئېرىشكەن ئامېرىكىلىقلار، يۇقىرى تېخنىكا شارائىتىدا چوڭقۇر ھېسسىيات ئاجىزلىشىپ كەتسە ماددىي رېئاللىق بىلەن مەنىۋى رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلۇپ، ئېرىشكىنى بىلەن يوقاتقىنى تەڭلىشىپ قالىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەندىن كېيىن، «چوڭقۇر ھېسسىيات» تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلىپ بۇ جەھەتتىكى تەربىيىنى مۇھىم كۈن تەرتىپكە كىرگۈزگەن. ئۇلار بۇ جەھەتتە شۇنچىلىك ئىنچىكىلىگەنكى، ھەتتا ھامىلدار ئاياللارنى دوختۇرخانىدا ئەمەس ئائىلىدە بوشاندۇرۇش ئائىلە ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدا چوڭقۇر ھېسسىيات يېتىلدۈرۈشكە پايدىلىق دېگەننى تەشەببۇس قىلىشقان. ئۇلارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ھامىلدار ئاياللارنى ئائىلىدە بوشاندۇرغاندا، بارلىق ئائىلە ئەزالىرى يېڭى بىر جاننىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىشىنىڭ قانچىلىك مۈشكۈل بولىدىغانلىقىنى، ئانا بولغۇچىنىڭ بۇ جەرياندا قانچىلىك ئازاپ چېكىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلىسا ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىش، ئۆز ئارا كۆيۈنۈش، ئانىلارنى ئۇلۇغلاش، ئۇرۇق - تۇغقانلىق مېھرىنى قەدىرلەش جەھەتتە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېسسىيات تەربىيىسىگە ئىگە بولىدىكەن. ئەگەر ھامىلدار ئايال دوختۇرخانىدا تۇغدۇرۇلۇپ، ھەپتىدىن كېيىن بالىسىنى يۆگەككە ئوراپ كۆتۈرۈپ، بازاردىن كاللەك بەسەي سېتىۋالغان كىشىدەك كۈلۈپ ئۆيىگە قايتىپ كەلسە، ئائىلە ئەزالىرى ھېچقانچە چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگە بولمايدىكەن.

چەت ئەللىكلەرنىڭ سەيلە - ساياھەتكە كۆپ چىقىشىدىكى ئالاھىدە مەقسەتلەرنىڭ بىرى، دەل تەبىئەت بىلەن كۆپ ئۇچرىشىپ ئۆزگىچە ھەم مول تەسىرلىنىشلەرگە مۇيەسسەر بولۇش ئۈچۈندۇر. ھەقىقەتەنمۇ شەھەر مۇھىتى ئادەمنى ھەممە ئىشتا تەھلىل بىلەن ياشاشقا، قائىدە - تۈزۈملەرگە ئەمەل قىلىپ ئۆتۈشكە مەجبۇرقىلىدۇ. شەھەرلىكلەر بىلەن توختاملىشىپ مۇئامىلە قىلمىساڭ، لەۋزىگە ئىشىنىش مۇمكىن ئەمەس. شەھەر كوچىلىرىدا سەھرانىڭ توپىلىق يولىدا ماڭغاندەك ئەركىن خىيال سۈرۈپ مېڭىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدىلەتىن بىر خىيالغا چۆكۈپ كېتىۋاتساڭ كۆزۈڭگە «يەر ئاستى يولى بىلەن مېڭىڭ» دېگەن خەتلەر چېلىقىدۇ - دە، ئۆزۈڭگە كېلىشكە مەجبۇر بولىسەن. شەھەردە قىزىل - يېشىل چىراقلار بىلەن ئالا - بالداق يول بەلگىلىرىگە ئەمەل قىلىپ مېڭىشنىڭ ئۆزىلا كىشىنى چارچىتىۋېتىدۇ. شاۋقۇن - سۈرەننىڭ قۇلاق - مېڭەڭنى يېيىشى، كىشىلەرنىڭ سېنى قېقىپ - سوقۇپ ئۆتۈشلىرى ۋە تونۇش - بىلىش چىرايلارغا راست - يالغان تەبەسسۇم قىلىپ مېڭىشلار تېخى بۇنىڭ سىرتىدا. شۇنداق قىلىپ ھېرىپ - ئېچىپ ئۆيىڭگە كېلىسەندە، ياكى بېغى، ياكى ھويلىسى يوق قەپەزدەك تار ئۆيىڭدە پۈت - قولۇڭنى سوزۇپ يېتىپ «يۈكسەك ئاپتونومىيە» دىن تولۇق بەھرىمەن بولىسەن. مانا بۇ دەل بەختسىزلىك ئىچىدىكى بەخت!

تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرمىغان كىشىنىڭ قەلبى قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ. شۇڭا جىنايەت ۋە شۇملۇقلار كۆپىنچە شەھەرلەردە يۈز بېرىدۇ. ساختىپەزلىك ۋە كاززاپلىقلارغا شەھەر كوچىلىرىدا كۆپرەك دۇچ كېلىسەن. نامەردلىك ۋە شەپقەتسىزلىكلەرنىڭ شەھەر نوپۇسىغا ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرەتكە تولىسەن . . .

ئاتا - ئانىلىرىمىز 20 - 30 يىللاپ «تاغ - دەريالارنى بويسۇندۇرۇپ، تەبىئەت ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز» دېگەندەك ئاتالمىش ئىنقىلابىي ئىرادىنى نامايەن قىلىدىغان شوئارلارنى توۋلىغان. بۈگۈنكى كۈندىكى يېڭى قاراش بولسا، ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى تەبىئەتنى بويسۇندۇرغۇچىدىن تەبىئەت بىلەن ھەمكارلاشقۇچىغا ئايلىنىشتىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك، دەپ ھېسابلىماقتا. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىن نۇرغۇن كۈلپەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن ئېرىشكەن ئېتىقادىمىزدۇر. تەبىئەتنى تالان - تاراج قىلىش ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلار - يىللار بويىچە ئۆدا ئېشىشىنى قوغلىشىپ مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىغا پىسەنت قىلماسلىق، ئاخىرىدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش پۈتكۈل ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن ئېغىر مەسىلە. بۇ بىرخىل مۇقەررەر ھالاك بولۇش پەلسەپىسىنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى.

گورباچېۋ «ئىسلاھات ۋە يېڭى تەپەككۇر» ناملىق كىتابىدا «بىز ھەممىمىز يەر شارىدىن ئىبارەت بۇ كېمىدىكى يولۇچىلارمىز. شۇڭا، بۇ كېمىنى غەرق قىلىۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نوھ ئەلەيھىسسالام كېمىسىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» دەپ خىتاب قىلغان. بۇ خىتاب پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ نۆۋەتتىكى يەر شارى مۇھىتىنىڭ ناچارلىشىشى ھەققىدىكى ئەندىشە ئېڭىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. ئەپسۇسكى، تەبىئىي مۇھىتى كۈنسېرى بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقان ئۈرۈمچىدە «مەدەنىيەتلىك ئۈرۈمچىلىكلەردىن بولايلى» دەپ تاملىرىنى شوئار بىلەن تولدۇرۇۋالىدىغان ئۈرۈمچىلىكلەرنىڭ ئېڭىدا تېخى بۇنداق ئاڭ شەكىللەنمەيۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۈگۈنكى دۇنيادا مۇھىت ئېڭىغا ئىگە بولمىغان ئادەمنى «مەدەنىيەتلىك ئادەم» دېگىلى بولمايدۇ. پەرەز قىلىش تەس ئەمەسكى، ئىس - تۈتەككە تولغان بۇ شەھەر مۆلچەرلىگۈسىز كېلەچەككە دۇچ كېلىۋاتىدۇ.

بولغانغان تەبىئىي مۇھىت بىزنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە كاردىن چىقارماقتا. كۆپىنچە كۆرگەن پىشقەدەملەر: «60 - يىللاردىن ئىلگىرى ئۈرۈمچى تولىمۇ گۈزەل شەھەر ئىدى، بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايراپ تۇراتتى، مەھەللە - كويلار ياپيېشىل قارىياغاچلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى، كوچىلاردا ئادەملەر شالاڭ ئىدى. كىشىلەر ئاساسەن دېگۈدەك بىر - بىرى بىلەن تونۇشاتتى» دېيىشىپ ھەسرەت چېكىشمەكتە . . .

مەن ھەمىشە ئوغلۇم كامالتۈركنىڭ تەقدىرى بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ رېئاللىقىنى بىرلەشتۈرۈپ خىيالغا پاتىمەن. بىز ئەلۋەتتە رەھىمسىز تەقدىرنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزغا سېلىۋاتقان تەھدىتىگە ئۆزىمىزنىڭ ئۇسۇلى ئارقىلىق تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزىنى بىزار قىلىپ كەلگەن مەسىلىلەرنى ھەمىشە ۋاقىتنىڭ ۋە ئالەمنىڭ كەينىدىكى كۈچنىڭ ھەل قىلىشىغا قالدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىپىك ئىنكاسى «غەزەپ بىلەن سۈكۈت قىلىش»تىن ئىبارەت. مېنىڭچە، شەخسنىڭ ئەندىشىگە ۋە خەۋپكە تولغان مۇھىتنى ئىدارە قىلىشقا چامى يەتمىسىمۇ، لېكىن، ئۆزىنى ئىدارە قىلىشقا ۋە ئۆزىنى يارىتىشقا چامى يېتىدۇ.

ئۈرۈمچىنىڭ بۇلغانغان تەبىئىي مۇھىتى ۋە قاشاق ئىجتىمائىي مۇھىتى ھەر بىر ئادەمنىڭ جىسمانىيىتى ۋە روھىيىتىگە تەھدىت سالماقتا. مەن ئوغلۇم كامالتۈركنىڭ ئىنسانغا خاس قەلبكە ۋە ئالىيجاناب مەنىۋى دۇنياغا ئىگە بولۇشىنى كۆزلەپ ئۇنىڭغا ئالدى بىلەن تەبىئەتنى تونۇتۇش جەھەتتە نۇرغۇن ئۇرۇنۇشلارنى قىلدىم. ھەتتا، سىم تورغا سولاپ ئۆيۈمدە نەچچە ئاي كىرپە باقتىم. مەن بۇ ئىشلىرىمنى بىھۇدە دەپ قارىمايمەن. چۈنكى باللىق قەلب تەبىئەتتىن تىل بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان نەرسىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىنى بېيىتىدۇ. تاسادىپى پۇرسەتتە، قوينىڭ قوزىلىشىغا «تۇغۇت ئانىسى» بولۇپ قالغان بىر بالا ئۈچۈن ئېيتقاندا مۇنداق مەنزىرە ئۇنىڭ ئېسىدە مەڭگۈ ساقلىنىپ قالىدۇ ھەم ئانا - باللىق مۇھەببەتنىڭ يارقىن سىماسى بولۇپ ئورناپ قالىدۇ. مەن مۇشۇنداق ئەھۋالغا بىۋاسىتە ئىشتىراك قىلىپ كۆرگەن بولغاچقا، ئىشەنچ بىلەن شۇنداق ئېيتالايمەن. تەبىئەت — ئىنسانلار ئۆز تەرەققىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئوقۇغان، شۇنداقلا مەڭگۈ ئوقۇپ تۈگىتىپ بولالمايدىغان بىباھا قامۇس. شۈبھىسىزكى، ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆزىمۇ ئاشۇ قامۇسنىڭ بىر ۋارىقى. شۇڭا، پەيلاسوپلار تەبىئەتنى چۈشەنمىگەن ئادەم ئۆزىنى چۈشەنمەيدۇ، ئۆزىنى چۈشەنمىگەن ئادەم تەبىئەتنى چۈشەنمەيدۇ، دەپ ئېيتىشىدۇ.

ئۈرۈمچىدەك بىر شەھەردە تەبىئەتنى تونۇش ۋە چۈشىنىش زور چەكلىمىگە ئىگە بولىدۇ. باللارغا كۆكتاتچىلاردىن ئالغان سەۋزە - چامغۇرنى تونۇتساقمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ كۆكتاتچىنىڭ ھارۋىسىغا چىققىچە قانداق «كۈنلەر»نى باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالىمىز. تېلېۋىزوردا بىرەر ھايۋان كۆرۈنۈپ قالغۇدەك بولسا، «ئەنە ئاۋۇ پۈكۈنى ھايۋان» دەپ ئالدىراپ - سالدىراپ كۆرسىتىپ قويىمىز، ئەمما، ئادەت - خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمايمىز. قاپاق تېرەكلىك ھويلىنى كۆرسىتىشنى بولسا، تۇغقان يوقلاپ يۇرتقا بارغاندا كۆرسىتىمەن، دەپ كۆڭلىمىزگە پۈكۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولىمىز. تەبىئەتنىڭ مۆجىزىدەك مەنزىرىلىرىنى ۋە ھادىسىلىرىنى كۆرسىتىشكە پۈتۈنلەي ئامالسىز قالىمىز. چۈنكى ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىق بىزنى يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. قارىغاندا كامالتۈركنى سەھرانىمۇ چۈشىنىدىغان، شەھەرنىمۇ چۈشىنىدىغان، تەبىئەتنىمۇ چۈشىنىدىغان، جەمئىيەتنىمۇ چۈشىنىدىغان قىلىش بەكمۇ قىيىن ئوخشايدۇ. شۇنىسى ماڭا ئايانكى، بۇ مەقسەتكە يەتمەي بولمايدۇ. چۈنكى ئەسلەشكە ئەرزىگۈدەك ئۆزگىچىلىكى بولمىغان، باللىق مەزگىلگە خاس مەزمۇنى بولمىغان، ساددا قەلبى تەبىئەت بىلەن تويۇنمىغان قاتمال، مەنىسىز باللىق ھايات ئىنساننى مەڭگۈ ھەسرەتكە ھامىلدار قىلىدۇ.

ھەي، ئۈرۈمچى، ھەي، كامالتۈرك!

1998 - يىل 1 - مارت، ئۈرۈمچى

ئاپتور: «شىنجاڭ مائارىپ گېزىتى»نىڭ مۇھەررىرى (M1)


## ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى كۆچكەنلىكى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

ژۇرنىلىمىز تەھرىر بۆلۈمى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى خىزمەت بىناسىغا كۆچتى. ۋاقىپلىنىپ قېلىشىڭىزلەرنى سورايمىز.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - قورۇ، پوچتا نومۇرى: 830001، تېلېفون نومۇرى: 2856942، ئالاقىلاشقۇچى: قۇربان مامۇت، رىسالەت مۇھەممەت.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى

شېئىر ۋە شېئىر



# يازمايدىغان كىشىلەر

بوغدا ئابدۇللا

ھەر بىر پارچە شېئىر ئۆزىگە تەۋە بولغان مىللىي تۇپراقتىن تۆرۈلىدۇ! ئەگەر بىز بۆشۈكتە ياتقان چېغىمىزنى ئەسلىيەلىسەك، ئانىلار ئېيتقان ئەللەي ناخشىسىدىن تارتىپ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلگە تاۋۇتتا كېتىۋېتىپ ئېيتىلغان مەرسىيە - قوشاقلارنى ئاڭلىيالىساق، شەك - شۈبھىسىزكى شېئىر ئىنسانغا بىر ئۆمۈر ھەمراھ بولىدۇ، دېگەن خۇلاسىغا كېلىمىز.

بوۋاقلارنىڭ تىلى چىققىشقا باشلىغاندىن تارتىپلا ئۇلار ئادەم ۋە شەيئىلەرگە ئات قويۇشقا باشلايدۇ. بىز تازا دىققەت قىلساق، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى چۈشەنچىلىرى ئاھاڭ، رىتىم، ئۇرغۇغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا بىمەنە بولسىمۇ تەبىئىي قاپىيىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى شېئىرنىڭ ئامىللىرى بولۇپ، بۇ بىر خىل تۇغما قىزىقىشنى ئىپادىلەشتىن دالالەت بەرسە كېرەك. دېمەك، ئىنسان ئۆزى ھېس قىلمىغان ھالدا تا ئۆزى تاكاممۇللاشقىچە ۋە ئاخىرىغىچە شېئىر مۇھىتىدا ياشايدۇ. ھەر قانداق كىشى مۇقەررەر ھالدا ئاز دېگەندە ئۆز مىللىتىنىڭ بىر قانچە كوبلىت قوشاق، بېيىتنى، غەزەلنى تەبىئىي ھالدا بىلىدۇ. ئۇ، خۇشال يا خاپا بولغاندا، يا نۇتۇق سۆزلىگەندە بۇلاردىن پايدىلانماي قالمايدۇ.

ئادەتتە كىشىلەر شېئىرنى شائىر يېزىپ چىقىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، بۇ راست، لېكىن شېئىرنىڭ ماتېرىيالى بۇ ئەسلى شائىرنىڭ كاللىسىدىكى تەييار نەرسە ئەمەس، ئۇ تەبىئەتتە، جەمئىيەتتە بىز كۆرۈپ تۇرۇپ ھەقىقىي كۆرمەيۋاتقان، بىز ئاڭلاپ تۇرۇپ ھەقىقىي ئاڭلىمايۋاتقان شەيئى.

سىز شېئىر يازماسلىقىڭىز مۇمكىن، لېكىن سىزدە شېئىرىي ھېسسىيات، نۇتۇق، پىكىر، ئاساس يوق دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ، بۇنىڭدىكى گەپ ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە دىققەت قىلمىغانلىقىدا.

بىر پارچە شېئىرنىڭ پۈتۈشى ئاپتور بىلەنلا مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ ئۇنداق ئەمەس، ئەگەر شائىر پەقەت قۇرۇق كاللىسىغا تايانسا ئۇنىڭدىن نېمە چىقاتتى. تۇرمۇش رەڭگا - رەڭ بولىدۇ، ھەر بىر كۈن، ھەر بىر دەقىقە بىزنى بىز ئويلىمىغان، كۈتمىگەن ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ ھەمدە بىزنىڭ ھاياتقا بولغان تونۇشىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ،

تەپەككۇرىمىزنى جانلاندۇرىدۇ. يۈزەكى تۇرمۇش تەجرىبىسى بىلەن ھېچ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ، تۇرمۇشنى مەڭگۇ ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش كېرەك. شېئىر، بىر ئادەم يازىدىغان ھەممە ئادەم باھالايدىغان ساھە.

ئادەتتە، شائىرنىڭ دىققىتى ھەر قانداق نەرسىدە بولىدۇ، ئۇ قانداقتۇر بىر نەرسىنى ئىزدەيدۇ، مانا بۇ، ئۇ ئىزدەپ يۈرگەن «گۆھەر». بۇ، شائىر تۇرمۇشىدىكى ئاساس، خېمىر تۇرۇچ. مەسىلە، پەقەت بۇ «گۆھەر» نىڭ دەرىجىسىنى قانداق بېكىتىش ياكى ئۇنى قانداق تاللىۋېلىشتىن ئىبارەت. شائىر ئۇنى قايتا پىششىقلاپ بىر خىل مەنىۋى مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرغاندا، بۇنىڭ قىممىتىنى بىلىدىغانلار ياچىقىدۇ، يا چىقمايدۇ. بايقىغۇچى بولمىسا يەنە بولمايدۇ، چۈشەنگۈچى بولمىسا يەنە بولمايدۇ. چۈنكى شېئىر ھاياتقا تۇس كىرگۈزىدۇ ھەم ھاياتنى بىلگۈزىدۇ. خەلق بولمىسا شېئىر بولمايدۇ، مىللىي تۇپراق بولمىسا شېئىر تېخىمۇ بولمايدۇ. ھايات شېئىرنى يارىتىپ تۇرىدۇ.

قەدىمدە «ئۆي - شېئىرنىڭ بۆشۈكى» دەيدىغان تەمسىل بار ئىكەن. چۈنكى ئائىلە جەمئىيەت ۋە مىللەتنىڭ ئەڭ كىچىك ھۈجەيرىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھاياتلىقنى ۋە شېئىرىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شائىر ئۆز شېئىرلىرى بىلەن ئائىلە قۇرىدۇ. ھەر بىر ئائىلە شېئىرىي مۇھىتتا ياشايدۇ ھەمدە شېئىرىي پەلسەپىنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇرىدۇ، بۇ، ھەر بىر ئائىلە ئەزاسىنىڭ يېتىلىشىدە كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر ھالقا. خەلق قوشاقلىرىنى ئىجاد قىلىدىغان، تولۇقلايدىغان، مۇكەممەللەشتۈرىدىغان ھەم ئۇنىڭغا رەڭ بېرىدىغانمۇ ئائىلە ئەزالىرىدۇر. شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئائىلىنى ئەڭ كىچىك روھ بىرلىكى دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

ئانا ئائىلىدە ئەڭ ئاساسلىق، بىلىملىك مۇئەللىم بولۇشى كېرەك، ئەگەر ئۇ ساۋاتسىز، نادان، ھەر نەرسىدىن بىخەۋەر بولسا، ئۇ چاغدا ئەۋلاد بەرىبىر نادان، قارا قورساق بولۇپ قالىۋېرىدۇ. ئانا ئەۋلادنىڭ مۇكەممەل يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ھەر بىر ئانا ئالدى بىلەن شائىر، ئۇ، ئۆزىنىڭ ئىسسىق قانىتى بىلەن ئائىلىسىگە شېئىرىي گۈزەللىك يارىتىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭ كۆيۈمچانلىقى، مېھرىبانلىقى، ئاقكۆڭۈللىكى، پىداكارلىقى، ئۆزىنى قۇربان قىلىش روھى شېئىرنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى. شېئىر ئۆلمىسە ئانا ئۆلمەيدۇ، ئانىلار مەۋجۇت بولۇۋېلا تۇرىدىكەن، شېئىر كۆكلەپلا تۇرىدۇ. شائىرنىڭ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىمۇ ئانا ئارقىلىق قانغا ئۆتكەن ھېسسىيات، سەمىمىيەت، پاكلىق، مۇھەببەت، ھەققانىيلىق. شائىرنى تۇغقانمۇ ئانا، شائىر ئانىنىڭ كۆزى، ئانا شائىرنىڭ كۆزى. ئەگەر شائىر ئاشۇ كۆز بىلەن دۇنيانى كۆزەتمەيدىغان بولسا سەنئەت يارىتالمايدۇ. يۇقىرىقى ئاساسلار بويىچە ئېيتقاندا، ھەر بىر ئائىلە خۇددى شېئىرىي مەنزىرىدەك دۇنياغا كېلىدۇ ۋە يېڭىلىنىپ تۇرىدۇ.

ھەر كىم دۇنيادا بىر ئارمان بىلەن ياشايدۇ. كىشىلەرگە تەقدىرنىڭ قانداق مۇئامىلە قىلىشىدىن قەتئىينەزەر، مەيلى ئۇ ئېرىشەلىسۇن ياكى ئېرىشەلمىسۇن، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ھېسسىيات دولقۇنىدا شېئىردىن بىر خىل گۈزەللىكنى ئىزدەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىپادىلىنىۋاتقان مەزمۇن بىر خىل تارىخىي تەجرىبىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرمۇش پەلسەپىسىدىن ئىبارەت. بىزگە ئەڭ ئەسقاتىدىغىنى يەنىلا خەلقنىڭ پەلسەپىسى. بۇ، ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەت. دەرۋەقە، ساغلام پىسخىكىدىن ساغلام پەلسەپە تۇغۇلىدۇ، شېئىر بۇ يەردە پەقەت ئۇنى ئىپادىلەيدىغان بىر ۋاسىتە.



مەن شۇنداق پەخىرلىنىمەنكى، بىزدە شېئىر يازمايدىغان كىشىلەر شېئىرىي مۇھىتتا ياشايدۇ، شېئىرىي ھېسسىياتتا گەپ قىلىدۇ، يېڭىدىن يېڭى ئوبرازلارنى يارىتىدۇ.

بۇ دۇنيادا سەنئەت، شېئىر ھېچنېمىنى نېسى قويمايدۇ. شېئىر بىلگەن خەلق غالىب خەلقتۇر. شېئىر دېگەن قەدىم، شېئىر دېگەن تەسەللىي، شېئىر دېگەن كېلەچەك. (M1)

1998 - يىل 13 - يانۋار، ئۈرۈمچى

ئابلىز خوجامنىياز فوتوسى

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ دوتسېنتى



www.uyghurkitap.com

# ھېكايىلەر ھەققىدە «ھېكايە»لەر



ئابلەت قەييۇم

مەسىلە ئىككى: بىرى تورغاي پاجىئەسى، يەنە بىرى تورغاي قىساسى. تورغايلار ئۇچالماس بولۇپ قالدى. بۇ، تورغاي پاجىئەسى. «ئۇ» (راھمان ۈرغاي) قاماققا چۈشتى. بۇ، تورغاي قىساسى. رغاي پاجىئەسىنىڭ جاۋابكارى كىم؟ تورغاي ساسىنىڭ جىددىي سىگنالى نېمە؟

تورغاي پاجىئەسىنىڭ جاۋابكارى تورغايلارنىڭ ۈزى. چۈنكى مەسىلىنىڭ ئاساسلىق تەرىپى ۈرغايلارنىڭ قەپەزگە چۈشۈرۈلگەنلىكى ئەمەس، قانداق قىلىپ قەپەزگە چۈشۈپ قالغانلىقى. ئۇنداقتا تورغايلار نېمە ئۈچۈن قەپەزگە چۈشتى؟ بەلكىم نەپسىنى دەپ «ئۇ» نىڭ قىلتىقىغا دەسسىگەن گەپ. تورغايلار نېمە ئۈچۈن ئۇچالمىدى؟ چۈنكى ئۇلار قەپەزگە چۈشكەندىن كېيىن ئەركىن پەرۋاز قىلىش روھىنى يوقاتتى، قەپەزگە كۆندى. ئۇنداق بولمىغىنىدا، ئۇلار قەپەزدىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن پەرۋاز قىلىشقا ئىنتىلگەن، قەپەزدىن ئازاد بولغىنىدا، پەرۋاز قىلىپ ئۇچالىغان، ئۇچالمىغان ھالەتتىمۇ يۈگرەپ قەپەزگە كىرىۋالمىغان بولاتتى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، تورغايلارنى ئۇچالمىدى دېگەندىن كۆرە ئۇچمىدى دېگەن تۈزۈك.

«ئۇ» نېمە ئۈچۈن تورغاي قىساسىنى تارتتى؟ بۇ، زوراۋانلىقنىڭ مۇقەررەر ئاقىۋىتى.

تورغاي قىساسىنىڭ جىددىي سىگنالى نېمە؟ قەپەزچىلىكتىن قول ئۈزۈشكە ئاگاھلاندۇرۇش. ئۇنىڭ تورغايلارنى ئازاد قىلىشى ئاگاھلاندۇرۇشقا پىسەنت قىلغانلىقىمۇ؟ ياق. بولمىسا ئۇ نېمە ئۈچۈن تورغايلارنى ئازاد قىلدى؟ چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قاماققا ئېلىنىشىنى تورغايلارنى قەپەزگە سولىغانلىقتىن كۆردى. لېكىن ئۇنىڭ تورغايلارنى ئازاد قىلىشى گۇناھىنى تونۇپ، توۋا قىلغانلىقى بولماستىن، بەلكى ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان كۈرىشى. تورغايلار چۈشكەن قەپەز بىلەن «ئۇ» چۈشكەن «قەپەز» نىڭ پەرقى نېمە؟ تورغاي قىساسى ھەققىدىكى گېپىمىزنىڭ دەۋرلىنىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەپەزگە مەھكۇم بولۇشىدىكى سەۋەبلەرگە كۆرە، تورغايلار چۈشكەن قەپەزنى زۇلۇم ۋە زورلۇق قەپىزى دېسەك، «ئۇ» چۈشكەن قەپەزنى ھەققانىيەتنىڭ قەپىزى دېمەي، قىساس قەپىزى دەپ تۇرايلى.

تورغايلار ئۇچالمىدى. بۇنىڭغا خوپ بوپتۇ، دېدىم. «ئۇ» قاماقتا ياتتى. بۇنىڭغىمۇ خوپ بوپتۇ، دېدىم. «ئۇ» تورغاي سولانغان قەپەزنى، مەن «ئۇ» سولانغان قەپەزنى تۇتۇپ ئولتۇراتتىم. «ئۇ» بىردىنلا تورغايغا ئايلاندى. مەن چۆچۈپ كەتتىم. مەنمۇ تورغاي قىساسىغا قالارمەنمۇ؟

«ئۇ» تورغاي سولانغان قەپەزنى، مەن «ئۇ» سولانغان قەپەزنى تۇتۇپ چوڭ بىر قەپەزنىڭ ئىچىدە ئولتۇراتتىم. ئەگەر بۇنى جازالاش دېسە، كىمنىڭ ھەقىقىي جازاغا لايىق ئىكەنلىكىنى، شۇتاپتا كىمنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى تارتىۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمايتتىم. ئۆزۈم سولانغان قەپەزگە قارىدىم. ھەممىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى قەپەزگە سولىۋالغانلىقىمىزنى، ھېچكىمنىڭمۇ قەپەزنىڭ سىرتىدا ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم. مانا بۇ تورغاي قىساسى ئەمەسمۇ دەپ ئويلىدىم.

«ئۇ» تورغاينى قويۇۋەتتى. مەن «ئۇ» نى قويۇۋەتتىم. قەپەزلەر كۆرۈنمەيتتى، «ئۇمۇ»، ئۆزۈممۇ كۆرۈنمەيتتىم. پەقەت بىر تورغاي ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇنى كىم كۆردى؟ ئۆزىنى ئۆزى.

ئويغىنىپ كەتتىم. چۈش كۆرۈپتىمەن. يېنىمدا ئۇخلاشتىن ئىلگىرى ئوقۇغان «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 1995 - يىللىق 1 - سانى تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېچىقلىق بېتىدىكى ماۋزۇغا كۆزۈم چۈشتى: «تورغاي».

## 2

«يامان چۈش»، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 - يىل 6 - سان.

يامان چۈش بىشارەت بەرگەن يامان ئىش ئاخىرى يۈز بەردى. بوۋاي ئۈچۈن قىممەتلىك بايلىق، ئەڭ زور ئېپتىخار، مۇقەددەس تەۋەررۈك بولغان يەرنى ئوغلى سېتىۋەتتى. بوۋاي بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئىختىلاپ تۇغۇلدى. بوۋاي بىلەن ئوغلى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تۆۋەندىكى تەرەپلەردە

ئىپادىلەندى:

بىرىنچى، خاراكتېرى جەھەتتە

بوۋاي خوراپىي ئىدى، شۇڭا يامان چۈش ئۇنى قاتتىق ئەنسىزچىلىككە سالدى. ئوغلى ئېتىقادسىز ئىدى، شۇڭا يامان چۈش كۆرۈپ قېلىشتىنمۇ ئەنسىرىمەيتتى.

بوۋاي قانائەتچان ئىدى. ئۇ، ئۆزلىرىگە جان ئوزۇقى بولۇپ كېلىۋاتقان بىر پارچە يېرىدىن قانائەتلىنەتتى؛ ئوغلى ناشۈكرى ئىدى. ئۇ، يەر بىلەن ئۆتكەن كۈندىن قانائەتلەنمەيتتى.

بوۋاي ئىخلاسمەن ئىدى. ئۇنىڭ يەرگە بولغان ئىخلاسىغا ئەجدادلىرىغا بولغان ئىخلاسى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى؛ ئوغلى ئىخلاسسىز ئىدى، ئۇ، قانچە ئەۋلاد ئەجدادىنىڭ قان - تەرى سىڭگەن يەردىن مېھرىنى ئۈزۈشتىن يانمىدى.

بوۋاي مۇتەئەسسىپ ئىدى. ئۇ، ئەجدادلىرىنىڭ يەر - ئىگىلىككە ۋارىسلىق قىلىپ، ئەجداد ھالىتىدە قېتىپ قالغانىدى؛ ئوغلى ئىنكارچى ئىدى. ئۇ، ئەجداد ئۇدۇمىدىن ھالقىمىدى، بەلكى ئۇنىڭدىن ياتلىشىپ كەتتى.

بوۋاي ئىشچان ئىدى. ئۇ، ئۆز يېرىگە ئەجدادلىرىغا ئوخشاش قان - تەر تۆكۈپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى؛ ئوغلى ھورۇن ئىدى. ئۇ، يەر تېرىپ جان بېقىشقا چىدىمايتتى.

بوۋاي يىراقنى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ھەر قانداق شارائىتتا يەردىن كەچمەيتتى؛ ئوغلى كالتا پەم ئىدى، شۇڭا ئۇ يەرگە يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى.

ئىككىنچى، ياشاش پەلسەپىسى جەھەتتە

بوۋاي يەرنى تەڭداشسىز بايلىق، ھاياتلىق بۇلىقى دەپ ھېسابلايدۇ. يەرنى ساتقانلىق جاننى ساتقانلىق، دەپ قارايدۇ. ئوغلى: «ئۆلىدىغان جاھاندا جاننى مۇنچە قىيناپ نېمە كەپتۇ، ئويناپ - كۈلۈپ ئۆتكۈلۈك . . .» دەپ ئويلايدۇ.

ئۈچىنچى، يەر مۇئامىلىسىدە

بوۋاي يەرنى قەدىرلەيتتى. چۈنكى بوۋاي يەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چۈشىنەتتى، يەرگە كۆپ ئەجرى سىڭگەنىدى؛ ئوغلى يەرنى قەدىرلىمەيتتى. چۈنكى ئۇ يەرنىڭ قەدىر - قىممىتىنى بىلمەيتتى، يەرگىمۇ تۈزۈك ئەجرى سىڭمىگەنىدى.

بوۋاي بىلەن ئوغلىنىڭ خاراكتېر سۈپىتى، ياشاش پەلسەپىسى، يەر مۇئامىلىسىدىكى ئوت بىلەن سۇدەك مۇناسىۋىتى ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى چوڭقۇر ھاڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. بۇ كۆرۈنمىش ئەۋلاد مەسىلىلىرىنىڭ ئەڭ نېگىزلىك نۇقتىسىنى ئەكس ئەتتۈرەتتى. بىراق «يامان چۈش» مەسىلىنىڭ بۇ تەرىپىگە دىققەت قىلماي، ئىجابىي ھەم سەلبىي پەرقلەر ئېتىبارىدىن ئەل قاتارى پىكىر قىلدى.

بوۋاي بىلەن «يامان چۈش» نىڭ پىكرى بىردەك. بوۋايمۇ ئوغلىنى ئەيىپلەيدۇ. «يامان چۈش» مۇ بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئەيىپلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ئەيىپلەش ئاساسلىرىمۇ ئوخشاش، ھەر ئىككىسىلا بالىنىڭ «دۆت، خام كاللا، ناكەس، تايىنى يوق، ئىش ياقماس، قولىدىن ئىش كەلمەس» لىكىنى ئەيىپلەيدۇ. بوۋاينىڭ ئوغلىنى ئەيىپلىشى جەمئىيەت خاراكتېرلىك ئىجتىمائىي مەسىلە. لېكىن «يامان چۈش» كىمنى ئەيىپلەش كېرەكلىكى ئۈستىدە ياخشىراق ئويلاپ باققىنىدا، مەسىلىنىڭ نېگىزلىك نۇقتىسىغا يۈزلىنەلىگەن بولاتتى.

يامان چۈشنى بوۋاي كۆرسە، نېمە ئۈچۈن ئوغلى ئەيىپلىنىدۇ، دېيىلسە، بىمەنىدەك تۇيۇلىدۇ. چۈنكى يامان چۈشنى بوۋاي كۆرگەن بىلەن، يامان چۈش بىشارەت بەرگەن يامان ئىشنى ئوغلى قىلغان. شۇنداقتىمۇ ئىشنىڭ باش جاۋابكارلىقىنى بوۋايدىن كۆرمىكىمىز ھەق. بوۋاينىڭ كۆرگەن يامان چۈشى ئوغلىنىڭ يامان ئىشى ئەمەس بەلكى ئوغلىنىڭ كېلەچىكى، ئۆز گۇناھىنىڭ ئەۋلاد بېشىدىكى ئاقىۋىتى. ئۇنداقتا بوۋاينىڭ گۇناھى نېمە؟ ئاتىنىڭ پەرزەنت ئالدىدىكى بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلمىغانلىقى. ئوغلىنىڭ يەرنى سېتىۋەتكەنلىكى ئوغلىنىڭ «دۆت، خام كاللا» لىقىدىن بولدى. ئوغلىنىڭ «دۆت، خام كاللا» لىقى نېمىدىن بولدى؟ بۇنى بوۋاينىڭ خام كاللىلىقىدىن بولدى، دېيىش كېرەك.

بوۋاي بالا تېپىش، بالا بېقىشنىلا ئاتىنىڭ بالا ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتى دەپ چۈشىنەتتى. شۇڭا ئوغلىنىڭ «دۆت، خام كاللا، ناكەس، تايىنى يوق، ئىشتىن قاچىدىغان، ئەمگەك دېسە بېشى ئاغرىيدىغان، تەييارنى يەڭ دېسە ئالدىدا، ئويۇن - تاماشا، غەيۋەت - شىكايەت دېسە يەڭ تۈرۈپ چىقىدىغان، يەر تېرىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان» ئادەم بولۇپ چىقىشىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۆزىگە باغلىق دەپ قارايتتى. «يامان چۈش» نىڭ مەنتىقىسىمۇ بوۋاينىڭكى بىلەن ئوخشايتتى. ئەمدى بىز رېئاللىققا قاراپ باقايلى.

ئەۋلاد خۇنۇكلىكىدىن زارلىنىش كۆز ئالدىمىزدىكى دەۋر ھالىتى. ئاتا - ئانىلار بالىلىرىنىڭ باش - باشتاقلىقىدىن دادلايدۇ، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارنىڭ غايىسىزلىقىدىن قاقشايدۇ، جەمئىيەت بالىلار ۋە ياشلارنىڭ ئاڭسىزلىقىدىن بىزار. ئەۋلادلارنىڭ شۇ قەدەر خۇنۇكلۇك ئىچىدە قېلىشىدىكى سەۋەب ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلار ئالدىدىكى تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلماسلىقىدىن ئىبارەت.

ئەجدادلارنىڭ ئەۋلادلار ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى تارىخ بىلەن كەلگۈسىنى، ئەنئەنە بىلەن تەرەققىياتنى، مىللىي مەدەنىيەت بىلەن دۇنياۋى مەدەنىيەتنى ئۇلاش، مىللەتنىڭ ساغلام پىسخىكىسى، ئالىيجاناب روھىنى پاكىزىيتى ئەۋلادلارغا سىڭدۈرۈش، مىللەتنى ئەۋلادلارغا دۇرۇس ھالەتتە تاپشۇرۇپ بېرىش. شۇڭا، ئەۋلادلارنىڭ مىللەت ئۇدۇملىرىدىن ياتلىشىپ كېتىشىنى ئەۋلادلاردىن كۆرە، مۇھىمى ئەجدادلارنىڭ ھالقىلىق رول ئوينىيالمىغانلىقىدىن كۆرۈش كېرەك.

ئىككى ئەۋلادنىڭ كېلىشەلمەسلىكى، بىر - بىرى بىلەن رەقىبلەردەك بولۇپ قېلىشى ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈكچىلىكنىڭ ئىپادىسى. بۇنداق ئۈزۈكچىلىكنىڭ جاۋابكارلىرى ئەجدادلار، بۇنداق ئۈزۈكچىلىكتىن ئەڭ چوڭ زىيانغا ئۇچرايدىغىنى ئەۋلادلاردۇر. دېمەك قارىماققا مەسىلە ئەۋلادلاردىدەك كۆرۈنىدۇ. ماھىيەتتە بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدا ئەجدادلارنىڭ مەسئۇلىيىتى چوڭ بولىدۇ.

. . .

بوۋاي بۇ نۇقتىنى چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئۇ: «ھازىرقى بالىلار نېمانداق ئادەم بولىدىغاندۇ؟» دەپ ئەقلىنى يەتكۈزەلمەيدۇ. «يامان چۈش» مۇ بوۋايغا بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈرۈپ قويالمايدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «يامان چۈش» نى ئەۋلاد خۇنۇكلىكىدىن دادلاۋاتقان رېئال كۆرۈنۈشلەرنىڭ كۆچۈرۈلمىسى دېيىشكە بولىدۇ.

دېگەنلىرىمىز ئوغلى قىلغان ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىغا بوۋاينى تارتىپ، ئەۋلاد خۇنۇكلىكىنىڭ

www.uyghurkitap.com

جاۋابكارلىقىنى بوۋاي ئارقىلىق تامامەن ئاتا - ئانىلارغىلا ئارتقاندەك تۇيۇلۇپ قالىدۇ. ئەگەر بوۋاي پەقەت ئاتا - ئانىلارغىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ دېيىلسە، ئاتا - ئانىلار بالىلار پاجىئەلىرىنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ناۋادا بوۋاينى ئۈچ ئاتا (ئاتا - ئانىلار، مائارىپ، جەمئىيەت) نىڭ ۋەكىلى دەپ چۈشەنسەك، ئۇنىڭ بالىلار پاجىئەسىگە نىسبەتەن جاۋابكارلىق سالاھىيىتى تېخىمۇ ئاشىدۇ.

«يامان چۈش» سىمۋوللۇق تۈستە ئاخىرلىشىدۇ. بوۋاي قەبرە تۆپىلىرى ئارىسىدىكى يۇمران بىخلارنى كۆرىدۇ. بۇ بىخلاردىن ئۈمىدلىنىپ كۆڭلى يورۇغاندەك بولىدۇ. بىراق بوۋاينىڭ كۆڭلىنى يورۇتقان بىخلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى بوۋاي ئۇقمايدۇ. چۈنكى بىخ بوۋاينىڭ كۆڭلىگە سىغمايدۇ. شۇڭا، ئۇنى روھىي غالىبىيەتچىلىك تىپىدىكى تەسەللىي (ئەجداد مەدىتى) دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ، بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ كېلەچىكىدىن ئۈمىدۋار بولۇشىمۇ ئەمەس. ئۇ، دەرمەھەللىككە بېخىلىنىۋاتقان ئەجداد روھىدەك سېزىلىسىمۇ ياكى كۆمۈلۈپ قالغان ئەجداد روھىنىڭ كۆنىدە كۆكلەپ باراقسانلىشىدىغانلىقىغا بولغان ئۈمىدۋارلىققا ئوخشىسىمۇ، بوۋاي ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆچكەن روھىدىن چىلىقتۇرالمايدۇ. «يامان چۈش» مۇ بىخلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىنى ياتلاپراق تۇرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسىدىن گۇمانلىنىلسا، ئۇ «يامان چۈش» كە چۈشكەن ياماقتەك بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقراق تۇيغۇ بىلەن قولاق سالساق، بوۋاينىڭ قولاق تۈۋىدە مۇنداق شېئىرلاشلار ئاڭلىنىدۇ:

يىلتىزلار ھايات، بىخلارمۇ بار. بوۋاينىڭ ئۈمىدى بىخ بولسا، بىخنىڭ ئۈمىدى يەر ۋە باھار.

مېنىڭمۇ تەخىرسىزلىك بىلەن مۇنداق دەپ پىچىرلاپ قويغۇم كېلىدۇ:

بىخنىڭ ئۈمىدى يەر ۋە باھار بولسا، يەر ۋە باھارنىڭ ئۈمىدى بوۋاي.

3

زوراۋان، قارا قورساق، ساختىپەز، نەپسانىيەتچى ھاۋاز سېكرىتار . . .

خارلىنىش، ناھەقچىلىك، بوزەكچىلىككە ۋىجدانەن ئىنكاس قايتۇرۇش توگۇل ھايۋانچىلىكمۇ (مۈشۈكچىلىكمۇ) ئىنكاسى بولمىغان نادان كىشىلەر . . .

يولسىز جورۇقلارغا قارشىلىق كۆرسىتىشتىن قورقمايدىغان داۋۇت داڭقان . . .

ئۆزلىرىگە خىرىس قىلىۋاتقان مۈشۈككە مەغرۇرلۇق، مەسخىرىلىك، ياراتمىغاندەك نەزەردە قاراپ قويۇپ، غەمسىز، خەۋپسىز، بەخىرامان ھالدا نان غاجاۋاتقان تولۇم چاشقانلار . . .

چاشقانلارنىڭ شەپىسىدىن سەگەكلەشكەن كۆزلىرىدىن نەپرەتلىك نۇر چاچراپ، كۆكرىكىنى قەپەزگە ئۇرۇۋاتقان، قەپەزدىن چىقالماي، بىزەك چاشقانلارغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ تۇرغان قەپەزدىكى مۈشۈك . . .

مانا بۇلار «چاشقان ئايىتى» («شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى 1997 - يىل 6 - سان) نىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى. بۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ مەنىسى مۇنداق:

زومىگەرلىك، قارا قورساقلىق، ساختىپەزلىك، نەپسانىيەتچىلىك . . . — ئىجتىمائىي ئاپەت.

خارلىنىش، مەھكۇملۇق، نامراتلىق . . . — ئىجتىمائىي كرىزىس.

نادانلىق، ئىنسانىي خۇنۇكلۇق، يۈرەكزادىلىك، قۇلچىلىق . . . — ئىجتىمائىي ئاپەت، ئىجتىمائىي كرىزىسلەرنىڭ ئۇلى ۋە مەھسۇلى.

«داڭقانپۇتى گەپ» لەر ئىجتىمائىي ئاپەتلەر بىلەن ئىجتىمائىي كرىزىسلەرنىڭ سەۋەب — نەتىجىلىك مۇناسىۋىتىنىڭ دەلىلى.

ئىجتىمائىي ئاپەت ۋە ئىجتىمائىي كرىزىسلەرنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەب ئىجتىمائىي ئېكولوگىيىنىڭ بۇزۇلغانلىقىدۇر. مۈشۈك بىلەن چاشقانلار ئېكولوگىيىسىنىڭ بۇزۇلۇشى مۇشۇ خىل ھادىسىنىڭ تەمسىلى.

مۈشۈك بىلەن چاشقان ئېكولوگىيىلىك مۆچەلەر. چاشقان ئايىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشى مۈشۈكلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك نىسبىتىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. نەتىجىدە مۈشۈك بىلەن چاشقاننىڭ سان جەھەتتىكى نىسبەت پەرقى چوڭلاپ كېتىدۇ ياكى مۈشۈكلەر چاشقان تۇتمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

— چاشقان ئايىتى شۇ قەدەر ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتسا، مۈشۈك نېمە ئۈچۈن قەپەزگە سولاپ قويۇلىدۇ؟

— مۈشۈكنى قوغداش ئۈچۈن (زەھەرلىنىپ ئۆلگەن چاشقانلارنى يەپ ئۆلمەسلىكى ئۈچۈن).

مۈشۈك نېمە ئۈچۈن قوغدىلىدۇ؟

— چاشقان ئايىتىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن.

راست، مۈشۈكنى قوغدىغانلىق ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغدىغانلىق. لېكىن ئۇنى قەپەزگە سولاپ باققانلىق ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغدىغانلىق ئەمەس. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ مۈشۈكنىڭ ئورنىغا زەھەرنى دەسسىتىش، ئېكولوگىيىلىك قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلمىغانلىق، بەلكى ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئىجتىمائىي ئېكولوگىيە مەسىلىلىرىمۇ مۇشۇ تەقلىتتە يۈز بېرىدۇ.

تولۇم چاشقانلارنىڭ يامراپ كېتىشى زوراۋانلىق، قارا قورساقلىق، ساختىپەزلىك، نەپسانىيەتچىلىكنىڭ يامراپ كېتىشىگە ئوخشايدۇ.

مۈشۈك سولانغان قەپەز زەھەر ۋەھىمىسى بىلەن نادانلىق — ئىنسانىي خۇنۇكلۇق، جۈرئەتسىزلىكنىڭ گىرەلەشمىسىدىن شەكىللەنگەن قاشقاق مۇھىتقا ئوخشايدۇ.

قەپەزدىكى مۈشۈك نېمىگە ئوخشايدۇ؟

مېنىڭ ئۇنى سەلبىيەتلەردىن يىرگىنىپ، ناھەقچىلىكلەرگە غەزەپلىنىپ، ئاچچىق يۇتۇپ لەختە بولۇپ كېتىۋاتقان يۈرەككە ئوخشاتقۇم كېلىۋاتىدۇ.

---

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تۇرپان ئازسانلىق مىللەتلەر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىنى تەربىيىلەش مەركىزىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

ماشىنىستلار: ماشىنكىدا ئارزۇگۈل ئېلى، كومپيۇتېردا گۈلنار رۇستەم (تەكلىپ قىلىنغان)



## مەشھۇر نۇتۇقلار

-- نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ نۇتۇقلىرىدىن

# لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى

## -- گارسىيا ماركوسنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى

ماگېللان بىلەن تۇنجى قېتىم يەر شارى سەپىرى قىلغان فلورونسىيىلىك دېڭىزچى ئانتونىنى پىكاپېتتا جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىن ئۆتكەندە كۆرگەن ئاڭلىغانلىرىنى ئەينەن خاتىرىلەپ قالدۇرغان . ئوقۇماققا ئۇنىڭ يازغانلىرى توقۇپ چىقىرىلغان خىيالىي خاتىرىلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ يېزىشىچە، ئۇ، دۈمبىسىدە كىندىكى بار توڭگۇزلارنى، پۇتى يوق قۇشلارنى كۆرگەن . بۇ قۇشلارنىڭ چىشىلىرى تۇخۇمنى ئەركىكىنىڭ دۈمبىسىگە تۇغىدىكەن . يەنە تىلى يوق ساقا قۇشلارمۇ بولۇپ ، تۇمشۇقى بەئەينى قوشۇققا ئوخشايدىكەن . ئۇ، يەنە مۇنداق بىر غەلىتە ھايۋانىنىمۇ كۆرگەن، ئۇنىڭ بېشى ۋە قۇلىقى ئېشەكنىڭكىگە، بەدىنى تۆگىنىڭكىگە، پۇتى بۇغىنىڭكىگە، ئاۋازى ئاتنىڭكىگە ئوخشايدىكەن. ئۇنىڭ يەنە تەسۋىرلىشىچە، بىر پارچە ئەينەكنى پاتاگونىيە يايلىقىدا تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئالدىغا قويغاندا ، بىر كۆچتۆڭگۈر ئەر ئۆز ئەكسىنى ئەينەكتىن كۆرۈپ روھى چىقىپ كەتكىلى تاس قالغان.

بۇ ئاددىي ئەمما جەلپكارانە ساياھەت خاتىرىسى بۈگۈنكى پروزىچىلىقنىڭ جەۋھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. لېكىن، ئۇنىڭ بايانلىرى ئەينى دەۋر تۇرمۇشىدىكى ئەڭ غارايىپ ئىشلار ئەمەس ئىدى. غەربىي ھىندىچىنى تاقىم ئاراللىرىغا دائىر خاتىرىلەردە، تارىخچىلار بىزگە تېخىمۇ كۆپ غەلىتە ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئاچكۆزلۈك بىلەن ئالتۇن دۆلىتىنى ئىزدىگەچكە، ئەسلىدىلا مەۋجۇت بولمىغان بۇ زېمىن نۇرغۇن يىللاردىن بېرى تۈرلۈك خەرىتىلەردە پەيدا بولدى. بۇ زېمىن خەرىتە سىزغۇچىلارنىڭ تەسەۋۋۇرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، ئورنى ۋە شەكلىنى توختىماي ئۆزگەرتىپ تۇردى. رىۋايەتلەردىكى ئالۋار. نۇنىس. كاۋسا داپپاككا ئابىھايات ئىزدەپ مېكسىكىنىڭ شىمالىدا 8 يىل ئېكسپېدىتسىيە ئېلىپ بارغان. بۇ قېتىمقى ئەسەبىي يۈرۈشتە، ئۇ باشلاپ ماڭغان ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتى بىر-بىرىنى ئۆز ئارا قىرىشقان ئۇلار مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئەسلىدىكى 600 ئادەمدىن پەقەت بەشىلا ئامان قالغان. تىلسىماتلاردىن مۇنداق بىرسى ھازىرغا قەدەر ئېچىلمىدى: بىر كۈنى 100 بوندىتىن ئالتۇن ئارتىلغان 11000 تۇياق خېچىر پېرۇنىڭ كۇسكو دېگەن يېرىدىن يولغا چىقىپ، ئىنكا ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى ئاتتاۋالپانى ھەق تۆلەپ قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولۇشقانىدى. لېكىن بۇ ئەترەت نىشانغا يېتىپ بارمايلا غايىب بولۇپ كەتكەن. كېيىن، مۇستەملىكە دەۋرىدە كولومبىيىنىڭ شىمالىدىكى كارتاگېنادا بەزىلەر لاتقىدا بېقىلغان مىكىيانلارنى ساتقان، كېيىن ئۇ مىكىيانلارنىڭ تاشلىقىدىن ئالتۇن چىققان. يېقىنقى يىللارغا قەدەر ئەتراپىمىزدا ئەنە شۇنداق نۇرغۇن ئالتۇن خۇمارلار بار ئىدى. XIX ئەسىردە ، پاناما بوغۇزىدىن ئۆتىدىغان تۆمۈر يول لايىھىسىنى تەتقىق قىلىدىغان گېرمانىيىلىك ئۆمەك ئۆز تەكشۈرۈشلىرىدىن مۇنداق بىر خۇلاسىنى چىقارغان: بۇ رايوندا تۆمۈر كانلىرى ئاز بولۇپ، رېلىسنى ئالتۇندىن ياسىغاندىلا مەزكۇر لايىھىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئىسپانىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ مۇستەقىل بولۇشىمىز بىزنى بۇنداق ئەسەبىي ھالەتتىن خالاس قىلالمىدى. 3-قېتىملىق مېكسىكا زۇڭتۇڭى، چوڭ مۇستەبىت ئانتونىئو . نودې. سانتانا گېنېرال ئۆزى «پېچىنە-پىرەنىڭ ئورۇشى » دەپ تەرىپلىۋالغان

www.uyghurkitap.com

ئۇرۇشتا يوقىتىپ قويغان ئوڭ پۇتى ئۈچۈن ئىنتايىن ھەشەمەتلىك ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزگەن. ئېكۋاتورنى 16يىلدىن بېرى مۇستەبىتلىك بىلەن سورىغان گابرىئىل .گا . مونرو گېنېرال ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئوردىنلار بىلەن تولغان ھەربىيچە فورمىسى بىلەن ياساندۇرۇلۇپ تەختكە ئولتۇرغۇزۇلغان. سالۋادورنىڭ تېئوسوف دېگەن يېرىدىن چىققان ئاتالمىش «ئىلاھقا تەڭداش »مۇستەبىت ماكسىمىليانو . ئې . مارتېنىز گېنېرال بىر قېتىملىق ئەسەبىي قىرغىندا 30 مىڭ دېھقاننىڭ جېنىغا زامىــن بولغان. ئۇ ئۆزى كەشپ قىلغان ماياتنىڭ ئارقىلىــق ،تامىــقــىغا زەھەر سالغانلارنىڭ بار -يوقلىقىنى سىنىغان. ئۇ يەنە كوچا چىراقلىرىنى قىزىل قەغەز بىــلەن ئوراشقا بۇيرۇق قىلىپ ،سكارلاتىنا بەزگىكىنىڭ تارقىلىشىنــى توسماقچى بولغان. ھوندۇراسنىــڭ پايتەختــى تېگۇ سىگالپادىكى مەركىزىي مەيدانغا تىكلەنگەن فرانسىسكو مورازان گېنېرالنىڭ ھەيكىلى ئەمەلىيەتتە پارىژدىكى كونا مىلىچماللار دۇكىنىدىن سېتىۋېلىپ ئەكىلىنگەن فرانسىيە مارشالى نايىنىڭ ھەيكىلىدۇر.

11يىل بۇرۇن ، زامانىمىزنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن شائىرلىرىدىن بىرى ،چىلىلىق پابلو. نېرۇدا مۇشۇ مۇنبەردىكى ئاجايىپ نۇتقىدا كىشىــلەرگە لاتىــن ئامېرىكىسى توغرىسىدىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ،ياۋروپالىقلار ياخشى ياكى يامان نىيەتتە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر لاتىن ئامېرىكىسىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق زېمىندىكى مۆجىزىلەرگە دىققەت قىلدى. بۇيەردىكى سېھىرلىــك تەسەۋۋۇرلارغا باي ئەرلەر ۋە تارىخ تۇيغۇسىغا باي ئاياللارنىڭ جاھىللىقى ۋە يەكدىللىقى بەئەينى ئەپسانىدەك ئىدى. بىز تېخى ئارام تېپىپ باقمىدۇق. ھۆرمەتكە سازاۋەر پرومېتېچە بىر زۇڭتۇڭ ھەتتا ئوت يالقۇنى بىــلەن قاپلانغان زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە پۈتۈن ئارمىيىسى بىــلەن قارشىلىشىپ ئاخىرى قازا تاپتــى. كىــشىــنــى گۇمانلاندۇرىدىغان، ئېنىقلاش تەس بولغان ئىككــى قېتىملىق ئاۋارىيىــدە بىــر دانا زۇڭتۇڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ غورۇرى ئۈچۈن جەڭ قىلغان دېموكراتىك ئەسكەر ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ ئارىدا 5 قېتىم ئۇرۇش ۋە 16 قېتىم ھەربىي ئۆزگىرىش يۈز بەردى. يەنە ئالۋاستى كەبىي بىر مۇستەبىت خۇدانىڭ نامىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ، بۈگۈنكى لاتىن ئامېرىكىسىدا بىر قېتىملىق ئىرقى يوقىتىش ئېلىپ باردى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ،20مىليون بالا ئىككــى ياشقا توشمايلا قازا تاپتى . بۇ سان 1979-يىلدىن ئېتىبارەن ياۋروپادا تۇغۇلغان بالىلارنىڭ ئومۇمىي سانىــدىنمۇ كۆپ. ھۆكۈمەتنىڭ سۈيىقەستى بىلەن يوقىلىــپ كەتكەنلەر 120مىڭ بولۇپ ، ئومو ئۇ شەھىرىدىكى پۇتكۇل خەلقنىڭ يوقىلىپ كېتىشى بىلەن باراۋەر. ئارگېنتىنا تۈرمىلىــرىدە بوشانغان نۇرغۇن ئاياللار ئۆزلىرى تۇغقان يۈرەك پارىلىرىنىڭ ئىز-دېرىكى ۋە سالاھىيىتىنى ئۇقمايدۇ . ھەربىي دائىــرىلەرنىــڭ

بۇيرۇقى ئارقىلىق بۇ بالىلار باشقىلارنىڭ بېقىۋېلىشىغا ھەمدە دارىلئېتاملارغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. پۈتكۈل قۇرۇقلۇقتىكى 200 مىڭ ئادەم مۇشۇ خىل قىسمەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى. بۇلارنىڭ يېرىمى ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى خالىغانچە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان نىكاراگۇئا، سالۋادور، گىــۋاتېــمالا قاتارلىق ئۈچ كىچىك دۆلەتتە ھالاك قىلىندى.

چىلى ئۆزىنىڭ مېھماندوستلۇق ئادىتى بىــلەن مەشھۇر. لېكىن بۇ دۆلەتنىڭ 1 مىليوندەك ئادىمــى سىرتلاردا سەرگەردان، بۇلار پۈتكۈل دۆلەت نوپۇسى-نىڭ 10%نى ئىگىــلــەيدۇ . بۇ قۇرۇقلۇقتا ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەت دەپ قارالغان ئوروگۋاينىڭ 2.5 مىليون نوپۇسىنىڭ بەشتىن بىر قىسمى سىرتتا ئېقىپ يۈرىدۇ.

1979 ـ يىلدىن بۇيان سالۋادوردا يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇش ھەر 20مىنۇتتا بىر مۇساپىر ئاۋامنى پەيدا قىلدى. ئەگەر بۇ قىتئەلىك بىچارە كۆچمەنلەر ۋە ئاققۇنلارنى تەشكىللەپ بىر دۆلەت قۇرسا، بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇسى نورۋېگىيىنىڭ نوپۇسىدىنمۇ كۆپ بولىدۇ.

جەزم قىلالايمەنكى ، شىۋىتسىــيە ئەدەبىــيات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكىنــى لاتىــن ئامېرىكىسىنىڭ ئەدەبىياتىلا بولۇپ قالماي، بەلكــى ئالاھىدە رېئاللىقىدۇر. بۇ رېئاللىــق قەغەز يۈزىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، بەلكى بىزنىڭ قەلبىمىــزدە ياشايدۇ، ئۇ ھەر سائەت، ھەر بىر دەقىقىدە نۇرغۇن ھالاكەتلەرنى پەيدا قىلــىــپ تۇرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ گۈزەللىــك ۋە ھەسرەتكە تولغان ئەبەدىي خورىماس ئىجادىيەت بۇلىقىنــى ئاچتــى. شۇڭا، ماڭا ئوخشاش سەرسانە، يۇرت سېغىنچى بىلەن ئازابلىنىۋاتقان بىر كولۇمبىيىلىكنىڭ بېشىغا ئاشۇ بۇلاقنىڭ خاسىيىتىدىن ھوما قۇشى قونۇپ قالدى. بۇ بىمەنە دۇنيادا بىز مەيلى شائىر بولامدۇق ياكى قەلەندەر، مۇزىكانت بولامدۇق ياكى مۇنەججىم ، ئەسكەر بولامدۇق ۋەياكى لۈكچەك ھەممىمىزگە تەسەۋۋۇرنىڭ ھاجىتى يوق. چۈنكى بىز دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ زور مەسىلە كىشىلەرنى تۇرمۇش رېئاللىقىمىزغا ئىشەندۇرىدىغان مۇۋاپىق ۋاستىــگە ئېرىشەلمەسلىك. دوستلار، مانا بۇ بىزگە تەنھالىق ھېس قىلدۇرىدىغان سەۋەبنىڭ دەل ئۆزى.

ئەگەر بىز تارتىۋاتقان زۇلۇم - ستەملىرىمىزنى مۇۋاپىق ئىپادىلەپ بېرىشكە قادىر بولالمىساق، ئۇنداقتا دۇنيانىڭ يەنە بىر ياقىسىدا ياشاپ ئۆز مەدەنىيىتىدىن ھوزۇرلىنىپ مەست بولۇپ كەتكەنلەرنىڭ لاتىــن ئامېرىكىسنى چۈشەنمەسلىكىنــى توغرا چۈشەنسەك بولىدۇ. ئوخشاشلا ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئۆلچىمــى ئارقىلىق بىزنى ئۆلچەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆز ھاياتىدا دۇچ كەلگەن كۆلپەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ئوخشىمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ كەتكەنلىكــى، بىزدىكى باراۋەرلىك ئىزدەش جەريانىنىڭ تېخىمۇ تەس، تېخىمۇ ئوقۇبەتلىك ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىمىــزگە

مەنسۇپ بولمىغان ئەندىزە بىلەن رېئاللىقىمىزنى چۈشەندۈرۈش بىزنى تېخىمۇ چۈشۈنۈكسىز، تېخىمۇ يېتىم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە ياۋروپا ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشىنى بۈگۈنىمىز بىلەن سېلىشتۇرسا، ئۇلارنىڭ بىزنى چۈشىنىش ئىقتىدارى بىر قەدەر ئۆسكەن بولاتتى. ئۇلار ئۇنتۇپ قالماسلىقى كېرەككى، لوندوننىڭ بىنا بولۇشى ئۈچۈن 300 يىل ۋاقىت كەتكەن، بۇ يەردە بىر باش روھانىينىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن يەنە 300 يىل ۋاقىت كەتكەن. رىمدا بىر پادىشاھ تارىخىي سەلتەنەت تۇرغۇزۇشتىن بۇرۇن 2000 يىللىق جاھالەتنى باشتىن كەچۈردى. تىنچ-ئەمىنلىكنى، پىشلاق ۋە سائەتنى ياخشى كۆرۈشى بىلەن داڭ چىقارغان بۈگۈنكى شىۋىتسارىيىلىكلەر 16-ئەسىردىكى ياۋروپانى خۇددى ۋەھشىي ئەسكەرلەردەك قانغا غەرق قىلدى. ھەتتا ئەدەبىي گۈللىنىش ھەرىكىتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن مەزگىللەردە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ياللىۋالغان گېرمانىيىلىك 12مىڭ ئەسكەر رىمدا قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىپ، 8000 يۇقرانى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى.

53 يىل ئاۋۋال توماس مان ئۆز قەھرىمانى تونىيا. كىروگېرنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىنى دەل مۇشۇ مۇنبەردە تەرىپلەپ ئۆتكەنىدى. ئۇ، ساددا شىمال بىلەن قىزىققان جەنۇبنى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلغانىدى. مەندە بۇنداق خام خىياللار يوق. لېكىن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، تېخىمۇ ئادالەتلىك، تېخىمۇ ئىنسانىي جەمئىيەت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئۆتكۈر نەزەرلىك ياۋروپالىقلار بىزگە بولغان كۆزىتىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتسىلا، ئاندىن ئۇلارنىڭ بىزگە ئۈنۈملۈك ياردەم بېرەلىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولىدۇ. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى خەلقلەر دۇنيا تارىخىدا مۇناسىپ ئورۇن تۇتۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەگەر دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەر بىزگە كونكرېت ياردەم بەرمەي، پەقەت ئارزۇلىرىمىزغا ھېسداشلىق قىلىش بىلەنلا چەكلەنسە بىزنىڭ غېرىبلىق تۇيغۇمىز تۈگىمەيدۇ.

لاتىن ئامېرىكىسى باشقىلارنىڭ خالىغانچە ئەخمەق قىلىشىغا قاراپ تۇرالمايدۇ. ئۇنىڭ مۇستەقىل خوجىلىق ئورنىنى قوغداشتىن باشقا ئەمەلىي ئارزۇسى يوق. دېڭىز ئىشلىرى پەن-تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتى ياۋروپا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرى ئارىسىدىكى جۇغراپىيىلىك مۇساپىنى قىسقارتقان بولسىمۇ، مەدەنىيەت ئارىلىقىمىز بارغانسېرى يىراقلاشتى. ئەجەبا، كىشىلەردە ئەدەبىياتىمىزدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە زوقلىنىش ۋە كەڭ قورساقلىق بولىدۇ-يۇ، نېمىشقا ئۇلار مۇستەقىل ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىسلاھاتلىرىمىزنى رەت قىلىدۇ؟ ئىلغار ياۋروپالىقلار ئۆز دۆلەتلىرىدە تىكلىگەن ئادالەتنى ئۆزگىچە شەكىل ۋە شەرت-شارائىتتا لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ نىشانى قىلسا، نېمە ئۈچۈن بولمايدۇ؟

ياق، تارىخىمىزدىكى زوراۋانلىقلار ۋە ئازابلارنى ئۆز تارىخىمىزدىكى ئادالەتسىزلىك ۋە زۇلۇمنىڭ مەھسۇلاتى دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ھەرگىزمۇ باشقا يەردىن كەلگەن سۇيىقەست ئەمەس. ئەپسۇسكى، ياۋروپادىكى نۇرغۇن رەھبەرلەر ۋە مۇتەپەككۇرلار بۇنداق ئويلىمايدۇ. ئۇلار ئەجدادلىرىنىڭ ئەسەبىيلىكىنى تەكرارلىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدىن باشقا ئامال يوق. دوستلار، مانا بۇ بىزنىڭ غېرىب-تەنھالىقىمىزنىڭ سەۋەبى.

ھەر خىل بېسىم، بۇلاڭچىلىق ۋە كەمسىتىشلەرگە قارىتا بىزنىڭ بېرىدىغان جاۋابىمىز قەتئىي تۇردە ياشاشتىن ئىبارەت. سۇ ئاپىتى، يۇقۇملۇق كېسەل، ئاچارچىلىق، توپىلاڭلار ھەتتا بىر قانچە ئەسىرلىك ئۇرۇشلار ھاياتنىڭ مامات ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشىدەك ئەۋزەللىكىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى. بۇ ئەۋزەللىك يۇقىرى سۈرئەت بىلەن ئاشماقتا: دۇنيا بويىچە ھەر يىلى تۇغۇلىۋاتقانلارنىڭ سانى ئۆلگەنلەرنىڭ سانىدىن 74 مىليون ئارتۇق بولماقتا. بۇ سان نيۇ-يورك ئاھالە ئۆسۈمىنىڭ تەخمىنەن 7 ھەسسىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ كۆپ قىسمى نامرات لاتىن ئامېرىكىسى دۆلەتلىرىدە تۇغۇلغان. ئەكسىچە، ئەڭ باي دۆلەتلەر بىز ئىنسانلارنى ھالاك قىلىنە تاشلايدىغان ھەتتا بەختسىز يەر شارىمىزدا ياشاۋاتقان بارلىق جانلىقلارنىڭ نەسلىنى كۆيدۈرۈۋېتەلەيدىغان بۇزغۇنچى كۈچنى كۈچىنىڭ بارىچە توپلىدى.

ھۆرمەتلىك ئۇستازىم ۋىليام فولكنېر ئەينى يىللاردا دەل مۇشۇ سارايدا: «مەن ئىنسانىيەتنىڭ قىيامىتىنى رەت قىلىمەن» دېگەنىدى. 32 يىل بۇرۇن ئۇ رەت قىلغان بۇ تراگېدىيە بۈگۈنكىنىڭ ئۆزىدە پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى مۇمكىنلىككە ئايلاندى. ھاياتلىق تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئەنە شۇنداق ۋەيران قىلىش كۈچىگە تۇنجى قېتىم ئېرىشكەن بولدى. ئەگەر مەن بۇ نۇقتىنى تولۇق تونۇپ يەتمىسەم فولكنېر تۇرغان مۇشۇ مۇنبەردە تۇرۇشقا لاياقىتىم بار دەپ قارىمايمەن. مۇشۇنداق ئىشەنگۈسىز دەرىجىدىكى قورقۇنچلۇق رېئاللىققا دۈچ كەلگەندە تەمسىل ئىجادچىلىرى بولمىش بىز يازغۇچىلار شۇنداق ئېيتىشقا ھەقلىقمىز: رېئاللىقنىڭ ئەكسى بولغان غايىۋى دۇنيانى يارىتىشنىڭ پەيتى تېخى ئۆتۈپ كەتمىدى. ئۇ يەردە ھەر قانداق ئادەمنىڭ باشقىلارنىڭ ھايات-ماماتىغا ئارىلىشىش ھوقۇقى بولمايدۇ. ئۇ يەردە مۇھەببەت ھەقىقىي رېئاللىققا، بەخت-سائادەت مۇمكىنلىككە ئايلىنىدۇ. ئۇ يەردە، 100 يىللىق غېرىبلىقنى شۆكرى-قانائەت بىلەن قوبۇل قىلغان جەمەتلەر ئاخىرى بۇ يەرشارىدىكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ يەنە بىر قېتىملىق پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ.

www.uyghurkitap.com

# ھەققانىيەت ئۆلمەيدۇ

## -- نەجىب مەھفۇزنىڭ نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىنى قوبۇل قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن نۇتقى

ئالدى بىلەن مەن شىۋىتسىيە ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسى نوبېل مۇكاپاتى كومىتېتىنىڭ پېقىرنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ئەجرىگە بىلدۈرگەن ھۆرمىتىگە تەشەككۈر ئېيتىمەن . مەن سورۇن ئەھلىنىڭ ئىلتىپات بىلەن قۇلاق سېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى مەن سۆزلەۋاتقان تىل كۆپرەك كىشىلەرگە ناتونۇش. لېكىن، بۇ تىل ئۇشبۇ مۇكاپاتنىڭ ھەقىقىي ساھىبىدۇر. ئۇ، بۇ مەدەنىيەت بوستانىدا تۇنجى قېتىم دىلرەبا بىر تۇس بىلەن ياڭرىشى كېرەك. مەن بۇنىڭ ئاخىرقى قېتىم بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن، شۇنداقلا دۆلىتىمدىكى ئەدىبلەرنىڭ سىلەردەك دۇنياۋى يازغۇچىلار (غەم- ھەسرەتكە تولغان دۇنياغا شادلىق ۋە ئەقىل - پاراسەتنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى چاچقۇچىلار) بىلەن شەرەپلىك ھالدا بىر سەپتە تۇرۇش لاياقىتىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

مەلۇم بىر چەتئەل گېزىتىنىڭ قاھىرەدە ۋرۇشلۇق مۇخبىرىنىڭ ئېيتىشىچە، مېنىڭ ئىسمىم نوبېل مۇكاپاتى بىلەن باغلانغان شۇ دەقىقىدە پۈتۈن مەيدان جىمجىت كېتىپتۇ، كىشىلەر مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىر-بىرىدىن سوراپ بىلىشمەكچى بوپتۇ. مېنىڭ ئۆز-ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇشۇمغا ئىنسانىي تەبىئەتكە سىغىدىغان پوزىتسىيە بىلەن رۇخسەت قىلىشىڭىزلارنى سورايمەن. مەن بولسام ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ پەرزەنتى. تارىختا بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت گۈزەل بىر قورۇلۇشنى روياپقا چىقاردى. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، 7000 يىللىق تارىخقا ئىگە پىرئەۋن مەدەنىيىتى، ئىككىنچىسى، 1400 يىللىق تارىخقا ئىگە ئىسلام مەدەنىيىتى. ھەر قايسىڭىزلار ئەدەبىيات مۇنبىرىنىڭ سەرخىللىرى ۋە ئەللامىلىرى، بۇ مەدەنىيەت ھەققىدە ھەرقايسىڭىزلارغا سۆزلەپ ئولتۇرۇش ئارتۇقچە. بىراق، بۇ شەرەپلىك دىدارى مۇلاقەت پەيتىدە بىر قانچە كەلىمە قىستۇرما قىلسام ئەيىب بولماس.

پىرئەۋن مەدەنىيىتىدىن سۆز ئاچقاندا، پېقىر ئىستىلاھلار ۋە تارىخىي ئىمپېرىيىلەر ھەققىدە سۆزلەشنى راۋا كۆرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خاراب بولغان شەرەپلىك تارىختۇر. ئاللاغا شۈكرىكى، زامانىمىزنىڭ ۋىجدانى ئۇلار ھەققىدە گەپ ئېچىشنى لايىق كۆرمەيدۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئاللانىڭ بەرىكاتى بىلەن ئىنسانىيەت ۋىجدانىنىڭ سۇبھىسىنى ئاچقانلىقى ھەققىدە توختالماي. ئۇ بەكمۇ ئۇزۇن تارىخ. كۆپچىلىك پادىشاھ ئېھناتۇن (قەدىمكى مىسىرنىڭ 18-سۇلالىسىنىڭ 10-نۆۋەتلىك پىرئەۋنى) ھەققىدىكى قىسسىنى ئوبدان بىلىدۇ. مەن ھەتتا بۇ مەدەنىيەتنىڭ سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىدىكى نەتىجىلىرى ۋە ئەلئېھرام، سفىنكس، كاناك ئىبادەتخانىسى قاتارلىق مۆجىزىلىرى ھەققىدە سۆزلىمەكچى ئەمەس. بۇ مۆجىزىلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈش تەلىيىگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەرمۇ بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى ۋە سۈرەتلەرنى كۆرگەن.

مەن پىرئەۋن مەدەنىيىتىنى ھېكايە تەرىقىسىدە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. چۈنكى مېنىڭ ھېكايىچىلىق سالاھىيىتىمنى مېنىڭ خاس ئارقا كۆرۈنۈشۈم بەلگىلىگەن. تارىختا خاتىرىلەنگەن بۇ ۋەقەگە سەمە بولۇڭلار: قەدىمكى مىسىرنىڭ يازمىلىرىدا ئېيتىلىشىچە، پادىشاھ پىرئەۋن ھەرەمدىكى بىر كېنىزەكنىڭ قول ئاستىدىكى بىر ۋەزىرى بىلەن گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىكىنى ئاڭلاپتۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ نەسلىنى قۇرۇپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلاشقانىدى. لېكىن پىرئەۋن ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىنى چاقىرتىپ، ئۆزى خەۋەر تاپقان ئىشلارنى تەكشۈرۈپ بېقىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. پىرئەۋن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەدلىيە ئەمەلدارلىرىغا پاكىتنىڭ زۆرۈرلىكىنى تاپىلايدۇ. . . بۇنداق قىلىش، مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇنىڭ ئىمپېرىيە قۇرۇشى ۋە ئەلئېھرام قوپۇرۇشىدىنمۇ ئۇلۇغدۇر. دەل مۇشۇنىڭ ئۆزى شۇخىل مەدەنىيەتنىڭ ھەرقانداق بايلىق ۋە شان-شەرەپتىن ئەلا ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئىسپاتلايدۇ. ئىمپېرىيە يوقالدى، ئۆتكەن ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كەتتى. ئەلئېھراممۇ ھامان بىر كۈنى يوقايدۇ. لېكىن، ئىنسانىيەتنىڭ ئەقلى تەلپۈنۈپ، يۈرىكى سوقۇپلا تۇرسا، ھەقىقەت بىلەن ئادالەت مەڭگۈ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتى ھەققىدە، مەن سىزلەر بىلەن ياراتقۇچى ئاللانىڭ ئىقلىملىرىدىكى ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە مەغپىرەت ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىنسانىي بىر گەۋدە توغرىسىدىكى چاقىرىق خۇسۇسىدا سۆزلىشىپ ئولتۇرماي، شۇنداقلا ئاللانىڭ ئەلچىسى مۇھەممەدنىڭ ئۇلۇغلۇقى ھەققىدىمۇ توختالماي، چۈنكى ئاراڭلاردىكى مۇتەپەككۇرلار مۇھەممەدنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ سان-ساناقسىز مەسچىت مۇنارلىرىنى قوپۇرۇپ چىققانلىقىنى تىلغا ئالماي، ھىندىستان ۋە جۇڭگو ئەتراپلىرىدىن تارتىپ فرانسىيە چېگرىلىرىغىچە بولغان پايانسىز زېمىندا ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئىمانغا، دىيانەتكە ۋە ساخاۋەتكە چاقىرغانلىقى ھەققىدە سۆز ئاچماي؛ مەن يەنە دىن ۋە ئىرقلار ئوتتۇرىسىدا بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولمايدىغان ئۆزئارا چۈشىنىش، كەچۈرۈم ئاساسىدىكى دوستلۇق، ھەمكارلىق ھەققىدىمۇ گەپ ئاچماي. بىراق، مېنىڭ تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈدىغىنىم، بۇ مەدەنىيەتنىڭ كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان

دراماتاك بىر پەردىسىدۇر. بۇ پەردە بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ بولسىمۇ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋىزانتىيىنى مەغلۇب قىلغاندىن كېيىن، ئەسىرلەرنى قويۇۋېتىش بەدىلىگە قەدىمكى يۇناننىڭ پەلسەپە، تىبابىتى ۋە ماتېماتىكا نەمۇنىلىرىنى قولغا كەلتۈرگەن. مانا بۇ ئىنسانىيەتنىڭ بىلىشكە ئىنتىلىشتەك مەنىۋى قىممىتىنىڭ دەلىلى. گەرچە بۇ ئىنتىلگۈچىلەر ئاللانىڭ دىنىغا ئېتىقاد قىلسىمۇ، يات دىندىكى مۇخلىسلارنىڭ مەدەنىيەت جەۋھەرىنى قەدىرلىدى.

ئەنە شۇنداق ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ باغرىدا تۇغۇلۇپ، ئۇنىڭ شېرىن - شەربەتلىرىدىن سۈمۈرۈش، ئۇنىڭدىكى بەدىئىي ئوزۇقلاردىن بەھرىمەن بولۇش، ئۇنىڭ سېھىرلىك مەدەنىيەت شارابىدىن ھوزۇرلىنىش مېنىڭ تەقدىرىمدۇر. بۇلارنىڭ جۇغلىنىشىدىن كېلىپ چىققان ئىلھام مېنىڭ تەشنالىقىم بىلەن بىرلەشكەن ھالدا بەدىئىي پىكىرلىرىمنى بۇلاقتەك ئۇرغۇتتى. مېنىڭ ئەسەرلىرىم بەختلىك ھالدا سىلەردەك مۆھتەرەم ئەدەبىيات ئاكادېمىيىسىنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدى، مېنىڭ ئەجرىم مەشھۇر نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تاجىغا نائىل بولدى. مەن ئۆز نامىمدىن، شۇنداقلا ئىككى خىل مەدەنىيەتنىڭ ئاللىقاچان بۇ دۇنيادىن كېتىپ بولغان قۇرغۇچىلىرى نامىدىن سىلەرگە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن.

سىلەر 3-دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بۇ كىشى قانداقمۇ خاتىرجەم بولۇپ ئەسەر يازغاندۇ، دەپ ئويلىشىڭلار مۇمكىن. بۇنداق ئويلاش تامامەن يوللۇق. مەن قەرزنىڭ قاتتىق بېسىمى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان دۇنيادىن كەلدىم، ئەگەر بۇ قەرزنى قايتۇرۇشتىن سۆز ئېچىلسا، ئاچارچىلىق ياكى شۇنىڭدەك نۇرغۇن تەھدىتكە ئۇچرايدىغانلىقىمىز ئېنىق. 3-دۇنيا ئەللىرىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئاسىيادا سۇ ئاپىتى



بىلەن ئۆلۈۋاتىدۇ. ئافرىقىدا ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈۋاتىدۇ. جەنۇبىي ئافرىقىدىكى مىليونلىغان كىشىلەر مۇشۇ كىشىلىك ھوقۇق دەۋرىدىمۇ ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇپ ياشىماقتا، ئۇلار ئادەمدەك ياشىيالمايۋاتىدۇ؛ ئىئوردان دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا ۋە گازا رايونىدا بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئانا ۋەتىنىدە تۇرۇپمۇ ھاياتىدىن مەھرۇم بولدى. بۇ ئۇلارنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىدىن ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد مىراس بولۇپ كەلگەن تۇپراق ئىدى. ئۇلار ئىپتىدائىي ئادەملەرمۇ ئاللىقاچان ئېرىشىپ بولغان ئېھتىياج ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. دېمەك ئۇلار ئېتىراپ قىلىنغان مۇناسىپ ئورنىغا ئېرىشىشنى ئويلىدى. ئۇلار ئۆزىنىڭ باتۇرلارچە ئالىيجاناب ھەرىكىتىگە نىسبەتەن (بۇ ھەرىكەتتە ئەرلەر، ئاياللار، ئۆسمۈرلەرمۇ بار) ئېرىشكەن جاۋاب تاياق - توقماق، قىرغىنچىلىق، ئۆي-جايلىرىنىڭ ۋەيران قىلىنىشى، تۈرمە ۋە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىدا قىيىن-قىستاققا ئېلىنىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئازاب ۋە غەزەپ بىلەن ئەھۋالنى كۆزىتىپ تۇرۇۋاتقان 150 مىليون ئەرەب بار ئەگەر بۇ ۋەزىيەتنى ھەققانىيەت ۋە مۇكەممەل تىنچلىقنى ئارزۇ قىلىدىغان كىشىلەر پاراسەت بىلەن ئۆزگەرتمىسە، بۇ رايون بالايى - ئاپەتلەرنىڭ تەھدىتىگە يولۇققۇسى.

شۇنداق، 3-دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بۇ ئادەم قانداقمۇ كۆڭلى ئارام تېپىپ ئەسەر يازدىكىن؟ ياخشى يېرى شۇكى، سەنئەت مەرد بولۇش بىلەن بىرگە ھېسداشلىققا باي. سەنئەت بەختلىك ئادەملەرنى قوينىغا ئېلىش بىلەن بىرگە بەختسىز ئادەملەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ. سەنئەت جەلپكار ۋاستىلەر ئارقىلىق يۇقىرىقى ھەر ئىككى خىل ئادەمنى قەلب ئىزھار قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان مۇشۇ ھەل قىلغۇچ پەيتتە، ئىنسانىيەتنىڭ ئازابى شەك-شۈبھىسىز

www.uyghurkitap.com

ئاخىرلاشتى دېگەن گەپ كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسانىيەت پىشىپ يېتىلدى، دەۋرىمىز دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ دۆلەتلەرنىڭ ئەپلىشىش ئىستىقبالىدىن دېرەك بەردى. ئىنسانىيەتنىڭ ئىدىيىسى ھەر خىل بۇزغۇنچىلىق ۋە ۋەيرانچىلىق ئامىللىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يۈزلەندى. خۇددى ئالىملار سانائەتنىڭ مۇھىتتىكى بۇلغاشلىرىنى كۆچىنىڭ بارىچە تازىلاشقا تۇتۇنغاندەك، زىيالىلارمۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەخلاقىي بۇلغۇنۇشلىرىنى پاك تازىلىشى كېرەك. بىزنىڭ مەدەنىيەتلىك ئەللەردىكى ئۇلۇغ رەھبەرلەردىن، ئىقتىسادشۇناسلاردىن ھەقىقىي ھەرىكەتكە كېلىپ دەۋر مەركىزى بولۇشقا دالالەت قىلىش ھەققىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بار. بۇرۇنقى دەۋرلەردە، رەھبەرلەر پەقەت ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى، باشقا مىللەتلەرنى بولسا دۈشمەن ياكى ئېكىسپولاتاتسىيە قىلىشقا تېگىشلىك ئەل دەپ سانايتتى. ئۇ چاغلاردا ئۈستۈنلۈك ۋە شەخسىي شان - شەرەپتىن باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇلمايتتى. دەل شۇ سەۋەبتىن ھەرخىل ئەخلاق، ئىدىيە ۋە قىممەت قاراشلىرى كېرەك قىلىنمايتتى. شۇڭا ئەخلاققا زىت كېلىدىغان ۋاستىلەر قانۇنلاشتۇرۇلۇپ، بىھېساب ئادەملەر قەتلى قىلىندى. ئۇ دەۋرلەردە يالغانچىلىق، ئالدامچىلىق، ئاسىيلىق ۋە ياۋۇزلۇق قاتارلىق قىلمىشلار دانالىقنىڭ بەلگۈسى ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ دەلىلى بولدى. بىراق بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق ئەھۋاللار تۈپتىن ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. . . بۈگۈن مەدەنىيەتلىك دۆلەت رەھبىرىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم شۇكى، ئۇنىڭدا ئەتراپلىق نوقتىئىنەزەر بولۇشى، ئىنسانىيەتكە نىسبەتەن مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇشى كېرەك. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بىلەن 3-دۇنيا ئەللىرى بىر ئائىلە بولۇشى كېرەك. ھەر بىر كىشىنىڭ بۇ ئائىلىگە بولغان مەسئۇلىيىتى ئۇنىڭ بىلىمى، ئەقىل - پاراسىتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ئەگەر 3 - دۇنيا ئەللىرىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىم بىلەن ئۇلارغا بىزنىڭ پاجىئەلىك تەقدىرىمىزنىڭ تاماشىبىنلىرى بولىۋالماڭلار، دەپ جاكارلىشىمغا توغرا كەلسە، مەسئۇلىيەت دائىرەمدىن ھالقىپ كەتكەن بولمايمەن. لېكىن سىلەر يۈكسەك ئورۇنلارغا مۇناسىپ روللارنى جارى قىلدۇرۇشۇڭلار كېرەك. سىلەرنىڭ ئەۋزەل ئورنۇڭلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ھايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەر ئېكولوگىيىسىگە كۆڭۈل بۆلۈش مەسئۇلىيىتىڭلار بار، دۇنيانىڭ بۆلۈك - پۇشقاقلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئەلۋەتتە بار گەپ. بىز سۆز - ئىبارىلەردىن بىزار بولدۇق، ھەرىكەتنىڭ پەيتى يېتىپ كەلدى. ئوغرى - قاراقچىلار ۋە جازانىخورلارنى يوقىتىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز رەھبەرلەر يەرشارى ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇشقا تېگىشلىك دەۋر. بىز ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدا قۇل قىلىنىۋاتقان كىشىلەرنى قۇتقۇزايلى! ئافرىقىدىكى ئاچ - زارلارنى قۇتقۇزايلى! قىرغىنچىلىق ۋە قىيناقتا قالغان پەلەستىن خەلقىنى قۇتقۇزايلى! ئۇلۇغ مەنىۋى مىراسلىرى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىسرائىلىيە خەلقىنى قۇتقۇزايلى! شەپقەتسىز ئىقتىسادىي قانۇنىنىڭ قەرزدارلىرىنى قۇتقۇزايلى! ئۇلار دىققەت قىلىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان مەسئۇلىيىتى بەلكىم دەۋردىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن پەننىي تېئورىيىلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشى كېرەكتۇ؟

ئەپۇ قىلىڭلار. . . بەلكىم، كۆڭۈل ئاراميڭلارغا تەسىر يەتكۈزگەندىمەن. لېكىن، 3 - دۇنيا ئەللىرىدىن كەلگەن بىر كىشىدىن سىلەر نېمىنى ئۈمىد قىلىسىلەر؟ قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ ئەمەسمۇ؟ سىلەردەك پەن، ئەدەبىيات ۋە يۈكسەك ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ئۈچۈن ئىشلەيدىغان ئۇلۇغ پەرۋىشچىلەر ئەھيا قىلغان مۇشۇ مەدەنىيەت بوستانىدىن باشقا يەنە قايسىبىر ئورۇن ئىنسانلارنىڭ ئازابلىق ئىڭراشلىرىغا قۇلاق سالىدۇ؟ خۇددى ئۇ (نوبېلنى كۆزدە تۇتىدۇ. مۇھەررىردىن) بايلىقلىرىنى پاراۋانلىق ئىشلىرىغا بېغىشلاش ئارقىلىق مەغپىرەتكە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغاندەك، بىز 3 - دۇنيا ئوغۇل - قىزلىرى ئاشۇ ئاقىللار ۋە مەدەنىيەت سەركەردىلىرىنىڭ ئۇنى ئۈلگە قىلىپ، ئۇنىڭ ئالىيجاناب ھەرىكىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكىدىن ئۆگىنىشىنى ئىلتىماس قىلىمىز.

ئەتراپىمىزدا ھەممە ئىشلار يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ، مەن كانتقا ئوخشاش دىيانەت ئۇدۇنيادىلا غەلىبە قىلىدۇ، دەپ قارىمايمەن. دىيانەت ھەر كۈنى غەلىبە قىلىۋاتىدۇ. قاباھەت ئويلىغىنىمىزدىنمۇ ئاجىز. ئالدىمىزدا رەت قىلغۇسىز پاكىتلار تۇرۇپتۇ: ئەگەر غالىبىيەت دىيانەت تەرەپتە تۇرمىغان بولسا ئىنسانلار ياۋايىلىق، ھاشارەت، تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل ئامالسىز قالدۇرغان ۋەھىمە ۋە شەخسىيەتچىلىك ئۈستىدىن غالىب كېلەلمىگەن بولاتتى. مېنىڭچە، غالىبىيەت دىيانەت تەرەپتە تۇرمىغان بولسا، ئىنسانلارنىڭ نەسلى ئۈزۈلۈپ قالغان بولاتتى. دۆلەت تەشكىل قىلىنمايتتى، ئىجادىيەت، كەشپىيات دېگەنلەر بولمايتتى، بىز تاشقى ئالەمگە يۈرۈش قىلالمايتتۇق، كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسى ئېلان قىلىنمىغان بولاتتى. يەكۈن شۇكى، قاباھەت بىشەملىك بىلەن بىلجىرلايدىغان خۇمسىلا ئىنسانلار خۇشاللىقىنى ئۇنتۇپ ئازابىنى ئەستە ساقلايدۇ. ئۇلۇغ شائىرىمىز ئەبۇل ئەلمەئال (973-1058 ئابباسىيلار دەۋرىدىكى ئەما شائىر. مۇھەررىردىن) توغرا ئېيتقانىكەن:

تۇغۇلغاندا بولسىمۇ خەندان،
جان بېرىش ئېغىردۇر، ئېغىردۇر چەندان.
مەن كۆپچىلىككە يەنە بىر رەت تەشەككۈر ئىزھار قىلىمەن ۋە كۆپچىلىكتىن ئەپۇ سورايمەن.

---

خەنزۇچە: «نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتى نۇتۇقلار توپلىمى»دىن
ئابدۇقادىر جالالىدىن تەرجىمىسى

ماۋزۇ سۈرىتىدە: «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، دوتسېنت مۇتەللىپ سىدىق مىسىر پايتەختى قاھىرەدە ئوقۇۋاتقان كۈنلىرىدە نەجىب مەھفۇز بىلەن دىدارلىشىپ خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى. سۈرەتتە: سولدىكى كىشى نەجىب مەھفۇز (M1)

**مەدەنىيەت تارىخىمىزدىن**



# نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يادىكارلىقلار

ئابدۇقەييۇم خوجا

## كىرىش

1959 - يىلى 4 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار تارىم ۋادىسىنى بويلاپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىنى باشلىغانىدى. شۇ چاغدا مارالبېشى ناھىيىسىدىكى «بارچۇق قەدىمكى شەھىرى خارابىسى» («توققۇزساراي» خارابىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە 1 - نۇقتىمىز بولدى. ئەتىياز پەسلى بولغاچقا قورام تاشلىق تاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ خارابىدە ھەدېسىلا قاتتىق شامال - بوران چىقىپ، قېزىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى. ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار قاتتىق شامال، ئاچچىق توپا - چاڭ ئىچىدە كۆزلىرى قىزىرىپ، ئىششىپ كەتسىمۇ، پەسەنت قىلماي، جاپالىق ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قىيىنچىلىق مەزگىلى» نىڭ مۇقەددىمىسى باشلانغانلىقتىن ياتاق - تاماقلىرىمىزمۇ بەكلا غورىگىل ئىدى. شۇڭا، ئەتىگەندىن كەچكىچە ئاچچىق توپا - چاڭ بىلەن ھەپىلىشىپ، ھېرىپ ئېچىرقىغان چېغىمىزدا ئىسسىق باسقۇدەك تاماقمۇ يوق ئىدى . . .

شۇنداقتىمۇ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى قىيىنچىلىقلارغا ۋايسىماي، باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ بارچۇق خارابىسىدىكى بىر ئايدىن ئوشۇق ئېلىپ بېرىلغان قېزىش خىزمىتىدە خېلىمۇ خىل بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپقانىدى. بارچۇق خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن، بىز داۋاملىق تۇردە ئاتۇش، قەشقەر، تاشقورغان، يېڭىسار، يەكەن، قاغىلىق، قاراقاش، گۇما، خوتەن، لوپ قاتارلىق ناھىيىلەر تەۋەسىدە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، خەلق ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان يازما يادىكارلىقلار، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى يىغىۋېلىش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق.

1959 - يىلى 9 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 10 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە بىز تۇنجى قېتىم تەكلىماكانغا يۈرۈش قىلىپ، كېرىيە ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «مارجانلىق» ، «قارادۆڭ» ، «ئۆيلۈك» خارابىلىرى

بىلەن نىيا ناھىيىسى تەۋەسىدىكى «نىيا خارابىسى»، «ئاق قوشقىراق» قەلئەسى قاتارلىق قۇمغا كۆمۈلگەن خارابىلاردا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەش، ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئىشلىدۇق. شۇ چاغلاردا ئەترەت باشلىقى لى يۈچۈندىن باشقا ئابدۇكېرىم سابىت (مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى)،



1. سۈرەت: نىيە دەرياسى

ئەترەت ئەزالىرىدىن ئەخمەت رېشىت، ئىسمائىل بىلىل، ئابدۇقەييۇم خوجا (مۇئەللىپ)، نۇرسۇن ئەيسا، ئوبۇلقاسىم ھاجى، مۇھەممەد ھاجى، ئابدۇرېھىم ئوشۇر، مىجىت قاسىم قاتارلىق خادىملارنىڭ ھەممىسى 18 - 22 ياش قورامىدىكى غەيرەتلىك يىگىتلەر ئىدى. ئۇلاردا ئۆزكەسپىنى قىزغىن سۆيۈش، ئەجدادلار قالدۇرۇپ كەتكەن قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى تېپىپ، خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈش ئىستىكى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، بىپايان قۇم دېڭىزىدا يولۇققان قۇم - بوران ئاپىتى، ئۇسسۇزلۇق، ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق، ھېرىپ - چارچاشلارغا بەرداشلىق بېرىپ، جاپالىق ئىشلەپ، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىگە مۇھىم تۆھپىلەرنى قوشقانىدى.

«جاپانى كىم تولا تارتسا، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن» دېگەندەك، ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ ئەجرى بىكارغا كەتمىدى. تەكلىماكاندىكى ئىككى ئايدىن ئارتۇق ئىلمىشتا 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە ھەر خىل بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تېپىلدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە نىيا خارابىسىدىن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، بىناكارلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىككە ئائىت قىممەتلىك يادىكارلىقلار تېپىلىشتىن تاشقىرى كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەر، بۇددا دىنىغا ئائىت يادىكارلىقلار، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرى، ئىشلەپچىقىرىش قورال - سايمانلىرى، ھەر خىل مىتال پۇللار ۋە نىيا خارابىسىدىكى «ئىبىسلزادىلەر قەبرىستانلىقى» دىن ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان «ساندۇقلۇق قەبرە»، ئۇنىڭغا دەپنە قىلىنغان ئەر ئايال جەسەت، ھەر خىل رەڭدار كىمخاپ، شايى - دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر قېزىۋېلىندى. بۇ يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى ئىلان قىلىنغاندىن كېيىن دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە چەت ئەللەردە زور تەسىر قوزغىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزى كەم ئۇچرايدىغان بۇيۇملار دۆلەت بويىچە 1 - دەرىجىلىك يادىكارلىق قىلىپ بېكىتىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى كۆرگەزمىسى ئېچىلغاندىن بۇيان نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مۇھىم يادىكارلىقلارنىڭ بىر قىسمى داۋاملىق كۆرگەزمە قىلىنغاندىن تاشقىرى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بەزى ئېسىل يادىكارلىقلار چەت ئەللەردە ئېچىلغان كۆرگەزمىلەرگە قاتناشتۇرۇلۇپ، تارىم ۋادىسىنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى بىلەن «يىپەك يولى» مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

60 - يىللارنىڭ دەسلىپىدە، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلەرگە قاتناشقان خادىملار بارچۇق ۋە نىيا خارابىسى قاتارلىق ئورۇنلاردىن قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلارنى ئىلمىي ئۇسۇلدا رەتلەپ، نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق. شۇ چاغدا سىزىلغان خەرىتە - رەسىملەر، سۈرەتلەر، جەدۋەل - تىزىملىك قاتارلىق بىرىنچى قول ماتېرىياللار ئارخىپلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلمىي دوكلاتنى تەييارلاشقا مەسئۇل بولغان ئەترەت باشلىقىمىز (ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) لى يۈچۈن ئەپەندىمگە بۇ ئارخىپ ماتېرىياللارنى تاپشۇرغانىدۇق.

قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى جىددىي تەييارلىنىۋاتقان مەزگىلدە ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىپ، لى يۈچۈن ئەپەندىممۇ بۇ ئىشنى باشقا ئېلىپ چىقىشقا ئامالسىز قالدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە: شۇ يىللاردا بىز رەتلىگەن ئارخىپ ماتېرىياللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دىكى قالايمىقانچىلىقلاردا يوقۇپ كەتكەنىكەن... شۇ سەۋەبتىن قېزىپ تەكشۈرۈش دوكلاتى ئېلان قىلىنماي تالاي يىللار ئۆتۈپ كەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مەن بۇ قېتىم ئەينى يىللاردا تەكلىماكاندىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە يازغان



2. سۈرەت: قۇملۇقتا قۇرۇپ قاقشال بولغان قېرى توغراقلار

خاتىرىلىرىم، مۇزېيىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە ئىسمائىل جېلىل قاتارلىق كەسپداشلىرىم تەمىنلىگەن بىر قىسىم نەق مەيداندا تارتىلغان سۈرەتلەر، نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان يادىكارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى توپلاپ،

ئەشۇ جاپالىق يىللاردا تەكلىماكاندىكى قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن تارىخىي «يادىكارلىق قۇدۇقلىرى» نى قېزىشتا تەر تۆككەن جاپاكەش كەسپداشلارنىڭ تۆھپىلىرىنى ئەسلەش جۈملىدىن ئەجدادلىرىمىز قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ ماقالىنى تەييارلىدىم.



3. سۈرەت: ئارخېئولوگىيە ئەترىتىنىڭ تۆگىلىرى يول ئۈستىدە

ماقالىدا تونۇشتۇرۇلغان ھەر خىل مەزمۇنلار ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بايانلارغا ـــ ئەينى چاغدا ئەمەلىي خىزمەتكە قاتناشقان كەسپداشلار، بىز ماڭغان دەشتى باياۋاندىكى ئۇزاق يوللار، نىيا دەرياسى بويىدىكى پايانسىز توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، چاتقاللىقلار ئەڭ مۇھىمى بىز تەكشۈرۈپ، قېزىش قىلغان قەدىمكى نىيا شەھرىنىڭ خارابىسىدىكى ھەرقايسى نۇقتىلاردىن قېزىۋېلىنغان نەچچە يۈزلىگەن قىممەتلىك يادىكارلىقلار گۇۋاھ.

## نىيا خارابىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ۋە ھازىرقى ھالىتى

نىيا خارابىسى — قەدىمكى نىيا پادىشاھلىقىنىڭ ئاستانىسى بولۇپ، ئۇ، تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ



4. سۈرەت: 1959 ـ يىل 14 ـ ئۆكتەبىر ش ئۇ ئا ر مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى نىيا خارابىسىغا يېتىپ باردى

جەنۇبىي گىرۋىكىگە جايلاشقان. خارابە بۈگۈنكى نىيا ناھىيە بازىرىنىڭ، تۈز سىزىق بويىچە ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 100 كىلومېتىر (يول بويىچە ھېسابلىغاندا 120 كىلومېتىر) شىمالىغا، يەنى تەكلىماكان قۇم دېڭىزىنىڭ قوينىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ خارابىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بۇددا مۇنارىسىنىڭ ئورنىنى سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق يەر شارىدىكى ئورۇننى بېكىتىش ئۈسكۈنىسى (GPS) بىلەن ئۆلچىگەندە، ئۇمۇنارنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 37° 58′ 329″ ، شەرقىي مېرىدىئان 82°43′ 144″ غا توغرا كەلگەن.

نىيا خارابىسىنىڭ ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان دائىرىسى تەكشۈرگەنسېرى كېڭەيمەكتە، شۇڭا ئۇنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى توغرىسىدا ھازىرچە ئېنىق ستاتىستىكىلىق خۇلاسە قىلغىلى بولمىسىمۇ، 1992 ـ يىلدىكى «جۇڭگو ـ ياپونىيە بىرلىكتە نىيا خارابىسىنى تەكشۈرۈش ئەترىتى» تەكشۈرۈپ بېكىتكەن سانلىق مەلۇماتلار بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ خارابىنىڭ دائىرىسى، ئۇنىڭ جەنۇبىي ئۇچىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 37° 50′ 36″ ، شەرقىي مېرىدىئان 82° 43′ 57″ بولغان ئورۇندىن، شىمالىي ئۇچىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 38° 02′ 30″ ، شەرقىي مېرىدىئان 82° 43′ 10″ قا يېقىن جايغىچە بولۇپ، جەنۇبتىن شىمالغا ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 25 كىلومېتىر، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى تەخمىنەن 7 كىلو مېتىردىن ئاشىدۇ.

نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان كۆپ قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە ئېنىقلانغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتقا مۇناسىۋەتلىك نەق ئەھۋاللارغا ئاساسلانغاندا، بۇ قەدىمكى شەھەر ئۆز زامانىسىدا قەدىمكى نىيا دەرياسى جىلغىسىنى ياقىلاپ جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان تار ۋە ئۇزۇنچاق شەكىلنى ھاسىل قىلغان. شەرق ۋە غەرب تەرىپىدە جەنۇبتىن شىمالغا سوزۇلغان ناھايىتى چوڭ، ھەيۋەتلىك قۇم بارخانلىرى جايلاشقان بولۇپ، تەبىئەتنىڭ بۇ خىل ئاجايىپ مۆجىزىلىك مەنزىرىلىرى قەدىمكى نىيا شەھىرى خارابىسىنى تېخىمۇ سىرلىق تۈسكە كىرگۈزگەن.



5. سۈرەت: كارۋان بېشى ئىسمائىل ئاخۇن ئاكا نار تۆگىسى بىلەن سەپەر ئۈستىدە

خارابىلىقتىكى ھەر خىل قۇرۇلۇشلار يەر شارائىتىغا قاراپ سىلىنغاچقا تارقاق ئورۇنلاشقان. بۇ خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرىغا قاراپ ئۇلارنىڭ چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى ھەر خىل دائىرىلىك قۇرۇلۇش ئىگەنلىكىنى

uyghurkitap.com

بىلگىلى بولىدۇ. نىيا خارابىسى دائىرىسىدە ھازىرغىچە ئېنىقلانغان ھەر خىل قۇرۇلۇشلاردىن — بۇددا ساغرامى، بۇددا مۇنارى، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، ئاھالىلارنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى، ھويلا - ئاراملار، ئورۇك، ئۈجمە، جىگدە، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلىك دەرەخلەرنى ئاساس قىلىپ يېتىشتۈرۈلگەن، ئەتراپى چىتلانغان چوڭ - كىچىك باغلار، مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن چوڭ كۆلەمدىكى ئۈزۈملۈك، ئۈجمىلىكلەر، ئورمان بەلبېغى، ئېتىزلىق، چوڭ - كىچىك ئېقىن ئىزلىرى، ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆلچەك ئىزلىرى، خامان، قوتان، ساپال خۇمدىنى، تۆمۈر تاۋلاش ئورنى، قەبرىستانلىق قاتارلىقلار بار.



6. سۈرەت: يول باشلىغۇچىمىز مەتنىياز ئاخۇن ئاكا كېرىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان «تولداما» دېگەن يەردىكى قوتىنىدا قويلىرى بىلەن بىللە

خارابىلىقتىكى بەزى تۇرالغۇ قورۇ - جايلارنىڭ ئالدى تەرىپىدە ھەر خىل دەل - دەرەخلەردىن تەركىب تاپقان كىچىك ئورمانلىق، ئارقىسىدا مېۋىلىك باغ، ئېغىل - قوتان، كۆلچەك ئىزلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، باغلار مەخسۇس چاتقال، قومۇش، شاخ - شۇمبىلار بىلەن چىتىلىپ دائىرىگە ئېلىنغان، ھويلىلارنىڭ تاملىرىمۇ قوشاملانغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا بەزى جايلاردا ھەر خىل چاتقال، شاخ - شۇمبىلاردىن ياسالغان قوم - بوراندىن مۇداپىئە كۆرىدىغان قاشالارمۇ ئۆز ئەينى ساقلىنىپ قالغان. تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ ھويلا - ئاراملىرى، سالقىنداش سالاسۇنلىرى، ئايۋان، ھۇجرا، مېھمانخانا، قازناق (ئاشخانا)، دالانلىرى، ئۆيلەرنىڭ تۈۋرۈك - لىملىرى، ئىشىكلىرى قاتارلىقلارمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش، ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ غول تۈۋرۈك، لىم، زەگۇندە، خا، ئايرىش، ئىشىك، ۋاسا قاتارلىقلىرىغا ئىشلىتىلگەن ياغاچ ماتېرىياللىرى چوڭ ۋە خىللانغان بولۇپ، بۇ خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ئايۋان - سارايلىرى چوڭ ۋە ئازادە. ئۇنىڭدا يەنە كۆپ خانىلىق ھۇجرىلار، كارىدور، مەخسۇس ئامبار، قازناق، ھويلا - ئارام، ئېغىل - قوتان، دەرەخلىك، مېۋىلىك باغ، كۆلچەك، باغ ۋە ھويلىلارنى دائىرىگە ئالغان قوشاملىق تام - چىتلاقلار بار. ئوتتۇرا تىپتىكى تۇرالغۇلار ئادەتتە 3 - 4 ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان بولسا، كىچىك تىپتىكى تۇرالغۇلار ئادەتتە 1 - 2 ئېغىز ئۆيىنىلا ئاساس قىلغان. ئومۇمەن، ئۆز زامانىسىدا نىيا دىيارىدا ياشىغان ئاھالىلار ئۆزلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىغا قاراپ سالغان تۇرالغۇ ئۆي - ئىمارەتلىرىدىن ئۇلارنىڭ باي - كەمبەغەللىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۆي - ئىمارەتلەرنىڭ بەزىلىرى زىچ، بەزىلىرى تارقاق جايلاشقان بولۇپ، بىرنەچچە ئون ئائىلە، ئۈچ - تۆت ئائىلە بىر يەردە ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ، بىر- ئىككى ئائىلە ئايرىم ئولتۇراقلاشقان ئەھۋالمۇ چىقىدۇ. نىيا خارابىسىدىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتە N2 دەپ نومۇر بېرىلگەن نۇقتىدا جەمئىي 19 گۇرۇپپا قۇرۇلۇش جايلاشقان بولۇپ، ئۇ، دىئامېتىرى 150 مېتىرچە كېلىدىغان بوشلۇققا ئورۇنلاشقان. كەم دېگەندىمۇ 100 نەچچە ئېغىز ئۆي قاتار سېلىنىپ، ئەتراپى قېلىن سوقما تام بىلەن قورشالغان. سوقمىلارنىڭ قېلىنلىقى 2 مېتىر، ئېگىزلىكى 2 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ.

N2 نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆيلەرنىڭ غەربىي جەنۇبىدا بىر قەدەر ياخشى ساقلىنىپ قالغان بۇددا مۇنارى بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستى چاسا، ئۈستى يۇملاق شەكىلدە، مۇنار كېسەكتە قوپۇرۇلغان، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ساغرام (ئىبادەتخانا) خارابىلىرى بار.

نىيا خارابىسىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ئۆزىگە خاس يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئەجدادلار ئۆزلىرى ياشاۋاتقان تارىم (تەكلىماكان) ۋادىسىنىڭ تەبىئىي شارائىتىغا ئاساسەن ئۆزلىرىنىڭ تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشلىرىنى ياغاچ قۇرۇلما ئاساسىدا ياساپ چىققان. ئادەتتە ئۇلار ياسىغان قۇرۇلۇشلارنىڭ ئىش تەرتىۋى تۆۋەندىكىچە بولغان: ① مۇۋاپىق



7. سۈرەت: يول ئۈستىدىكى قونالغۇمىز

قۇرغاق يەر تاللانغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن ھەرقايسى ئۆيلەرنىڭ تۆت تەرەپتىكى ئۇل قىسمىغا توغراق، سۆگەت ياغاچلىرىدىن يونۇپ - تۈزلەپ بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈپ تەييارلانغان زەگۇندە بېسىلغان؛ ② غول تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۆلچەملىك قىلىپ يونۇلغان ئۈچى

زەگۇندىلەردىكى تۇشۇكلەرگە مەھكەم قىلىپ ئورنىتىلغان؛ ③ زەگۇندىلەر بىلەن غول تۈۋرۈكلەر ئەشۇ تەرتىپتە ئورنىتىلىپ بولغاندىن كېيىن غول تۈۋرۈكلەرنىڭ ھەرقايسى ئارىلىقلىرىغا سۆگەت ۋە توغراق ياغاچلىرىدىن تەييارلانغان تىكلىمە ياغاچلار مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ بېكىتىلگەن (غول تۈۋرۈكلەرنىڭ ئارىلىقلىرىغا ئورنىتىلغان بۇ ياغاچلار ئايرىش دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، غول تۈۋرۈكلەر بىلەن



8. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى تۇرالغۇ — بارگاھىمىز

ئايرىش ياغاچلىرىنىڭ ئارىلىقلىرى توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچ بەلدەمچىلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان؛ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ھەرقايسى ئۆيلەرنىڭ ئۇل زەگۇندىلىرى، غول تۈۋرۈك، لىم، تىكلىمە ئايرىش، بەلدەمچىلەردىن تەركىب تاپقان ياغاچ قۇرۇلمىلىق جازىسى مەزمۇت قىلىپ تىكلەنگەن؛ تىكلىمە ئايرىشلار بىلەن بەلدەمچىلەردىن تەييارلانغان ئارىلىق (ئايرىش) يۇلغۇن چىۋىقلىرى ياكى قومۇش قاتارلىقلاردىن تەييارلانغان قوشام (خوتەن دىيارىدىكى ئۇيغۇرلار شۇنداق ئاتايدۇ) بىلەن ئېتىلگەن؛ ⑤ ھەرقايسى بۆلۈكلارغا تۇتاشقان تۈۋرۈك، لىم، زەگۇندە قاتارلىقلارنىڭ ئۈچى بىر - بىرىگە تۇرمىلىنىپ، مۇستەھكەملەنگەندىن كېيىن، ئۆيلەرنىڭ ئۈستى قىسمىدىكى تۇرۇملانغان جازىلارغا لىم ياغاچلار، لىم ئارىلىقلىرىغا بادرا، ۋاسىلار زىچ قىلىپ تىزىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش ياكى چىۋىقلاردىن توقۇلغان چىتلاق يېپىلغان، چىتلاقنىڭ ئۈستىگە پاخال ياكى مەڭگەن سېلىنىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توپا ئاندىن سامانلىق لاي سېلىپ سۇۋىغان؛ ⑥ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى تۈز يېپىلغاندىن كېيىن (تۆڭلۈكمۇ قويۇلغان) ، ئايرىش تاملارغا بېكىتىلگەن قوشاملارنىڭ ئۈستىگە سامانلىق كاكىل لاي تىقىلىپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۈستى يەنە سىلىقلىنىپ ئاندىن ئاقارتىلغان ( بەزى ئاقارتىلغان تاملارغا ئۈچ بۇلۇڭ ▲ شەكىللىك ئورنەكلەر سىزىپ قويۇلغان) . ھەرقايسى ئۆي - خانىلارنىڭ ئىشىكلىرى سۆگەت ياكى توغراق تاختايلىرىدىن ياسىلىپ ئورنىتىلغان.

ئەجدادلارنىڭ ياغاچچىلىق ھۈنەر سەنئىتى بىلەن ياغاچ قۇرۇلمىلىق بىناكارلىق تېخنىكىسى ئەپچىللىك بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن بۇ خىل خاس يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىناكارلىق ھۈنەر سەنئىتى تەكلىماكاننىڭ ھەرقايسى بوستانلىقلىرىدا قەدىمدىن تارتىپ ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي - ئىمارەت قۇرۇلۇشلىرىدا يەنىلا ئاساسىي جەھەتتىن ساقلىنىپ كەلمەكتە (بۇنۇقتا تەكشۈرۈلۈپ ئىسپاتلاندى) .



9. سۈرەت: ش ئۇ ئا ر مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملارنىڭ 1959 - يىلى 20 - ئۆكتەبر نىيا خارابىسىدا چۈشكەن خاتىرە سۈرىتى. سولدىن ئوڭغا: 1- رەتتە مۇھەممەد ھاجى، ئەخمەت رىشىت، ئابدۇقەييۇم خوجا، مىجىت قاسىم، ئىسمائىل جېلىل؛
2- رەتتە: تۇرسۇن ئەيسا، ئابدۇرېھىم ئوشۇرى، ئوبۇلقاسىم ھاجى، ئابدۇرېھىم سابىت، لى يۈچۈن، جېلىل ئوشۇر

نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان، يەر ئۈستىدىن تېپىلغان خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى، تارىخىي خاتىرىلەرنى ئاساس قىلىپ تەھلىل قىلغاندا، نىيا پادىشاھلىقى قۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭ گۈللەنگەن دەۋرلىرىنى مىلادى I ئەسىردىن III ئەسىرگىچە دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ. مەسىلەن، خارابىدىن قېزىۋېلىنغان كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەرنىڭ مۇتلەق دەۋرى مىلادى III ئەسىرگە تەۋە ئىكەنلىكىدە گۇمان يوق. ئۇنىڭدىن باشقا قېزىۋېلىنغان بىر پارچە خەنزۇچە تارشا پۈتۈكتىمۇ مىلادى 269 - يىلغا توغرا كېلىدىغان يىلنامە ئېنىق



10. سۈرەت: ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار نىيا خارابىسىنى قېزىپ تەكشۈرۈشكە قاتناشقان خەلق ئىشچىلىرى بىلەن بىللە

يېزىلغان. نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى چەكسىز كەتكەن قېلىن ئىپتىدائىي توغراقلىقلار، يۇلغۇنلۇقلار، قومۇشلۇق، يانتاق - شۋاقلىقلار، ساسلىق - چىملىقلار، ياۋاكەندىر (لوپنۇر كەندىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ، يانتاقلىقلاردىن تەركىب تاپقان مۇنبەت تۇپراقلىق بوستانلىقتا جايلاشقان نىيا پادىشاھلىقى ۋە ئۇنىڭ ئاستانىسى نىيا شەھىرى مەيلى

www.uyghurkitap.com



11. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى ئۆيلەردە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلماقتا

چاد ئوتا ( 精绝国 —— جىڭجۈ دۆلىتى) دەۋرى ياكى پىشامشان (كىرورەن) غا تەۋە بولغان دەۋرلەردىمۇ قەدىمكى «يىپەك يولى» نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەللىك رولىنى ئىزچىل جارى قىلدۇرغان.

نىيا پادىشاھلىقى تەۋەسىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئەقىل - پاراسىتىنى ئىشلىتىپ، تەبىئەت بىلەن هارماي، ئوچۇشلۇق كۈرەش قىلغان. ئۇلار دۇچ كەلگەن ھەر خىل تەبىئىي ئاپەتلەر ئۈستىدىنمۇ غەلىبە قىلىپ ئۆزلىرى ياشىغان بۇ بوستانلىقتا دېھقانچىلىق، سۇئىنشائاتى، قۇرۇلۇش - بىناكارلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك، ئورمانچىلىق، پىلىچىلىك، يۇڭ توقۇمىچىلىق، گىلەمچىلىك، بابكارچىلىق، كۆن - خۇرۇمچىلىق، تېرە ئەيلەش، تۆمۈر تاۋلاش، كىگىزچىلىك، سەرگەز - ھەمزەكچىلىك، ياغاچچىلىق، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بىلەن بىرگە ھەربىي قوراللارنى ياساش، دورىگەرلىك، ئەمچىلىك، ساپالچىلىق قاتارلىقلار بىلەن كەڭ شۇغۇللانغاچقا، خەلقنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىغاندىن تاشقىرى، «يىپەك يولى» بويىدىكى مۇھىم بېكەتلىك رولىدىن پايدىلىنىپ شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش - ئالاقە، سودا - ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىدىمۇ ئۆز ئالاھىدىلىكىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.



12. سۈرەت: ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان چوڭ تىپتىكى ئۆي خارابىسى

نىيا پادىشاھلىقى تەۋەلىكىدە مىلادى II ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ بۇددا دىنى ئېتىقادى تېخىمۇ كۆچەيگەن، كاروشتى يېزىقى ئومۇملاشقاندىن تاشقىرى بۇددىزم سەنئىتى ئالاھىدە روناق تاپقان. نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان نەپىس يۇڭ توقۇلما ۋە پاختا توقۇلمىلارغا چۈشۈرۈلگەن يۇنان - قەندىھار ئۇسلۇبىدىكى، بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى رەسىم - ئۆرنەكلەر بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كىرگۈزۈلگەن ئېسىل يىپەك رەخلەر - تاۋار، كىمخاپلار، سىرلىنىپ لاكلانغان ياغاچ بويۇملار، مىس كۈزگۈلەر —— نىيا پادىشاھلىقىنىڭ شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغان سودا - ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش تارىخىنى، ۋە بۇ پادىشاھلىقنىڭ ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا تېپىلغۇسىز ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نىيا دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنىدىكى بوستانلىقتا جايلاشقان نىيا پادىشاھلىقى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلغان ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت ياراتقان بولسىمۇ، بىراق قەدىمكى زاماندا تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارنىڭ ھاۋاسى تەدرىجىي قۇرغاقلىشىپ كەتكەنلىكى، كەلكۈن مەزگىللىرىدە قىيان سۇلار ئېقىتىپ كەلگەن زور مىقداردىكى لاي لاتقىلار قۇم مەنبەسىگە ئايلانغانلىقى، دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىش مۇساپىسىنىڭ قىسقىرىشى، ئادەتتىن تاشقىرى يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىك ئۇلۇغ كەلكۈن تۈپەيلىدىن دەريا ئېقىن يوللىرىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى، كۆچمە قۇملارنىڭ بوستانلىق رايونلىرىغا تەھدىت سېلىشى، ئاھالىنىڭ ئۈزلۈكسىز كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ سۇ يېتىشمەسلىكى، ئۇزۇنغا سوزۇلغان قاتتىق قۇم - بوران تەھدىتى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، قەدىمكى نىيا ئاھالىلىرى دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلارغا كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان. نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر، خارابىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، يۇقىرىدىكى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نىيا پادىشاھلىقىنىڭ ئاستانىسى —— قەدىمكى نىيا شەھىرى ۋە ئۇنىڭ تەۋەسىدىكى ھەر قايسى يۇرت - كەنتلەر مىلادى III ئەسىردىن كېيىن خارابىلىققا ئايلىنىپ كەتكەن.

نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان قىدىرىش، قېزىپ رەتلەش خىزمىتى جەريانىدا بۇ قەدىمكى شەھەرنىڭ تۇيۇقسىز ئۇرۇش، بۇلاش - تالاش، كەڭ كۆلەمدە ئوت قويۇش ياكى بولمىسا قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان

دەھشەتلىك تەبىئىي ئاپەتلەر تۈپەيلىدىن ۋەيران بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدىغان ئالامەتلەر ئۇچرىمىدى.

# «نىيا» نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي خاتىرىلەر

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مىلادى Ⅲ ئەسىرگە تەۋە كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەردە «نىيا» دېگەن نام نىنا [nina] ياكى نانا [NANA] دەپ يېزىلغان. قەدىمكى ئۇدۇن تىلىدىكى «نىنىيا» [nina] دېگەن يەر نامى كېيىنچە ئۇيغۇر تىلىغا مىراس بولۇپ قالغان. بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىش ئۈچۈن «پراكرىت سۆزلۈكى» دىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا «ئىنا» (مەنىسى ئويمانلىق) ۋە «نىيا» گە «قۇۋۇق، قامال، ئۆتەڭ» دېگەن مەنىلەر بېرىلگەن. «نىنىيا» [نىيا] ئىستېمال داۋامىدا «نىيە» گە ئۆزگەرگەن. قەدىمكى نىيا شەھىرىنىڭ جايلاشقان ئورنى نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى ئويمانلىق ۋادىغا توغرا كېلىدىغانلىقىغا قارىغاندا، يۇقىرىدىكى ئاتالغۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىدۇ.



13. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى بۇددا مۇنارى

ئاۋرېل ستېيىن نىيا خارابىسىدىن قېزىۋالغان كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەرنىڭ بىرى (N. 637 نومۇرلۇق) دە «چاد ئوتا» [Cad ʻota] ناملىق بىر جاي بارلىقى يېزىلغان بولۇپ، ئۇ قەدىمكى نىيا شەھىرى قاراشلىق جايدىكى بىر چوڭ مەمۇرىي مەھكىمە نامىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن. نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن ھۆججەتلەردە «چاد ئوتا» دېگەن بۇنام كۆپ چېلىقىدۇ. بۇ نام تەلەپپۇز جەھەتتە خەنزۇچە《精绝》(جىڭجۆ) دېگەن نامغا يېقىن بولغاچقا، ستېيىن «چاد ئوتا» خەنزۇچە تارىخنامىلاردىكى «جىڭجۆ» گە توغرا كېلىدۇ، دېگەن پەرىزنى ئوتتۇرىغا قويغان. «خەننامە، غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دە: «نىيە بەگلىكى، مەركىزي نىيا شەھىرى. بۇ يەردىن چاڭئەنگە 8820 چاقىرىم كېلىدۇ. ئاھالىسى 480 تۈتۈن، 3360 كىشى بولۇپ، ئەسكەرلىككە يارامىلىقى 500 نەپەر. بىر نەپەردىن نىيا كاھىنگى، ئوڭ - سول



14. سۈرەت: تۆشۈكلۈك ئۇل ياغاچ ۋە تۈۋرۈك

سەركەردە، تىلماچبەگ قاتارلىق ئەمەلدارلىرى بار. شىمالدىن قورۇقچىبەگ مەھكىمىسىگە 2723 چاقىرىم بولۇپ، جەنۇبىدىن رۇڭلۇ بەگلىكىگە تۆت كۈنلۈك يول، مەيدانى تار. ئۇنىڭ غەربىدىن ئۇزۇن تېتىر بەگلىكىگە 460 چاقىرىم كېلىدۇ» دەپ يېزىلغان. نىيا بەگلىكى (شەھەر دۆلىتى) قەدىمكى كارۋان يولى (يىپەك يولى) نىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، ئۇ، شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدىكى سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئالاقىلىرىدا تارىخىي رولىنى ئۆتەپ كەلگەن. بۇ نۇقتىنى «كېيىنكى خەننامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» دىكى تۆۋەندىكىچە بايانلار ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ: «پىشامشاندىن پامىر تاغلىرى ئارقىلىق غەربتىكى ئەللەرگە بارىدىغان ئىككى يول بار: قورۇمتاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىگە ياندىشىپ دەريا بويلاپ غەربكە قاراپ مېڭىلسا، ياركەندكە بارغىلى بولىدۇ، بۇ جەنۇبىي يول دەپ ئاتىلىدۇ. جەنۇبىي يولدىن يەنىمۇ غەربكە قاراپ مېڭىپ پامىر تېغىدىن ئۆتسە، ئۇلۇغ توخرىيلار دۆلىتى ۋە ئارساك قاتارلىق ئەللەرگە بارغىلى

بولىدۇ.»، «يۇمىن قوۋۇقىدىن (قاشقوۋۇقتىن) چىقىپ پىشامشان، چالمادانا (چەرچەن)، نىيا ئارقىلىق 3000 چاقىرىمدىن ئوشۇقراق يول ماڭسا، كېرىيىگەبارغىلى بولىدۇ.»



15. سۈرەت: نىيا خارابىسى بۇرجىكىگە جايلاشقان 2 - نومۇرلۇق تۇرالغۇ ئۆي ئىزلىرى

مىلادى 77 - يىلدىن كېيىن كىرورەن (楼兰) نىڭ نامى پىشامشان (鄯善) غا ئۆزگەرگەن. تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىن مىلادى Ⅲ ئەسىرگىچە بولغان نەچچە يۈز يىل ۋاقىت ئىچىدە پىشامشان (كىرورەن) پادىشاھلىقى ھەر جەھەتتىن تەرەققىي قىلغان، گۈللەنگەن بولۇپ، نوپۇسىمۇ تەدرىجى كۆپەيگەن. پىشامشانلىقلار يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىدىكى كىرورەن، چەرچەن، ئەندىرە، نىيا ۋە رۇڭلۇ قاتارلىق بەگلىكلەرنى بويسۇندۇرۇپ، غەربتە نىيا دەرياسىدىن تارتىپ شەرقتە دۇنخۇاڭغىچە بولغان دائىرىدە پىشامشان دۆلىتىنى قۇرغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن نىيا بەگلىكى پىشامشان دۆلىتى ھۆكۈمرانلىقىدىكى بىر بەگلىك بولۇپ قالغان. ئاخىرىدا يەنى مىلادى 5 - ئەسىردە پىشامشان دۆلىتىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، نىيا بەگلىكىمۇ سىرلىق ھالدا غايىب بولغان.



16. سۈرەت: 2 - نومۇرلۇق ئۆي ئىزىنىڭ بىر بۆلىكى

نىيا خارابىسىدىن خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەرمۇ تېپىلغان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 718-، 719-، 720-، 722- دەپ نومۇر بېرىلگەن خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەردە نىيا بەگلىكىنىڭ خان جەمەتىگە ئائىت بولغان «خان»، «خان ئانا»، «ۋەلىئەھد»، «ۋەلىئەھدىنىڭ خاتۇنى» قاتارلىق سۆزلەر بار. تەتقىقاتچى، ئالىملار نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان خەنزۇچە تارشا پۈتۈكلەرنىڭ دەۋرىنى شەرقىي خەن دەۋرى (مىلادى 25 — 202 - يىللار) گە تەۋە دەپ ھېسابلايدۇ. تاڭ

شۈەنزاڭ «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدىكى غەربىي يۇرت خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە تاڭ دەۋرىدىكى (مىلادى 618 — 907 - يىللار) «نىيا» شەھىرىنى «نىراڭ» (尼壤) شەھىرى دەپ ئاتىغان. «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ مەشھۇر ئۇيغۇر تەرجىمىشۇناسى بۇددىست ئالىم سىڭقۇسالى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە نۇسخىسى (V باب، 84 - ۋاراق، 21 -، 22 - قۇرلىرى) دا «ئوغاي بالىق» دېگەن شەھەر نامى ئۇچرايدۇ. بۇ، «نىراڭ» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرچىدا ئاتىلىشى بولۇشى مۇمكىن. بەزى ئالىملار خەنزۇ تىلىدا «ل»، «ر» بىلەن «ن» تاۋۇشلىرى دائىم دېگۈدەك پەرقلەندۈرۈلمەيدۇ، شۇڭا شۈەنزاڭ «نىنيا» نىڭ سۈپەت شەكلى ياكى خاس ئىسىم شەكلى بولغان «نىنىيانا» [ninana] نى «نىراڭ» دەپ تەلەپپۇز قىلىپ، شۇ بويىچە خاتىرە قالدۇرغان بولسا كېرەك، دەپ قارىماقتا. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە شۈەنزاڭ «نىراڭ» دەپ ئاتىغان شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىرغىچە تېپىلمىدى.



17. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى 6 - نومۇرلۇق ئۆي ئىزلىرى

## «نىيا» خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر

نىيە دەرياسى ۋادىسىدا چەكسىز كەتكەن توغراقلىق، يۇلغۇنلۇق، قومۇشلۇق ۋە باشقا ئۆسۈملۈكلەردىن ھاسىل بولغان چاتقاللىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە قارا قۇيرۇق (كىيىك)، ياۋا توشقان، ياۋا توڭگۇز، ھەر خىل ياۋايى قۇشلار ياشايدۇ. نىيە دىيارىدا قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئوۋچىلىرى (پەۋانلار) نىيە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىنلىرىغا جايلاشقان بۇ ئىپتىدائىي خىلۋەت جاڭگاللاردا ئوۋچىلىق قىلىدۇ. ئوۋچىلار كۆپ چاغلاردا قاپقان - قىسماقلارنى سۆرەپ قاچقان قارا قۇيرۇق (كىيىك) قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئىز بېسىپ قوغلاش نەتىجىسىدە تەكلىماكان قۇملۇقىدا غەرق بولغان «نىيا» خارابىسىنىڭ ئىزلىرىنى ئۇچرىتىپ قالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «نىيا» خارابىسىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقان بۇ ئۇيغۇر ئوۋچىلار ئەل ئىچىدە «نىيا» خارابىسى توغرىلىق ھەر خىل سۆز - چۆچەكلەرنى تارقىتىدۇ. مۇشۇ سەۋەب بىلەن كۆپلىگەن ئوۋچىلار، «بايلىق ئىزدىگۈچى» لەر «نىيا» خارابىسى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا خارابىلارغا بېرىپ ئۇ يەرلەردىن كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەر، ھەر خىل مىس يارماق - پۇللار، مارجان-ئاسقۇلار، ساپال قاچىلار ۋە باشقا خىلدىكى تۇرمۇش

بۇيۇملىرىنى تاپىدۇ . . . ئەنگلىيە تەۋەلىكىگە ئۆتكەن ۋېنگرىيىلىك مەشھۇر ئارخېئولوگ ـــ ئالىم، ھارماس ئېكسپېدىتسىيىچى سىر ئاۋرېل ستېيىن (Sir Aurel Stein 1862 — 1943) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارخېئولوگىيىلىك كاتتا تەكشۈرۈشلىرىدە تۆنجى قېتىم (1901 - يىلى) نىيە ناھىيىسىگە كەلگەندە، بۇ يەردىكى ئىبراھىم ئىسىملىك ئۇيغۇردىن 2 دانە كارۇشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكنى قولغا چۈشۈرىدۇ. مۇشۇ ۋەجىدىن ئىبراھىم ئاۋرېل ستېيىنگە يول باشلىغۇچى بولۇپ (كارۋان بېشى ۋە تۆگىلەر، ياللىۋالغان ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرى بىلەن بىللە) نىيا خارابىسىگە باشلاپ بارىدۇ. مۇشۇنىڭدىن



18. سۈرەت: بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىدىكى 8 - نومۇرلۇق ئۆي ئىزلىرى

ئېتىبارەن نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان تۇنجى قېتىملىق ئارخېئولوگىيىلىك قىدىرىپ تەكشۈرۈشنىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىدۇ. ئا. ستېيىن نىيا خارابىسىدە تۇنجى قېتىم ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان چەت ئەللىك ئارخېئولوگ بولۇپ قالىدۇ. ئا. ستېيىن نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بارغان ئىككى ھەپتىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشتە ئىبراھىم قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەپ ئىزدىشى بىلەن پەقەت كارۇشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەردىنلا 524 دانىنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ستېيىن 1901 ـ، 1906ـ، 1913ـ، ۋە 1931 - يىللىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان تۆت قېتىملىق چوڭ تەكشۈرۈشلىرىنىڭ ھەممىسىدە نىيا خارابىسىگە كېلىپ ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ «قەدىمكى خوتەن» (ئوكسفورد، 1907 - يىلى)، «سېرىندىيا» («جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئارىسىدىكى جايلار»، ئوكسفورد، 1921 - يىلى)، «ئاسىيانىڭ ئىچكى رايونلىرى» (ئوكسفورد، 1928 - يىلى) قاتارلىق ئىلمىي ئەسەرلىرى، ئۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈشلىرىنىڭ (جۈملىدىن نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ تەكشۈرۈشلىرىنىڭ) رەسمىي دوكلاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

1959 - يىلى 10 - ئايدا ش ئۇ ئا ر مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتىلى يۈچۈن ئەپەندى، ئابدۇكېرىم سابىت (مۇئاۋىن ئەترەت باشلىقى) لارنىڭ باشچىلىقىدا ئەترەت ئەزالىرىدىن مۇھەممەد ھاجى، ئابدۇقەييۇم خوجا، ئەخمەت رىشىت، تۇرسۇن ئەيسا قاتارلىق ئون كىشىنى باشلاپ نىيا خارابىسىگە كىرىپ، تەكشۈرۈش ۋە ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش - رەتلەش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىپ، زور تۈركۈمدىكى قىممەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تاپىدۇ.

1980 - يىلى «يىپەك يولى» تەتقىقاتى قىزغىنلىقىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى بىلەن نىيا خارابىسىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىش دولقۇنى رەسمىي ئەۋجىگە



19. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىرى ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئۆيلەر

كۆتۈرۈلدى. 80 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ نىيا ئارخېئولوگىيىسى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدىكى نۇقتىلىق تۈرلەردىن بىرى بولۇپ قالدى. 1988 - يىلى «جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىكتە نىيا خارابىسىدە تەييارلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئەترىتى» قۇرۇلۇپ، 10 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 6 - كۈنىگىچە نىيا خارابىسىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىكتە نىيا خارابىسىنى تەكشۈرۈش - تەتقىق قىلىشنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. شۇنىڭدىن تارتىپ يەنى 1990 - يىلى (10 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە) دىن 1997 - يىل 10 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 11 - ئاينىڭ 2 - كۈنىگىچە ھەر يىلى بىر ئاي ئۆپچۆرىسىدە جەمئىي 9 قېتىم تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.



20. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى ياغاچ قۇرۇلمىلىرى ياخشى ساقلىنىپ قالغان كىچىك تىپتىكى ئۆيلەر

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىگە

www.uyghurkitap.com

نىسبەتەن ئېيتقاندا، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ ئارخېئولوگىيە ئەترىتى 1959 - يىلى 10 - ئايدا ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش ۋە قېزىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىسى بىلەن جۇڭگو - ياپونىيە بىرلىكتە 1995 - ۋە 1996 - يىللىرى ئېلىپ بارغان تەكشۈرۈش - قېزىش خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرى ئۆزىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك مۇھىم تېپىلمىلىرى بىلەن گەۋدىلىك ئورۇندا تۇرىدۇ.

## 1959 - يىلى ئۆكتەبىردە نىيا خارابىسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ - رەتلەش خىزمىتى ۋە تېپىلغان يادىكارلىقلار

بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان تەكشۈرۈشكە قاتناشقان كەسپىي خادىملارنىڭ سانى چەكلىك (10 كىشى) بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوزۇق - تۈلۈك،



21. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى ئىشىك - تۈۋرۈكلىرى ساقلىنىپقالغان ئۆيلەر

ئىچىدىغان سۇ، قېزىپ - رەتلەشكە قاتناشقان خەلق ئىشچىلىرىنىڭ ئەھۋالى قاتارلىقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، قەدىمكى نىيا شەھىرىنىڭ گۈللىنىشى، خارابىلىققا ئايلىنىشى ۋە ئەينى زاماندىكى ماددىي مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ئەھۋالى، تۇرمۇش مەئىشەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئاساس بولالايدىغان 1 - قول ماتېرىياللارغا ئىگە بولۇش مەقسىتىدە ئەمەلىي كۈچىمىزگە چۇشلۇق ئىش قىلىپ، نىيا خارابىلىقىدىكى ھەرقايسى تۇرالغۇ نۇقتىلىرىدىن جەمئىي 10 ئورۇن (ئۆي) نى تاللاپ قېزىپ رەتلىدۇق. بۇ جەرياندا ئاساسلىقى، ئۆيلەرگە تىنىپ كەتكەن قۇم- توپىلارنى ئادالاش، ئۆيلەرنىڭ ئىچكى تۈزۈلمىسىنى ئېنىقلاش ۋە قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى تىزىملاپ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق.

1-نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي59. N001 :

بۇ نۇقتىدا بەش - ئالتە ئۆيلۈك كىشى تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ھەر بىر ئائىلىنىڭ ئولتۇرغان ئۆيلىرى ئوخشىمىغان دەرىجىدە قۇم ئاستىغا كۆمۈلگەن بولۇپ، بەزى يەرلەردە ئېگىز - پەسلىكى ئوخشىمايدىغان تۈۋرۈك، لىم، ياغاچ جازا قاتارلىقلارنىڭ ئۇچى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ نۇقتىدا قېزىپ رەتلەنگەن ئۆينىڭ ئىچى شەرقتىن غەربكە 4.9 مېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 9 مېتىر كېلىدۇ. يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان قوشام تېمىنىڭ ئۈستىگە 5-6س.م قېلىنلىقتا لاي سۇۋالغان. ئۆينىڭ شىمالىي تېمىنىڭ شەرقىي ئۇچىغا ئىشىك ئورنىتىلغان. ئۆينىڭ



22. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى تۈۋرۈك، لىم، ئايرىشلىرى ساقلىنىپ قالغان ئۆيلەر

ئىچىدىكى قۇم - توپىلار تازىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىن 5 - 12س.م قېلىنلىقتا چىڭدىلىپ كەتكەن تېزەك قاتلىمى بايقالدى. بۇ قاتلامدىن بىر قىسىم چارۋىچىلىق قوراللىرى بىلەن كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەر تېپىلدى. ئۆينى رەتلەش جەريانىدا، بىر دانە دەستىلىك ياغاچ ئۇرچۇق (دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 30.5س.م، ئۇرچۇق توپچىسىنىڭ دىئامېتىرى 5.3س.م، قېلىنلىقى 2.5س.م)، بىر دانە يا ئوقىنىڭ سۇنۇقى (بىر ئۇچى كۆيۈپ ئۈزۈلگەن، ئوق دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 18س.م)، يايسىمان تاختىدىن ياسالغان، ئىككى ئۇچى ۋە ئوتتۇرىسىدىن تۆشۈكچە تېشىلگەن بىر دانە بويۇنتۇرۇق، 37س.م ئۇزۇنلۇقتىكى بىر دانە تاختا مۆشۈك، بىر دانە ياغاچ نوگاي (گىرۋەكلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ئۈپرىغان، بەش پارچە بولۇپ كەتكەندىن



23. سۈرەت: ئۆل (زەگۇندە)، تۈۋرۈك - جاھازلىرى بىلەن ئايرىش تاملىرى ياخشى ساقلىنىپ قالغان ئۆيلەر

كېيىن، ھەرقايسى بۆلەكلىرىدىن تۆشۈك تېشىپ،

ئۆلارنى يۆلۈك يېپىتا يۆمەپ ھىملەشتۈرگەن) تېپىلدى. قېزىۋېلىنغان يادىكارلىقلار ئىچىدە يەنە ئىككى تەرىپىگە «+» بەلگىسى بىلەن بەشىۋلتۈزغا ئوخشايدىغان بەلگە ئويۇلغان تاق تۇتقۇلۇق ياغاچ بۇيۇم، ھەر ئىككى يۈزىگە ئۈچ قۇردىن بەش قۇرغىچە كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن (ئۇزۇنلۇقى5. 18س.م، كەڭلىكى 6س.م، قېلىنلىقى 7. 0س.م) تارشا پۈتۈك، شىنا شەكىللىك 2 دانە كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈك (ئۇلارنىڭ بىرى 21س.م، يەنە بىرى 16س.م ئۇزۇنلۇقتا بولۇپ، قېلىنلىقى 7. 2س.مكېلىدۇ)، ئاز مىقداردىكى بۇغداي، سۆڭەك (تېرىق ۋە كىگىز، رەخت پارچىلىرى (يەر ئۈستىدىن يىغىۋېلىنغان) تېپىلدى.



24. سۈرەت: قومۇش قوشالمىق تاملار

2 - نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي 59. N002 :

بۇ ئۆي 1 - نۇقتىنىڭ شەرقىدە تەخمىنەن 700 مېتىر يىراقلىقتا. بۇ نۇقتىغا سېلىنغان تۇرالغۇ ئۆيلەر نىسبەتەن ئويمانلىقتا جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئېغىز ئۆيدىن تەركىب تاپقان بۇ تۇرالغۇ ئىككى قوم دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇنلاشقان. ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى شىمالغا قارايدۇ. شەرق تەرەپتىكى قاتار سېلىنغان ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ تام ئۇلىغا يۆلەپ سۇپا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۇ سۇپىلار بۇزۇلغان. قوم - توپىلار تازىلانغاندىن كېيىن ئۆي ئىچىدىن دەستىسى سۇنغان بىر دانە مىس چۆمۈچ (ساقلىنىپ قالغان بۆلىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 22س.م)، بىر دانە كۆسەي (توم ئۇچىدا كۆيگەن ئىزى بار، ئۇزۇنلۇقى52س.م، توملۇقى 5. 5س.م)، كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن 3 دانە تارشا پۈتۈك (بەزىلىرىگە 6 قۇر خەت پۈتۈلگەن) تېپىلدى.

3 - نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي59. N003 :

ئېگىزرەك يەرگە 3 ئېغىز ئۆي (ئوتتۇرىسىدىكى بىر ئېغىزى كىچىكرەك، قالغان ئىككى ئېغىزى كارىدورغا ئوخشايدۇ) ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى خېلى ئېغىر دەرىجىدە ۋەيران بولغان. بۇ تۇرالغۇ خارابىلىقتا 9_10 تال تۈۋرۈك قوم ئۈستىگە چىقىپ قالغان. شەرق تەرەپتىكى بىر ئېغىز ئۆي تازىلانغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىچىدە سۇپا، ئوچاق قاتارلىقلار بايقالدى. تامنىڭ ئۇلىدىكى قوملار تازىلانغاندىن كېيىن، تامنىڭ بۆلۈكىدىن پېچەتلىرى بۇزۇلماي ساقلىنىپ قالغان بىر جۈپ تارشا پۈتۈك (ئۇزۇنلۇقى 16س.م، كەڭلىكى 7. 5س.م) تېپىلدى. كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن بۇ ئىككى دانە تارشا پۈتۈكنىڭ يۈزى بىر - بىرىگە جۈپلەنگەندىن كېيىن چىگە يىپ بىلەن ئۈچ يەردىن يۆگەپ چىگىلگەن، چىگىلگەن يىپلارنىڭ ئاستى - ئۈستى ئايرىم - ئايرىم سېغىزلاي بىلەن پېچەتلەنگەن بولۇپ، لاي پېچەتلەرنىڭ ئالدى يۈزىنىڭ ئىككى يېرىگە تامغا پېچەتلەر بېسىلغان. تامغا پېچەتنىڭ بىرى تۆت چاسا بولۇپ، ھەر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5. 1س.م كېلىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىقى، تامغا پېچەتنىڭ بىرسىدىكى شەكىل گۈل بەرگىگە ئوخشىسا، يەنە بىرىنىڭ ئۈچ بۇرجەك شەكىلگە ئوخشايدۇ. تارشا پۈتۈكنىڭ ئارقا يۈزىنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىدە ئىككى لاي تامغاپېچەت بار بولۇپ، سول تەرەپتىكىسىدە قولىنى كۆتۈرۈپ زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئادەمنىڭ رەسىمى (يوغان باش، قاڭشارلىق، ئورۇق، يالىڭاچ) بار. يەنە بىر تەرىپىدىكى لاي تامغا پېچەتكە بېسىلغان رەسىمنىڭ نۇسخىسى ئېنىق ئەمەس. بېجىرىم ساقلىنىپ قالغان، كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان بۇ قىممەتلىك لاي تامغا پېچەتلىك تارشا پۈتۈكلەر بىزگە ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەغەز بولمىغان زامانلاردا ئەقىل - پاراستىنى ئىشقا سېلىپ، سۆگەت ۋە توغراق ياغاچلىرىدىن نېپىز تارشىلارنى تەييارلاپ، ئۇنى ئەپچىللىك بىلەن ياغاچ تارشا لىپاپا ھالىتىگە كەلتۈرگەندىن تاشقىرى پۈتۈكنى ناھايىتى مەھكەم پېچەتلەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەتنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ساقلايدىغان ھەر خىل شەكىلدىكى لاي تامغا پېچەتلەرنى بېسىپ، بۇنىڭدىن 2000 يىللار ئىلگىرىلا پېچەتلەنگەن تارشا لىپاپىلىق پوچتا خەت يوللانمىسىنى ئىجاد قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. كاروشتى يېزىقى پۈتۈلۈپ ئالاھىدە تەييارلانغان بۇ قىممەتلىك تارشا پۈتۈكلەر يەنە قەدىمكى نىيا پادىشاھلىقىنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى، پوچتا خەت ئالاقە تارىخى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماددىي پاكىت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان لاي تامغا پېچەتلىك تارشا پۈتۈكلەر ئەسلى ھالىتى بويىچە ھازىرغىچە ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلانماقتا.



25. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى 37 - نومۇرلۇق ئۆينىڭ ياغاچ جاھازلىرى

3 - نۇقتىنىڭ (N003) غەرب تەرىپىدىكى ئۆيدىن سۆڭەك بىلەن بۇغداي دانلىرى ئارىلىشىپ قېتىپ كەتكەن

بىر دۆۋە ئاشلىق تېپىلدى.

4 ـ نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي 59N004: بۇ يەرگە جايلاشقان ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ھەممىسى ئاساسەن ۋەيران بولغان بولۇپ، قۇم دۆۋىسى تازىلانغاندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىن چوڭ ـ كىچىك ئۈچ دانە تارشا پۈتۈك تېپىلدى: ① ئۇزۇنلۇقى 47 . 5س. م، كەڭلىكى 5س. م كېلىدىغان ئۇزۇن تارشا پۈتۈكنىڭ بىر يۈزىگە ئۈچ قۇر، يەنە بىر يۈزىگە يېرىم قۇر خەت پۈتۈلگەن؛ ② ئۇزۇنلۇقى 52س. م، كەڭلىكى 5س. م كېلىدىغان ئۇزۇنچاق تارشا پۈتۈك؛ ③ ئۇزۇنلۇقى توققۇز س. م، كەڭلىكى بەش س. م كېلىدىغان تاختا شەكىللىك تارشا پۈتۈكنىڭ ئىككى يۈزىگە ئېنىق قىلىپ كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن.



26. سۈرەت: ياغاچ قۇرۇلمىلىق كارىدور ئىزى

5ـ نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي 59. N005: بۇ تۇرالغۇدا ئۈچ ئېغىز ئۆي بولۇپ، ھەممىسى ۋەيران بولغانىكەن. رەتلەش داۋامىدا ئوتتۇرىدىكى ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن ئىچىگە بىر مۇنچە سۇنۇق تارشا پۈتۈكلەر سېلىنغان ساپال ئىدىش تېپىلدى. تارشا پۈتۈكلەرنىڭ چىرىگەن سۇنۇقلىرى يەملەپ ئۇلانغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئىككى دانىسى شىنا شەكىللىك، سەككىز دانىسى تاختا شەكىللىك تارشا پۈتۈك ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. تارشا پۈتۈكلەر چىرىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭدىكى كاروشتى يېزىقلىرىمۇ تۇتۇق بولۇپ قالغان.

6 ـ نوقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي : 59N006 بۇ تۇرالغۇدا 2 ئېغىز ئۆي بولۇپ، بۇددا مۇنارىنىڭ جەنۇبىي بۇرجىكىدىكى ئويمانلىقتا جايلاشقان. ئۆينىڭ شەرقىي تېمىنىڭ سىرتىدا مېۋىلىك باغچا ئىزى، شاخ ـ شۇمبىلاردىن قىلىنغان چىتلاق (قاشا) قۇمغا كۆمۈلگەن پېتى ساقلىنىپ قاپتۇ. ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆينىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى يەنىلا ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. ئۆينىڭ ئىچىدە يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن تەييارلانغان قوشالىق لاي تامنىڭ بىر بۆلىكى ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ . قۇملار تازىلانغاندىن كېيىن قوشالىق لاي تام ئاستىدىن ئۇزۇنلۇقى 40 ـ 55س. م كېلىدىغان تۆت دانە كامالەك تېپىلدى. ئۆينىڭ ئىشىك ئارقىسىدىن بىر قانچە كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلەر تېپىلدى.

7 ـ نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي 59. N007: بۇ تۇرالغۇ 6 ـ نۇقتىدىكى ئۆيلەرنىڭ جەنۇبىدىكى ئانچە يىراق بولمىغان يەرگە جايلاشقان بولۇپ، ئۆيلەر ئاساسىي جەھەتتىن ۋەيران بولۇپ كەتكەن. رەتلەش جەريانىدا تۆت دانە تارشا پۈتۈك (ئىككى دانىسىنىڭ خېتى ئۆچۈق) تېپىلدى.



27. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى بىر قەدەر زىچ جايلاشقان ئۆي ئىزلىرى

8 ـ نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي 59. N008: بۇ تۇرالغۇدىكى ئۆيلەرمۇ قاتتىق ۋەيران بولغانىكەن. رەتلەش جەريانىدا قۇم ئاستىدىن كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن ئىككى دانە تارشا پۈتۈك ۋە بىر تال بۇغداي باشىقى، بۇغداي دانلىرى ھەمدە بۇغداي قىلتىرىقى قاتارلىقلار تېپىلدى.

9 ـ نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي 59. N009: بۇ تۇرالغۇدا بىر ئېغىز چوڭ ئۆينىڭ ئورنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. رەتلەش جەريانىدا بۇ يەردىن ئىككى تال جۇۋالدۇرۇز (بىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 19س. م، يەنە بىرىنىڭ 16س. م)، چوڭ ـ كىچىك تۆت دانە سال توزاق (تاختا مۆشۈك) تېپىلدى.



28. سۈرەت: يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان قوشام

10 ـ نۇقتىدىكى قېزىپ رەتلەنگەن ئۆي 59: N0010: بۇ تۇرالغۇ ئۆيلەر بۇددا مۇنارىسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆي خارابىلىرى خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغانىكەن. قۇمۇش، ئوت ـ چۆپلەر

بىلەن يېپىلغان ئۆگزىلەرنىڭ كۆپ قىسمى گۆمۈرۈلگەن، قوشاملىق لاي تام (تامنىڭ ئېگىزلىكى تەخمىنەن 1.2 مېتىر) لار ئۆرۈلگەن بولسىمۇ تازىلاپ رەتلەنگەندىن كېيىن ئۆيلەرنىڭ قۇرۇلمىسى ناھايىتى ئېنىق بىلىندى. بۇنىڭ ئىچىدە بىر ئېغىز چوڭ ئۆينىڭ ئايۋىنى جەنۇبتىن شىمالغا يەتتە مېتىر، شەرقتىن غەربكە 5.5 مېتىر، تۈڭلۈكىنىڭ ھەربىر تەرىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 65 س.م كېلىدۇ. بۇ چوڭ ئۆيدىن بىر كىچىك كارىدور ئارقىلىق ئىچكىركى ئۆيگە كىرگىلى بولىدۇ. كارىدور جەنۇبتىن شىمالغا ئۈچ مېتىر، شەرقتىن غەربكە يەتتە مېتىر بولۇپ، كارىدورنىڭ جەنۇبىي تېمىغا يۆلەپ ئۇزۇنلۇقى 20.3 مېتىر، كەڭلىكى 50.1 م، ئېگىزلىكى 4.0 م



29. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى كۆلچەك ئىزى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا تىكىلگەن دەرەخلەر

كېلىدىغان سۇپا ياسالغان، سۇپىنىڭ گىرۋەكلىرى كېسەكتە قوپۇرۇلۇپ، ئوتتۇرىسىغا قۇرۇق سېغىز توپىلار تىندۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈستى تەكشى سىلىقلانغان ۋە بورا سېلىنغان. تاشقىرقى ئۆينىڭ ئىشىكى غەربكە قارىتىپ ئېچىلغان. چوڭ ئۆينىڭ تام ئۇلىغا يۆلەپ سېلىنغان سۇپىنىڭ ياسىلىشى ۋە چوڭلۇقى كارىدوردىكى سۇپا بىلەن ئوخشاش بولۇپ، سۇپىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان بورا چىرىپ كەتكەنىكەن. رەتلەش جەريانىدا چوڭ ئۆيدىكى سۇپىنىڭ ئۈستىدىن بىر دۆۋە ساپال قاچا سۇنۇقلىرى (ساپاللار قىزىل رەڭلىك، ئاغزى يوغان، قورساق قىسمى يۇمىلاق، تۈۋى تۈز بولۇپ، ساپاللارنىڭ ئاغزىدىن قورسىقىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئەگرى، ئۈچ بۇرجەك ۋە قىيپاش كاتەكچىلەردىن تەركىب تاپقان ئۆرنەكلەر چۈشۈرۈلگەن) تېپىلدى. چوڭ ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچ تۈۋرۈكنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈلگەن قىسمىنىڭ يېنىدىن بىر ئىتنىڭ تولۇق ئىسكىلىتى بايقالدى. رەتلەش جەريانىدا بۇ ئۆيدىن يەنە تۆۋەندىكى ئۈچ خىل يۇڭ توقۇلما تېپىلدى: ① ئادەم، ھايۋان، ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار يۇڭ توقۇلما - ئۇنىڭدا ئورا كۆز، قاڭشارلىق ئادەمنىڭ، يولۋاس، بۇغىغا ئوخشايدىغان ھايۋان ۋە ئۈزۈمنىڭ تال يوپۇرماقلىرى بىلەن پىشىپ يېتىلگەن ئۈزۈم ساپاقلىرى قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى ناھايىتى گۈزەل، جۇلالىق قىلىپ توقۇپ چىقىرىلغان. سىپتە توقۇلغان بۇ جۇلالىق يۇڭ توقۇلمىنىڭ بىر كۋادرات سانتىمېتىرىغا ئىككى يۇرۇش سېرىق ئارقاق (20 تال) يىپ بىلەن ئىككى يۇرۇش قوش قات ئۆرۈش (60 تال) يىپ سېلىنىپ توقۇلغان؛ ② رومبا شەكىللىك تۇتاش كاتەكچە ۋە تۆت بەرگىلىك گۈل رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەڭلىك يۇڭ توقۇلما. ئۇنىڭغا ئۆرۈشىدىن باشلاپ گۈل قويۇلۇپ ئۈچ قات توقۇلغان. توقۇلمىنىڭ بىر كۋادرات سانتىمېتىرىغا 16 تال ئارقاق، 24 تال ئۆرۈش يىپ سېلىنىپ (ئۈچ قۇر) توقۇلغان بولۇپ، تەكتى كۆك، رومبا شەكىللىك كاتەكچىلىرى ئاق، گۈل بەرگىلىرى قېنىق قىزىل، چۆرىسى ئاقۇش، گۈل نۇسخىلىرى ئۆزگىچە، كۆركەم، رەڭگى ئۆڭمىگەن؛ ③ ئىككىنچى خىلدىكى



30. سۈرەت: قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن سېرىق سۆگەتلەر

يۇڭ توقۇلمىغا ئۇلاپ تىكىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا تۆت بەرگىلىك گۈلنىڭ رەسىمى (تەكتى سېرىق) چۈشۈرۈلگەن. توقۇلۇشى ئىككىنچى خىلدىكى يۇڭ توقۇلمىغا ئوخشايدۇ؛ بۇ ئۆينىڭ سۇپىسى ئۈستىدىن كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن توققۇز دانە تارشا پۈتۈك تېپىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى شىنا شەكىللىك، بەزىلىرى سوقىچاق بولۇپ، سۇپا ئۈستىدە چېچىلىپ تۇرغانىكەن. بۇ ئۆيدىن يەنە بىر دانە ئوق دەستە (ئۇزۇنلۇقى 35 س.م) سۇنۇقى تېپىلدى. ئۇنىڭ پايىنىكىگە ھايۋان پەيلىرى ئورالغاندىن تاشقىرى قارا ۋە قىزىل رەڭدە بويالغان، ئۈچ تال قوش پېيى چۆرىسىگە يەملەپ قويۇلغان، پايىنىكىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرىپىگە بىردىن ئاق، قارا مارجان بېكىتىلىپ، ئالتۇن ياپراق بىلەن قاپلانغان. يۇقىرىقىلاردىن باشقا كالىنىڭ



31. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتكەن ئۈجمە (جۈجەم) دەرەخلىرى

سۆڭىكىدىن ياسالغان بىر سۆڭەك تاختا تېپىلدى. ئۇ تىك تۆت بۇرجەك شەكىلدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 7 س.م، كەڭلىكى 5.4 س.م، قېلىنلىقى 5.1 س.م كېلىدۇ. ئۇنىڭ بىر يۈزىگە چوڭ - كىچىكلىكى ھەر خىل،

www.uyghurkitap.com

رىتىمسىز چۆگۈلىمەچ سىزىقلار ئويۇلغان.

# نىيا خارابىلىقىنىڭ ھەرقايسى يەرلىرىدىن يىغىۋېلىنغان يادىكارلىقلار

تەكلىماكان قۇملۇقىدا ھەر يىلى ئەتىياز، كەچكۈز پەسىللىرىدە دائىم قاتتىق شامال چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ ئەتىياز پەسلىدە كۆتۈرۈلگەن كۈچلۈك قارا بوران، قۇيۇن مەزگىلىدە قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا غايىب بولغان قەدىمكى خارابە ئىزلىرى، قەبرىلەر جۈملىدىن خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىق، ئاسار- ئەتىقىلەر ئېچىلىپ قالىدۇ. تەكلىماكاننىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقايسى بوستانلىقلاردا ياشايدىغان يەرلىك ئاھالە ئىچىدىكى «بايلىق ئىزدىگۈچى»لەر بوران مەزگىلى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن قۇم دېڭىزى ئىچىدىكى ئۆزلىرى بىلىدىغان قەدىمكى شەھەر خارابىلىرىغا بېرىپ، «بايلىق» ئىزدەيدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى قىممەت باھالىق ئالتۇن - كۈمۈش بۇيۇملىرىنى تېپىش مەقسىتىدە ئۆزلىرىگە ئۇچرىغان بەزى قەدىمكى ئىز، قەبرىلەرنى قالايمىقان كولاپ، ئۇ خارابىلەرنىڭ ئەسلى ھالىتىنى خېلى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلايدۇ.

تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، ئۇلاردا ئۆز يېرىنىڭ تارىخى، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى، ئەھمىيىتى توغرىسىدا ئەقەللىي ئۇقۇم بولمىغاچقا، خارابە ئىزلارنى قالايمىقان كولاش نەتىجىسىدە ئۇچراتقان ساپالدىن ياسالغان كوپ، ئىدىش، كوزا قاتارلىق بۇيۇملارنى چېقىپ تاشلاپ ئۇنىڭ ئىچىنى ئاختۇرىدۇ. بەزىلىرى ھەتتا ھەقىقىي ئىلمىي قىممىتى بار، ئاز ئۇچرايدىغان بىباھا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلما، يىپەك، پاختا توقۇلما پارچىلىرىنى خالىغانچە نابۇت قىلىپ تاشلىۋېتىدۇ. . .



32. سۈرەت: قۇمغا كۆمۈلگەن ئۈجمە دەرەخلىرى

بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان 10 نۇقتىدا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەش ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن، نىيا خارابىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى تېخىمۇ تەپسىلىي كۆزىتىش ۋە يەر ئۈستىدە ئېچىلىپ قالغان مەدەنىيەت يادىكارلىق، ئاسار - ئەتىقىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يىغىۋېلىش مەقسىتىدە ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى خادىملار بىر قانچە گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ بۇددا مۇنارىنىڭ شىمال - جەنۇب، شەرق - غەرب تەرەپلىرىدىكى بىر قانچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان ھەر خىل خارابە ئىزلىرىنى بىر نەچچە كۈن ئۇدا تەكشۈردۇق. تەكشۈرۈشلىرىمىز ناھايىتى نەتىجىلىك بولدى. بۇ جەرياندا تۇرلۇك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن ھەر خىل ساپاللار، ياغاچ بۇيۇملار، يۇڭ، يىپەك، پاختا توقۇلمىلار، مىس ۋە تۆمۈردىن ياسالغان بۇيۇملار، سۆڭەك، تاش ۋە ئەينەكتىن ياسالغان نەچچە يۈزلىگەن يادىكارلىق يىغىۋېلىندى. ساپاللار ئىچىدە قىزىل، قىزغۇچ، قارا رەڭلىك ھەر خىل گۈل نۇسخىلىرى



33. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى ئۈزۈملۈك

ئويۇلۇپ ئۆرنەك قىلىنغان ساپال قاچا پارچىلىرى بار. ساپالدىن سىپتا ئىشلەنگەن بەزى ئۇرچۇق توپچىلىرى (بەزىلىرىنىڭ دىئامېتىرى 6 س.م، قېلىنلىقى 2.5 س.م كېلىدۇ) نىڭ يۈزىگە ئاي ۋە يوپۇرماق شەكلى نەقىش قىلىنغان. ياغاچ بۇيۇملاردىن ھەر خىل تارشا پۈتۈكلەر (بەزىلىرى پارچىلىنىپ، خەتلىرى ئۆچۈپ كەتكەن)، بويۇنتۇرۇق، توغراق كۆتىكىدىن ياسالغان سوغا (چېلەك)، گىلەم، پالاز قاتارلىقلارنى توقۇغاندا ئىشلىتىدىغان توقۇش سايمىنى - پەنجە، چۇلۇك، ئىلمەك، ياغاچ جۇۋالدۇرۇز، پىيما قېلىپى، ئۆي جاھازلىرىدىن ياغاچ ئۈستەل، ياغاچ چۆمۈچ، ئويما نەقىشلىك گۈللۈك تاختا، سالاسۇن پارچىلىرى، ئىشىك لوكىسى، سال توزاق (تاختا مۈشۈكنىڭ بىر خىلى) قاتارلىقلار بار. مىس - تۆمۈر بۇيۇملاردىن مىس كۆرگۈ (خەنزۇچە 《长宜子孙》 خېتى بار -- مەنىسى: نەۋرە - چەۋرە كۆرگەيلا، ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەيلا)، مىس ياماق (بەش جۇ 《五铢》 دېگەن



34. سۈرەت: قاغجىراپ كەتكەن ئۈزۈم تاللىرى

خېتى بار)، مىس مىق، مىس ئۈزۈك، تۆمۈر ئوغاق، تۆمۈر پىچاق، ئوق باشىقى قاتارلىقلار بار. سۆڭەك ۋە مۈڭگۈزدىن ياسالغان بۇيۇملار ئىچىدە تاغاق، مۈڭگۈزدىن ياسالغان جام (كالا مۈڭگۈزىدىن ياسىلىپ ئىككى يېنىغا تۆشۈكچە ئېچىلغان ئۈچ دانە جام تېپىلدى، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 19 - 22س.م، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 4 - 8س.م كېلىدۇ)، قوي مۈڭگۈزىدىن ياسالغان باشاق قاتارلىقلار، تاشتىن

ياسالغان بۇيۇملار ئىچىدە يارغۇنچاق، بىلەي، تاش ساقا قاتارلىقلار بار. تۆشۈكلۈك مارجان - ئاسقۇلاردىن 160 نەچچە تال تېرىۋېلىندى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قاشتېشى، ھەر خىل تاش، ساپال، ھېقىقتىن ياسالغانلىرى بار. مارجان - ئاسقۇلارنىڭ شەكلى ھەر خىل بولۇپ، ئۇزۇنچاق، يۇمىلاق، ياپىلاق، تۆت بۇرجەك، سەككىز قىرلىق، ئېللىپس شەكىللىك ۋە قىزىل چەمبىرەكنىڭ ئوتتۇرىسىغا قارامتۇل، بېلىق كۆزى شەكلى چىقىرىلغانلىرىمۇ بار. رەڭگى جەھەتتە قېنىق ۋە سۇس يېشىل، سېرىق، ئاق، كۆكۈش، توق قىزىل، كۆلرەڭ، ئاق قاشتېشى رەڭلىكلىرى بار (مارجانلارنىڭ ئەڭ چوڭىنىڭ دىئامېتىرى 1.9س.م، كىچىكلىرىنىڭ دىئامېتىرى 0.3س.م كېلىدۇ). يۇقىرىدىكىلەردىن باشقا سېرىق ۋە سۇس يېشىل رەڭلىك ئەينەك سۇنۇقلىرى (قېلىنلىقى 0.2_0.5س.م) تېرىۋېلىندى. توقۇلمىلار ئىچىدە ھەر خىل يۇڭ توقۇلما رەختلەر، كىيىم - كېچەك پارچىلىرى، يۇڭ ئارغامچا، يۇڭ پالاز، گىلەم پارچىلىرى، ئات يايلى ۋە يۇڭ يىپتىن ناھايىتى زىچ قىلىپ توقۇلغان رۇمكىسىمان بۇيۇم (ئۇزۇنلۇقى 10س.م، كەڭلىكى 3.5س.م، ئېگىزلىكى 2.5س.م)، پاختا رەختلەردىن تىكىلگەن كىيىم پارچىلىرى ۋە ھەر خىل رەڭلىك شايى - دۇردۇن پارچىلىرىمۇ تېپىلدى.



35. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ئورغاق

## قەدىمكى قەبرىستانلىق ۋە ئۇنىڭدىن تېپىلغان يادىكارلىقلار

1959 - يىلى 16 - ئۆكتەبر خاسىيەتلىك كۈن بولدى. بىز قېزىپ رەتلىگەن خارابە ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىنى كۆزىتىپ تەكشۈرۈۋاتقان چېغىمىزدا، بۇددا مۇنارىنىڭ غەربىي شىمالىي تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىردىن ئارتۇق كېلىدىغان جايدا قەدىمكى ئېقىن بويىغا جايلاشقان قەبرىستانلىقنى بايقىدۇق.

قەبرىستانلىقنىڭ غەربىدىكى كەڭلىكى 4 - 5 مېتىر كېلىدىغان ئېقىن ئىزىنى بويلاپ داۋاملىق شىمالغا مېڭىپ كېتىۋېتىپ، تاسادىپىي بىر قۇم دۆۋىسىنىڭ يېنىدىن ئېچىلىپ قالغان قىرلىق ياغاچنى ئۇچراتتۇق. ياغاچ ئەتراپىنى مەركەز قىلىپ تەخمىنەن 70س.م چوڭقۇرلۇقتا تۆت ئەتراپتىكى قۇملارنى ئاۋايلاپ تازىلىغاندىن كېيىن سۆگەت ۋە توغراق ياغاچلىرىدىن ناھايىتى پۇختا ياسالغان، ھېچقانداق يېرى چىرىپ كەتمەي ئۆزپېتى ساقلانغان ساندۇق (ئۇزۇنلۇقى 2.10م، كەڭلىكى 0.80م، ئېگىزلىكى 0.56م) تېپىلدى.



36. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان تۆمۈر ئىسكىنە

جەسەت ساندۇقى ئۈستىگە يۇلغۇن چىۋىقلىرىدىن توقۇلغان قوشام يېپىلغان بولۇپ، قوشامنىڭ تېگىدىن ساندۇقنى يۆگىگەن كىگىز پارچىلىرى (كىگىزنىڭ يۈزىدە ئاق، قوڭۇر رەڭلىك سىزىقچا ئۆرنەكلەر بار) چىقتى. ساندۇق ئاغزى (ياپقۇچى) غا ئىشلىتىلگەن قېلىن تاختايلار مەلۇم چوڭقۇرلۇقتا ئويۇلغاندىن كېيىن توغرىسىغا ئۈچ يەردىن ياغاچ بەلدەمچىلەر بىلەن چىڭىتىلغان. ساندۇقنىڭ تۆت پۇتى بىلەن ھەرقايسى يان تەرەپلىرىدىكى تۇتاشتۇرۇلىدىغان بۆلەكلەر تۈرمىلانغاندىن كېيىن ساندۇق تاختايلىرى ياغاچ مىقلار بىلەن تېخىمۇ مەھكەم قىلىپ ھىملانغان.

ساندۇق ئىچىگە بىر ئەر، بىر ئايالنىڭ جەسىتى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان پېتى دەپنە قىلىنغان. مېيىتلار ئۈستىگە ھەر خىل رەڭدار، گۈللۈك كىمخاپ، دۇردۇنلاردىن تىكىلگەن كىيىم - كېچەكلەر كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيىسىدە تۇنجى قېتىم تېپىلغان، ياخشى ساقلىنىپ قالغان بۇ خىل ئېسىل، بىباھا يادىكارلىقلارنى كۆرۈپ قىزىشقا قاتناشقان ھەممىمىز ھەيران قېلىشتۇق. بۇ كۈنى كەچكىچە مۇشۇ ساندۇقلۇق قەبرىنىڭ دائىرىسى

ئىچىدىكى ھەممە نەرسىلەرنى خاتىرىلەپ بىر تەرەپ



37. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مۈرۈەت (ياغاچ)

قىلغاندىن كېيىن بۇ قەبرىگە 59. NM001 دالا نومۇرىنى بەردۇق.

* * *

قەبرىستانلىق بىلەن قونالغۇ - بارگاھىمىزنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى كىلومېتىرچە ئېگىز - پەس قۇم بارخانلىرى بار ئىدى. 17 - ئۆكتەبىر جەسەت ساندۇقىنى ئارغامچىلار بىلەن چەمبەر چەس قىلىپ باغلاپ ساندۇقنىڭ ئالدى كەينىگە توغراق بادرىلىرىنى ئەپكەشچە قىلىپ تاڭدۇق. ھەممىمىز ساندۇقنى نۆۋەتلىشىپ كۆتۈرگەنچە نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ مىڭ تەستە قونالغۇ ئورنىمىزغا بىخەتەر يۆتكىۋالدۇق. ھەممىمىزنىڭ خىيالىغا بۇ قىممەتلىك يادىكارلىقلارنى قانداق قىلغاندا ئۇرۇمچىگىچە بىخەتەر يۆتكەپ كەتكىلى بولىدۇ؟ دېگەن سوئال كەلگەنىدى. چۈنكى، جەسەت ساندۇقىنى بىخەتەر يۆتكەشتە: ① نىيا خارابىلىقىدىن -- قاپقاسقان كەنتىگىچە، ② قاپقاسقاندىن -- نىيە ناھىيىسىگىچە، ③ نىيە ناھىيىسىدىن -- خوتەنگىچە، ④ خوتەندىن -- ئۈرۈمچىگىچە بولغان بېكەت -- مۇساپىلارنى بېسىشقا توغرا كېلەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۈشكۈلى خارابىلىقتىن -- نىيە ناھىيىسىگىچە بولغان ئارىلىق بولۇپ، بۇ يولدا پۈتۈنلەي تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى ئېگىز - پەس بارخانلار ۋە نىيە دەرياسى ياقىسىدىكى قېلىن توغراقلىق، دەريا كېچىكى، يۇلغۇنلۇق - چاتقاللىقلاردىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. بىز ئاخىرى تەجرىبىلىك كارۋان بېشى ئىسمائىل ئاخۇن ئاكا، يول باشلىغۇچى مەتنىياز ئاخۇن ئاكىلارنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىش تۇتىدىغان بولدۇق. بۇ كۈنى تۆگىچى ۋە بىر نەچچە خەلق ئىشچىلىرى قاپقاسقان كەنتىدىن ئۆكۈز (ئۇي) لەرنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن دەرھال يولغا چىقىپ كەتتى . . .

* * *

ئارخېئولوگىيە ئەترىتىدىكى بىر گۇرۇپپا خادىملار 19 - ئۆكتەبىرگىچە NM001 - نومۇرلۇق ساندۇقلۇق قەبرە ئەتراپىدىكى 10 نەچچە كىلومېتىر دائىرىنى ئەتراپلىق تەكشۈردۇق. 1 - نومۇرلۇق ساندۇقلۇق قەبرىنىڭ شىمالىدىن 100 مېتىرچە يىراقلىقتا بىر قىسمى ئېچىلىپ قالغان ساندۇقلۇق قەبرىدىن يەنە بىرسى تېپىلدى. بۇ قەبرە ئەسلىدە قەدىمكى ئېقىنغا يېقىنراق بولغاچقا، ئەم ئۆتۈپ ساندۇق ۋە ئۇنىڭغا دەپنە قىلىنغان مېيىت ئاخىرەتلىكلەر چىرىپ كېتىپتۇ. بۇ ساندۇققا بىر ئەر، ئىككى ئايال (ئوتتىدە بىر ئايال، ئاستىنىڭ سول تەرىپىگە بىر ئەر، ئوڭ تەرەپكە يەنە بىر ئايال) مېيىت دەپنە قىلىنغانىكەن. قەبرىستانلىق ئەتراپىدىكى بىر قانچە ئورۇندىن بوراندا ئېچىلىپ قالغان ئادەم ئۈستىخانلىرى، ساپال پارچىلىرى ۋە ئىچى كاۋاكلىشىپ كەتكەن قېرى توغراق كۆتەكلىرىدىن ئوقۇر شەكلىدە ياسالغان (ئىچىگە جەسەت يانقۇزۇلغان) تاۋۇتلارنى تاپتۇق.



38. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان يارغۇنچاق

ئەمەلىي ئەھۋال NM001 - نومۇرلۇق ساندۇقلۇق قەبرە تېپىلغان جاينىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى قەبرىلەر -- نىيا پادىشاھلىقى ئېسىلزادىلىرىنىڭ قەبرىستانلىقى ئىكەنلىكىنى، ئوقۇرشەكىللىك ئاددىي تاۋۇتلۇق قەبرىلەر — ئادەتتىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

* * *

22 - ئۆكتەبىرگىچە ھەرقايسى گۇرۇپپىلار داۋاملىق قېزىپ رەتلەش ئىشى بىلەن بولۇپ خېلى نۇرغۇن يادىكارلىقلارنى قېزىۋالدى. يەنە بىر قانچە گۇرۇپپا ئادەم تەجرىبىلىك پەۋان (ئوۋچى) لار بىلەن يول باشلىغۇچى مەتنىياز ئاخۇن ئاكىنىڭ تونۇشتۇرغان ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن قۇم دېڭىزىغا كۆمۈلۈپ كەتكەن بىر نەچچە «سىرلىق»



39. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان سال توزاق

نۇقتىنى تېپىش ئۈچۈن ئاتلاندۇق. يولغا چىقىشتىن بۇرۇن، ھەرقايسى گۇرۇپپىلار ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا كەچ كىرگىچە جەزمەن تۇرالغۇمىزغا قايتىپ كېلىشىمىز كېرەكلىكىنى كېلىشىۋالغانىدۇق. ئۇنداق بولمىغاندا جىددىي ئەھۋال كۆرۈلسە، پايانسىز قۇم دېڭىزىدا ئالاقىلىشىش ناھايىتى تەسكە چۈشەتتى. بۇ

كۈنى ھەرقايسى گۇرۇپپىلار كەچكىچە قوم بارخانلىرىنى ئايلىنىپ، بەزى يەرلەردىن قومغا كۆمۈلگەن خارابىلەرنى ئىنىقلاپ كېيىنى - كەينىدىن قونالغۇمىزغا قايتىپ كەلدۇق. كۈن ئولتۇرۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا بوران چىقىپ كەتكەچكە تاماق ئېتىپ يېيىشكىمۇ ئامال بولمىدى. ئۇچاغلاردا بىزدە چېدىرمۇ يوق ئىدى. تۇرالغۇمىزدىكى نەرسە - كېرەكلىرىمىز ئاي دالادىلا تۇراتتى . . . نەرسىلىرىمىزنى بوران



40. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان سال توزاق

ئۇچۇرۇپ كېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ساندۇق، تۆگىلەرنىڭ ئۇچۇلۇقلىرى، سۇ تۇڭى قاتارلىقلار بىلەن باسۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىغا تۆگىلەرنى ئايلاندۇرۇپ چۆكتۈرۈپ، تەبىئىي «تۆگە توساق» ھاسىل قىلدۇق — تە، ئۆزىمىزمۇ شۇ توساق ئىچىدە ئۇچىمىزغا يوتقانلىرىمىزنى باسۇرۇپ يېپىپ پاناھلاندۇق. بوران دەھشەتلىك گۈركىرىسە، قوم دېڭىزنىڭ بۇلۇڭ - پۇشقاقلىرىدىن ئادەم قورققۇدەك ۋەھىملىك ئاۋازلار ئاڭلىناتتى. بۇ ۋەھىمىنىڭ ئۈستىگە سەپدىشىمىز ئەخمەت رېشىت ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەتكەن يول باشلىغۇچىلار قونالغۇغا تېخىچە قايتىپ كەلمىگەنىدى. بۇ چاغدا نېمە قىلارىمىزنى، ئۇلارنى قانداق تېپىشىمىزنى بىلەلمەي، تىت - تىت بولاتتۇق. تەلىيىمىزگە شۇم بوران سەل پەسىيىشكە باشلىدى. شۇ چاغدا كارۋان بېشى ئىسمائىل ئاخۇن ئاكىنىڭ ئەقىل كۆرسىتىشى بىلەن ھەممىمىز غەيرەتكە كەلدۇق. قونالغۇ ئەتراپىدىكى قوم بارخانلىرى ۋە قاغجىراپ كەتكەن يۇلغۇن شاخلىرىدىن ھاسىل بولغان تۆپىلىكلەرگە چىقىپ، توغراق كۆتەكلىرى، يۇلغۇن يىلتىزلىرىنى دۆۋىلەپ گۇلخان يېقىپ، ھەرتەرەپكە قاراپ ھاي - ھاي سېلىشقا باشلىدۇق. سەپدىشىمىز مۇھەممەت ھاجى بىلەن كارۋان بېشى ئىسمائىل ئاخۇن ئاكىلار نار تۆگىلەرنىڭ بوينىغا قولدۇرما - قوڭغۇراقلىرىنى ئېسىپ، ئۇيان - بۇيان يۇگۇرتۇپ ئايلاندۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدىلا بىز قوم دېڭىزىدىكى دەھشەتلىك بورانلىق كېچىدە ئەڭ ئۈنۈملۈك بەلگىنىڭ — ئوت - گۇلخان ۋە قولدۇرما - قوڭغۇراق ئاۋازى بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالدۇق.

كارۋان بېشىنىڭ تاپقان بۇ ئەپچىل چارىسى خەتەرلىك پەيتتە كارامىتىنى كۆرسەتتى. تۈن نىسپىدىن ئاشقاندا يۈرەكلىرىمىز جايىغا چۈشتى. چۈنكى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ قاتتىق چارچىغان، ئۇسسۇزلۇقتىن چاڭقاپ، قوم - بوران دەستىدىن نىشاندىن ئادىشىپ قالغان سەپدىشىمىز ئەخمەت ۋە يولباشلىغۇچى پەۋان نىزاخۇن ئاكىلار «ھالاكەت دېڭىزى» دا بىز ياندۇرغان گۇلخاننىڭ سىماسىنى كۆرۈپ، قولدۇما ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، نىجادلىق تاپقاندەك، باشقىدىن غەيرەتلىنىپ، ئاخىرى قونالغۇمىزغا يېتىپ كەلگەنىدى. بۇ پەيتتە ھەممىمىز خوشاللىقىمىزدىن ئۇلارنى گاھ قۇچاقلاپ، گاھ كۆتۈرۈۋېلىپ ئاسمانغا ئاتاتتۇق . . .

كەچكۈز مەزگىلىدە، تەكلىماكاندا كۈندۈزى ھاۋا ئىسسىپ قوم تېزىپ كەتسە، كەچلىكى قوم تېزىدىن سوۋۇشقا باشلايدۇ - دە سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ھەممىمىز قاغجىراپ كەتكەن توغراق، يۇلغۇن شاخلىرىنى بىر جايغا دۆۋىلەشكە باشلىدۇق. تۆگىچىلەر قۇرۇپ كەتكەن توغراقلارنى ئارقان بىلەن باغلاپ، تۆپە بىلەنلا تۆگىلەرگە سۆرىتىپ ئېلىپ كېلىشتى. بىز «ھالاكەت دېڭىزى» دا ھايات مەشئىلى — ھەيۋەتلىك گۇلخان يېقىپ، خۇشلۇقىمىزدىن گۇلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇپ، تاڭ سۈزۈلگىچە خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشتۇق . . .



41. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان توقۇمىچىلىق سايمىنى — پەنجە

23 - ئۆكتەبىر نىيا خارابىلىقىدىكى قېزىپ رەتلەش خىزمىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇردۇق. يۈك - تاقىلارنى تېڭىپ، تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە، قايقاسقان كەتتىگە كەتكەنلەر ئۆكۈز (ئۆي) لارنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى. بىر قىسىم ئادەملىرىمىز تۆگىلەرگە يۈكلەرنى ئارتىپ نىيە ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقتى. يەنە بىر گۇرۇپپا ئادەم (مەن، تۇرسۇن ئەيسا، ئەخمەت رېشىت، ئىسمائىل جېلىل ۋە نىزاخۇن ئاكا قاتارلىق يولباشلىغۇچىلار) جەسەت ساندۇقىنى نىيە ناھىيىسىگە يۆتكەشكە مەسئۇل بولدۇق.

ساندۇق تەكتىنىڭ ئالدى ۋە ئارقا تەرەپلىرىگە ئۇزۇن، چىدامىلىق توغراق چەڭزىلىرىنى ئارقان بىلەن قاتمۇ قات باغلاپ مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ساندۇقنىڭ ئالدى - كەينى تەرەپلىرىگە ئىككىدىن (جەمئىي تۆت) ئۆكۈزنى تۆشلەپ قېتىپ چۈشتىن كېيىن سائەت بەش لەردە سەپەرگە ئاتلاندۇق (52 - سۈرەتكە قارالسۇن). ساندۇقنىڭ بىخەتەرلىكىگە

www.uyghurkitap.com

كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن بىر نەچچە ئادەم يول ئۈستىدە توسالغۇ بولىدىغان چاتقاللىقلاردىكى دەرەخ شاخلىرىنى كېسىپ، قۇم بارخانلىرىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغان «ئېزىتقۇ» يەرلەرگە بەلگە قويۇپ مېڭىشقا بىزدىن بىر نەچچە سائەت بۇرۇن يۈرۈپ كەتتى.



42. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان ياغاچ پەنجە

بىز يول تاللاپ، بەك ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئالىلارنى يېتىلەپ ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن بەزىدە بىر كۈنلۈك مەنزىلنى ئىككى كۈندە تۈگەتتۇق. 3 - كۈنى يول ئۈستىدە يەنە قارا بوران كۆتۈرۈلدى. ئالدىمىزدىكى نىشانىنى زادىلا پەرق قىلالمىدۇق. يولباشلىغۇچى نىزاخۇن ئاكا جىددىي كەيپىياتتا: «بۈگۈن كېچىگىچە ئامال قىلىپ قاپقاسقان كەنتىگە يېتىۋالمىساق بولمايدۇ، بىز تۇرماق، ئۆيلىرمۇ ئىچىقاپ، ئۇسساپ كەتتى. ھەممەيلەن غەيرەت قىلايلى . . .» دېدى. بىز ئامال قىلىپ بىر دالدىغا ئۆزىمىزنى ئېلىشقا ئۇلگۇردۇق، ئۆكۈزلەرگە قېتىلغان ساندۇقنى بوشىتىپ يەرگە چۈشۈرۈپ، ھالىدىن كېتەي دەپ قالغان ئۆكۈزلەرنى دەم ئالدۇردۇق. تەلىيىمىزگە بوران ئاستا - ئاستا پەسىيىشكە باشلىدى. قارىغۇدەك بولساق، بوران بىلەن ھەپىلىشىپ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىۋېرىپ نىشاندىن ئادىشىپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەي قاپتۇق. گۇگۇم ۋاقتى يېقىنلىشىپ قالغاچقا، ئەتراپنى بايقىيالماي ئەنسىرەشكە باشلىدۇق. مۇشۇنداق جىددىي پەيتتە نىزاخۇن ئاكا يەنە ئامال تاپتى. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى يۇلغۇن تۈۋىگە بېرىپ، ئۇنىڭ غول يىلتىزىنى ئاختۇرۇپ كولاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە تەمتىرەپ نىشاندىن ئادىشىپ قالغاندا، يۇلغۇننىڭ غول يىلتىزىنى كولاش ئارقىلىق تەرەپنى ئېنىقلىغىلى بولىدىكەن. چۈنكى، يۇلغۇننىڭ غول يىلتىزى كۈن چىقىشقا قاراپ ئۆسىدىكەن. نىزاخۇن ئاكىنىڭ تىرىشچانلىقى ئارقىسىدا يولىمىزنى تېپىپ، تاڭ كېچە بولغاندا قاپقاسقان كەنتىگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردىن نىيە ناھىيىسىگىچە بولغان سەپەردە نىيە دەرياسىنىڭ بويىدىكى قېلىن توغراقلىق، چاتقاللىق، خەتەرلىك كېچىكلەردىن ئۆتۈپ 30 - ئۆكتەبر كەچ سائەت 6 دە نىيە ناھىيىسىگە يېتىپ كەلدۇق.



43. سۈرەت: گىرۋىكى مىس ۋە تۆمۈر ياپراقلىرىدا يامالغان ياغاچ جام

جەسەت ساندۇقى نىيە ناھىيىسىدىن خوتەنگىچە مەخسۇس ماشىنىدا يۆتكەلدى. خوتەندىن ئۈرۈمچىگە ئايروپىلاندا بىخەتەر كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ساندۇقنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەمدەپنە بۇيۇملار ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن رەتلەندى.

ساندۇقنىڭ سول تەرىپىگە بىر ئەرنىڭ جەسىتى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بويى 1.70 م ئەتراپىدا، كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، ياڭاق سۆڭىكى كەڭ، بېشى سول تەرەپكە سەل قىڭغايغان، ساقال - بۇرۇتلىرى تېرىسىدىن ئاجراپ كەتكەن پېتى



44. سۈرەت: ياغاچ ساپلىق

قۇرۇپ - قېتىپ قالغان؛ جەسەتنىڭ يۈزى ۋە بەدىنى يىپەك رەختتە يېپىلغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوقيا،ساداق (ئوقدان ئىچىدە تۆت تال ئوق بار) قويۇلغان، ئوق دەستىسىنىڭ كىرىچكە تىرىلىدىغان ئاچىماق يېرىنىڭ ئەتراپى سىڭىر بىلەن يۆگەلگەندىن كېيىن قىزىل ۋە قارا رەڭدە ئىككى بۆلەككە ئايرىپ بويالغان، ئوقنىڭ (دەستىسى بىلەن قوشۇلۇپ) ئۇزۇنلۇقى 81 س . م، يا (كامالەك) ھايۋان مۆڭگۈز - سۆڭەكلىرىدىن زىچ يەملىنىپ، سىڭىر بىلەن مەھكەم يۆگەلگەن، كىرىچمۇ ئېشىلگەن سىڭىردىن تەييارلانغان بولۇپ، يا (كامالەك)غا تارتىلغان كىرىچنىڭ ئۇزۇنلۇقى1.23 مېتىر كېلىدۇ.

ئەر جەسەتنىڭ بېشىنىڭ ئاستىغا قوشلارنىڭ رەسمى بىلەن « 延年益寿大宜子孙 — نەۋرە - چەۋرە كۆرگەيلا، ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەيلا » دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كىمخاپ ياستۇق (ئۇزۇنلۇقى 42س.م، كەڭلىكى 16س.م) قويۇلغان (ئايال جەسەتكە قويۇلغىنىمۇ ئوخشاش)؛ بېشىغا سېرىق



45. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان تۆمۈردىن ياسالغان ئوق (باشاق)

شايىدىن يېلىڭ بۆك كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇمىلاق، ئۈستى تۈز، تېشى سەرنەق، ئەستىرى كاناپ رەختتىن تىكىلگەن تەلپەك كىيگۈزۈلگەن، تەلپەككە كالاتېرىسىدىن ئىشلەنگەن تاسما بېكىتىلىپ، ئۈستىگە سېرىق، ئاق، جىگەرەڭ تىزىق مارجان قويۇلغان (مارجان جەسەتنىڭ بېشىنىڭ يېنىغا چۈشۈپ كەتكەنىكەن). جەسەتنىڭ قوشۇمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر كىچىك ئالتۇن ياپراق ۋە قارارەڭلىك مارجان چاپلاپ قويۇلغان؛ ئاغزىغا كىمخاپتىن تىكىلگەن ماسكا تاقاپ، قولىغا كىمخاپ



46. سۈرەت نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك

پەلەي كىيگۈزۈلگەن. ئۇچىسىغا « 万世如意 — ھەر زامان كۆڭۈلگە ياقار » خەتلىك كىمخاپتىن تىكىلگەن، تۈگمىسى ياندىن ئېتىلىدىغان پاختىلىق چاپان كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يېڭى تار ۋە قىسقا، بېلىنىڭ ئايلانمىسى 59.5م، ئېتەك كەڭلىكى 42.1م، توغرىسى 22.2م كېلىدۇ. كىمخاپ چاپاننىڭ پېشىگە « 延年益寿大宜子孙 — نەۋرە - چەۋرە كۆرگەيلا، ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەيلا» خەتلىك ئۇزۇنچاق كىمخاپ رەخت تىكىلگەن. ئىشتىنى پاختا يىپ رەختتىن تىكىلگەن، پۇتىغا گۈل - گىياھ، ھايۋان رەسىملىرى ۋە «نەۋرە - چەۋرە كۆرگەيلا، ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرگەيلا» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن يېشىل كىمخاپ پايپاق كىيگۈزۈلگەن.

ئەرجەسەتكە كىيگۈزۈلگەن كىمخاپ توننىڭ ئىچىگە، كۆكرىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كەلتۈرۈپ شايىدىن تىكىلگەن تاغاق قاپچۇق قويۇلغان بولۇپ، قاپچۇقنىڭ ئىككى خالتىسىغا بىر دانىدىن تاغاق، ئوتتۇرىسىغا قارا بويىلىپ كەتكەن بىر پارچە قەغەز (ھەر بىر تەرىپى 5 س . م كېلىدىغان پاراللېل چاسا شەكىلدە)، ئىچىگە ئازراق ئۇۋاقچىلار سېلىنىپ، ئاق يىپتا چېگىلگەن كىچىك شايى تۈگۈنچەك سېلىنغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى ئەر جەسەتنىڭ بەدىنىگە نۇرغۇنلىغان كىمخاپ - دۇردۇن پارچىلىرى (ئۇزۇنلۇقى 5-7.5 س . م كېلىدۇ) چېچىلغان.

ساندۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئايالنىڭ جەستى ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇلغان بولۇپ، بويى 1.66 م ، ئىككى ئۆرۈمە چېچى بېشىنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قالغان. كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق بولۇپ، 40 ياش ئۆپچۆرىسىدە. بوينىغا ئىككى تىزىق (بىرى ئۇزۇن، يەنە بىرى قىسقا) مارجان ئېسىلغان. تىزىقتا جەمئى 637 تال (چوڭلىرى پۇرچاقچىلىك، ئەڭ كىچىكى تېرىقچىلىك) قارا، كۆك، يېشىل، سېرىق، كۈمۈش رەڭ ۋە ئەينەكسىمان تاشلاردىن ياسالغان، چوڭ - كىچىكلىرى ئارىلاشتۇرۇلغان مارجانلار ئۆتكۈزۈلگەن؛ ئوڭ قولىنىڭ بىگىز بارمىقىغا بەش بەرگىلىك گۈلنىڭ رەسمى ئويۇلغان بىر دانە مىس ئۈزۈك سېلىنغان. بېشى ۋە يۈزى سەرنەق بىلەن ئورالغان بولۇپ، جەسەت سېرىق دۇردۇن يوتقان بىلەن چۈمكەلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە



47. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈك

يۇنۇپ سىلىقلانغان ئۈچ تال ئاچىماق (Y) تاياق (بىرسى ئەگرى تۇتقۇچلۇق ھاسىغا ئوخشايدۇ) قويۇلغان، ھەر بىر تاياققا سېرىق، يېشىل شايى پۇرۇچلىرى چاپلىنىپ، ئۈچ بۇلۇڭ (▲) نۇسخىسى چىقىرىلغان؛

ئايال جەسەتكە ھەر خىل يىپەك توقۇلمىلاردىن تىكىلگەن قاتمۇ قات ئېسىل كىيىملەر كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئىچىگە كالتە يەڭ، ئۇزۇن شايى كۆڭلەك كىيگەن. كۆڭلەكنىڭ بېلىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۆت تال كەڭ تاۋارلېنتا بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككىسى

كۆكرىكىنىڭ ئالدىغا چىگىلگەن. كۆڭلەك ئۈستىگە يېڭى ئۇزۇن، گۈللۈك دارايىدىن تىكىلگەن پاختىلىق پەشمەت (ياقا، يەڭ ئۇچى، ئىككى مۆرىسىگە ئۈزۈم، گۈل - گىياھ، ئادەم، تۆگە، شىر، قۇش قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن) كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، پەشمەتنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ 10 - 20س. م كەڭلىكتىكى تەكتى كۆك يىپەك توقۇلمىغا قىزىل، سۇس كۆك، توق سېرىق، سۆسۈن، ئاقۇش يىپەك يىپلار بىلەن تۇرلۇك گۈل - گىياھ،



48. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈك

قۇشلارنىڭ رەسىملىرى كەشتىلەنگەن ۋە ئۇنىڭ چۆرىسىگە سېرىق شايىدىن جىيەك تۇتۇلۇپ، پەشمەتنى تولىمۇ كۆركەملەشتۈرگەن؛ پەشمەتنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، ئېتىكى 1.20 م كېلىدۇ. ئايالغا كىيگۈزۈلگەن ئىشتان دارايىدىن تىكىلگەن بولۇپ (ئۇزۇنلۇقى 70 س. م، كەڭلىكى 24 س. م)، ئۇنىڭ پۇشقاقلىرىغا بۇغا، ئەجدىرھا، سۇمرۇغ، يولۋاس، قۇش، يىلپىز قاتارلىقلار كەشتىلەنگەن كەڭ جىيەكلىك تۇتۇلغان. ئىشتان ئۈستىگە رومبا نۇسخىلىق گۈللۈك سېرىق دارايىدىن تىكىلگەن يوپكا (ئۇزۇنلۇقى 92. 0م، بېلى 14. 1م، ئېتىكى 30. 1م) كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا 10 س. م كەڭلىكتە گۈل - گىياھ، قۇشلارنىڭ رەسىملىرى كەشتىلەنگەن (نۇسخىلىرى يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان پاختىلىق پەشمەتنىڭ پەشلىرىدىكى كەشتىلەرگە ئوخشايدۇ)؛ ئايالنىڭ يۈزىگە رومبا شەكىللىك گۈللۈك كىمخاپتىن جىيەك تۇتۇلغان، ئۇزۇنلۇقى 66س. م كەڭلىكى 50س. م كېلىدىغان ئۇزۇن چاسا ئاق سىپتا شايى يېپىلغان، بېشىغا ئاق شايىدىن تىكىلگەن، ئۈستى تۈز، گىرۋەكلىرىگە قىزىل شايىدىن جىيەك، ئالدىغا رومبا نۇسخىلىق كىمخاپتىن گۈل چىقىرىلغان بۆك كىيگۈزۈلگەن؛ پۇتىغا 《阳》 خەتلىك كىمخاپتىن تىكىلگەن پايپاق كىيگۈزۈلۈپ، ئۈستىدىن كۆك رەڭلىك سىپتا تاۋار (تاۋارغا يېشىل ۋە سېرىق رەڭلىك يۆگىمەچ، گۈل ۋە يوپۇرماقلارنىڭ رەسىمى كەشتىلەنگەن) يۆگەلگەن؛

ساندۇق ئېچىلىپ رەتلەنگەندە يەنە تۆۋەندىكىچە ئەھۋال بايقالدى: ئەرنىڭ سول بېلىكى ئايالنىڭ ئوڭ بىلىكىنىڭ ئاستىدا، ئايالنىڭ سول قولىنىڭ ئالقىنى (بەش بارمىقى بىلەن) ساندۇقنىڭ تاختىيىغا تىرەلگەن، ئوڭ قولى بىلەن چاپىنىنىڭ يېڭىنى چىڭ تۇتۇۋالغان قىياپەتتە ئىكەن، تۇرقىدىن تونجۇقۇپ ئۆلگەندەك تۇرىدۇ. بۇ ئەينى زاماندىكى ئەر ئۆلگەندىن كېيىن ئايالنى تونجۇقتۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ، ئەرگە ھەمدەپنە قىلىدىغان دەپنە ئادەتلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئەھۋال بولسا كېرەك.

ئايالنىڭ بېشىنىڭ سول تەرىپىگە بىر خىل ئۈسۈملۈكنىڭ چۈۋىقلىرىدىن توقۇلغان يۇمىلاق سىۋەت (ئېگىزلىكى 8س. م، دىئامېتىرى 17س. م، ياپقۇ (ئاغزى) نىڭ دىئامېتىرى 7 س. م) قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىگە «尹宜高官 — جانابلىرى ئالىي مەرتىۋىلىك بولغاي» دېگەن خېتى بار بىرمىس كۆرگۈ (مىس كۆرگۈ سېرىق، كۆك، سۆسۈن، قارا، قوڭۇر يىپەك يىپلاردا ھەر خىل گۈللەرنىڭ رەسىملىرى بىلەن كەشتىلەنگەن شايىدىن تىكىلگەن قاپقا سېلىنغان)، تەكتى ئاق شايىغا يۆگىمەچ ئوت، يېشىل يوپۇرماق ۋە «S» شەكىللىك نۇسخىلار كەشتىلەنگەن ئۇپا خالتىسى (خالتىنىڭ ئىچىدە ئازراق قارامتۇل رەڭلىك كۇمىلاچ ماددا بار، ئېھتىمال مەرگىمۇش بولۇشى مۇمكىن)، يېرىم ئاي شەكىللىك بىر تاغاق (ئۇزۇنلۇقى 7 س. م، كەڭلىكى 5.5 س. م)، بىر سۇزگۇچ، بىر يۆگەم شايى، تېرە پۇرۇچلىرى، شايى پارچىلىرى، سېرىق، يېشىل، سۆسۈن، كۆك رەڭلەردىكى بىر كاللەك چۇۋۇق مەشۇت يىپ (سۆسۈن رەڭلىك يىپ بىلەن ئاق رەڭلىك يىپ ئايرىم - ئايرىم تاياقچىلارغا يۆگەلگەن) ۋە ئازراق سەرەنق پۇرۇچلىرى سېلىنغان؛



49. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان، لاي پىچەتلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ قالغان كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈك. A: ئالدى تەرىپى، B: كەينى تەرىپى.

ئەر - ئايال جەسەتلەرنىڭ پۇتىنىڭ ئارىلىقىغا گۈللۈك كۆك ھەمزەك (گۈل بېسىلغان بىر خىل پاختا توقۇلما) يېپىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى 88س. م، كەڭلىكى 47س. م كېلىدۇ. ھەمزەكنىڭ بىر بۇرجىكىگە بىر ياغاچ ئاياق (تاۋاق)، ئۇنىڭ ئىچىگە قوي سۆڭىكى ۋە سۆڭەك دەستىلىك تۆمۈر پىچاق سېلىنغان. ھەمزەككە بوددا دىنىغا ئائىت رەسىملەر بېسىلغان بولۇپ، سول تەرەپ بۆلىكىدە



50. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن قوزۇق (شىنا) شەكىللىك تارشا پۈتۈكلەر

بوينى ۋە بىلەكلىرىگە ئۈنچە - مارجان ئېسىلغا، كۆزلىرى يوغان، قەلەم قاش، قاڭشارلىق ئادەم (ئايال)، ئوڭ تەرەپ بۆلىكى (ئوتتۇرىسى چىرىپ تىتىلىپ كەتكەن) نىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدا بىر پۇتنىڭ



51. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىكى «ئېسىلزادىلەر قەبرىستانلىقى» دىن قېزىۋېلىنغان ساندۇقلۇق قەبرىنىڭ قېزىش مەيدانىدا تارتىلغان سۈرىتى

پۇتى، هايۋان (شىر) تۇۋىقى بىلەن قۇيرۇقى، تۆۋەنكى قىسمىدا ئەجدىھار بىلەن قۇشنىڭ رەسمى تەسۋىرلەنگەن.

ئەر - ئايال جەسەتنىڭ پۇتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ياغاچ سوغا (ئاغزىنىڭ چۆرىسىگە ئۈچ بۇرجەك رەڭلىك شايى رەخت پارچىلىرى چاپلانغان)، بىر ياغاچ تاۋاق (دىئامېتىرى 20س.م) بىر ياغاچ تەخسە (دىئامېتىرى 24 س.م)، ئىككى دانە ياغاچ جام (بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 8 س.م، دىئامېتىرى 24 س.م، يەنە بىرىنىڭ ئېگىزلىكى 6 س.م، دىئامېتىرى 11 س.م، ئۇلارنىڭ ئاغزىنىڭ گىرۋەكلىرى يېرىلغان بولۇپ، مىس ۋە تۆمۈر ياپراقلىرىدا يامالغان) قويۇلغان؛ ئىككى جام بىلەن ياغاچ تاۋاقنىڭ ئاستىغا بىردىن كورسا (ئېگىزلىكى 22 — 62س.م، دىئامېتىرى 12—16س.م بولۇپ، ياغاچتىن يونۇپ ياسالغان، ئىچى پۈتەي، بىر قۇلاقلىق، X شەكلىدە)، ئورچۇق (دەستىسى 16س.م، توپچىسىنىڭ دىئامېتىرى 4 س.م)، بىر دانە قارا ساپال كومزەك (ئېگىزلىكى 23س.م، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 12 س.م بولۇپ ئۈزۈم رەسىملىرى ئويۇلغان)، قوش قۇلاقلىق بىر قىزىل كومزەك (ئېگىزلىكى 23س.م، ئاغزىنىڭ دىئامېتىرى 11س.م) قويۇلغان. ساندۇقنىڭ ئەڭ تېگىدىن چىرىپ تىتىلىپ كەتكەن بىر پارچە پالاز تېپىلدى. ئۇ ئاق ۋە ئەترەڭ يۇڭدا ئېشىلگەن توم يىپنى (تومىلىقى 20م.م) ئاقاق قىلىپ، تەكشى يول چىقىرىلىپ توقۇلغان.

## خۇلاسە

بۇ قېتىمقى نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىپ رەتلەش خىزمىتىدە كەم ئۇچرايدىغان ئېسىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بىلەن ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە ھەر خىل ماددىي مەدەنىيەت نەمۇنىلىرى تېپىلدى ۋە قوملۇقتا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش، ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىش تەجرىبىلىرى توپلاندى.

نىيا دىيارىنىڭ يىراق قەدىمكى زامان مەدەنىيەت تارىخى (تاش قوراللار دەۋرى) نى يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن قورۇم تاغلىرىدىن باشلىنىدىغان نىيە دەرياسى قاتارلىق بىر مۇنچە دەريا - ئېقىنلارنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا جاپالىق ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى «ئۇلۇغ ساي» دېگەن يەردىن بۇنىڭدىن ئون مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە تەۋە سىپتا تاشقورال ئىزى بايقالغان بولۇپ، بۇ قەدىمكى ئىزدىن تاش يادروسى، سىپتا تاش ياپراقلىرى، ئۇششاق تاشقوراللار يىغىۋېلىنغان①. نىيا خارابىسىغا

بارىدىغان قەدىمكى يول ئۆتەڭلىرىدىن - ئىمامى جەئفەر سادىق مازىرى (يەرلىك ئۇيغۇرلار قىسقارتىپ «پاشىشىم» دەپمۇ ئاتايدۇ) نىڭ ئەتراپىدىن سىپتا تاشقوراللار دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگە ئائىت سىپتا تاشقوراللار تېپىلغان. بۇ ماتېرىياللار نىيە دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى جايلاردا ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ پائالىيەت قىلغان يەرلىرى ۋە ئۇلار ياراتقان ئىپتىدائىي مەدەنىيەتنى ئېنىقلاشتا مۇھىم يىپ ئۇچى بولالايدۇ.



52. سۈرەت: نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان جەسەت ساندۇقى ئۆكۈزلەرگە تېڭىلماقتا. سولدىن ئوڭغا: تۇرسۇن ئەيسا، 3. ئابدۇقەييۇم خوجا، 5. ئىسمائىل جېلىل

نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان سانسىزلىغان، خىلمۇ خىل مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى نىيا دۆلىتىنىڭ مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەسىرلەردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىنشائاتى، ئورمانچىلىق، باغۋەنچىلىك، بىناكارلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، بابكارچىلىق قاتارلىق ساھەلىرىنىڭ ناھايىتى گۈللەنگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بەردى.



53. سۈرەت: ئۆكۈزلەرگە تېڭىلغان جەسەت ساندۇقى نىيا خارابىسىدىن نىيە ناھىيىسىگە ئېلىپ مېڭىلدى

مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ئەسىرلەردە نىيا قاتارلىق شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ سۇ بايلىقى مول، يېرى مۇنبەت، كىلىماتى مۆتىدىل بولغاچقا خەلق ئىگىلىكىدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم تارماقلىرى ئاساس، قول ھۈنەرۋەنچىلىك قاتارلىقلار قوشۇمچە قىلىنغان، ئۆزىنى ئۆزى قامداپ ئېشىنىدىغان تىپىك يېزا ئىگىلىك جەمئىيىتىنى شەكىللەندۈرگەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇ زامانلاردا نىيا دۆلىتىدە ياشىغان ئەجدادلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى خېلى تولۇق قامدىغاندىن تاشقىرى

«يىپەك يولى» لىنىيىسىدىكى مۇھىم تۈگۈن - بېكەتلىك ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق شەرق ۋە غەرب ئەللىرى ئوتتۇرىسىدىكى قاتناش ئالاقە، سودا - ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

نىيا دۆلىتى ئەينى زاماندا خېلى يۇقىرى بىناكارلىق تېخنىكىسى ئارقىلىق سېلىنغان، پۇختا قۇرۇلمىغا ئىگە بىر بىر مۇھىم قەلئەنى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى قىلىش بىلەن ئەتراپىغا ئۆزىنى سوزۇلغان كەنتلەرنى قۇرۇپ، كۆلىمى چوڭ بوستانلىقنى بىرلىك قىلغان سىياسىي گەۋدە تەشكىللىگەن. نىيا خارابىسىدىن ئېنىقلانغان غول ئېقىن، چوڭ ئۆستەڭ، تارماق ئۆستەڭ - ئېرىق، سۇ قاچىلاش كۆلچەكلىرى، تاختا ئېتىز، باغ - ئورمان ئىزلىرى قاتارلىقلار جۈملىدىن خارابىدىن قېزىۋېلىنغان كاروشتى پۈتۈكلىرىدىكى سۇغۇرۇش، تېرىقچىلىق، مال - چارۋىچىلىق، سۇ باشقۇرۇش، ئورمان باشقۇرۇش، مۇھىت ئاسراش جەھەتتىكى مەزمۇنلار بىزگە ئەينى زاماندىكى ھۆكۈمرانلار قاتلىمىنىڭ باشقۇرۇش تارماقلىرى بىر يۈرۈش مۇكەممەل باشقۇرۇش تۈزۈملىرى، قائىدە، قانۇن، يارلىقلار ئارقىلىق يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى قاتارلىق ساھەلەرنى ئۈنۈملۈك باشقۇرغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى.



54. سۈرەت: 1959 - يىلى نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئەر - ئايال جەسەت 1960 - يىلى ساندۇقتىن چىقىرىپ رەتلەنمەكتە.
ئوڭدىن سولغا: ئابدۇكېرىم سابىت، ئابدۇرېھىم ئۆشۈرى، ئەخمەت رېشىت، ئوبۇلقاسىم ھاجى، لى يۈچۈن.

نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان بۇغداي (بۇغداي باشىقى)، تېرىق، چۈجگۈن قاتارلىق دانلىق زىرائەت ئەۋرىشكىلىرى بىلەن ئۈرۈك، شاپتۇل، جىگدە، ئۈجمە، ئۈزۈم، ئامۇت قاتارلىق مېۋىلەر، زەگۈندە (ئۇل ياغاچلار)، تۈۋرۈك، لىملىرى ئۆز ئارا تۇرۇملىنىپ ياغاچ جاھازىغا ئېلىنغان، ئۆي ئالدىغا پېشايۋان، ئىشىك (قاپقا) بېشىغا لاپاس، ئۆي ئىچىگە سۇپا چىقىرىلىپ ياسالغان ئالاھىدە ياغاچ قۇرۇلمىلىق ئولتۇراق ئۆيلەر، ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىغا ياندىشىپ سېلىنغان ئېغىل - قوتانلار، ئۆي ئەتراپى، ھويلا - ئارامىلارغا تىكىلگەن مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن ئۈزۈم تەكلىرى، باغ ئەتراپىغا قېزىلغان كۆللەر، كۆل ئەتراپىنى ئايلاندۇرۇپ ئۆستۈرۈلگەن ئېھاتە ئورمان - دەرەخلەر . . ۋە باشقىلارنىڭ ھەممە ئائىلىدە

دېگۈدەك بولغانلىقى بۇ زېمىندا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك بىلەن چارۋىچىلىقنىڭ ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ باققان مال - چارۋىلىرى ئىچىدە ئەڭ كۆپ ئات، كالا، قوي، ئېشەك، قېچىر، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.



55. سۈرەت: جەسەت ساندۇقىدىن چىققان ئوق - يا، ساداق

نىيا خارابىسىدە يەنە مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن ئۈزۈملۈك، ئۈجمە (جۈجەم) لىكلەر بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دائىرىسى، تۈپى ۋە تەك - ئىزلىرى ھازىرغىچە ئېنىق ساقلىنىپ قالغان. ئۈجمە دەرەخلىرىنىڭ مەخسۇس يېتىشتۈرۈلۈشى ئەينى زاماندا بۇ يەردە پىلە بېقىلغانلىقىنى (پىلە بېقىلغانىكەن بۇ يەردە يەنە مەشۇتچىلىك، مەشۇت يىپلاردىن شايى، دۇردۇن - ئەتلەسلەر توقۇلغانلىقىنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇ) چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن ئۈزۈملۈك باغ خارابىسىنى ئاۋرېل ستېيىن دەسلەپتە تەكشۈرگەن بولۇپ، ستېيىن ئۆزىنىڭ «غەربىي يۇرتتىكى ئارخېئولوگىيە خاتىرىسى — 斯坦因西域考古记» ناملىق كىتابىنىڭ خەنزۇچە نەشرى 8 - بېتىدە (نىيا خارابىسى سۈرىتىنىڭ Eبۆلىكى) ئۈزۈملۈكنىڭ سۈرىتىنى تونۇشتۇرغان.

1959 - يىلى ئۆكتەبىردە، بىز بۇ ئۈزۈملۈك خارابىسىنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ شىمالدىن جەنۇبقا ئۇزۇنلۇقى 50 مېتىر چامىسىدا، شەرقتىن غەربكە كەڭلىكى 30 مېتىر ئەتراپىدا ئىكەن. ئۈزۈملۈك خارابىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئۇچىنى ئەينى زاماندا سۇ ئېقىنى يالاپ كەتكەنلىكتىن ئىككى بۆلەككە بۆلۈنۈپ ئارال شەكلىدە بولۇپ قالغانلىقىنى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇ. ئۈزۈملۈك خارابىسىنىڭ غەربىي تەرىپىدە شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان 60 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شاخ - شۇمبىلار بىلەن ياسالغان چىتلاق ساقلىنىپ قالغان. ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۈزۈملۈك ئەتراپى ئەينى زاماندا پۈتۈنلەي توساق ئىچىگە ئېلىنىپ چىتلانغان. ئۈزۈملۈك ئىچىگە تىكىلگەن ئۈزۈم تەكلىرىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغانلىرى توققۇ[ز] قۇر بولۇپ (قۇر ئارىلىقى ئىككى مېتىر چامىسىدا) ، ھەر بىر تۈپ تەكنىڭ ئالدىغا بىردىن (بارالڭ) ... ئېلىش ئۈچۈن خادا ياغاچ ئورناتقان (خادا ياغا[چ] قالدۇقلىرى ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان).



56. سۈرەت: پەدەز قۇتىسى (سېۋەت) ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىن چىققان تارغاق خالتىسى بىلەن ياغاچ تارغاقلار

90 - يىللاردا جۇڭگو - ياپونىيە نىيا خارابىسىنى ئىلمىي تەكشۈرۈش بىرلەشمە ئەترىتى بىلەن كۆپ قېتىم تەكشۈرۈشكە قاتناشقان ش ئۇ ئا ر مۇزېي تەتقىقاتچىسى سابىت ئەخمەت يېقىندا تونۇشتۇرۇلغان ئۈزۈملۈك خارابىسىنى سۈرەتكە تارتىپ، خەرىتىسىنى سىزغان. ئۇنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى (ئۇيغۇرچە) نىڭ 1996 - يىلى 3 - 4 (قوشما) سانىدا ئېلان قىلغان «نىيا قەدىمكى شەھەر



57. سۈرەت: تەكتى ئاق شايىغا يۆگىمەچ ئوت، يوپۇرماق ۋە «S» شەكىللىك نۇسخىلار كەشتىلىنىپ تىكىلگەن ئۇپا خالتىسى

خارابىسىدىكى ئۈزۈملۈك توغرىسىدا» ناملىق ماقالىسىدا بىر قىسىم سۈرەتلەر بىلەن ئۈزۈملۈكنىڭ خەرىتىسى ئېلان قىلىندى. مەن بۇ ماقالەمدە سابىت ئەخمەت تارتقان ئۈزۈملۈك سۈرىتى بىلەن خەرىتىدە كۆرسىتىلگەن ئۈزۈملۈك تەكلىرىنىڭ تۈپ - قۇر سانلىرىدىن پايدىلاندىم. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1 - قۇردا ئۈچ تال بىردىش خادا ياغىچىنىڭ كۆتەكلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۈزۈم تەكلىرىنى قۇم كۆمۈۋەتكەن.

2 ـ قۇردا تۆت تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن تۆت تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان.

3 ـ قۇردا 13 تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن تۆت تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان.



58. سۈرەت: «尹宜高官 — جانابلىرى ئالىي مەرتىۋىلىك بولغاي» دېگەن خەتلەر چۈشۈرۈلگەن مىس كۆزگۈ

4 ـ قۇردا 17 تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن 17 تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلانغان.

5 ـ قۇردا 21 تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن يەتتە تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان.

6 ـ قۇردا 10 تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن توققۇز تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان.

7 ـ قۇردا سەككىز تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن 11 تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلانغان.

8 ـ قۇردا 11 تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن تۆت تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلانغان.



59. سۈرەت: جەسەتساندۇقى ئىچىگە قويۇلغان ياغاچتىن ياسالغان بىر قۇلاقلىق قەدەھ

9 ـ قۇردا توققۇز تۈپ ئۈزۈم تېكى بىلەن تۆت تال خادا ياغاچ قالدۇقى ساقلىنىپ قالغان.

ئۈزۈم — ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە تەتقىقات نەتىجىلىرى قەدىمكى مىسىرنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئۈزۈم ئۆستۈرگەن ۋە ئۈزۈم مەي ـ شارابلىرىنى ئىشلىگەن رايونلارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. نىل دەرياسى ۋادىسى بىلەن ئۇنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېلتا رايونلىرىنىڭ تۇپرىقى مۇنبەت، سۇغىرىشقا ئەپلىك بولغان ئالاھىدىلىكى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشى بىلەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىنى ئىنتايىن ئەۋزەل تەبىئىي شارائىت تەمىن ئېتىش بىلەن بىللە كىلىماتى قۇرغاق بۇ رايونلارنى ئۆسۈملۈكلەر باغچىسىغا ۋە قەدىمكى مەشھۇر ئاشلىق ئامبىرىغا ئايلاندۇرغان.

قەدىمكى مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى سۇلالە ئەلئىبھرام قەبرىستانلىقىدىن «خان جەمەتى ئۈزۈمزارلىقى» دېگەن تامغا ۋە خېلى ياخشى ساقلىنىپ قالغان مەي ـ شاراب كاسىلىرى تېپىلغان بولۇپ، بەزى شاراب كاسىلىرىغا خان جەمەتى ئۈزۈمزارلىقىنىڭ نامى بىلەن ئۇلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭمۇ ئىسىملىرى يېزىلغانىكەن. بۇ، قەدىمكى مىسىرنىڭ مىلادىدىن 2700 ـ 3000 يىللار بۇرۇنقى مەزگىللەردىلا ئۈزۈم ئۆستۈرگەنلىكى ۋە ئۈزۈمدىن ئىشلەنگەن مەي ـ شارابلارنى ئىستېمال قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.



60. سۈرەت: جەسەت ساندۇقى ئىچىگە قويۇلغان ياغاچ ئاياق (تاۋاق)

قەدىمكى مىسىرنىڭ ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقا كۆچۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان «ھالىس» ناملىق قوليازمىسىدا يېڭى خاندانلىقنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى (مىلادىدىن بۇرۇنقى XI X ئەسىردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى XI ئەسىرگىچە) دىكى بىر خاننىڭ ئىلاھى ئىبادەتخانىغا بەرگەن ئىنئاملىرى، ئۇنىڭ ئىچىدە پۈتكۈل مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا قۇرۇلغان نەچچە يۈز مىڭ ئۈزۈملۈك باغ بارلىقى خاتىرىلەنگەنىكەن.

مىسوپوتامىيە (ھازىرقى ئىراق بىلەن سۈرىيىنىڭ تەۋەسىدىكى قەدىمكى ئىككى دەريا ۋادىسى) ۋە ھازىرقى سۈرىيە بىلەن لىۋاننىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى جايلاردىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2000 ـ يىلنىڭ ئالدى ـ كەينىدىلا ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن مەي ـ شاراب ئىشلەش ناھايىتى ئومۇملاشقان.

تارىخ پەنلىرى كاندىداتى د. ئابدۇللايېۋ ئۆزىنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۈزۈمچىلىك ۋە ئۈزۈم شارابى ئىشلەش تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارخېئولوگلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا قولغا كەلتۈرگەن ماتېرىياللىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ئۈزۈمچىلىكىنىڭ قەدىمىي تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقى ھەققىدە توختالغان. ئەسەردە بايان قىلىنىشچە، جەنۇبىي تۈركمەنىستاندىكى «نامازغا تۆپە» دە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردا، ئۈزۈمنىڭ مىلادىدىن III — IV ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە خاس ئۇرۇقلىرى تېپىلغان. ئۈزۈم ئۇرۇقلىرى يەنە خارەزمنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى IV

ئەسىرلەرگە خاس «تۇپراق قەلئە» قاتارلىق خارابىلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك قېزىشلاردىمۇ تېپىلغان. قەدىمكى پەنجىكەنتتىكى قەدىمكى ئىبادەتخانا



61. سۈرەت: جەسەت ساندۇقى ئىچىگە قويۇلغان كۈرسا شەكىللىك ياغاچ بويۇم

ھويلىلىرىنىڭ بىرىدىن ئۈزۈم نوتىسىنىڭ قالدۇقلىرى تېپىلغان . . . سوغدى ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەمەرقەندتىكى قەدىمكى ساراي تاملىرىنىڭ بىرىدە ئۈزۈم نوتىلىرى رەسسام تەرىپىدىن ماھىرلىق بىلەن ئىپادىلەنگەن بولغاچقا، مۇتەخەسسىسلەر ھېچ قانچە قىينالمايلا ئۇنىڭ ھازىرمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ تارقالغان ئۈزۈم سورتى -- «خۇسەينى» (قىزىل بارمىقى) ئىكەنلىكىنى تونۇغان. جەنۇبىي تۈركمەنىستاننىڭ كونانسا شەھەر خارابىسىدىن (مىلادىدىن بۇرۇنقى Ⅱ — Ⅰ ئەسىرلەر) پادىشاھنىڭ ئۈزۈم شارابلىرىنى ساقلايدىغان ناھايىتى چوڭ بىر ئامبىرى تېپىلغان.

خەنزۇچە يىلنامىلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى دۆلەتلەردىن فەرغانە، باكتىرىيە، ئارساكلار ۋە قەدىمكى شىنجاڭ رايونىنىڭ ئۈزۈم ئۆستۈرۈش ۋە ئۈزۈم شارابى ئىشلەش تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكى خاتىرىلەنگەن. مەسىلەن، «تارىخىي خاتىرىلەر. فەرغانە تەزكىرىسى» دە خاتىرىلىنىشىچە، جاڭ چيەن خەن ۋۇدىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى (جيەنيۈەننىڭ 3 - يىلى) غەربىي يۇرت

《史记》قا ئەلچىلىككە بېرىپ، «فەرغانە ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئۈزۈمدىن شاراب چىقىرىدىغانلىقى، بايلارنىڭ ساقلىغان شارابلىرىنىڭ تۈمەن دەندىن ئاشىدىغانلىقى، نەچچە ئون يىل ساقلانغان شارابلارنىڭ سۈپىتى ئۆزگىرىپ كەتمىگەنلىكى . . . » نى كۆرگەن.

تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار — غەربىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدىلا ئۇدۇن، نىيا، چالمادانا (چەرچەن)، كۈسەن (كۇچا)، ئاگنى (قاراشەھەر) ئېۋىرغول (قۇمۇل)، تۇرپان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدىلا ئۈزۈم



62. سۈرەت: ئۈزۈم رەسىملىرى ئۆرنەك قىلىنغان قارا ساپال كومزەك

ئۆستۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. نىيا خارابىسىدىن ئېنىقلانغان، يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلغان مىلادى Ⅱ — Ⅰ ئەسىرلەرگە خاس ئۈزۈملۈك خارابىسى بىزنى ناھايىتى قىممەتلىك ئارخېئولوگىيىلىك پاكىت بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا 59.N0010 — نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئارقاق يىپقا گۈل چىقىرىپ توقۇش ئۇسۇلىدا توقۇلغان رەڭدار يۇڭ توقۇلمىغا بۇدرە چاچ، يوغان كۆز، بۇرنى قاڭشارلىق ئادەمنىڭ ئوبرازى بىلەن يولۋاس، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلار ۋە ئۈزۈم نوتا - يوپۇرماقلىرى بىلەن پىشىپ يېتىلگەن ئۈزۈم ساپاقلىرى ناھايىتى گۈزەل، جۇلالىق تەسۋىرلەنگەن. بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ يۇڭ توقۇمىچىلىق ھۈنىرىدە يارىتقان كەشپىياتى بولۇپ، بۇ ھال ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇنلا ئۆزى ئۆستۈرگەن ئۈزۈم نۇسخىلىرىنى رەڭدار يۇڭ توقۇلمىلارغا ئۆرنەك قىلىپ ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان مىلادى Ⅲ — Ⅳ.

www.uyghurkitap.com

ئەسىرلەرگە تەئەللۇق كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرگە يۇقىرى قاتلام راھىبلارنىڭ ئۈزۈملۈك بېغى بارلىقى ۋە ئۈزۈملۈكنى ساتقانلىقىغا دائىر ئەھۋاللار پۈتۈلگەن. مەسىلەن: 581 - نومۇرلۇق تارشا



63. سۈرەت: ئەر جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن رەڭدار كىمخاپ تونغا « 万世如意 — ھەر زامان كۆڭۈلگە ياقار» دېگەن خەت توقۇپ چۈشۈرۈلگەن

پۈتۈكتە: «راھىب كالان ئۆزىنىڭ بىر ئۈزۈمزارلىقىنى تامغىچى راماسۇتوغا سېتىپ بەرمەكچى بولدى، كېلىشكەن باھاسى ئالتە غۇلاچ گىلەم، ئىككى تۇياق نوي، بىر مىلىس ئاشلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولدى. تامغىچى راماسۇتو ئۈزۈملۈكنى باشقىلارغا سوۋغا قىلىپ بېرىۋېتىش، ئالماشتۇرۇش، خالىغىنىنى ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە» دېيىلگەن.



64. سۈرەت: كىيىملەرگە ئىشلىتىلگەن كىمخاپنىڭ يېقىندىن تارتىلغان سۈرىتى

نىيا خارابىسىدە ئېنىقلانغان چوڭ، ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى ھەر خىل دائىرىلىك قۇرۇلۇش خارابىلىرىدىن بۇددا ساڭرامى، ھۆكۈمەت مەھكىمىسى، بۇددا مۇنارى، ئولتۇراق ئۆيلەر، غول ئېقىن، ئېرىق - ئۆستەڭ، كۆلچەك، ئېتىز، ھويلا-ئارام، باغ - ئورمان قاتارلىقلار نىيا پادىشاھلىقىدا ئەينى زاماندىلا شەھەر مەدەنىيىتى بەرپا قىلىنغانلىقىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ. «شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، مەدەنىيەت، دۆلەت ۋەشەھەردىن ئىبارەت بۇ ئۈچى مەنە جەھەتتىن زىچ باغلىنىشلىققا ئىگە ئۇقۇملاردىن بولۇپ، ئوخشاش بىر تارىخىي ھادىسىنىڭ ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن يېشىپ بېرىلىشىدۇر. يەنى مەدەنىيەت — ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى باسقۇچى، ئۇ قاتلاملارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، دۆلەت پەيدا بولغاندىن كېيىنكى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شەكلىدىن ئىبارەت. دۆلەت — مەرىپەت دەۋرىگە خاس بولغان ئىجتىمائىي تەشكىلات بولۇپ، مەجبۇرلاش خاراكتېرىدىكى ھۆكۈمرانلىق بىلەن باشقۇرۇش ئورگىنى (ھوقۇق مەركىزى) مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان جەمئىيەتتۇر. شەھەرلەر بولسا، مەرىپەت دەۋرىگە خاس بولغان، دۆلەت بىلەن مۇناسىپ ھالدىكى يۇقىرى دەرىجىلىك مەھەللە ھالىتى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ماددىيلاشقان شەكلىدۇر»②.



65. سۈرەت: كىمخاپنىڭ يېقىندىن تارتىلغان سۈرىتى

«ياۋروپا، ئامېرىكا ئالىملىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، دەسلەپكى شەھەر مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى دائىلىق زىرائەت تېرىقچىلىقىنى ئاساس قىلغان مۇقىم ئولتۇراقلاشقان مەھەللىلەردە ھاسىل بولغان. . . شەھەر — دۆلەت پەيدا بولغان، مەرىپەت دەۋرى يېتىپ كەلگەنلىكىنىڭ بىردىنبىر بەلگىسى. ۋەھالەنكى مېتال بۇيۇملىرى، يېزىق، مۇراسىم خاراكتېرىدىكى ئىمارەتلىرى قاتارلىق كونكرېت ئوبرازلارنىڭ ھەممىسى شەھەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى دەلىللەيدىغان ئارخېئولوگىيىلىك ئاساس بولۇشى كېرەك، ئۇلارنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى شەھەرنىڭ مەزمۇنىنى ھاسىل قىلىدۇ. كونكرېت ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنى ھەر تەرەپلىمە ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، ئەينى دەۋردىكى مەھەللە شەكلىنىڭ شەھەر كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى دەلىللەپ چىقالايمىز. شەھەرلەرگە بولغان تونۇشنىڭ ئايدىڭلىشىشى بىلەن دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى نامايان قىلالايمىز.»③ دېمەك، بىز يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەن نىيا خارابىسى — مەدەنىيەت ئامىللىرى توپلانغان، مەدەنىيەتلىك جەمئىيەت پەيدا بولغان شەھەر دۆلىتىنىڭ خارابىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بەردى.

نىيا دۆلىتىنىڭ ئەينى دەۋردىكى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن بىناكارلىق ساھەلىرىنىڭ تەرەققىياتىنىمۇ ئىلگىرى سۈرگەن. نىيا خارابىسىدىن ئېنىقلانغان تۆمۈر تاۋلىغان ئوچاق ئىزى، كۆرۈك نەيچىسى، ئېرىتىلگەن كاللەك تۆمۈر، رودا ۋە داشقاللار، ئىشلەپچىقىرىش قورallىرىدىن تۆمۈر

ئوتغۇچ، تۆمۈر ئىسكىنە، تۆمۈر ئورغاق، تۆمۈر پىچاق، تۆمۈر ئوق قاتارلىقلار شۇ چاغلاردىلا تۆمۈر تاۋلاش ۋە تۆمۈرچىلىك كەسپىنىڭ خېلى تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.



66. سۈرەت: جەسەتنىڭ بېشىغا قويۇلغان توخۇ شەكلىدە تىكىلگەن كىمخاپ ياستۇق

ئاۋرېل ستېيىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن ۋە بۇ قېتىمقى قېزىپ رەتلەشتە تېپىلغان يۇنان، رىم ئۇسلۇبى بىلەن قەدىمكى ئۇدۇن ئۇسلۇبى بىرلەشتۈرۈلۈپ ياسالغان ئۆي جاھازلىرى، ئۆي - ئىمارەت دېتاللىرى ئۆزگىچە بولۇپ، ئۇلارغا ھەر خىل نەپىس، رەتلىك گېئومېترىيىلىك شەكىللەر، گۈزەل، كۆركەم خىلمۇ خىل گۈل ئۆرنەكلىرى، يىرتقۇچ ھايۋان ئوبرازلىرى قاتارلىقلار ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن. بۇلاردىن باشقا «ئېسىلزادىلەر قەبرىستانلىقى» دىكى ساندۇقلۇق قەبرىگە دەپنە قىلىنغان ھەمدەپنە بۇيۇملاردىن ياغاچ ئاياق (تاۋاق)، چۆچەك، ياغاچ قەدەھ، ياغاچ تاغاق، ساداق، ئوق



67. سۈرەت: ئايال جەسەتكە كىيگۈزۈلگەن ئىشتان پۇشقاقلىرىدىكى بۇغا، ئەجدىھا، سۇمرۇغ، يولۋاس قاتارلىقلارنىڭ رەسمى كەشتىلەنگەن كەڭ جىيەكلىك

دەستىسى ۋە خارابىلاردىن تېپىلغان ياغاچ گۈرجەك، ياغاچ پەنجە، ئورچۇق قاتارلىق ياغاچتىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ ياسىلىشى ھازىرقى زاماندىكى خەلق ئارىسىدىكى ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنلىرى ياسىغان ياغاچ بۇيۇملارنىڭ سەۋىيىسىدىن پەرقلەنمەيدۇ.

نىيا خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ساپاللارنىڭ سانى گەرچە ئاز بولسىمۇ بۇ دەۋردە ساپال قاچىلارنىڭ مەخسۇس كۇلالچىلار تەرىپىدىن ئاستى ئايلىنىدىغان چاقلار بىلەن ئۆلچەملىك ۋە سۈپەتلىك ياسالغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

## توقۇمىچىلىق ھۈنىرى

ئۇدۇن ۋە نىيا قاتارلىق ئەللەرنىڭ توقۇمىچىلىق ھۈنەر كەسپى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بۇ قېتىم نىيا خارابىسىدىن تېپىلغان بەزى يۇڭ توقۇلمىلار رەڭدار - نەپىس بولۇپ، ئۇلارغا چۈشۈرۈلگەن گۈل - ئۆرنەك، رەسىملەرنىڭ يۇرۇشلەشتۈرۈلۈشى رېتىملىق، رەڭلىرى قېنىق ۋە جۇلالىق، قارىماققا يېڭى توقۇلغاندەكلا تۇرىدۇ.

59. N0010 - نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان قىيپاش ئارقاقتىن — گۈل - ئۆرنەك چىقىرىش ئۇسۇلىدا توقۇلغان، ئادەم، ھايۋان ۋە ئۈزۈملەر رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار يۇڭ توقۇلمىدىكى ھۈنەر - سەنئەت بىزگە ئۇدۇن ۋە نىيا دىياردا ياشىغان توقۇمىچى - سەنئەتكار ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەينى زامانلاردا يەنە قەندىھار ۋە پېرسىيە ئۇسلۇبىدىكى توقۇلمىلاردىن گۈل - ئۆرنەك چىقىرىش ھۈنىرىنى ئىجادىي قوبۇل قىلغانلىقىنى، ئۇنى ئۆزىدە قەدىمدىن بار بولغان يەرلىك نەپىس ھۈنەر - سەنئەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ بېيىتقانلىقىنى نامايان قىلىپ بەردى.



68. سۈرەت: بۇددا دىنىغا ئائىت رەسىملەر ئۆرنەك قىلىپ بېسىلغان رەڭلىك ھەمرەك (پاختا توقۇلما)

گىلەمچىلىك — چارۋىچىلىق بىلەن دېھقانچىلىقنى ئالدىنقى شەرت قىلىدىغان، زىل ھۈنەر بىلەن ئەمەلگە ئاشىدىغان بىر دىنىبىر كەسپ. ئۇدۇن، نىيا، كىرورەن گىلەملىرى كۆپ تۈرگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن ئۇ يەنە بەلگىلىك ئېستېتىك قىممەتكە ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە، گۈل نۇسخىلىرى كۆركەم، ھەر خىل شەكىللىك، رەڭلىرى ئوچۇق، ئۆزئارا ماسلاشقان، چىدامىلىق بولۇشقا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنياغا تونۇلغان.

ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەجرى ۋە ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان گىلەم — ۋەتىنىمىز جۇملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تېگىشلىك تۆھپىلىرىنىڭ بىرى بولۇشقا مۇناسىپ.

پاختا توقۇلمىلار ئىچىدە نىيا خارابىسىدىكى «ئېسىلزادىلەر قەبرىستانلىقى» (ساندۇقلۇق قەبرە 59. NM001 ) دىن قېزىۋېلىنغان بۇددا دىنىغا ئائىت رەسىملەر ئۆرنەك قىلىپ بېسىلغان كۆك رەڭلىك

ھەمزەك — ھازىرغىچە تارىم ۋادىسىدىن تېپىلغان بىردىنبىر قىممەتلىك پاختا توقۇلما بۇيۇمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ تېپىلىشى ئۇدۇن تەۋەسىدە كېۋەز ئۆستۈرۈش، يىپ ئېگىرىپ پاختا توقۇلما توقۇش تارىخىنى قايتىدىن ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنى ئەڭ ئىشەنچلىك ماددىي پاكىت بىلەن تەمىنلىدى.



69. سۈرەت: رەڭلىك ھەمزەك (پاختا توقۇلما) دىكى بويىنغا مارجان ئېسىلغان ئايال ئىلاھ ئوبرازى

ئارخېئولوگىيە تېپىلمىلىرى ئىچىدە كەمدىنكەم ئۇچرايدىغان بۇددىزم بەدىئىي سەنئىتىگە ئائىت بۇ كۆك رەڭلىك پاختا توقۇلمىغا يېرىم يالىڭاچ سىياقىدىكى ئايال ئىلاھ، ئادەم سىياقىدىكى شىر، سۇئىلاھىنىڭ سىمۋولى ھېسابلىنىدىغان ئەجدىھا قاتارلىقلارنىڭ رەسىملىرى ئوبرازلىق قىلىپ بەدىئىي سەنئەت ماھارىتى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يۈكسەك ھۈنەر ئارقىلىق بېسىپ چىقىرىلغان.



70. سۈرەت: 59. N0010 نومۇرلۇق ئۆي خارابىسىدىن قېزىۋېلىنغان ئادەم، ھايۋان، ئۈزۈم قاتارلىقلارنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن رەڭدار يۇڭ توقۇلما پارچىلىرى

ھەمزەككە بېسىلغان شىر رەسىملىرى ناھايىتى قەدىمكى دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، خەنزۇچە بەزى تارىخىي يازمىلاردا ئۇدۇنلۇقلارنىڭ شىر ھەققىدىكى قەدىمدىن كېلىۋاتقان رىۋايەتلىرى خاتىرىلەنگەن. «فاشيەن تەزكىرىسى» دىمۇ شىر بۇددا دىنىدىكى قانۇننى قوغدىغۇچى ئىلاھ دەپ رىۋايەت قىلىنغان. بۇددا ئالىمى كوماراجىۋا تەرجىمە قىلغان مەشھۇر نوملارنىڭ بىرىدە: «ساكيامۇنى تۇغۇلغاندا شىر قىياپىتىدە يەرگە چۈشكەن. يەر - ئاسماندىكى جانلىقلار ئۇنى ھۆرمەتلىگەن» دەپ كۆرسىتىلگەن.

ھەمزەككە بېسىلغان ئەجدىھا رەسىمى — بۇددا دىنىدىكى سۇ ئىلاھىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇدۇندا ياشىغان ئەجدادلىرىمىز بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان زامانلاردا، ئادەم سىياقىدىكى شىر، ئايال ئىلاھ، سۇ ئىلاھى ئەجدىھا قاتارلىق بۇددا دىنى رىۋايەتلىرىنى ئۆزىنىڭ بەدىئىي سەنئەت ماھارىتى ئارقىلىق ھەمزەككە بېسىپ چىقىرىپ بۇددا دىنىنى تېخىمۇ ئوبرازلاشتۇرۇپ تەشۋىق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ساندۇقلۇق قەبرىدىكى ئەر - ئايال مېيىتلارغا كىيگۈزۈلگەن كىيىملەرگە ئىشلىتىلگەن ھەر خىل رەڭدار كىمخاپ، دوردۇن، شايىلار «يىپەك يولى» ئارقىلىق ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدىن كەلتۈرۈلگەن ئېسىل يىپەك توقۇلمىلار بولۇپ، ئەينى زاماندا ئۇدۇن، نىيا، كىرورەن (پىشامشان) قاتارلىق ئەللەردە ياشىغان ئېسىلزادىلەر بۇلاردىن ھەر خىل كىيىم - كېچەكلەرنى تىكتۈرۈپ كىيىشكەن.



71. سۈرەت: رەڭدار يۇڭ توقۇلمىنىڭ ئادەم ۋە ئۈزۈم رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن بۆلىكى

تەكلىماكاننىڭ قۇرغاق شارائىتىدا ياخشى ساقلىنىپ قالغان شەرقىي خەن سۇلالىسى (مىلادى 25 - 220 - يىللار) دەۋرىگە ئائىت بۇ قىممەتلىك يىپەك توقۇلمىلار ئارخېئولوگىيە ساھەسىدە كەم ئۇچرايدىغان مۆجىزە خاراكتېرلىك تېپىلما بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلى توقۇلغان يېرىدە بۇنداق ياخشى ساقلىنىپ قېلىشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا بۇ خىل قىممەتلىك توقۇلما يادىكارلىقلار خەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت تۆرلۈك يىپەك توقۇلمىلارنى تەتقىق قىلىشتىمۇ بىردىنبىر ئەۋرىشكە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.



72. سۈرەت: ئاۋرېل ستېيىن نىيا خارابىسىدىن قېزىۋالغان بۇرە، قاتارلىق هايۋان ئوبرازى ئويۇلغان ياغاچ بىرەكلەر

## يېزىق مەدەنىيىتى

مەلۇم بىر تىل تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن بىر باسقۇچقا يەتكەندە ئاندىن يېزىق پەيدا بولغان يېزىقنىڭ تارىخى تىلنىڭ تارىخىغا قارىغاندا قىسقا، تىل باسقۇچقا يەتكەندە ئاندىن يېزىق پەيدا بولغان. يېزىقنىڭ تارىخى تىلنىڭ تارىخىغا قارىغاندا قىسقا، تىل كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەنلا بارلىققا كەلگەن بولسا، يېزىق ناھايىتى ئۇزۇن دەۋرلەر ئۆتكەندىن كېيىن -- ئىنسانلار مەدەنىيەت دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن.



73. سۈرەت: ئاۋرېل ستېيىن نىيا خارابىسىدىن قېزىۋالغان ھەر خىل گۈل - نۇسخىلار ئويۇلغان ئۆي سايمانلىرىنىڭ بۆلەكلىرى

يېزىق تىلنىڭ مۇكەممەللىشىشىگە، بېيىشىغا ۋە بىرلىككە كېلىشىگە ناھايىتى زور ياردەم بېرىدۇ. جەمئىيەت تەرەققىياتى تىل تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى كۈچ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن دۇنيادىكى ھەر خىل تىللار ئىچىدە يېزىقى بار تىللار يېزىقى يوق تىللارغا قارىغاندا ھامان خېلىلا تەرەققىي تاپقان بولىدۇ.

كىشىلەر تىلدىن پايدىلىنىپ ئالاقە قىلىشقاندا، زامان ھەم ماكان جەھەتتىن ناھايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى تىلنىڭ ئەنە شۇنداق يېتەرسىزلىكىنى تولۇقلايدۇ. يەنى كىشىلەر يېزىق ئارقىلىق ئۆز تەجرىبىلىرىنى مۇستەھكەملەشكە ھەم ئۇنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە مىراس قالدۇرۇشقا قادىر بولالايدۇ، يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەتنىڭ پەن ۋە مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بەخت - سائادەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن شەرت - شارائىت ھازىرلاپ بېرەلەيدۇ.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى (1901-، 1906-، 1913-، 1930 - يىللار) دا ئاۋرېل ستېيىن نىيا، ئەندىرە، كىرورەن قاتارلىق بىر قانچە شەھەر خارابىلىرىدىن تاپقان كاروشتى يېزىقى پۈتۈلگەن تارشا پۈتۈكلىرىنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، نومۇر سېلىنىپ رەتلەنگەنلىرى مىڭ پارچىگە يېتىدۇ. ئېلان قىلىنغانلىرى 778 پارچە. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 721 پارچە تارشا پۈتۈك نىيا خارابىسىدە ئېلىپ بېرىلغان قېزىپ تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان.

1959 - يىلدىن ھازىرغىچە شىنجاڭ ئارخېئولوگلىرى نىيا خارابىسىدىن 150 پارچىدىن ئارتۇق كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈكلەرنى تاپتى. بۇ ئەھۋال كاروشتى يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ ئۇدۇن، نىيا، كىرورەن قاتارلىق پادىشاھلىقلارنىڭ نەچچە يۈز يىللىق مەدەنىيەت تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى شۇنداقلا شۇ زامانلاردا كاروشتى يېزىقى تارىم ۋادىسىدا ئومۇميۈزلۈك قوللىنىلغانلىقىنى كۈچلۈك ئىسپاتلاپ بەردى.

ئېلىمىزنىڭ كاروشتى يېزىقشۇناسى لىن مېيسۈن «قوم دېڭىزىدىكى قەدىمكى پۈتۈكلەر -- جۇڭگودىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى پۈتۈكلەرنىڭ دەسلەپكى توپلىمى» دېگەن ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمە قىسمىدا كاروشتى يېزىقىغا نام بېرىلىشى، ئوقۇپ يېشىلىشى، كاروشتى يېزىقىنىڭ يېزىق ۋە تىل سىستېمىسى، كاروشتى يېزىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقىلىشى قاتارلىق بىر قانچە مەسىلىلەر ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان. تۆۋەندە مەن «مۇقەددىمە» دە شەرھىلەنگەن مۇناسىۋەتلىك بايانلارنى ئېھتىياج تۇپەيلىدىن مۇۋاپىق ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن:

www.uyghurkitap.com

مىلادى IV ئەسىردىن كېيىن كاروشتى يېزىقى تەدرىجىي ئۆلگەن يېزىقلار قاتارىغا ئۆتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئۇنتۇپ كەتكىلى مىڭ يىلدىن ئاشقان. تاكى X VIII ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئارخېئولوگلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى گرېكلاشقان خانلىق — باكتىرىيا ھۆكۈمرانى قۇيدۇرغان پۇللاردا بۇ خىل يېزىقنى قايتا ئۇچراتقان. كېيىن بۇ خىل يېزىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇنچە رايونلاردىن تېپىلىشقا باشلىغان. بۇ يېزىقنى ياۋروپالىق تىلشۇناسلاردىن چ. ماسۇن، ج. پرىنسىپ، چ. لاسسېن قاتارلىقلار ئوقۇپ يېشىش جەھەتتە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن.



74. سۈرەت: ئاۋرېل سېتيىن نىيا خارابىسىدىن قېزىۋالغان لاي پېچەتلىك تارشا پۈتۈك

ھازىر ئاتىلىپ كېلىۋاتقان «كاروشتى» دېگەن نامنى فرانسىيىلىك ئالىم لاكوۋ پېرىي ( Lacouperie ) 1890 - يىلى ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ بۇ خىل يېزىقنىڭ سانسكرىتچە نامىنىڭ 《Kharo stthi》 ئىكەنلىكىنى سانسكرىت تىلىدا يېزىلغان 《Lalita vistara》 (لالىتا ۋىستارا — كارامەت ئويۇن دېگەن مەنىدە) دېگەن كىتابتىن بايقىغاندىن ئۇ يەنە تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن داۋشى زىغان « فايۈەن جۇلىن 法苑珠林 » دېگەن كىتابنىڭ 1. - جىلد «بۇددالار بابى، ساياھەت ئىلمى قىسمى» دا «كاروشتى يېزىقى» دېگەن سۆزنىڭ خەنزۇچە ئاھاڭ تەرجىمىسى — 《佉卢文》 دەپ يېزىلغانلىقىنىمۇ تاپقان.



75. سۈرەت: تارشا پۈتۈكنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشى

1896 - يىلى گېرمانىيىلىك ئالىم بۇخلېر ئۆزىنىڭ «ھىندىستاننىڭ قەدىمكى يېزىقشۇناسلىقى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە لاكوۋپېرىينىڭ دەلىلىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. كېيىن، ئىلىم ساھەسىدىكىلەر كاروشتى دېگەن بۇ نامنى ئومۇميۈزلۈك ئېتىراپ قىلىش بىلەن بۇ خىل يېزىقنىڭ نامى جەھەتتە ئىلگىرى ساقلانغان قالايمىقانچىلىقلارغا خاتىمە بېرىلگەن.

كاروشتى يېزىقىنىڭ قۇرۇلمىسى گەرچە براھمى يېزىقىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككىسى ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىگە ئايلىنىش مۇناسىۋىتى يوق. كاروشتى يېزىقىنىڭ ئىجاد قىلىنىپ، قوللىنىلغان دەۋرى ۋە يېزىق مەدەنىيىتىنىڭ تارقالغان رايونلىرى توغرىسىدا چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملاردىن ئەنگلىيىلىك ئى. تايلۇر، گېرمانىيىلىك بىلېكىن قاتارلىقلار ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ يېزىقنىڭ تەخمىنەن مىلادىدىن V ئەسىر ئىلگىرى قەدىمكى پېرسىيە ئاخمېند سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەرەم يېزىقىنى مەنبە قىلىپ ئىجاد قىلىنغانلىقىنى، كېيىنكى مەزگىللەردە ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كەڭ رايونلىرىغا تارقالغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى، بەزى مىللەتلەر ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇ رايوندىن بۇ رايونغا كۆچكەن. جۈملىدىن ئەينى زاماندا دۇنخۇاڭ بىلەن تىلەن تاغلىرى (چىلىيەنشەن) ئارىلىقىدا ياشايدىغان ياۋچىلار غەربكە قاراپ ئامۇ ۋە سىر دەريالىرى ۋادىلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ئالدى بىلەن باكتىرىيىنى بويسۇندۇرغان. ئۇلار يەرلىك خەلقنىڭ كاروشتى يېزىقىنى قوللىنىش ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بىر ئەسىردەك ۋاقىت ئىچىدە كابول دەرياسى ۋادىسى، كەشمىر، ھىندى دەرياسى ۋادىسىدىن تارتىپ تاكى گانگ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىغىچە بولغان رايونلارنى بويسۇندۇرۇپ قەندىھارنى مەركەز قىلغان كۇشان (توخار) خاندانلىقىنى قۇرغان. كاروشتى



76. سۈرەت: ئاۋرېل سېتيىن نىيا خارابىسىدىن قېزىۋالغان ئۆزپېتى ساقلىنىپ قالغان لاي پېچەتلىك تارشا پۈتۈك

يېزىقى كۇشان خاندانلىقىنىڭ ئوردا يېزىقى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كەڭ تارقالغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى III ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ، كۇشان خاندانلىقى باشقىلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچراپ يىمىرىلىشكە باشلىغان. كۇشان زېمىنىنىڭ ئىچىدىكى قىسمەن رايونلاردا يەنىلا كۇشان دېگەن نامنى ساقلاپ قالغان كىچىك خانلىقلار بۆلۈنمە ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، تارىختا بۇلار كىچىك كۇشان ياكى كېيىنكى كۇشان دەپ ئاتىلىپ، تەخمىنەن مىلادى



77. سۈرەت: ئاۋرېل سېتيىن نىيا خارابىسىدىن قېزىۋالغان پېجىرىم ساقلىنىپ قالغان كاروشتى يېزىقىدىكى تارشا پۈتۈك

IV ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە داۋاملىشىپ، ئاخىرى ئېفتالىتلار (ئاق ھونلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ) نىڭ بېسىپ كىرىشى بىلەن ھالاك بولغان. كۇشان خاندانلىقىنىڭ ھالاك بولۇشىغا ئەگىشىپ، ھىندىستان تەۋەسىدە كاروشتى يېزىقىنىڭ ئىزىمۇ يوقالغان.

كاروشتى يېزىقى ھىندىستاندا يوقالغاندىن كېيىن تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى ئۇدۇن، نىيا، كىرورەن (پىشامشان)، كۇسەن (كۇچا) قەدىمكى بوستانلىقلاردا پەيدا بولۇشقا باشلىغان. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، كاروشتى يېزىقى تارىم ۋادىسى ئەتراپىدىكى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جايلاردا مىلادى II ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن IV — V ئەسىرلەرگىچە قوللىنىلغان.

كاروشتى يېزىقىدا پۈتۈلگەن يازما يادىكارلىقلار-

نىاڭ تىلى توغرىسىدا ئىلگىرى بەزى تەتقىقاتچىلار ئۇنى قەدىمكى ھىندىستاننىڭ ئارىيان تىلىغا مەنسۇپ بولغان بىر خىل ئاممىباب ئاۋام تىلى دېسە، بەزىلەر «ئوتتۇرا ئاسىيا ئاۋام تىلى»، «نىيا ئاۋام (قارا) تىلى» . . . دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغانىدى. كېيىن ئەنگلىيە ئالىمى بايلىي (H. W. Bailey) بۇ خىل تىلنىڭ قەندىھار (گاندارا) رايونىدىن كېلىپ چىققانلىقىنى دەلىللەپ، ئۇنى ھىندى - ياۋروپا تىل سىستېمىسىغا تەۋە «قەندىھار تىلى» دەپ ئاتىدى. «قەندىھار تىلى» — ئۆزىنىڭ لۇغەت فوندىغا قەدىمكى توخرى تىلى، ئۇدۇن ساك تىلى، سوغدى تىلى، يۇنان تىلى قاتارلىقلاردىن نۇرغۇن ئاتالغۇلارنى قوبۇل قىلغان.

كاروشتى يېزىقىنىڭ تارىم ۋادىسىغا قانداق كىرگەنلىكى توغرىسىدا تېخى بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي خۇلاسە يوق. ياۋروپا ۋە ھىندىستاننىڭ بەزى ئالىملىرى ئۇنى كۇشان خاندانلىقىنىڭ تارىم ۋادىسىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەتىجىسىدىن بولغان دېگەن قاراشنى تەرغىب قىلىدۇ. لېكىن بۇ پىكىرنىڭ تارىخىي پاكىت ئاساسى يوق. ياپونىيە ۋە ئېلىمىزنىڭ بەزى ئالىملىرى — ئۇنى كۇشان كۆچمەنلىرىنىڭ تارىم ۋادىسىغا كۆچۈپ كىرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. بۇ خىل قاراشنىڭ قوبۇل قىلىنىشقا بولىدىغان جايلىرى بولسىمۇ، يەنىلا قانائەتلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئۇدۇن، كىرورەن (پىشامشان) ۋە كۇسەنىنىڭ قەدىمكى خارابىلىرىدىن تېپىلغان كاروشتى يېزىقىدىكى ماتېرىياللار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن تېپىلغىنى ۋە دەۋرى بىر قەدەر ئىلگىرى ھېسابلىنىدىغانلىرى مىتال پۇل ۋە بۇددا نوملىرى بولۇپ، بۇ ئەھۋال — كاروشتى يېزىقىنىڭ تارىم ۋادىسىغا كىرىشىگە، تەبىئىيكى، سودا - مەدەنىيەت ئالاقىسى ۋە بۇددا دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشىمۇ سەۋەب بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇڭا بۇ مەسىلىدىن ئەڭ توغرا، قايىل قىلارلىق ئىلمىي ھۆكۈم چىقىرىش بۇندىن كېيىنكى سىستېمىلىق تەتقىقاتلارغا باغلىق ئەلۋەتتە.

تارىم (تەكلىماكان) ۋادىسىدىكى نىيا، كىرورەن، مىرەن، ئاق سېپىل قاتارلىق خېلى كۆپ قەدىمكى شەھەر - كەنتلەرنى كۆچمە قۇملار بېسىپ كەتكەنلىكى ئەمەلىيەت، لېكىن، ئۇلارنى دەھشەتلىك يەر تەۋرەش ياكى باشقا تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئاپەتلەر بىر كېچىدىلا يۇتۇپ كەتمەستىن بەلكى ئاستا - ئاستا قۇملۇشۇشقا يۈزلىنىپ غايىب بولغانلىقى ئېنىق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، تارىختىكى ئاۋات شەھەر - كەنتلەرنىڭ غايىب بولۇشى، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان قەدىمكى مەدەنىيەت يالدامىلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقىنى كۆرسەتمەيدۇ. بۇنى مەدەنىيەتنىڭ ئۆركەشلەۋاتقان دولقۇنلىرى مەلۇم سەۋەبلەر ۋەجىدىن بەزىدە پەسىيىشكە بۇرالدى دەپ چۈشەنسەك توغرا بولىدۇ. ئەھۋال ئەنە شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىزمۇ دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىنلىرىدىكى تىرىكچىلىك قىلىشقا قولايلىق جايلارغا يۆتكىلىپ ئورۇنلىشىپ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلىگەن. ئۇلار بۇ جەرياندا ئۆزلىرى ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بايلىقلىرىنىمۇ بىللە يۆتكەپ ئالالىغان جۈملىدىن ئۇلارنى يېڭى مۇھىت شارائىتىدا ياراتقان مەدەنىيەتلەر ئۈچۈن ئاساس (خېمىرتۇرۇچ) قىلىپ، بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تارىخ ئاتا قىلغان مەدەنىيەت مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ مېڭىۋەرگەن. (M1)

ئاپتور: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيىنىڭ تەتقىقاتچىسى

## ئىزاھلار

① «ئىنسانشۇناسلىق» ژۇرنىلى — 《人类学报》، 1988 - يىل 11 - ئاي سانى. ②، ③ شۇي خۇڭ: «شەھەرلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى مەسىلىسى ھەققىدە مۇلاھىزە»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997 - يىل 1.2 (قوشما) سان، 185 - 187 - بەتلەر

## مەھەللە
### ئابدۇلباست ئابدۇراھمان

قويلار مەرەيدۇ،
بۇلاقلار تىنىق،
چۆلدە ئاي نۇرى قۇمغا كۆمۈلەر.

دەستە - دەستە گۈل چۈشەيدۇ بوۋاق.
مۆگدەيدۇ ئانا،
بۆشۈك تۇۋىدە.

ئاق رومالliq پەرىشتە موماي
شېرىن چۈشىدە
تۇيىنى كۆرۈپ
نارەسىدە -
نەۋرە قىزىنىڭ.

خورازچىلىسا،
مەزىن پالاقشىپ
مانار مەسچىتكە.
ئالدىراپ - سالدىراپ
چېكىسىدىكى بىر تال قىزىلگۈل
بوغۇق ئەزانغا.

جاۋاب بېرىشەر،
ئىشىكلەرنىڭ غىچىرلاشلىرى،
مومايلارنىڭ چۈشكۈرۈشلىرى،
ۋەيەنە تېخى
كالاچ ئاۋازى.

بىر بوۋاق كۈلۈپ،
كۆتۈرۈپ چىقار
سېخىي قۇياشنى.

ساددا بىر قىز
شىلدىرلاپ ئاققان
ئېرىق بويىدا
ئولتۇراتتى
سۇغا دەرد تۆكۈپ.

ئېقىپ كەتتى
تۇيۇقسىزدىنلا.

قوي ھەيدەپ چىققان
پادىچى يىگىت
سۇزۇۋالدى قىزنىڭ گۈلىنى،
يۈرىكىنى.

ئاھ، بۇ، مەھەللە!
ئېشەكلىك بوۋاي
جاڭگالچى موماي
مەكتەپكە ماڭغان
گۆدەك باللار

ھاياتلىقنىڭ مۇقەددىمىسى،
خاتىمىسى، مۇشۇ مەھەللە.

ئاپتور: يېڭىسار ناھىيە ساغان يېزىسىدا چىش دوختۇرى

www.uyghurkitap.com



# قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تارىخىدىن قىسقىچە بايان

ئىمىن تۇرسۇن

## 4 ـ باب. ئېتنىك تەشكىلات ۋە ئىجتىمائىي ھايات

ئابا — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق قەدىمكى ئاماندىكى ھاياتىغا دائىر يازما مەنبەلەر ناھايىتى ئاز ئلغاچقا، يېقىنقى چاغلاردا تەخمىنەن شۇلار ياشىغان يىمىن دائىرىسىدە تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك ئاتېرىياللار بويىچە قىياسەن پىكىر يۈرگۈزۈش مۇمكىن. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە، ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە قەدىمكى ئەجدادلىرى دىڭلىن ~ دىلار دەپ ئېنىق قەيت قىلىنىغان. مەزكۇرنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا قەدىمكى ئابا — ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتى ۋە ياشاش تەرزلىرىنى قىدىرىپ كۆرەيلى.

«ۋېي مۇختەسەرنامە» سىنىڭ «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى» دە دىڭلىنلار ھەققىدە مۇنداق بىر مەلۇمات بار: «دىڭلىن ئېلى قاڭغۇينىڭ شىمالىدا، ئالتە تۈمەن ئەسكىرى بار، چارۋىچىلىق قىلىدۇ . . . شىمالىي دىڭلىنلار ئۇيسۇنلەرنىڭ غەربىدە . . . ئۇيسۇن ئاقساقاللىرىنىڭ دېيىشىچە، شىمالىي دىڭلىنلاردا ئات پاچاقلىقلار ئېلى بار. بۇ ئادەملەرنىڭ ئاۋازى خۇددى غازنىڭكىدەك ئاڭلىنىدۇ. تىزىنىڭ ئۈستى — بويى ۋە بېشى ئادەم سىياقىدا. تىزىنىڭ تۆۋەينى تۈكلۈك بولۇپ، ئاتنىڭ پاچىقىغا ئوخشايدۇ. ئات مىنمىسىمۇ خۇددى ئاتتەك ئىلدام ماڭىدۇ. ئادەملىرى باتۇر ـ ساغلام ۋە ئۇرۇشتا جەسۇر.» مۇشۇ مەزمۇندىكى سۆزلەر «تاغ ـ دەريالار بايانى» نىڭ 18 ـ جىلدىمۇ يېزىلغان: «دىڭلىن ئېلى بار، خەلقىنىڭ تۇرقى مۇنداق: تىزىنىڭ تۆۋەينى تۈكلۈك، ئات پاچاق، تېز ماڭىدۇ» . ئات مەدەنىيىتىنى ياراتقان بۇ قەۋملەرنى ئات سىياقىدا تەسۋىرلىگەنلىكىدىن مەزكۇر قەۋملەرنىڭ ئىجتىمائىي فورماتسىيە ھالىتىنى قىياس قىلىشۇالغىلى بولىدۇ. بۇ — دىڭلىنلارنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قوشنىسى بولغان خۇا شىيالار (خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى) نىڭ يېزىپ قالدۇرغان مەلۇماتى. بۇ مەلۇمات بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2500 يىل ئىلگىرى ياشىغان سالنامىچىلارنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقالغان پاراڭلار ۋە ئۆزلىرى ياشىغان زاماندىن ئىلگىرىكى چاغلاردىكى ئاھالىدىن ئاڭلىغانلىرىغا ئاساسەن يېزىلغان. بۇ قەۋملەر غەربىي جۇ دەۋرى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1066 — 770 ـ يىللار) دە «غەربىي رۇڭلار» دەپ ئاتالغان. چاناقلارغا يېزىلغان بايانلاردا «رۇڭ» نى «كەسمەك»، «چاپماق» دەپ يەشكەن، يەنى «ئۇرۇش ـ سوقۇش»، «ئۇرۇشقاق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرگەن. دەرۋەقە، بۇ نام ھازىرقى جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدا ياشىغان مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئاتىشى بولماستىن، غەربىي جۇ ھۆكۈمران تەبىقىسىنىڭ ئاتىشى ئىدى. شاڭ دەۋرىدە بولسا (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1711 ـ 1066 ـ يىللاردا) شىمالىي ۋە غەربىي قوشنا قەۋملەرنى «گۈي» (جىنلار) دەپ ئاتىغان. «خەت ـ بىتىك شەرھى» دە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، «گۈي» ئىروگلىفى سىن — تۇرقىنى بىلدۈرىدۇ، «تۇرقى جىنغا ئوخشايدىغان ئادەملەر» دېمەكتۇر. «گۈيلار ماكانى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى: مەزكۇر ئادەملەرنىڭ قىياپىتى غەلىتە كۆرۈنگىنى ئۈچۈن، سىن — تۇرقىغا قاراپ كەمسىتىپ قويۇلغان نام ئىكەن. يەنى ئوتتۇرا ئىقلىمدىكىلەر (جۇڭگولۇقلار) شىمالىي قوشنىلىرىغا قويغان بەدنامدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ قەۋملەر قىزىل دىلار دەپ ئاتالغان. چۇنچيۇ («يىلنامىلار») دەۋرىدە، شىمال ۋە غەربتىكى قوشنا قەۋملەرنى يىغىشتۇرۇپلا «شىمالىي دىلار» دەپ ئاتىغان.

بۇ بايانلاردىن «دى» ياكى «دىڭلىن» دېيىلگەن قەۋملەرنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى (ئەمما قەبىلە - قەبىلە بولۇپ ياشاۋاتقان) ھالەتلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىلىۋالغىلى بولىدۇ. يۇنان مۇئەللىپلىرىنىڭ يېزىشىچە، قەدىمكى پارس ئاخمانىيلار دەۋرىدە، ئامۇ دەرياسىنىڭ كەينى (شەرقىي) دىكى تۈزلەڭلىكلەردە ياشىغۇچى قەۋملەردىن بىرىنى «دېبىرىك» ياكى «تېگرىك» دەپ ئاتىغان. ھېرودوتنىڭ كەمتۈك تارىخنامىسىدا قەيت قىلىنىشىچە، «ئۇلار ئاتتا ھەم، پىيادە ھەم ئۇرۇشىدۇ، ئۇلار ئۇرۇشنىڭ ھەر ئىككى ئۇسۇلىنى بىلىدۇ. ئوقيا ۋە نەيزىلەر بىلەن ئۇرۇشىدۇ؛ ئادەتتىكى ياراقلار ۋە ئايپالتىلار بىلەن قوراللانغان. ئۇلارنىڭ بارچە بۇيۇملىرى ئالتۇن ۋە مىستىن ئىشلەنگەن: نەيزە، يا، ئايپالتىلار مىستىن ياسالغان؛ باش كىيىملىرى، بەلباغلىرى، قېيىشلىرىنىڭ توقا - نەقىشلىرى ئالتۇن بىلەن بېزىتىلگەن. ئۇلارنىڭ ساۋۇتلىرى مىستىن، ئېگەر - جابدۇق، يۈگەن، سۇلۇق — ئېغىزدۇرۇق، بۇرۇندۇق، تۆشلۈكلەر ئالتۇندىن . . . ئۇلاردا ئالتۇن، مىس ناھايىتى كۆپ ئىكەن . . . »

خەنزۇچە مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، قىزىل دىلاردىن بىر قىسمى ئۇزاققىچە بىر ماكاندا تۇرۇپ، قوپال ئېكىنچىلىكتىن بارا - بارا رەسمىي دېھقانچىلىق باسقۇچىغا ئۆتكەن. «زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى» دە ئېيتىلىشىچە، قىزىل دىلار دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

غەربىي رۇڭلارنىڭ سىن — تۇرقى باشقا قەۋملەردىن پەرقلىنەتتى. شەنشى ئۆلكىسىنىڭ جۇيۈەن دېگەن يېرىدىن ئىككى ئەر كىشىنىڭ سۆڭەكتىن ئويۇلغان كاللىسى تېپىلغان. سىياقىدىن كۆزلىرى چوڭقۇر، قاڭشارلىق ھەم ساقاللىق بولۇپ، جۇ ئاھالىسىنىڭ قىياپىتىگە ئوخشىمايدىكەن. ئارخېئولوگلارنىڭ تەھلىلىچە، بۇ، «جىنلار» دەپ ئاتالغان قەۋمنىڭ قىياپىتى ئىكەن. جۇ — دېھقانچىلىق ئېلى بولۇپ، ئۇنىڭ بازىسى ھازىرقى شەنشىنىڭ جەنۇبىدا ئىدى. غەربىي رۇڭلار ھازىرقى شەنشى - گەنسۇنىڭ غەربىدىكى يەرلەرگە ئورۇنلاشقانىدى.

ئارخېئولوگلار ئالتاي ۋە بايقال تەرەپلەردىن بىر مۇنچە تېپىندىلارنى قېزىپ تاپقان. ئالتاي تەرەپتە دېنىسوۋسكىي دەپ نام قويۇلغان غاردا قەدىمكى ئادەملەرنىڭ تۇرالغۇ جايىدىن كرېمنىي يالپاق گرانىت ۋە ياۋايى ھايۋان سۆڭەكلىرىدىن ياسالغان ئىش قوراللىرى جۈملىدىن ھەر خىل نەقىشلىك ساپال بۇيۇملار تېپىلغان. ھەممىدىن مۇھىمى شۇكى، بايقال تەرەپتە بىر تاش گۆر (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى 2-3 ئەسىردىن بۇرۇن) دىن تۆمۈردىن سوقۇلغان يۈگەن ئېغىزدۇرۇقى تېپىلغان. سىبىرىيىنىڭ جەنۇبى ۋە غەربىدە ياشىغان بۇ قەۋملەر ئىشلەتكەن قورال — سايمانلىرىغا ئاجايىپ بۇغا ۋە ئاساتىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ شەكىللىرىنى ئويغانىكەن.

«تارىخنامە» نىڭ «چەۋەنداز سانغۇن تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، شىمالدا ھونلارغا قارشى بىر قىسىم ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن «تامغان تېغى بويىدىكى شەھەرگىچە بېرىپ ھونلار توپلىغان ھەربىي ئاشلىقنى ئولجا ئالدى، قوشۇن بىر كۈن تۇرۇپ، قايتار چاغدا ئۇلارنىڭ شەھىرىگە ئوت قويۇپ، قالغان ئاشلىقنى كۆيدۈرۈۋەتتى» . يەنە «ھونلار تەزكىرىسى» دە يېزىلىشىچە، «ۋېيلۇي (ئۆرتلۈگ) تەڭرى قۇتۇكەڭرۇگە قۇدۇق كولاش، سېپىل سوقۇش، ئۆكەك - تۇرالار سېلىپ ئاشلىق يىغىش كېرەك، دەپ پىلان كۆرسەتكەن» . (دىڭلىنلارنى ھونلار بويسۇندۇرغاندىن كېيىن ئۆرتلۈگنى دىڭلىنلارغا پادىشاھ قىلغانىدى) . دېمەك، دىڭلىنلار شەھەر — سېپىل سېلىش ۋە دېھقانچىلىقنى ھونلاردىن ئىلگىرى بىلەتتى.

بۇ پاكىتلاردىن مەلۇمكى، دىڭلىنلار (تېگرىك، تىغراق ياكى دېبىرىكلەر) تۇران زېمىنىدا شەكىللەنگەن ئوتلاق مەدەنىيىتىنى ياراتقان قەۋملەردىن بىرىدۇر. بۇ قەۋم مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن سىنىپىي جەمئىيەتكە كۆچكەن ۋە دۆلەتنىڭ دەسلەپكى ئۇندۇرمىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. تارىم بويىدىكى قەدىمكى قەۋملەر (ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرىپ سىڭىپ كەتكەن ئارىيان تىپلىق ساكلار ۋە ئالتاي تىلى سىستېمىسىغا مەنسۇپ گۇزلار). مىلادىدىن مىڭ يىللار ئىلگىرىلا شەھەر دۆلەتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنىدى. بۇنى تارىخىي يازما مەنبەلەر ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلار ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان.

ئابا — ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت دەرىجىسىنى ئېنىقراق تەسەۋۋۇر قىلىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەشكىلاتىنى يەنى ئائىلە، قەبىلە ۋە ئەل تۈزۈلمىسىنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى.

قەدىمكى ئابا — ئەجدادلىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى باسقۇچىدا، بىر ئۇرۇغ بىر جامائە بولۇپ ياشاش ھالىتىدىن ئۆي، ئوبا، ئوتاغ، قونۇم، ئۇلۇش، تۆز - يۇرت، ئەل بولۇپ ياشايدىغان سىنىپىي جەمئىيەتكە كۆچكەن ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھاكىمىيەت شەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنى ئېنىقراق بىلىش ئۈچۈن، ئابا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇرۇغ - تارىغ تۈزۈلمىلىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 1. ئائىلە

لۇغەت كىتابلىرىدا ئائىلىگە مۇنداق شەرھى بېرىلگەن: قانداشلىقنى ئاساس قىلغان ئىجتىمائىي تۇرمۇش تەشكىلاتىنىڭ بىر خىل شەكلى — ئائىلە. خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك پەيدا بولغاندىن كېيىن، بىر ئەرگە بىر خوتۇنلۇق تۈزۈمىدىكى يەككە ئائىلە شەكىللەنگەن. ئائىلە بولۇپ شەكىللىنىش ئۈچۈن قاياشلار ۋۇجۇدقا كېلىشى شەرت . قاياش — نىكاھلىنىش ۋە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەن

www.uyghurkitap.com

شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي بىرلىكتۇر. ئالدى بىلەن، ئانا نەسەپدىكى چوڭ قاياشلار، ئاندىن كېيىن ئاتا نەسەپدىكى چوڭ قاياشلار ۋۇجۇدقا كەلگەن.

قاياشلار ئۇرۇغدىن تارقىلىدۇ. دەسلەپكى ئۇرۇغلار ئىپتىدائىي جامائە دەۋرى (كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرى) دە ۋۇجۇدقا كەلگەن. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق چۈشەندۇرگەن: «ئۇرۇغ — يەرگە چېچىلىدىغان دانمۇ ئۇرۇغ دېيىلىدۇ . . . يېقىن تۇغقانلارمۇ شۇنىڭغا ئوخشىتىلىپ ئۇرۇغ - تارىغ دېيىلىدۇ». ئۇرۇغ - تارىغ — بىر ئۇرۇغدىن تارالغان دېگەنلىكتۇر.

يازما تارىخى ئۇزۇن بولغان خەنزۇ، گرېك ۋە يۇنانلاردىكى ئەھۋالغا سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى:

تارىخىي يازما مەنبەلىرى ئەڭ كۆپ بولغان خەنزۇلاردا «فامىلە» ۋە «جەمەت» نامىلىرىنىڭ پەيدا بولۇشىدىنمۇ قەدىمكى ئائىلە - جەمەت ئەھۋالىتىنى نىسبەتلەشتۇرگىلى بولىدۇ. ئۇزاق قەدىمكى زاماندا «فامىلە» (شىڭ 姓) بىلەن «جەمەت - ئۇرۇغ» (شى 氏) مەنا جەھەتتىن پەرقلەنگەن. خەنزۇلاردا ئەڭ قەدىمكى فامىلىلەر خەتنىڭ «女» (ئايال) يان بەلگىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، 姓 (شىڭ) خېتى 女 بىلەن 生 (شېڭ - تۇغماق) — ئىككى بەلگىدىن تۈزۈلگەن. تەخمىنەن ئانىلىق قاياش جەمئىيىتى دەۋرىدە، كىشىلەر ئايرىم - ئايرىم فامىلە بىلەن ئاتالغان بولسا كېرەك. دەسلەپكى فامىلە بىر جەمەتنىڭ بەلگىسى بولغان، بۇ ئايرىم شەخسكىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، ئائىلىۋى نەسەپكىمۇ مەنسۇپ ئەمەس، بەلكى مەلۇم بىر قاياشنىڭ بەلگىسى ھېسابلانغان. «شى» (氏) بولسا، «فامىلە» دىن ئايرىلىپ چىققان. «زو جيۇمىڭ تەزكىرىسى» دىكى شەرھىيە بويىچە: «فامىلە — تۇغماق دېمەكتۇر، بۇ ئەجداد بولىدۇ — دە، ئۇنىڭدىن بىر - بىرى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئەۋلادى يۈزلىگەن نەسەپكە يەتسىمۇ، دەسلەپكى فامىلە (شىڭ) ئۆزگەرمەيدۇ. ‹زۇ› (族 - ئۇرۇغ - تارىغ) مەنسۇپ دېمەكتۇر، پەرزەنت — ئەۋلاد بىر - بىرىگە باغلىنىپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ باشقا تارماقلىرى ئۆز ئالدىغا بىر ئۇرۇغ - جەمەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ».

قەدىمكى يۇنان ۋە رۇمىلىقلاردىمۇ «كلان» (كىچىك گۇرۇھ، ئائىلە) دىن «گېنس» (مەنبە، نەسىل - نەسەپ) كېلىپ چىققانىكەن.

قاياش ئەسلى قاداش دەپ ئاتالغان. قاداشنىڭ تۈپ تومۇرى «قا» دۇر. كلاۋسون ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» دە، قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەرگە ئاساسەن قاداشنى «فامىلە ۋە جەمەت (نەسىل - نەسەپ) » دەپ يەشكەن. «قەدىمكى ئۇيغۇرچە تېكستلار» نىڭ Ⅲ قىسمىدىن مۇنداق مىسال كەلتۈرگەن: «قامىن قاداشىمىن، قاسى قاداشى قا قاداشقا تارتىنغۇچى بولۇر» («مېنىڭ ئائىلىۋى جەمەتىم بولسۇن ياكى باشقىلارنىڭ ئائىلىۋى جەمەتى بولسۇن، ئۆزلىرىنىڭ نەسلى-نەسەپىنى تارتىدۇ») .

«قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ «قا - قاداش» ئىشلىتىلگەن بېيىتلار خېلى كۆپ. شۇلارنىڭ بىرىدە:

يارىشقۇ كەرەك قا-قاداشلار بىلە،
قاتىلغۇ كەرەك ئەش ئاداشلار بىلە.

تۈركولوگ كلاۋسون ئۆز لۇغىتىدە، تۈركىي ھۆججەتلەرگە ئاساسەن «قا» سۆزىنىڭ ئەسلى مەنىسى «قاچا»، «تومۇر»، كۆچمە مەنىسى «فامىلە»، «تۇغقان» دېگەنلىك بولىدۇ، دەپ يەشكەن. بۇ ھەقتە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا مۇراجىئەت قىلساق، مانا مۇنداق ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىدۇق: «تۇدەش» دېگەن سۆزنى «تۇرداش نەرسە، بىر - بىرىگە ئوخشايدىغان بىر جىنىستىن بولغان نەرسىلەر» دەپ ئىزاھلاپ كېلىپ، «داش» قوشۇمچىسىدىن «قارىنداش»، «ئەمىكداش»، «يەرداش» (بىر يەرلىك) دېگەندەك سۆزلەر ياسىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن؛ جۈملىدىن «يېقىن تۇغقان قاداش دېيىلىدۇ. بۇ سۆزنىڭ ئەسلى قاچا دېگەن مەنىدىكى ‹قا› سۆزى بولۇپ، ئۇنىڭغا ‹داش› قوشۇلغاندا، بىر قاچىدا يەنى ئانىنىڭ قارنىدا بىللە ياتقان بولىدۇ».

«قا» دېگەن سۆز تومۇرىدىن «قاپ»، «قاڭ» سۆزلىرى تۈرلىنىپ چىققان: «قاپ - ئانىنىڭ قورسىقىدا بالىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاپ». «قاپ (كۆچمە مەنىدە) تۇغقان: ئول مەنىڭ بىرلە ئۇياقاپ ئول (ئۇ مەن بىلەن بىر قورساقتىن چۈشكەن يېقىن تۇغقان) » («تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅲ جىلد) . «قاڭ» قەدىمكى تۈركىي تىلدا «ئاتا» دېگەنلىكتۇر. بۇ سۆزلەردىن شۇنى پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى، «قا»، «قاپ» سۆزلىرى «ئانىنىڭ قارنى» ئۇقۇمىنى بىلدۈرگەنلىكى ئۈچۈن، «ئانىلىق ئائىلە» (ئانا ئاساسلىق ئورۇن تۇتقان ئائىلە) نى كۆرسەتسە، «قاڭ» ۋە بۇ سۆزدىن تۈرلەنگەن «قاڭداش» سۆزلىرى «ئاتىلىق ئائىلە» (ئاتا ئاساسلىق ئورۇن تۇتقان ئائىلە) نى كۆرسىتىدىغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «قاڭداش» سۆزى «قانداش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى يازغان. بۇ مەنىگە ئاساسلانغاندا، «ئاتا قېنىدىن بولغان»، «قاڭ پۇشتى» (ئاتا پۇشتى) دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ. «قاڭداش - قانداش. قاڭداش قاداش - ئاتىسى بىر، ئانىسى باشقا قېرىنداشلار. ماقالىدە مۇنداق كەلگەن: قاڭداش قىۋما ئۇرۇر، ئىگدىش ئۆرۈتار تار - ئاتا بىر، ئانا باشقا قېرىنداش چىقىشالمايدۇ، ئانا بىر، ئاتا باشقا قېرىنداش قوللىشىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅲ جىلد) . ئائىلە ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە تەبىئىي يوسۇندا پەيدا بولغان. دەسلەپ ئانىلىق ئائىلە پەيدا بولغان. ئانىلىق ئائىلە باسقۇچىدا نەسەپ ئانىغا باغلىناتتى. بۇنداق ئائىلىدە توغۇلار يەنى ئانا تەرەپتىن بولغان قاداشلار بولاتتى. بالا ئۆز ئانىسىنىڭ توتېمىغا ۋارىسلىق قىلاتتى؛ بالىنىڭ ئاتا بىلەن ھېچقانداق قاداشلىق مۇناسىۋىتى بولمايتتى. ئانىلىق

ئائىلىدە ئاچىق — ياشتا چوڭ بولغان يەنى ئانىنىڭ ئىگىچىسى بالىلارغا ۋە ئۇلارنىڭ ئانىسىغا ھامىيلىق قىلاتتى. ئەمما ئۆي - بارقى (مۈلۈك) غا ئىگىدارچىلىق قىلمايتتى. ئانىلىق ئائىلە توڭۇر تۆركۈن دېيىلەتتى. بۇنداق تۆركۈننىڭ باشلىقى «ئۆگە» دېيىلەتتى. ئاتا نەسەپداشلىق باسقۇچىدا، ئىقتىسادىي تۇرمۇش يىغىم - تېرىم ۋە بېقىمدىن ئىبارەت بولۇپ، يىغىم — تەبىئەتتىكى تەييار يېمەكلىكلەرنى يىغماق؛ تېرىم — ئىپتىدائىي زىرائەت تەرمەك؛ بېقىم — چارۋا مال باقماق ئىدى. ئەرلەر بولسا، ئاساسەن ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى.

يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا، ئائىلە تۈزۈمى راۋاجلىنىپ ئاتىلىق ئائىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئاتىلىق ئائىلىدە نەسەپ ئاتىغا باغلانغان. پەقەت ئاتا تەرەپتىن بولغان قاياشلار بۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان. قاياشلار ئارا نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنغان. ئىقتىسادىي تۇرمۇش جەھەتتە چارۋىچىلىق ئاساس، دېھقانچىلىق قوشۇمچە قىلىنغان. بۇنداق ئائىلە قاڭداش تۆركۈن دېيىلىدۇ.

تۆركۈن سۆزى ئائىلە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بۇ سۆزنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «تۆركۈن — ئۇرۇغ - ئايماق ئەزالىرىنىڭ ياكى ئۇرۇغ - تۇغقانلارنىڭ توپلانغان يېرى؛ ياتلىق قىلىنغان قىزغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى. قىز تۆركۈنگە كەلدى — قىز ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى».

تۆركۈنلەرنىڭ بەلگىلىك ئورناقلىرى بولاتتى. «ئورناق — يەر، ئورۇن، جاي - تەرەپ» («تۈركىي تىللار دىۋانى» I جىلد). ئاتىلىق تۆركۈندىمۇ ئاتا بىلەن ئانا ئائىلىۋى ئورۇن جەھەتتە تەڭ - باراۋەر ئىدى، پەقەت ئىقتىسادىي ۋاستىلەرنى يارىتىشتا پەرقلىنەتتى. ئەمما، تۆركۈننىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈشتە ئانا ئۆز رولىنى جارى قىلاتتى. ئاتا تۆركۈننىڭ باشلىقى ئىدى ۋە ئىچكى - تاشقى مۇئامىلىدە ۋەكىل بولاتتى.

ئاتىلىق تۆركۈندە، تۆركۈن باشلىقى «ئاغۇن» (ئاقۇن/ئوغان يەنى ئىگە، خوجا) دېيىلەتتى. تۆركۈننىڭ تەركىبى مۇنداق بولاتتى.

| | |
|---|---|
| ئاغۇن | ئاتا |
| ئۆگە | ئانا |
| ئەر | ئايالنىڭ ئېرى |
| كىس - ئۇراغۇت | ئايال |

(كىسلەر ئۆزئىچىگە قۇدۇز-قىرقىنلارنىمۇ ئالىدۇ).

| | |
|---|---|
| ئۇرى | ئوغۇل |
| قىز | قىز |
| كەلىن | كېلىن |

تۆركۈندە «ئوچاق» قەدىرلىنەتتى. چۈنكى ئوچاق مەبۇدنىڭ ئورنى دەپ قارىلاتتى. بۇ جەھەتتە، ئاتىنىڭ ئوچاققا باغلىق بىر مەبۇدى بولغىنىدەك، ئانىنىڭمۇ بىر مەبۇدى بولاتتى (ھازىرمۇ «ئۆي - ئوچاقلىق بولۇش» دېيىلىدۇ). بۇ مەبۇدلار «ئوت ئاتا» ۋە «ئوت ئانا» دېيىلەتتى. ئوچاقتا ئائىلىنىڭ ھاياتى ۋە روناق تېپىشىنىڭ تىمسالى سۈپىتىدە دائىم «قوقاس» ساقلىناتتى. ئائىلىنىڭ ئوتى مەڭگۈ ئۆچمەسلىكى ئۈچۈن، ئاغۇن ياكى ئۆگە قوقاسنى كۈلگە كۆمۈپ قوياتتى ۋە لازىم بولغاندا كۈلنى ئېچىپ، پۈۋلەپ ئودغۇچ / ئوزغۇچ قىلاتتى (قىپقىزىل چوغقا ئايلاندۇراتتى. بۈگۈنكى كۈندە قىپقىزىل يالقۇنجىغان چوغنى «ئوتقاش» دېيىلمەكتە ۋە چوغدەك قىپقىزىل بولغان نەرسىنى ئوتقاشقا ئوخشىتىلىدۇ). قوقاس ئۆچۈپ قالسا، ئۆز قاياشلىرىدىن تىلەپ، ئارچا ۋە ئارتۇچ شېخىدا ئېلىپ كېلەتتى. بۇ، ئودغۇچ (ئوزغۇچ) ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئائىلىدە بىللە ياشاپ تۇرغان ئەرۋاھى ۋە ئائىلىنىڭ شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنىڭ تىمسالى ھەمدە مەبۇدى (تىۋىنغۇچىسى) ھېسابلىناتتى. ياۋروپا سەيياھ ۋە جەمئىيەتشۇناس-لىرىدىن گرېناردىنىڭ ئالتاي - تۇۋا ھەم ياقۇتلارنى تەكشۈرگىنىدە، «ئوت ئاتا» ۋە «ئوت ئانا» نىڭ تىمسالى سۈپىتىدە بىر قانچە سەنەم (بۇت) لەرنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىن مەلۇمات بەرگەن.

ئانىلىق ۋە ئاتىلىق ئائىلىلەردىن ئۆي - ئوچاقلىق ئائىلە ئايرىلىپ چىققان، بۇنداق ئائىلە ئۆيلىنىشنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، ئۆي - بارق ياكى ئۆز ئالدىغا ئۆي - ئوچاق ئىگىسى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. ئادەتتە، ئۆيلىنىش يېشىغا يەتكەن يىگىت ئائىلە قاياشلىرىنىڭ كېڭىشىدىن ئۆتەتتى. كېڭەش يىگىتنىڭ ھالىغا قاراپ، بىرەر قەھرىمانلىق كۆرسىتىشنى تەلەپ قىلاتتى. يەنى بىرەر يولۋاس، قاپلان ياكى يەل بۆكە (يەل مۈڭگۈز ياكى ئەجدىھا) نى ئۇۋلاپ كېلىشنى شەرت قىلاتتى. ئۆي - ئوچاق ئايرىپ چىققاندىن كېيىن يىگىت ئاتا ئۈچىقى (ئۆي - بارقى) دىن بىر ئۈلۈك (ئۈلۈش)، قىزمۇ «يۇمۇش» نامى بىلەن بىر ھەسسە ئالاتتى. بۇلار بىر «چىمگ» (ھويلا - قورۇ) دائىرىسىدە ئوتاغ قۇراتتى. بۇلار ۋە بالىلىرى «ئۇيا قاداش» دەپ ئاتىلاتتى. يېڭى قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ قونۇمى (تۇرالغۇسى) نى «ئاق ئۆي» دەيتتى. يەنى يېڭىدىن ئۆيلەنگەن يىگىت - قىز ئۈچۈن يېڭى ئۆي «يېڭى چېدىر» تىكىلەتتى. قەدىمكى ئاتا - بوۋىلىرىمىز «ئۆكۈز» (ئۆگۈز) نى قەدىرلىگەنلىكى ئۈچۈن، يېڭى ئائىلىدە ئىككى سەنەم بولاتتى: بىرى - ئوڭ ياقتا «قىسراق ئەمچەكلىك» سەنەم، يەنە بىرى - سول ياقتا ئىنەك ئەمچەكلىك سەنەم قويۇلاتتى. ئوڭدىكىسى ئەرنىڭ، سولدىكىسى ئايالنىڭ تىمسالى قىلىناتتى. بۇنداق «ئۇيا» لاردىن ۋۇجۇدقا كېلىپ كۆپەيگەن «تويغۇن / تويڭۇن» (ئەۋلاد) لار «ئۇرۇغ - تارىغ» (بىر ئۇرۇغدىن تارالغانلار) دەپ ئاتىلاتتى. ئۇرۇغ - تارىغلارنىڭ بىر «تۆز» (كەڭ دائىرە) ئىچىدە بىر مۇنچە ئوتاغلىرى بولاتتى (كېيىنكى چاغلاردا ئەل - مەملىكەت شەكىللەنگەندە بولسا، ئۇن ئوتاغ بىر مەمۇرىي بىرلىك ھېسابلانغان). ئادەتتە، ئوتاغ قۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

ئۇلتۇرغانلار «ئوبا» - جەمئىيەتنىڭ كىچىك بىرلىكى ھېسابلىناتتى. ئوبا — كىچىك گۇرۇھ دېمەكتۇر. ئەسلىدە ئوبا بىر قونۇمدىن ئىككىنچى بىر قونۇمغا كۆچكەن ئۆي - چېدىرلارنىڭ توپى ئىدى.

ئېتنوگرافلار 20 - ئەسىرگىچە ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا ياشاۋاتقان قەبىلەرنى تەكشۈرۈپ، ئۇرۇغ - تارىغلارنىڭ ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلىرىنى مۇنداق قىياس قىلغان: ① ئۆزلىرىنىڭ سەردار ۋە ئاقساقاللىرىنى سايلاش ۋە ئۇلارنى ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقى بولغان؛ ② ئۇرۇغ - تارىغ ئىچىدە نىكاھلىنىش مەنئى قىلىنغان؛ ③ ئۆلگۈچىنىڭ مۈلكى ئۇرۇغ - تارىغقا قالغان؛ ④ ئۇرۇغ - تارىغ ئەزالىرىنىڭ بىر - بىرىگە ياردەم قىلىش ۋە بىر - بىرىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى بولغان؛ ⑤ ئۇرۇغ - تارىغنىڭ ئۆز ئەزالىرىغا ئات قويۇش ھوقۇقى بولغان؛ ⑥ يات ئۇرۇغ - تارىغ كىشىلىرىنى ئاسراندى ئوغۇل قىلىۋېلىش ھوقۇقى بولغان؛ ⑦ ھەر بىر ئۇرۇغ - تارىغنىڭ ئومۇمىي دىنىي بايرىمى بولغان؛ ⑧ ئۇرۇغ - تارىغنىڭ ئومۇمىي قەبرىستانلىقى بولغان؛ ⑨ ئۇرۇغ - تارىغنىڭ دېموكراتىك تەشكىلىي كېڭەشمىسى بولغان.

تۈركۈن ۋە ئۇيا - قاداشلارنىڭ، يەنى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ۋە قاداش ئۇرۇغ - تارىغلارنىڭ تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى بىلدۈرىدىغان ناملارنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاللىقاچان ئىجاد قىلغانىدى. بۇ ناملار ئارقىلىق قاداشلار ئارا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋەتلىرى ئېنىق پەرقلەندۈرۈلگەنىدى. ناھايىتى ئۇزاق ئۆتمۈشتە يارىتىلغان تۇغقانچىلىق ناملىرىنىڭ تولىسى ھازىرمۇ جانلىق تىلىمىزدا قوللىنىلماقتا.

ئاتا (قاڭ)، ئانا (ئۆگە، ئوغۇز ۋە قارلۇقلاردا ئاپا)، ئاقا ~ ئاغا (ئاكا)، ئىنى، ئەچە (ئەگە يەنى ئاچا، ھەدە، گاھىدا ئەگە بىلەن ئەچە قوش سۆز قىلىنىپ «ئىگىچە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، سىڭىل (ئاچا - سىڭىل قېرىنداش ھەمشىرىلەردۇر)، ئۇرى (ئوغۇل، گاھىدا پەرزەنت مەنىسىدە)، قىز . . . ئەچى ~ ئىچى ~ ئەچۇ (ياشتا چوڭ بولغان ئەر تۇغقان؛ مەڭگۈ تاشلاردا: ئەچۇم - ئابام — ئاتا - بوۋام دەپ يېزىلغان)، ئابا ~ بابا (چوڭ ئاتا)، ئاباغا (چوڭ ئاتىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى: چوڭ ئاباغا، كىچىك ئاباغا)، ئاتاغا 〈 تاغا (ئاتىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى: چوڭ تاغا، كىچىك تاغا)، ئاناغا (ئانىنىڭ ئەر بىر تۇغقانلىرى)، ئاچىق (ئانىنىڭ ياشتا چوڭ بولغان ئايال بىر تۇغقانلىرى، بۇنىڭ ئورنىدا ھازىر ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان نام — ئەممە 〈 ھامما: ھامما ئاچا)، كۆكۈ ~ كۆكۈي (ئانىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى)، تۇرۇن (ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغىنى نەبىرە 〈 نەۋرە؛ بۇ «يېگەن» دەپمۇ ئاتالغان. ئېھتىمال، ئوغۇلدىن بولغان نەۋرە — تۇرۇن، قىزدىن بولغان نەۋرە — يېگەن دەپ ئاتالغان بولسا كېرەك)، تۈڭۈر (ئەرگە نىسبەتەن

ئايال تەرەپتىن بولغان تۇغقانلار، يەنى خوتۇنىنىڭ قېرىنداشلىرى)، كۈيەۋ (كۈيئوغۇل)، كېلىن، قازىن ~ قادىن (قېيىن ~ قېينى، مەسىلەن ئەر ياكى خوتۇننىڭ ئاتا - ئانا ۋە بىر تۇغقانلىرى: قېيىن ئاتا، قېيىن ئاغا ۋە باشقىلار)، بالتىر (قېيىن ئاچا)، بالدىز (قېيىن سىڭىل)، جىيەن (بىر تۇغقانىنىڭ بالىسى)، چىقان (ھامما ئاچىنىڭ ئوغلى)، ئۆگەي ياكى قاڭسىق، قۇدا، باجا ۋە باشقىلار.

قەدىمكى ئابا - ئەجدادلىرىمىز ئۇرۇغ - تارىغلارنى توققۇز تويغۇنغىچە (توققۇز ئەۋلادقىچە) ساناتتى. غەربىي تۈركىي خەلقلەردە بولسا، يەتتە تويغۇنغىچە سانايدۇ، يەنى ئۆزىدىن باشلاپ يەتتىنچى ئەجدادىغىچە بىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جەمەتنىڭ يەتتىنچى بوغۇنغىچە ساناش ئادىتىمۇ بار. توققۇزىنچى ياكى يەتتىنچى بوغۇنغىچە بولغان جەمەتنىڭ ئىچىگە كىرمىگەنلەر «ياتلار» سانىلاتتى - دە، ئادەتتە قىزنى توققۇزىنچى ياكى يەتتىنچى ياتقا بېرىش ياكى بولمىسا توققۇزىنچى ياكى يەتتىنچى ياتتىن قىز ئېلىشنى تەكىتلەيتتى. بۇ ئادەتتىن يەتتە ياكى توققۇز بوغۇننىڭ سىرتىدىن نىكاھلىنىش دېگەن مەنە چىقىشى مۇمكىن.

## 2 . قەبىلە

ئۇرۇغ - تارىغلار بىلەن قەبىلە ئوتتۇرىسىدا ئاۋۋال بىر ئۆتكۈنچى تەشكىلات يەنى ئوغۇش (فراترىيە) شەكىللەنگەن. ئىككى ئۇرۇغ ئوتتۇرىسىدا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ، ئۆز ئارا ئەزالىرىنى ئالماشتۇرۇش كۆپەيگەن، نىكاھ مۇناسىۋىتى بىلەن بىر - بىرىگە ئۆتۈشكەن. نەتىجىدە مۇنداق ئۇرۇغ - تارىغلار ئوتتۇرىسىدا ئوغۇش شەكىللەنگەن. بۇلار ئوتتۇرىسىدا زىچ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت بارلىققا كەلگەن. بۇ ئوغۇش بارغانچە زورايغان ۋە قەبىلە شەكلىنى ئالغان. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىشىچە ۋە قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەردىكى ئۇقۇم بويىچە، ئوغۇش سۆزى قەبىلە، قەۋم، نەسىل، جەمەت دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىكەن. قەبىلە مەنىسىدە، بەزى تۈركىي خەلقلەردە «بوي» ۋە «سوي» ئاتالغۇلىرى قوللىنىلغان. «بوي» - «بود» نىڭ ئىككىنچى خىل ئاتىلىشى بولۇپ، توپ مەنىسى «بوي» - (گەۋدە) دېمەكتۇر؛ «سوي» ئېھتىمال «بىر سويام يىپ» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولسا كېرەك. مەيلى «بوي» بولسۇن ياكى «سوي» بولسۇن، ئۇزۇنىسى (دىئاخرونىك) غا ئۇلاشقان مەنىنى بىلدۈرىدۇ. كۆكى — تېگى - تەكتى بىر بوي (بىر گەۋدىدىن يەنى بىر ئاتا) دىن باشلانغان دېگەن ئۇقۇمنى ئىپادىلىسە كېرەك. ئوغۇش بولسا، ئۇيا قاداش ۋە ئۇرۇغ - تارىغلارنى، يەنى ئۇزۇنىسىغا ھەم توغرىسى (دىئاخرونىك ھەم سىنخرونىك) غا ئۇلاشقان ئېتنىك تەركىبلەردىن شەكىللەنگەن قەۋمنى بىلدۈرىدۇ.

لۇغەتلەردە چۈشەندۈرۈلۈشىچە، «قەبىلە» نىڭ تەبىرى مۇنداق: قەبىلە—ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى

بىر خىل ئىجتىمائىي تەشكىلات. يېقىن قانداش بولغان بىر قانچە قاداش (قېرىنداش جەمەت) ياكى ئۇرۇغ - تارىغدىن تەركىب تاپىدۇ، ئادەتتە قەبىلىنىڭ ئۆز زېمىنى، نامى، شىۋىسى، دىنى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرى، شۇنىڭدەك جامائەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئاپپاراتى بولاتتى.

قەبىلىنىڭ تەركىبىدىكىلەر تۇتقان زېمىن تۈز دەپ ئاتىلاتتى. بۇ تۈزلەردە نۇرغۇن ئوتاغلار ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئون ئوتاغ بىر بىرلىك بولۇپ تەشكىل قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ باشلىقىمۇ ئون ئوتاغ دەپ ئاتالغان. ھەر بىر تۈزدە بىر قانچە ئون ئوتاغ بولۇپ، قەبىلە تۇتقان ھەر بىر تۈزدە مەخسۇس باشقۇرغۇچىلار بولاتتى. تۈز باشلىقى تۈزۈن، ئۇنىڭ ياردەمچىسى چوبان دەپ ئاتىلاتتى. دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەبىلىنىڭ جايلاشقان ئورناقلىرى سوزاق (يەنى كەنت ياكى يېزا) دەپ ئاتىلاتتى. سوزاق — ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ئاخىرىدا، يېزا جامائەسى يىمىرىلگەندىن كېيىن شەكىللەنگەن بولۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاھالىنىڭ ئىقتىسادىي - ئىجتىمائىي بىرلىكى ئىدى. ھەر بىر قەبىلە مەمۇرىي بىرلىك سۈپىتىدە باغ دەپ، باغ باشلىقى باغا دەپ ئاتىلاتتى. قەبىلىنىڭ نامى كۆپىنچە ئۇغۇشنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان ئۇرۇغ - تارىغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئۇرۇغ - تارىغنىڭ نامى بولسا، ئۇيا - قاداشلار ئارىسىدا ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان ياكى قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن شەخسنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان؛ ياكى بولمىسا ئۆزلىرى جايلاشقان يەر - سۇلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتالغان. قەدىمكى زامانلاردا «قەبىلىنىڭ نامى كۆپىنچە تاسادىپىي پەيدا بولغان، ئاڭلىق تاللاپ قويۇلغان ئەمەس ئىدى. قەبىلىنىڭ ئۆزى ئۆزىگە بەرگەن نامى باشقىچە بولغىنى ھالدا، قوشنا قەبىلىلەر تەرىپىدىن مەزكۇر قەبىلىگە بېرىلگەن نام بېرىپ - بېرىپ ئۇنىڭ دائىمىي نامى بولۇپ قالاتتى. بۇنداق ھادىسىلەر كۆپ بولۇپ تۇراتتى» (ف. ئېنگېلس).

ئائىلە - تۈركۈنلەرگە ئايرىلىشتىن ئىلگىرى ۋە ئائىلە - تۈركۈنلەر شەكىللەنگەندىن كېيىن، ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئۇيا - قاداشلار ئومۇمەن كوللېكتىپ ئەمگەك قىلاتتى. ئۇغۇشنىڭ ئىگىلىگەن تۈزلىرى، ئورمانلىرى، يايلاق - قىشلاقلىرى ئۇغۇشنىڭ ئورتاق بايلىقى ھېسابلىناتتى ۋە ئۇغۇش ئەزالىرى ئارىسىدا تەقسىم قىلىناتتى. سوزاق ۋە تۈزۈنلەر پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ يەر مۈلۈكچىلىكى خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، ئاسىياچە مۈلۈك فورماتسىيىسىدىن ئىبارەت ئىدى. بۇ باسقۇچتا، «يەر شەخسىي مۈلۈك ئەمەس، شەخسىي ئىشغالىيەت ئىدى. يېزا جامائەسى ئەمەلىيەتتە ھەقىقىي مۈلۈكدار ئىدى. شۇڭلاشقا، مال - مۈلۈك ئومۇمىي جامائەت يەر مۈلكى سۈپىتىدىلا مەۋجۇت ئىدى» (ماركس).

كۈندىلىك ئالاقە قورالى بولغان تىلمۇ بالدۇرقى تار دائىرىدىكى ئۇيا - قاداشلىق لەھجە (ژارگون) دىن تەرەققىي قىلىپ، ئۇرۇغ - تارىغلارنىڭ لەھجىلىرىدىن بىرى ئاساس بولغان ھالدا قەبىلە شىۋىسى شەكىللەنگەن.

كۆپ ھاللاردا، قەبىلە تەركىبىگە كىرگەن ئۇرۇغ - تارىغلارنىڭ كۆچمەنچىلىك دەۋرىدە تەۋەررۈك سانىلىدىغان بىردىن تامغىسى بولاتتى. بۇ تامغىلار ئەسلىدە توتېمىزىم دەۋرىدىن قالغان بولۇپ، ھەر بىر تامغا ئۇ چاغدا بىر توتېم ئىدى. كېيىن توتېملىق ماھىيىتى يوقىلىپ، ئۇرۇغ - تارىغلار بىر - بىرىنىڭ ماللىرىنى پەرقلەندۈرىدىغان تامغا شەكلىگە كىرگەن. ئۇلار (بارا - بارا پۈتۈن قەبىلە) نىڭ بارلىق مال - چارۋىلىرى، نەرسە - كېرەكلىرى، خەزىنىلىرى ئەنە شۇ تامغا بىلەن تامغىلىناتتى.

ئېتىقاد جەھەتتە، قەبىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان ئۇرۇغ - تارىغ قۇت - مۇقەددەس دەپ بىلگەن نەرسە (قۇش، ھايۋان ۋە باشقىلار) قەبىلىگىمۇ ئورتاق بولغان قۇت — مۇقەددەس نەرسە بولۇپ قالاتتى.

قەبىلە تەركىبىدىكى ئۇرۇغ - تارىغلار ئەكسەرىيەتتە بىردىن سۇ بويىنى ماكان تۇتاتتى. ئۆزلىرى ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ مۇئەككىلى بار دېگەن ئېتىقاد بىلەن ئەنە شۇ مۇئەككەلنى مەبۇد دەپ چۈشىنەتتى. بۇ مەبۇدنى «يەر - سۇ تەڭرىسى» دەپ تېۋىناتتى. «ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى» دا ئۇچرايدىغان مۇنۇ جۈملىمۇ شۇنى تەستىقلايدۇ: «ئۇزە تۈرك تەڭرىسى، تۈرك ئىدۇق يىرى - سۇبى ئانچا تىمىس» (ئۈستىمىزدە تۈرك تەڭرىسى، (تۆۋەندە) تۈرك مۇقەددەس يەر - سۈيى يەنى يەر - سۇ مۇئەككىلى مەدەت بېرىدۇ). ئۇغۇش ۋە ئۇنىڭ ئۇرۇغ - تارىغلىرى تاغ باغرىدا ماكان تۇتقان بولسا، مەبۇدنى ئاشۇ تاغنىڭ نامى بىلەن، ئەگەر سۇ بويى بولسا، سۇنىڭ نامى بىلەن ئاتايتتى. بەزىدە مەبۇد ئۇنىڭغا تېۋىنغان قەبىلىنىڭ نامى بىلەنمۇ ئاتىلاتتى. ھازىرقى زامانىمىز خەلقىمىزنىڭ «سۇغا سىيسە ياكى پاسكىنا نەرسە تاشلىسا يامان بولىدۇ» دېگەن ئېتىقادى ئەنە شۇ ئۇزاق قەدىمكى ئېتىقادتىن قالغان بولسا كېرەك. قەبىلىنىڭ ماكان يەڭگۈشلىشىمۇ قۇت - مۇقەددەس دەپ بىلگەن نەرسىسىنىڭ ۋە «يەر - سۇ مەبۇدى» نىڭ بىشارىتى بىلەن بولاتتى.

قەبىلە، ئۇغۇشلار ئارا قان دەۋاسىدا، ئۆز ئەزالىرىنىڭ تايانچىسى بولۇپ تەرەپبازلىق قىلاتتى. قەبىلە ئەزالىرى مال جەھەتتە ئۆز ئارا يار - يۆلەكتە بولاتتى: ئەمما مۇنداق ياردەم ئەكسەرىيەتتە ئۆز ئۇغۇشى ۋە ئۇرۇغ - تارىغلىرى ئىچىدىلا چەكلىنەتتى.

قەبىلە ئەزالىرى ھوقۇق جەھەتتىن باراۋەر ئىدى. قەبىلە ئەزالىرىنىڭ ئۈستىدە بارچە ئۇرۇغ - تارىغ مۆتىۋەرلىرىدىن تەركىب تاپقان كېڭەش بولاتتى. كېڭەشكە باغا يېتەكچىلىك قىلاتتى. قەبىلە زورايغاندىن كېيىن، تۈز باشلىقى بولغان تۈزۈنلەر بارا - بارا بەگ ئاتىلىپ، باغالار باشچىلىقىدىكى ئارىستوكراتلار يەنى

www.uyghurkitap.com

بەگ - بەگزادىلەر مەيدانغا كەلدى. يېڭىدىن قەبىلىگە قوشۇۋېلىنغان ئەزالار تەۋە (تابىئ بولغان)، شۇنىڭدەك بېقىندۇرۇلغان ئەرلەر «گۈن»، ئاياللار «قىرقىن» ھېسابلىنىپ، بۇلارغا «ئويماق» (كېيىن «ئايماق») ئاتالغان) دېگەن نام بېرىلگەن. باغا (قەبىلە بېگى) نىڭ ئۆزىگە خاس «قىرىق يىگىت» دېيىلىدىغان خاس قوغدىغۇچىلىرى تەشكىل قىلىنغان؛ بۇ قوغدىغۇچىلار ھەممە ئىش كېڭەش بىلەن بولىدىغان زاماندا، ئوغۇشنىڭ ياشلىرىدىن ئېلىنغان. ئارستوكرات دەۋرىگە ئۆتكەندە ئويماقتا مەجبۇرىي سىلىق تەرىقىسىدە چېچىلىدىغان بولغان. بۇلار دەسلەپتە بەگلەردىن پەرقلەندۈرۈلۈپ «بۇيرۇق» ئاتالغان. بارا - بارا بەگلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا قورۇقلىرى (خاس يايلاق، تۈز ۋە ئورمانلىرى) پەيدا بولغان.

ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى نوپۇسنى كۆپەيتىپ، ئاھالىنىڭ زىچلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ قەبىلە ئىچىدە ۋە قەبىلىدىن تاشقىرى مۇناسىۋەتلىرى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىش دائىرىسى كېڭەيگەن. شۇنىڭدەك ھەربىي پائالىيەتلەر (قەبىلىلەر ئارا ئۇرۇش - جەڭلەر ۋە يات قەۋملەرگە قارشى قوغدىنىش ئۇرۇشلىرى) كۆپىيىشى ئارقىسىدا، بەزى جايلاردا بىر قانچە باغ (قەبىلە) بىرلىشىپ، باغلار بىرلىكى (قەبىلىلەر ئىتتىپاقى) نى تەشكىل قىلغان. باغلار بىرلىكى ئىپتدائىي جەمئىيەتنىڭ كېيىنكى باسقۇچىدا شەكىللەنگەن قەبىلىلەر بىرلەشمە تەشكىلاتىدۇر. ئۇ ئادەتتە بىر قانچە يېقىن ئوغۇش ياكى قوشنا ئوغۇش - باغلاردىن تەركىب تاپاتتى. ئاساسەن ھەربىي پائالىيەتلەر (جەڭ قىلىش - ھۇجۇم قىلىش ياكى قوغدىنىش) بىلەن شۇغۇللىناتتى. بىرلىكنىڭ باشقۇرۇش ئاپپاراتلىرى - كېڭەشمە، قورۇلتاي ۋە سۇباش (قوماندان - بۇ كۆپىنچە ھەربىي دېموكراتىيىنىڭ مەسئۇلى) دىن ئىبارەت ئىدى. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى قەبىلىلەر ئارا ئىقتىسادىي - مەدەنىي ئالاقىلەرنى كۈچەيتكەن. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى زورايغاندىن كېيىن، ئاخىرقى باسقۇچتا ئۇنىڭ ئومۇمىي باشقۇرغۇچىسى ئېركىن دەپ ئاتالغان. قەبىلىلەر ئىتتىپاقى «ئەل» نىڭ شەكىللىنىشىگە شەرت ھازىرلىغان.

يۇقىرىدا سالنامىچىلار بايان قىلغان دېڭىزلاردىن بىر بۆلۈكى قەبىلىلەر ئىتتىپاقى بولۇپ شەكىللەنگەن، بىر بۆلۈكى بولسا «ئەل» باسقۇچىغا قەدەم قويغان.

## 3 . ئەل

«ئەل» سۆزىنىڭ ئەسلى ۋە كۆچمە مەنىلىرى بار. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا بىر قانچە خىل مەنىسىنى ئىزاھلىغان:

«ئەل — ئەل، مەملىكەت. بەگ ئەلى — بەگ ئېلى»؛

«ئەل — ئۇچۇقچىلىق، بوشلۇق. قاپۇغ ئەلى — قوۋۇق ئالدىدىكى بوش يەر»؛

«ئەل — ئاتنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمى. ئات تۈركلەرنىڭ قانىتى بولغانلىقتىن، ئاتنى ئەل دېيىشۇ ئاتايدۇ. ئاتباقارنى ئەل باشى دېيىش شۇنىڭدىن كەلگەن. بۇ، ۋىلايەت باشلىقى دېگەن سۆز بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئاتباقار دېگەن ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ»؛

«ئەل — ئەل. ئىككى خان ياكى بەگ ئارىسىدىكى يارىشىش. ئىكى بەگ بىرلە ئەل بولدى - ئىككى بەگ بىر - بىرى بىلەن ياراشتى»؛

«ئەل — ئەل كىشى - پەس ئادەم، ئەسكى ئادەم. ئەل قۇش - تازقارا».

شۇنىڭدەك، يەنە «ئەل» نىڭ ھۆكۈمەت دېگەن مەنىسى بارلىقىنىمۇ كۆرسەتكەن. مەسىلەن، مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا كەلتۈرگەن مۇنۇ ماقالىدىكى «ئەل» دىن شۇ مەنە چىقىدۇ: قارا بۇلتىغ يەل ئاچار، ئۇرۇنج بىلەن ئەل ئاچار - قارا بۇلۇتنى يەل ئاچار، پارا بىلەن ئەل (ھۆكۈمەت ئىشىكىنى) ئاچار.

تۈركىيە ئالىملىرىدىن زىيا گۆكئالىپ «ئەل» نىڭ ئەڭ بالدۇرقى تۈپ مەنىسى «يارىشىش»، «سۈلھ» دېگەنلىك بولىدۇ، «ئەلچى» سۆزى ئەنە شۇ مەنىدىن كېلىپ چىققان، ئەلچى — ياراشتۇرغۇچى، سۈلھچى دېگەن مەنىدە ئىدى، دېگەن پىكرىنى ئالغا سۈرىدۇ. قەدىمكى زاماندا قەبىلىلەر ئارا ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقى ئوتتۇرىسىدا يەر - سۇ تالىشىش ۋە چەتكە كېڭىيىش، سودا - سېتىق يوللىرىنى مونوپولىيە قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن دائىم جەڭ - جېدەللەر بولۇپ تۇراتتى. بۇلارنى ئەل قىلىش يەنى ياراشتۇرۇش ئۈچۈن ئەلچىلەر قاتناپ تۇراتتى. ياكى بولمىسا، غالىب چىققان تەرەپ يېڭىلگەن تەرەپنى ئۆزىگە ئەل قىلىۋالاتتى (بېقىندۇرۇۋالاتتى). دېمەك، قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى ئارىسىدا يارىشىش - بىرلىشىشتىن ئەل كېلىپ چىققانىكەن. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مۇنۇ بېيىتتىنمۇ ئاشۇ مەنا چىقىدۇ:

143 ئۈچى ئوت، ئۈچى سۇۋ، ئۈچى بولدى يەل،
ئۈچى بولدى تۇپراق ئاژۇن بولدى ئەل.

(تۆت تادۇ - ئاناسىردىن ئۈچى ئوت، ئۈچ سۇ، ئۈچى ھاۋا، ئۈچى تۇپراق بولغاچقا، دۇنياتىنچ - ئامان بولدى يەنى ۋۇجۇدقا كەلدى.)

قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرىنىڭ يارىشىشى ياكى قوشۇلۇشىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن «ئەل» نىڭ «سۈلھ» مەنىسىدىن تۇرلىنىپ «دۆلەت»، «مەملىكەت» دېگەندەك بىر قانچە مەنىلىرى كېلىپ چىققان. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى، تۇرپان تېكىستلىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق تارىخىي ھۆججەت - ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا «ئەل» نىڭ مەنىلىرى مۇنداق ئىكەن:

ئەل - يارىشىش، سۈلھ؛
ئەل - ئۆلكە، ۋىلايەت، ئۇلۇش قاتارلىق جۇغراپىي رايون؛

ئەل - دۆلەت، مەملىكەت، ھۆكۈمەت، خانلىق؛
ئەل - خەلق، مىللەت، قەۋم؛ پۇقرا (خانلىق تۈزۈمىدە)؛
ئەل - يۇرت - ۋەتەن؛ ھويلا - ئارام؛ بوشلۇق؛
ئەل - تىنچلىق، ئامانلىق؛
ئەل - ئات ۋە باشقىلار.

بۇ مەنىلەردىن قارىغاندا، قەدىمكى ئاتا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقى زورىيىپ، بىر بالداق كۆتۈرۈلگەن چاغدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىنىڭ ئومۇمىي بىر شەكلى «ئەل» ئىكەن. غەربىي تۈركىي خەلقلەردە بولسا، «ئەل» سۆزى «كۆچمەنچى خەلق» مەنىسىنىلا بىلدۈرىدۇ. دېمەك، قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى چۈشىنىش ئۈچۈن، «ئەل» تەشكىلاتىنى ئوبدان بىلمەك لازىم ئىكەن. «ئەل» بىردىنلا ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ دائىرىلىك بولۇپ ۋۇجۇدقا چىقماستىن، كىچىك، ئوتتۇرىچە، چوڭ ۋە ئۇلۇغ دەرىجىلىرى بىلەن يۈكسىلىپ بارغان. ئەلنىڭ بۇ تۆت دەرىجىدىكى شەكلىدىن قايسىلا بولسۇن، مۇنتىزىم دۆلەت بولۇپ تەشكىللەنگەنىدى. قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدا بولسۇن، قان دەۋاسى يەنى قانغا قان دېگەن شوئار بەك تەكىتلىنەتتى. ئەلدە قان ئىنتىقامى قانۇنى چەكلەنگەن، ئۇنىڭ ئورنىغا مال جازاسى، تەن جازاسى دېگەن قانۇن تىكلەنگەن. قانۇن — دۆلەتنىڭ مۇھىم ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

قەبىلىنىڭ تەركىبى ئاز دېگەندە ئىككى ئۇرۇغ - تارىغدىن، قەبىلىلەر ئىتتىپاقىمۇ ئاز دېگەندە ئىككى بىرلىكتىن تەشكىل تاپقان. بۇنداق ئىككى - ئۈچ بىرلىكتىن تەشكىل تاپقان ئەل كىچىك ئەل ھېسابلانغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئورقۇن - يېنسەي بويلىرىنى بازا قىلىپ، ئەڭ قەدىمكى زاماندا قۇرغان ئىككى ئېلى بولۇپ، بىرى، «توققۇز ئۇيغۇر»، يەنە بىرى «ئون ئۇيغۇر» دەپ ئاتىلىپ، ئۆزلىرىگە «ئەل ئىلتەر» ۋە «كۆل ئېركىن» دەپ نام بېرىلگەن ئىككى تۆرىنى سايلىغانلىقى توغرىسىدىكى باياننى نۇرغۇن تەتقىقاتچىلار ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئۇقۇم بارلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىق كېرەك: بىرىنچىدىن، «توققۇز ئۇيغۇر» ۋە «ئون ئۇيغۇر» ئاتالغان بۇ ئىككى بۆلۈك قەۋمنى بىردىن قەبىلە دەپ، توققۇز ياكى ئون سانى بىلەن ئاتالغان ئۇيا - قاداشلار بىرىكمىسىنى بىردىن ئۇرۇغ دەپ چۈشەنمەسلىك كېرەك؛ بەلكى ئۇلار توققۇز ئوغۇش ۋە ئون ئوغۇشتىن تەركىب تاپقان، شۇنداقلا كىچىك ئەل دائىرىسىدىن كېڭەيگەن ئەل دېيىشكە بولىدۇ. خەنزۇچە «لۇغەت دېڭىزى» («سىخەي») دە، «شى» (氏) سۆزىگە بېرىلگەن تەبىرنىڭ ئۈچىنچىسىدە، «ئاز سانلىق مىللەتنىڭ بىر تارمىقى» دېيىلگەن ۋە بۇنى ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى «ئۇرۇغ» دىن پەرقلەندۈرگەن. ئىككىنچىدىن، «ئۇيغۇر قاغانلىقى» دېگەن نام بىلەن زورايغان ئەل - ئۇلۇغ ئەل دەرىجىسىدىكى دۆلەت شەكلى ئىدى. خەنزۇچە يازما تارىخ كىتابلىرىدا يېزىلىشىچە: «. . . ئۇيغۇرلار كۆچەيدى . . . ئونبىر ئۇتۇقلۇق توققۇز ئۇلۇش ئىدى . . . باسمىللارنى يېڭىپ ئۆزىگە بىر ئۇلۇش قىلىپ قوشتى؛ قارلۇقلارنى بېسىپ، بىر ئۇلۇش قىلىپ قوشتى. ھەر بىرىگە بىردىن تۇتۇق قويىدى. شۇنىڭ بىلەن ئونبىر ئۇلۇش بولدى». مەڭگۈ تاشلاردا يېزىلىشىچە، قارلۇقلار چۇمۇل، چارۇق، چىگىل — ئۈچ ئوغۇشتىن تەركىب تاپقاچقا، ئۈچ قارلۇق دەپ ئاتالغان. باسمىلنىڭ تۆرىسىنى «ئىدىقۇت»، قارلۇقنىڭ تۆرىسىنى «ئاتا ساغۇن» دەپ ئاتايتتى. بۇ ھال ئىككى قەۋمنىڭ ئاللىقاچان «ئەل» بولۇپ شەكىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. دېمەك، ئۇيغۇرلار ئۇ زامانلاردا ئاللىقاچان «توققۇز ئۇيغۇر» ۋە «ئون ئۇيغۇر» دېگەن ئىككى ئەلدىن تەركىب تېپىپ، ئوتتۇرا ئەل دەرىجىسىدىن ھالقىغان دۆلەت شەكلىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئەسلىدە، مىلادىدىن 7 ئەسىر ئىلگىرىلا، دى - دىڭلىنلار ئۈچ تېررىتورىيىدە كۆچمەنچىلىك - فېئوداللىق ھەربىي دېموكراتىيە شەكلىدىكى ئەل بولۇپ تونۇلغانىدى. ھەتتا ھۇن ئىمپېرىيىسىگە قارام بولۇپ تۇرغان دەۋرىدىمۇ ئۆز پادىشاھىسى (ۋاڭ) بار ئىدى؛ شۇ زاماندا ئۆرتلۈگ دېگەن كىشى پادىشاھ ئىكەنلىكى مەلۇم.

كۆچمەنچىلىك - فېئوداللىق ھەربىي دېموكراتىيە تۈزۈمىدىكى ئەلنىڭ ھەممە ئوغۇشلار ئېتىراپ قىلغان دۆلەت باشلىقى بولاتتى. بۇ باشلىق تۈرلۈك دەۋردە تۈرلۈك ئاتالغان. كېيىن «قاغان» دېگەن نامى ئۇزاقىچە قوللانغان. بەزى تەتقىقاتچىلار «قاغان» ئاتالغۇسىنى «ئاۋار» (رورو) لاردىن قوبۇل قىلغان دەيدۇ. ئاۋارلارمۇ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى خەلقلەردىن بىرى. مېنىڭ تەھلىلىمچە، «قاغان» سۆزى «قاڭ - ئان» دېگەن ياسالما ئىسىمدىن كېلىپ چىققان بولۇپ «ئۇلۇغ ئاتا، ئاتىلار ئاتىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرسە كېرەك. بۇ، قەدىمدىن تارتىپ «يۇرت ئاتىسى» دېگەن ئۇقۇم ئاساسىدا قوللىنىلغان سۆز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە، دۆلەت باشلىقى بولغان «قاغان» مۇقابىلىدا ئۇ باشقۇرىدىغان «پۇقرا» بولۇشى كېرەك. ئۇ زامانلاردا ئەل تەركىبىدىكى بارلىق ئاھالە «بودۇن» دەپ ئاتالغان. «ئەل» سۆزىنىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى «خەلق، مىللەت» دېگەن مەنىسىمۇ بارلىقى خۇددى ياۋروپا تىللىرىدا «دۆلەت» بىلەن «مىللەت» نى «ناتسىيە» دەپ ئاتىغانلىقىغا ئوخشايدۇ. «بودۇن» بارا - بارا ئىككى تەبىقىگە ئايرىلغان: ھۆكۈمران تەبىقە «ئاق بودۇن»، خەلق ئاممىسى بولسا «قارا بودۇن» دەپ ئاتالغان. كەڭ ئىستېمال مەنىسىدە، خەلق ئاممىسى «بودۇن - بۇچۇن» ياكى «بودۇن - بوقۇن» دېگەندەك جۈپ سۆزلەر بىلەن ئاتالغان. ئەلنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئاساسي خەلقىنى «بودۇن» ، ئەلگە تەۋە بولغان ئاھالىنى قوشۇپ «ئەل - گۈن» دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن. «ئەل» قارىمىقىدىكى «گۈن» — بىرەر مەملىكەتنىڭ خەلقى، مەملىكەت ئاھالىسى دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە:

245 مۇڭار مەڭزە تۈر سۆز سىنامىش كىشى،
سىنامىش كىشى بىلدى ئەل كۈن ئىشى.

(ئاشۇنداق سىلىشتۇرۇپ سۆز دەيدۇ سىنىماق بولغان كىشى، سىناپ كۆرگەن كىشى ئەل - ئاھالىنىڭ ئىشىنى بىلىدۇ) .

«چىغىتاي تىلى» دەپ ئاتالغان كونا ئۇيغۇر يېزىق تىلى (شۇتىلغا دائىر لۇغەتلەر) دە «ئەل گۈن» نى ئاھالە، خەلق ۋە گورۇھ - توپ، قوللىغۇچى (ئەل - دۆلەتنىڭ تايانچى) دەپ ئىزاھلىغان. «بابۇرنامە» دە، «مەھرەم» ، «قورۇغچى» مەنىسىدە قوللىنىلغان. كلاسسىك بەدىئىي ئەدەبىيات ئەسەرلىرىدە «كىشىلەر» مەنىسىدە كەلگەن. مەسىلەن، «يىلقىلارنى، ئەلگۈنلەرنى يەر ئەردى» .

دېمەك، مەملىكەت ۋە دۆلەت مەنىلىرىدە كەلگەن «ئەل» نىڭ ئىگىدارلىقى ۋە ھامىيلىقىدىكى خەلقى، پۇقراسى، ئاھالىسى بودۇن - بوقۇن ياكى ئەلگۈن دەپ ئاتىلاتتى. ئۇز بودۇننى باشقۇرىدىغان مەلۇم تۆرە — ;زۇنى (قانۇن - تۈزۈمى) بار ئىدى.

«ئەل» نىڭ دۆلەت ياكى خانلىق ئىكەنلىكىنى ـەۋدىلەندۈرىدىغان يەنە بىر مۇھىم شەرتى — ھۆكۈمرانلىق ئاپپاراتى بار ئىدى.

«ئەل» نىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى «قاغان» ئىدى. قاغان ھوقۇقى چەكسىز ھۆكۈمدار بولۇپ، دەسلەپتە قۇرۇلتاي ئارقىلىق (گەرچە ئارىستوكراتلار - بەگزادىلەر ئارىسىدىن بولسىمۇ) دېمولراتىيە يولى بىلەن مەيدانغا كېلەتتى. بارا - بارا قاغان روھانىيلار تەبىقىسىنىڭمۇ ۋەكىلى سۈپىتىدە تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن، دېيىلگەن ئەقىدىنىڭ ناماياەندىسى بولۇپ قالغان - دە، ھۆكۈمرانلىقنىڭ كارىزماتىك شەكلىنى، يەنى ھۆكۈمدارلىق قۇدرىتى تەڭرى تەرىپىدىن بېغىشلانغان، دېگەن دەخلىسىز شەكلىنى قوللانغان. شۇڭا، قاغانلارنىڭ تولىسى «تەڭرىدە بولمىش ئەل ئەتمىش» ياكى «ئاي تەڭرىدە بولمىش» دېگەندەك، خانلىقنى تەڭرى تەيىنلىگەن دېگەن مەنىدىكى ئۇنۋانلارنى قوللانغان. شۇنىڭدەك، «قاغان» ئەل - بودۇن ئىچىدىكى ئەڭ دانىشمەن شەخس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن «بىلگە قاغان» ، «كۆل بىلگە قاغان» ، «كۆلۈگ بىلگە» ، «قۇتلۇق بىلگە» (دانىشمەن قاغان، ئەقلى كۆلدەك قاغان، شۆھرەتلىك دانىشمەن، قۇتلۇق دانىشمەن) دېگەن سۈپەت ئىسىملىرىنى قوللانغان. قاغان سىياسىي جەھەتتىن ئالىي ھۆكۈمدار بولغىنىدەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىنمۇ ئالىي مۇلۇكدار ئىدى. ئەل تەۋەسىدىكى بارلىق مال - مۈلكەتنىڭ ئىگىسى، خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، «ھەممە ئۇلۇغ - ئۇششاق ئورتاق گەۋدىلەرنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ بارچىسىنى ئۆزىگە جەملىگەن بىر پۈتۈنلۈك ۋەكىلى سۈپىتىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇلۇكدار ياكى بىردىنبىر مۇلۇكدار ئىدى» .

دەسلەپتە قاغانلار ئوغۇشلار ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان قۇرۇلتايدا، ئەلگۈن ۋەكىللىرى ئىبتىراپ قىلىش يولى بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولسا، كېيىنچە قاغان ۋارىسلىق تۈزۈمى بويىچە ئاتىدىن بالىغا ياكى خانداندىن بولغان خانزادىلەرگە مىراس قالىدىغان بولدى.

قاغان بىلەن بىر قاتاردا «قاتۇن» يەنى خانىكە (ئايال قاغان) تۇراتتى. كۆپ ھاللاردا ئۇ «ئەل بىلگە قاتۇن» دېگەن ئۇنۋان بىلەن ئاتىلاتتى. قاغان ۋە قاتۇن ئاستىدا قۇرۇلتاي ياكى بەگلەر كېڭەشمىسى بولاتتى. بۇ، قاغاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئەلنىڭ مۇھىم ئىشلىرى ئۈستىدە كېڭەش قىلاتتى. بىراق بۇ بىر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى ئەمەس، پەقەت مەسلىھەت - كېڭەش قىلىدىغان تەشكىلات ئىدى.

قاغان ۋە قاتۇننىڭ تۇش - تۇيغۇنلىرى (خان جەمەتىدىن بولغانلار) ئوغۇل بولسا تىكىن، قىز بولسا تارىم، باشقا خانزادىلەر «كۆرتلە» ، ئانىسى ئېسىلزادىدىن بولغان بەگلەر «ئىنال» نامى بىلەن ئاتىلاتتى. بەزى قاغانلار ئۆزىگە «ئىلتەبەر» دېگەن نامنىمۇ قوللىناتتى ياكى يېقىن - يۇرۇقلىرىغا «ئىلتەبەر» ، «ئىلتانغۇ» دېگەندەك پەخرى ناملارنى بېرەتتى.

قاغاننىڭ ئەڭ يېقىن قورۇقچىسى «ئايۇق» (نۆكەر) دەپ ئاتىلاتتى. خاس قاراۋۇللىرى «ئارقوي قاراغ» دەپ ئاتىلاتتى. «بۆدكە كۆرىگمە بەگلەر» (تەختكە قارايدىغان بەگلەر) ئوردا - ساراي ياكى قارارگاھ - بارىگاھلاردا قاغاننىڭ تەختىنى قوغداپ تۇراتتى. «يۇرتۇغ» قاغانغا بىۋاسىتە قارايدىغان ئەسكىرىي قىسىم بولۇپ، بۇنىڭ باشلىقى چاپىس دەپ ئاتىلاتتى.

ھەربىي يۈرۈش قىلىنغاندا، قاغان ئەڭ ئىشەنچلىك ئالپاغۇتلىرى (باتۇر - جەسۇرلىرى) نى «سۇباشى» (ئەسكەر باشلىقى، قوماندان) ۋە بۇنىڭغا ياندىش قىلىپ «قولابوز» (سەركەردە، جەڭ يېتەكچىسى) ، شاتۇ — ھۇجۇمچى قىسىم قوماندانى (جەڭگىۋار مەنىسىدىكى «شاد» تىن تۈرلەنگەن) تەيىنلەيتتى. «سۇ» سى (قوشۇنى) ھەربىي مەجبۇرىيەت بىلەن چاقىرىلغانلاردىن مۇنتىزىم تەشكىل قىلىناتتى. قاغاننىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشىدا كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان ۋە مەنسەپ دەرىجىلىرى ئېنىق پەرقلىنىدىغان ئەلىگچى - تاپىغچىلار (دۆلەت خادىملىرى) ، ئۆرگىن - ئەب (ئوردا - دىۋان) خادىملىرى بولاتتى. بۇنداق مەنسەپدارلار يۇغرۇش، شات، تارقان، يابغۇ، تايانغۇ، ئىركىن، ئىنانچ، چۇر، چۇۋى، چابى، پۇترۇك دەپ ئاتىلاتتى. بۇ مەنسەپلەرگە قاغان كۆپىنچە ئۆز قاياشلىرى (ئوغۇللىرى، ئاكا - ئۇكىلىرى، ئاغا -

تاغلىرى ۋە سادىق يېقىنلىرى) نى تەيىنلەيتتى. مەسىلەن، «تاردۇش بودۇن ئۆزە شاد ئەرتىم» (كۆلتېكىن مەڭگۈ تېشىدا)؛ «ئىكى ئوغلىما يابغۇ، شاد ئات بەرتىم» (بايانچۇر مەڭگۈ تېشىدا).

«يۇغرۇش - تۈركلەردە ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىقىپ، ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئادەم. پارس ۋە باشقىلارغا ھەر قانچە يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، بۇ ئۇنۋان بېرىلمەيدۇ. ئۇ، قاغاندىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بېشىغا قار - يامغۇردىن ۋە ئىسسىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن قارايىپەك كۈنلۈك تۇتۇلىدۇ» («تۈركىي تىللار دىۋانى» III جىلد).

تارقان/تارخان — چوڭ خىزمەت كۆرسەتكەن خادىمغا بېرىلىدىغان دەرىجە. بۇ دەرىجە بېرىلگەن كىشىگە بىرەر «ئالتۇن تارىم» (خانزادە قىز) نى ئۆي - ئوچاقلىق ئۈچۈن بەرگەندىن تاشقىرى، تارخاننىڭ قورۇقىدا ئولتۇرغانلار باج - خىراج ۋە ئەسكەر ئېلىش مەجبۇرىيەتلىرىدىن ئازاد قىلىنىدۇ؛ تارخان توققۇز جىنايەت جازاسىدىن ساقلاپ قېلىنىدۇ؛ خان ئوردىسىغا ئىزنىسىز كىرىپ - چىقالايدۇ؛ بۇ ئىمتىيازلاردىن توققۇز بوغۇنغىچە پايدىلىنىدۇ.

مەخسۇس «بىتىكچى» (كاتىپ) لار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن قاغاننىڭ مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىقتا يازىدىغان «ئىلىمغا» دەپ ئاتىلىدىغان مەخسۇس كاتىپ بار ئىدى.

قاغانلىقنىڭ خەزىنىسى «ئاغىلىق»، خەزىنىنى باشقۇرغۇچى ۋە پۇل - مالنى ئىدارە قىلغۇچىلار «ئاغىچى» دەپ ئاتىلاتتى. باج - سېلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «ئىمغا» لىرى بار ئىدى.

ئەل تەۋەسىدىكى پۈتكۈل زېمىن جۇغراپىيە ۋە مەمۇرىي ھەم ئاھالە تەركىبى جەھەتلىرىگە قاراپ رايونلارغا بۆلۈنۈپ، بۇ مەمۇرىي رايونلار «ئۇلۇش» ياكى چوڭراق بولسا «ئەل ئۇلۇش» دەپ ئاتالغان. بۇنداق ئۇلۇشلارغا كۆپىنچە «بۇيرۇق تۇتۇق»، ئەل ئۇلۇشقا «يابغۇ» ياكى «تەركەن» تەيىنلەنگەن. «ئۇلۇش» ئەسلىدە «ئۇلۇك» (ئۇلەشتۈرۈلگەن، تەقسىم قىلىنغان) دېگەن سۆزدىن تۇرلەنگەنلىكىنى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىزاھلىغان. «ئۇلۇش» نىڭ مەنىسى ئەلنىڭ مەمۇرىي رايونى ياكى ئۆلكىسى، ئايرىم قەبىلىلەر تىلىدا بولسا «يېزا - قىشلاق»، «شەھەر» دېگەنلىكتۇر. موڭغۇل تىلىدا بولسا «ئۇلۇس»، بەزى غەربىي تۈركىي قەۋملەر تىلىدا «ئۇلۇت» دەپ ئاتالغان. كېيىنكى چاغلاردا «ئۇلۇش» ئەلدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، مەملىكەت تۈسىنى ئالغان؛ بەزى تۈركىي خەلقلەر تىلىدا كۆچمە مەنىدە «ئۇلۇس» ياكى «ئۇلت» (مىللەت) دەپ قوللىنىلغان. «قۇتادغۇبىلىك» ۋە باشقا قەدىمكى تۈركىي ھۆججەتلەردە ئۇلۇشنىڭ ئۆلكە، ۋىلايەت مەنىسىدە قوللىنىلغانلىقى توغرىسىدا مۇنداق مىساللار ئۇچرايدۇ.

«ياقىن قا قاداشتىن يېتۈرمىش سەن ئۆز،
ئۇلۇش كەند بودۇندىن ئەۋۇرمىش سەن يۈز.»
(«قۇتادغۇبىلىك»)

«بالىقتىن بالىققا، ئۇلۇشدىن ئۇلۇشقا، ئەلتىن ئەلگە»
(«تۈركىي تىللاردىۋانى»)

ئۇلۇش مەركىزى «يۇرت» دېيىلگەن. «يۇرت» نىڭ تۈپ مەنىسى «ئۆي»، «تۇرالغۇجاي» ئىدى. كېيىن، مەنىسى كېڭىيىپ «تۇغۇلغان يېرى»، ھەتتا «ۋەتەن» ئۇقۇمىنىمۇ ئاڭلىتىدىغان بولغان. مەسىلەن، چىغتايچىدە: «بۈيۈك بىر يۇرت، ئەلگۈن ئىدى» دېگەن جۈملىدىن شۇ مەنە چىقىدۇ.

قاغان ئۆز ئېلىدە ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن مەنسەپدارلارغا «سويۇرغا» لار بېرەتتى. «سويۇرغا» ئەسلىدە «سوۋغات» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئەلنىڭ بىرەر ئۇلۇشىدىن مەلۇم يەر - سۇنى يۈزلىگەن «قاراباش» (دېھقان، يانچى دېدەك) لار بىلەن قوشۇپ «سويۇرغا» قىلاتتى. مۇنداق «سويۇرغا» قىلىنغان يەر - سۇ «سويۇرغال» دەپ ئاتالغان. بۇ كېيىنچە بىر تۈزۈمگە ئايلىنىپ خېلى ئۇزاق داۋام قىلغان.

مۇتالىئە: ئاتا - ئەجدادلىرىمىزنىڭ قەدىمكى ئېتنىك تەركىبلىرىدىن ھېسابلانغان تارىم ئاھالىسى بولسا، مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا «شەھەر دۆلەتلىرى» باسقۇچىغا ئۆتۈپ بولغان. بەزى شەھەر دۆلەتلىرى (مەسىلەن، ياركەنت، ئۇدۇن، سۇغراق، كۇچا، كىرورەن، قوچۇ) زورىيىپ، بۈيۈك ئەل دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئاھالىسى ئالىقاچان ئولتۇراقلىشىپ، خېلى گۈللەنگەن دېھقانچىلىق ۋە ھۈنەرۋەنلىك ئاھالىسىگە ئايلانغان. بۇ ھەقتە خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە ئېنىق يېزىلغان.

# 5 - باب. ئەقلىي چۈشەنچە ۋە مەنتىقىي قاراشلار

ئانىلىق تۈزۈمدىن ئاتىلىق تۈزۈمگە ئۆتۈش — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، ئالدى بىلەن دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تېخىمۇ راۋاجلانغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىلا دېھقانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق تۈپ - نېگىزلىك ۋە ئاساسىي ئىقتىسادىي تارماققا ئايلانغان. ئاتىلىق تۈزۈم يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرى، مىس ۋە برونزا دەۋرىگە ماسلاشقان. بۇ دەۋردىمۇ تاش قوراللار ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي قېپقالمىغان. شۇڭا، بۇ دەۋر ئېنېئولىت ياكى خالكولىت دەۋرى دەپ ئاتالغان. بۇنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4 - 3 مىڭ يىللار ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ياشىغان ماكانلار چارۋىچىلىق ھەم دېھقانچىلىق قىلىشقا باب كېلىدىغان يەرلەر ئىدى. ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا بۇ ئىككى ساھەدىن قايسىبىرى ئۈستۈنلۈككە ئىگە ئىكەنلىكىگە قاراپ، ئۇلارنىڭ رەت

- تەرتىپى بەلگىلىنىدۇ.

مىلادىدىن ئىلگىرى (تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىللار ئىلگىرى) تۆمۈرنىڭ تېپىلىشى پۈتكۈل ماددىي مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. بارا - بارا تۆمۈر قوراللارنى ياسىغۇچى ئۇستىكارلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ تەرەققىيات كىشىلەرنىڭ ئاڭ - پىكىرلىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ھەر خىل تۆمۈرچىلىك مەبۇدلىرى (بىزدىكى ئاتالغۇ بويىچە تۆمۈرچىلىك پىرلىرى) چۈشەنچىسى پەيدا بولغان. مۇنداق مەبۇد (پىر)لار قەدىمكى گرېكلاردا «ھېفېست»، قەدىمكى رىملىقلاردا «ۋۇلكان»، فىنلاردا «ئىلمارىنېن»، كېرتلاردا «سۇسېل»، سلاۋيانلاردا «سۋاروگ»، يەھۇدىيلاردا «داۋىد»، تۈركىيلەر ۋە موڭغۇللاردا «تارخان» دەپ ئاتالغان.

تۆمۈر قوراللارنىڭ كۆپىيىشى نەتىجىسىدە، ساپالچىلىق ۋە بىناكارلىق راۋاجلانغان؛ باشقا قول ھۈنەرۋەنچىلىك تەرەققىي قىلغان. بارا - بارا ئىش تەقسىماتىنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن: قول ھۈنەرۋەنچىلىك دېھقانچىلىقتىن ئايرىلىپ چىققان. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بۇ ئىككى ساھەسى (دېھقانچىلىق بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىك) ئالماشتۇرىدىغان ئىشلەپچىقىرىشنى — تاۋار ئىشلەپچىقىرىشنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. بۇنىڭدىن مال ئالماشتۇرۇش ۋاستىچە- سىرى يەنى سودىگەرلەر پەيدا بولغان. ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىجتىمائىي ماددىي تۇرمۇش شارائىتىدا، كىشىلەرنىڭ مەپكۇرە، نەزەرىيە ۋە كۆز قاراشلىرى پەيدىنپەي يۈكسىلىپ بارغان.

ئىنسانلار موئۇستېر دەۋرىدىلا بىر خىل ئىجتىمائىي دىنىي چۈشەنچىنى پەيدا قىلغان. بۇنى ھازىرقى زامان تەتقىقاتچىلىرى «ئانىمىزم» دەپ ئاتىغان (لاتىن تىلىدا anima روھ، جان دېگەنلىك بولىدۇ). ئانىمىزم — بارلىق شەيئىلەردە جان - روھ بار دەيدىغان نەزەرىيىدۇر.

ئىنسانلاردا ئىپتىدائىي دىنىي چۈشەنچە بىلەن بىللە ئەتراپىدىكى نەرسە ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىمۇ پەيدا بولغان. كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرى كونكرېت ۋە ئوبرازلىق بولۇش (بىۋاستە سېزگەن نەرسە - ھادىسىلەر توغرىسىدىلا پىكىر يۈرگۈزۈش) سەۋىيىسىدىن ئابستراكت ۋە ئىخچاملىق بولۇش سەۋىيىسىگە يۈكسەلگەن. ئالدى بىلەن ئىنسانلار سان - ساناق ۋە بوياقلار توغرىسىدا ئېنىق چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلغان. دەسلەپتە ئىنسانلار سان - ساناقنى مەلۇم جىسىم بىلەن باغلىق ھالدا ھېسابلايتتى. ئىنسانلارنىڭ سان چۈشەنچىسى بارا - بارا ئاددىي ۋە ئاز سانلاردىن چوڭ ۋە جىق ساناقلارغا ئۆتكەن.

ئارخېئولوگلارنىڭ تەھقىقلىشىچە، موئۇستېر قاتلىمىدىن قىزىلتاشنىڭ ئىزنالىرى تېپىلغان. شۇنىڭدەك باشقا مەدەنىيەت ئىزلىرىدىنمۇ بوياقلار تېپىلغان. ئېتنوگرافلار ۋە ئارخېئولوگلارنىڭ قىياسلىرىچە، ئۇزاق ئۆتمۈشتە ئاساسەن تۆت خىل بوياق — ئاق، قارا، قىزىل ۋە سېرىق ئىشلىتىلگەن. ئاق رەڭ ئاددىتە تەزىيە - يۇغانىڭ تىمسالى بولغان، قىزىل رەڭ جەڭ ۋاقتىنىڭ تىمسالى، كۆك بولسا كەڭ كۆشادىلىقنىڭ مىسالى سۈپىتىدە ھەر خىل مۇراسىملارنى ئۆتكۈزگەندە ئىشلىتىلگەن. قارا رەڭ باشقا رەڭلەرنى تەڭشەشكە ئىشلىتىلگەن، بەزى جايلاردا يۈز ۋە بەدەنلىرىگە تۈرلۈك شەكىللەرنى سىزىشقىمۇ ئىشلەتكەن. ئىنسانلار بوياقلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى پەرقلەندۈرگەن. كىشىلەر قىزىل رەڭ ئارقىلىق ئوتنىڭ رەڭگىنى، قۇياشنىڭ رەڭگىنى، شۇنىڭدەك بەزى ئورۇنلاردا گرانىت، يوپۇرماق ۋە باشقىلارنىڭ رەڭلىرىنى قىياس قىلغان.

مەخلۇقاتنىڭ يارىلىشى توغرىسىدا تۈرلۈك چۈشەنچىلەر پەيدا بولغان. قەدىمكى بابىل، مىسىر ۋە گرېتسىيىلەردە دۇنيانىڭ ۋە ئادەمنىڭ يارىتىلىشى توغرىسىدا ھەر خىل ئەپسانىلەر كېلىپ چىققان. مىسىردا بولغان ئەپسانىلەرنىڭ بىرىدە، ئادەم «را» دېگەن مەبۇدنىڭ كۆزىدىن پەيدا بولغان دېيىلسە، يەنە بىرىدە، نۇرغۇن مەبۇدلاردىن يارالغان، دېيىلىدىكەن. «ئىنجىل» دىمۇ ئىككى خىل بايان قىلىنغان. بىرىدە ئادەم لايدىن ياسالغان دېيىلسە، يەنە بىر خىل بايانىدا خۇدانىڭ سۆزى بىلەن يارىتىلغان دېيىلگەن. گرېتسىيىنىڭ بىر ئەپسانىسىدە ئادەم تاشتىن ياسالغان دېيىلسە، يەنە بىر ئەپسانىسىدە ئادەمنى مەبۇد تۇغقان دېيىلگەن. ئىنسانلار ئەپسانىلەرنىڭ ئادەملەرگە نىسبەتەن چوڭ تەسىر كۆچى بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن. ئىنسانلار ھايۋانلار، شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى ئەپسانىلەرنى پىششىق بىلسە، ئۇلارنى ئىلگىدىيدىغان قۇدرەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ، دەپ ئىشەنگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەپسانىنىڭ سىرىنى ساقلاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئەپسانىنىڭ مەزمۇنى ئاددەتتە رىۋايەتتىكى ئاتا - ئەجدادلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىدىن ئىبارەت بولغان. كۆپلىگەن ئۇغۇش — قەبىلىلەر ئاتا - ئەجدادلارنىڭ مۇنداق پائالىيەتلىرى خېلى ئىلگىرىكى زاماندا پەيدا بولغان، دەپ بىلگەن. بىر قەبىلىدە پەيدا بولغان بىر قانچە ئەپسانىلەر بىرلىشىپ ئومۇمىي بىر ئەپسانىنى شەكىللەندۈرگەن. مۇنداق ئەپسانىدە ھېكايە قىلىنىشىچە، ئاسمان بىلەن زېمىن دۇنيادىكى بارچە جانلىق نەرسىلەرنىڭ ئاتىسى ۋە ئانىسى ئىكەن. دەسلەپتە ئاسمان بىلەن زېمىن ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئارىلىق بولماي، ئاسمان يەرنىڭ ئۈستىدىلا تۇرىدىكەن؛ ئۆسۈملۈك، ھايۋانات، بېلىق، ئادەم، ئورمان ۋە شامال ئاسمان بىلەن يەرنىڭ باللىرى ئىكەن. شامالدىن باشقا باللار قەست قىلىپ ئاسمان بىلەن زېمىننى ئايرىۋەتمەكچى بوپتۇ. بۇ ئىش باللارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ قولىدىن كەلمەپتۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ قۇدرىتى يەتمەپتۇ. ئاخىرى ئورمان يوغىناپ ئاسماننى تىرىۋاپتۇ؛ ئاسماننىڭ قارشىلىقىغا قارىماي ئورمان ئاسماننى يەردىن كۆتۈرۈۋاپتۇ، لېكىن يەر دەرەخلەرنىڭ يىلتىزلىرى بىلەن ئۇنى باغلىۋاپتۇ.

شۇڭا، يەر ئورمانىنىڭ ئاستىدا، ئاسمان ئورمانىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قاپتۇ، ھەممە باللار يەردە قاپتۇ، پەقەت شامال كۆتۈرۈلۈپ ئاتىسى بىلەن بىللە بوپتۇ. شامال ئاسماندىن چۈشۈپ ئۆز بۇرادەرلىرىدىن ئاتىسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن، دەيدىكەن. ئۇ، بولۇپمۇ ئورمانغا ۋە ئورماندا ياشايدىغان ياۋايى ھايۋانلارغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ تۇرىدىكەن. شۇ سەۋەبتىن، بېلىق دېڭىزغا چۈشۈۋاپتۇ، ياۋا ھايۋانلار قۇرۇقلۇقنىڭ ھەر تەرىپىگە پېتىراپ كېتىپتۇ. شامال توختىماي يېگىلى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ۋەيران قىلماقچى بولغاچقا، يېگىلى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر يەرنىڭ تېگىگە كىرىۋاپتۇ. شىددەتلىك شامال ئۆز بۇرادەرلىرىنى يېڭىپتۇ. پەقەت ئادەم يېڭىلمەپتۇ. ئادەم مېنى تاشلىۋەتتى دەپ ئۆز بۇرادەرلىرىدىن بەك خاپا بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ياۋا ھايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلاشقا باشلاپتۇ. ئادەم پەقەت شامالنى بويسۇندۇرالماپتۇ. ماركس بۇ توغرىدا مۇنداق كۆرسەتكەن: «بارچە ئەپسانىلەر تەسەۋۋۇردىن بولىدۇ ۋە تەسەۋۋۇر ئارقىلىق تەبىئىي كۈچنى بويسۇندۇرىدۇ، ئىلكىدەيدۇ ۋە شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، تەبىئىي كۈچ رېئاللىقتا ئىلكىدەلگەندىن كېيىنلا ئۇ يوقىلىدۇ».

بارا - بارا دىنىي ئېتىقاد تېخىمۇ راۋاجلىنىپ، تارماقلانغان. ئىنسان تەبىئەتنى بارا - بارا كونترول قىلىشقا باشلاپ، ئۆزىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئىي كۈچلەردىن بوشىنىپ چىقىشقا باشلىغان؛ شۇنىڭدەك ئۆزىنى قورشىۋالغان دۇنيانى بارغانسېرى تونۇغان. نەتىجىدە، ئاتا - بوۋىسىغا تېۋىنىشتىن مەبۇد شەكىلداشلىقى (ئانتروپومورفىزاتسىيە) تەرىپىگە قاراپ راۋاجلانغان. يەنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ قىياپىتىنى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈك ئەمەس، بەلكى ئادەم دەپ تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن تەبىئىي كۈچلەرنى تېخىمۇ كۆپ شەخسلەشتۈرۈش (ئىندىۋىدۇئاللاشتۇرۇش) قا قاراپ راۋاجلانغان. ئادەملەر قەدىمكى دەۋردە ئۆزىنىڭ تونۇشىنى كېڭەيتىش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئىجتىھات قىلغان.

## 1. ئىككىلىك چۈشەنچىسى

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەبىئەتكە بويسۇنۇپ ياشاشتىن تەبىئەتنى ئىلكىدەش جەريانىغا ئۆتۈشتە، تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرىنى ئۆگىنىشكە باشلىغان. بۇ، كېيىنكى زاماندا، تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنى چۈشىنىش دەپ ئاتالغان. تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنى جەمئىيەت ھادىسىلىرىگە تەتبىق قىلغان. ئاۋۋال جۈپلۈك چۈشەنچىسىگە ئىگە بولغان. يەنى پۈتكۈل دۇنيا ۋە تەبىئەتتىكى بارلىق شەيئىلەر «جۈپ» بولىدۇ ۋە جۈپ بولغان ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە تايىنىدۇ، بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىرى ئارقىلىق ئىككىنچى بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى گەۋدىلىنىدۇ، شۇنداقلا بىر - بىرىنىڭ زىتىدا بولىدۇ، دېگەن ئەقلىي چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغان. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى مۇنداق:

### «ئاق» بىلەن «قارا»

قەدىمكى ئەجدادلار تەبىئەتتىكى «ئاق» بىلەن «قارا» رەڭنى ھېس قىلىپ، بۇنىڭدىن تۈرلۈك ئەقلىي چۈشەنچىلەرنى يەكۈنلىگەن. «ئاق»نى كۈننىڭ تەسەۋۋۇرى، «قارا»نى تۈننىڭ تەسەۋۋۇرى دەپ بىلگەن. «ئوغۇزنامە»دىكى مۇنۇ باياندىنمۇ بىلىش مۇمكىن: «كۈنخاننىڭ ۋەزىرى ئۇلۇغ تۈرك . . . كۈنلەردە بىر كۈن ئۇيقۇدا بىر ئالتۇن يا كۆردى، يەنە ئۈچ كۈمۈش ئوق كۆردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن توغۇشتىن كۈن پېتىشقىچە كېرىلگەنىدى. يەنە بۇ ئۈچ كۈمۈش ئوق تۈن ياڭاققا (شىمالغا) قاراپ تۇراتتى . . . كۈن، ئاي، يۇلتۇز (ئۈچ ئوغۇل) تاڭ سارىغا سىلەر بېرىڭلار، كۆك، تاغ، تەڭىز تۈن سارىغا سىلەر بېرىڭلار، دېدى . . . » كۈن توغۇش — تاڭ سېرى، كۈن پېتىش — تۈن سېرى دەپ كۆرسىتىلگەن. ئادەتتە، كۈن چىقىشقا باشلىغاندا «كۈن ئاقاردى» (كۈندۈز بولدى)، كۈن پېتىشقا باشلىغاندا «كۈن قارايدى» (تۈن بولدى) دەپ ئىپادىلىگەن. بۇ چۈشەنچە ئاساسىدا «ئاق» بىلەن «قارا» نى «يورۇق» بىلەن «قاراڭغۇ» نىڭ تەسۋىرى دېگەن ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىپ، بۇ ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىنى بارغانچە كېڭەيتىۋەرگەن. «ئاي» غا تەتبىق قىلغاندا، ئاي تولۇپ تولۇن بولغىچە تۈنلەرنى «ئايدىڭ كېچىلەر»، قالغان تۈنلەرنى «قارا كېچىلەر» ياكى «قاراڭغۇ كېچىلەر» دەپ ساناغان؛ تاغ ۋە تەرەپلەرگە تەتبىق قىلغاندا، ھەمىشە ئاقىرىپ (يورۇق چۈشۈپ) تۇرىدىغان يۈزنى «كۈنگەي»، قارىيىپ (يورۇق چۈشمەي) تۇرىدىغان يۈزنى «تەرسكەي» (مەخسۇس تاغقا نىسبەتەن «قوز») دەپ ئاتىغان. يەنە «ئاق» نى روشەننىڭ ئىپادىسى، «قارا» نى «تۇتۇق» نىڭ ئىپادىسى دېگەن ئۇقۇمدىن يىراقتىكىنى پەرق ئېتىش ئۇقۇمىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. مەسىلەن، يىراقتىن ئارانچە كۆرۈنگەن نەرسىنى «قارىسى كۆرۈندى»، نىشانغا ئېلىشنى «قارىغا ئېلىش» دېگەن ئىبارىلەر شۇنى كۆرسىتىدۇ. «قارا» دېگەن ئۇقۇمدىن «يوغان»، «كەڭ» دېگەن مەنىلەرنى تۈرلەندۈرگەن. يەنە «خەلق ئاممىسى»، «كەڭ ئامما» دېگەن مەنىلەرنى «قارا بودۇن» ۋە بەزىدە «قارا» دەپلا ئاتىغان. مەسىلەن، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ 986 - بېيىتىدە «قارا» سۆزى «ئامما» مەنىسىدە قوللىنىلغان. قەدىمكى ئەجدادلار چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىلكىدىكى قوي - ئۆچكە قاتارلىق ئاق - ئۇششاق ماللاردىن ئۆزگىلىرى (مەسىلەن، ئات، كالا، تۆگە قاتارلىق چوڭ ماللار) نى «قارامال» دەپ ئاتىغان. سېغىن ماللاردىن ئېلىنىدىغان سۈت مەھسۇلاتلىرىنى «ئاق» سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن. مەسىلەن، ئىززەتلىك مېھماننى سۈت، قىمىز، ياغ، قايماق، قېتىق، سۈزمە، ئايران، ئېرىمچىك، قۇرۇت

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك «توققۇز ئاق» بىلەن مېھمان قىلغان. ئېكىنچىلىكتىمۇ بۇغداي، گۈرۈچ ۋە ئۇلارنىڭ ئۇنلىرىنى «ئاق ئاش» ، قوناق، تېرىق، پۇرچاقلارنى «قارا ئاش» دەپ سىلىق - يۇمشاقلىق جەھەتتىن پەرقلەندۈرگەن. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسا، «ئاق» بىلەن «قارا» نىڭ تەبىئىي ھادىسىلەرنى بىلدۈرىدىغان «رەڭ» دېگەن مەنىسىنى تەتبىق قىلىپ، ئادەملەردىكى تۈرلۈك خاراكتېر ۋە ھېسسىي ئىپادىلەرنى بىلدۈرگەن. مەسىلەن، «ئاق كۆڭۈل» ، «كۆڭلى قارا» ، «قارا يۈز» ، «يۈزىگە قارا چاپلىماق» ، «يۈزى ئاقارماق» ، «ئاقلىماق» ، «قارا تۇتماق» ۋە باشقىلار. يەنە شۇنىڭدەك تۇرمۇشتا قاتتىق مۈشكۈلچىلىككە يولۇققانلىقىنى «قارا كۈنلەر» ، «قارا باستى» دەپ تەسۋىرلىگەن. «قارا» سۆزىدىن «قارىلىق» (ماتەم) ۋە «قارام» (مەھكۇم) دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئاڭلاتقان. يەنە «قارا» دېگەن تۈپ ئۇقۇمدىن «گۇناھ - ئەيىپ - قۇسۇر» دېگەن مەنىلەرنى تۈرلەندۈرگەن. خەلق قوشاقلىرىدا بۇ مەنىدىكى مىسرالار كۆپ قوللىنىلىدۇ: «قاراڭغۇدىن قورقمايمەن، قاراڭدىن قورقىمەن يارىم» ، «قارا دەيدۇ - قارا دەيدۇ، قارا مەندە يوق» ، «ئاق بىلىق، ئاپئاق بىلىق ئاپتاپتا ياتقانىڭ قېنى» ۋە باشقىلار. دېمەك، «ئاق» بىلەن «قارا» نىڭ رەڭ دېگەن تۈپ ئۇقۇمىدىن «يورۇق - قاراڭغۇ» ، «روشەن- تۇتۇق» ، «ئوڭ - تەتۈر» ، «ئالدى - كەينى» ، «ياخشىلىق - يامانلىق» دېگەندەك چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلغان. «ئاق - قارا» چۈشەنچىسى «يىن - ياڭ» ماۋزۇسىدا يەنە بايان قىلىنىدۇ.

«ئەركەك» بىلەن «چىشى» ۋە «ئوڭ» بىلەن «سول»

تەبىئەتتىكى بارلىق مەخلۇقات (ئىنسان، ھايۋان، ئۆسۈملۈك) ۋە شەيئىلەرنىڭ «ئەركەك» ۋە «چىشى» دېگەن ئىككى جىنسقا بۆلۈنىدىغانلىقىنى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئاللىقاچان ھېس قىلغان ۋە بۇ ھېسسىيات ئاساسىدا «ئەركەك» بىلەن «چىشى» بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم بىرىنىڭ ياشىشى ئۈچۈن يەنە بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى شەرت بولىدۇ، دېگەن ئەقلىي چۈشەنچىنى ھاسىل قىلغان.

مەخلۇقات ئىچىدىن پەقەت ئىنسانلاردىكى «ئەركەك» بىلەن «چىشى» نىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆگىنىپ كۆرەيلى. قەدىمدىن تارتىپ تاكى خان - پادىشاھلىق تۈزۈم دەۋرىدىمۇ ئەر ئوڭ قولدا، خوتۇن سول قولدا بولاتتى. ئائىلىق تۈزۈمدىن ئاتىلىق تۈزۈمگە ئۆتكەندىن كېيىنمۇ، ئەرلەر بىلەن خوتۇنلار جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ساھەلىرىدە تەڭ - باراۋەر ئىدى. يەنى ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ ئوڭ ۋە سول ياقلارنى تۇتقانلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشتا - ئۆي ئىشلىرىدىن باشقا، يىغىم، ئوۋچىلىق، ئېكىنچىلىك، مال بېقىمچىلىق، شۇنىڭدەك بايرام - زىياپەتلەر، كېڭەشمە قاتارلىق پائالىيەتلەرگە تەڭ قاتنىشاتتى. ھەتتا ئۇرۇش پائالىيەتلىرىدىمۇ خوتۇنلار ئەرلەردەك جەڭگىۋار ئىدى. خوتۇنلارنىڭ باتۇرلۇقىنى تەسۋىرلەيدىغان خەلق چۆچەكلىرىدىنمۇ بۇ ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ. ئەر بىلەن خوتۇن توي - نىكاھ ئىشلىرىدىمۇ تەڭ - باراۋەر ئىدى، توي - نىكاھ مۇراسىملىرىدا يىگىت بىلەن قىز كۈچ سىنىشىدىغان ئادەت بولغان.

قەدىمكى گرېك مۇئەللىپلىرى تۇران زېمىنىدىكى قەۋملەردە: يىگىت ئايرىم - ئايرىم چېلىشىشتا، قىزنى يېڭەلىسىلا قىز يىگىتنىڭ بولىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەن قەدىمكى خەلق قىسسىلىرىدىن ئايرىم ئېپىزوتلارنىڭ «ئېلىئان» ھېكايىسىدە ساقلانغانلىقىنى يېزىشقان. بۇنداق ئادەت ھەتتا 11 - ئەسىردىمۇ ساقلىنىپ قالغانلىقى مەلۇم. مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ I جىلدىدە مۇنداق مەلۇمات بەرگەن: «قىز بىرلە كۈرەشمە، قىسراق بىرلە يارىشما - قىزلار بىلەن چېلىشما، چۈنكى قىزلار كۈچلۈك كېلىدۇ، سېنى يىقىتىپ قويىدۇ؛ قىسراق (بايتال) بىلەن چېپىشما، ئۇ ئاتتىن كۈچلۈك ھەم چاپقۇر بولغىنى ئۈچۈن، سېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىدۇ. بۇ — خاقانىيە قىزلىرىدىن بىرى نىكاھ كېچىسى سۇلتان مەسئۇدنى تېپىپ يىقىتىۋەتكىنى ئۈچۈن، خاقانىيىلىكلەر ئارىسىدا، سۇلتان مەسئۇد توغرىلىق چىقىرىلغان بىر ماقال» .

قەدىمكى زاماندا، كىشىلەر سول تەرەپنى قەدىرلەيتتى. بۇ ئائىلىق تۈزۈمدىن قالغان ھېسسىي چۈشەنچە بولسا كېرەك. كېيىنكى چاغلاردا بولسا، سول تەرەپكە نىسبەتەن ئوڭ تەرەپكە ھۆرمەتلىكرەك قارايدىغان بولغان. ئىلگىرىكى زامانلاردا مۇنداق ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنى پەرقلەندۈرۈش ئىككى ئېھتىمال قەدىمكى دىنىي ئېتىقادتىن تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى شامانلىق سول تەرەپنى، تويۇنلۇق ئوڭ تەرەپنى ئۇلۇغلايتتى. تېخىمۇ قەدىمكى زاماندا تەڭرىلەر ئوڭ قولنى، يەر - سۇلار سول قولنى مۇئەككىل بولۇپ ھىمايە قىلغان. بارا - بارا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر مۇرەككەپلەشكەنسېرى سول قولنى تۇتقانلار «ئىچرەكىلەر» ، ئوڭ قولنى تۇتقانلار «تاشراقىلەر» دەپ ئاتالغان. لېكىن زاماننىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئوڭ ۋە سول تەرەپلەرنىڭ ئىززەت - ھۆرمەتتە سەل ئېگىز - پەس بولۇش ئەھۋالى ئالمىشىپ تۇرغان.

قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز بولغان «توققۇز ئۇيغۇر» (ئىچرەكى ئەل) ئوڭدا، يەنى ئورقۇن بويىدا، «ئون ئۇيغۇر» (تاشراقى ئەل) سولدا يەنى سېلىنگا بويىدا ماكان تۇتقانىدى. ئەبۇلغازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈركىي» ئەسىرىنىڭ «قاراخاننىڭ زىكرى» دېگەن بابىدا ئوغۇزخان توغرىسىدا بايان قىلغىنىدا مۇنداق قەيت قىلغان: ئوغۇزخان ھايات چېغىدا، ئوغلانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغاندا: «ئۆزگىلەر ئوڭ ياقتا ئولتۇرسۇن، ئۈچ ئوقلار سول ياقتا ئولتۇرسۇن» دەپ يارلىق چۈشۈرگەن. ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى «. . . كۈنخان ئەرقىل خوجانىڭ سۆزىنى

قوبۇل قىلىپ، چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى . . . ئاندىن كېيىن ئوغۇزخان ئەتكۈزگەن. ئالتۇن ئۆيىنى تىكتۈردى. ئوڭ ياقتا ئالتە ئاق ئۆرگە، سول ياقتا ئالتە ئاق ئۆرگەتىكتۈردى (ئۆرگە - تەخت). ئوڭ ياقتا ئۈچىغا ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇلغان 40 غۇلاچ ياغاچنى تىكتۈردى؛ سول ياقتا ئۈچىغا كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇلغان 40 غۇلاچ ياغاچنى تىكتۈردى: خان يارلىقى بويىچە بوز ئوق ئوغلانلىرى ۋە نەۋكەرلىرى ئالتۇن توخۇنى، ئۈچ ئوق ئوغلانلىرى نەۋكەرلىرى بىلەن كۈمۈش توخۇنى ئات چېپىپ كېتىۋېتىپ ئاتتى . . . » بۇ باياندىن ئوغۇزخاننىڭ چوڭ ئوغلى كۈنخاننىڭ «بوز ئوق» ئاتالغان ئوغلانلىرى ئوڭ قولنى، «ئۈچ ئوق» ئاتالغان ئوغلانلىرى سول قولنى تەشكىل قىلغانلىقى مەلۇم. قۇن (هون) زامانىغا كەلگەندىمۇ تەڭرىقۇت بارگاھى — بۆكە بالىقنىڭ ئوڭ تەرىپى بىرانغار، سول تەرىپى جۇۋانغار دەپ بۆلۈنگەن. خەنزۇچە تارىخىي مەنبەلەردە يېزىلىشىچە، شەرقىي خەن زامانىسىدىمۇ، هونلاردا مەنسەپدارلار «ساغ - سول» غا ئايرىلغان. مەسىلەن، سول ئۆگ شات، سول قۇت شات، ساغ ئۆگ شات، ساغ قۇت شات. ئوڭ ۋە سول تەرەپلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر كېيىنكى چاغلاردىمۇ خېلى چوڭقۇر يىلتىز تارتقان. پادىشاھلىق تەختىنىڭ ئوڭ قول ۋەزىرلىرى، سول قول ۋەزىرلىرى دېگەن ئىبارىلەر ئەنە شۇ چۈشەنچىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قەدىمكى زامانلاردىمۇ بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز بىلەن هەر جەھەتتىن يېقىن ئالاقىدە بولغان ئوردۇس ئاهالىسى يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى خۇا شيالار (خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى) نىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭكىگە ئوخشاش ئىككىلىك ئەقلىي چۈشەنچىسى ئاڭ - پىكىر ساھەسىدە ناھايىتى كەڭ تارقالغانىدى. بۇ «يىن — ياڭ» تەلىماتى دەپ ئاتالغان ۋە بۇ تەلىماتنىڭ ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ ئاڭ - پىكرىگە خېلى تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى تارىخىي مەنبەلەردىن بىلىش مۇمكىن.

## «يىن - ياڭ»

قەدىمكى خۇا شيالاردا، «يىن - ياڭ» - پەلسەپىسىنىڭ ئىككىلىك (جۈپلۈك) كاتېگورىيىسى. «يىن - ياڭ» نىڭ ئەسلىدىكى تۈپ مەنىسى مۇنداق بولغان: يىن - تاڭ — ئاپتاپنىڭ كەينى ۋە ئالدى، يەنى كۈنگە باققان تەرەپ — ياڭ، كۈن چۈشمىگەن (كۈنگە قارشى تۇرغان) تەرەپ — يىن؛ تەسكەي، كۈنگەي دېگەن مەنىلىرىدىن تۇرلىنىپ، ھاۋارايىنىڭ ئىسسىق - سوغۇق ياكى ئوچۇق - تۇتۇق هادىسىلىرىنىمۇ بىلدۈرگەن. قەدىمكى زاماندا، كىشىلەر بارچە هادىسىلەرنىڭ ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلىرى بولىدىغانلىقىنى پەرق ئەتكەن - دە، «يىن - ياڭ» چۈشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، تەبىئەتتىكى بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان ۋە بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدىغان ئىككى خىل ماددىي كۈچنى شەرھىيلىگەن. غەربىي جۇنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۆتكەن بوياڭفۇ مۇنداق دەپتىكەن: «ياڭ مۆكۈنۈپ چىقالمىسا، يىن قىستىلىپ بوغۇلانمىسا، يەر تەۋرەيدۇ» («ئەل مۇھاكىمىلىرى» نىڭ «جۇمۇھاكىمىلىرى» پەسلىنىڭ 1 - قىسمى). «پالنامە» («يىجىڭ») نىڭ مۇئەللىپى تېخىمۇ ئېنىقراق شەرھىيلەپ: «بىر يىن بىلەن بىر ياڭ - داۋدېيىلىدۇ» دېگەن تەلىماتنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يىن بىلەن ياڭنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇشى — ئالەمنىڭ تۈپ قانۇنى، دەپ تونۇغان. دېمەك، قەدىمكى كىشىلەر يىن - ياڭ دېيىلگەن بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشى — تۇرلۇك - تۈمەن شەيئىلەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى دېگەن خۇلاسىگە كېلىپ، «زور بىلەن زەئىپنىڭ بىر - بىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشى بىلەن، ئۇنىڭدىن ئۆزگىرىش كېلىپ چىقىدۇ» دەيدىغان ساددا دىئالېكتىك كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان.

يىن بىلەن ياڭنىڭ ئىككىلىك چۈشەنچىسىنى ئاڭلىتىدىغان «يورۇق - قاراڭغۇ»، «كۈنگەي - تەرسكەي»، «ئوچۇق - تۇتۇق» (ھەمدە «ئوچۇق - يېپىق»)، «كۈن - ئاي»، شولا - سايە، مۇزەككەر - مۇئەننەس، جىنسىي ئەزالار، بۇ ئالەم - ئۇ ئالەم دېگەندەك قارىمۇ قارشىلىق مەنىلىرى بار (ئەسلەتمە، ئۇيغۇر تىلىدا كۆپىنچە مۇنداق قارشىلىق مەنىلىرىدىكى جۈپلۈك سۆزلەردىن ئىجابىي مەنىلىكلىرى ئالدىن ئېيتىشقا ئادەتلىنىلگەن).

بەزى چۈشەنچە بويىچە، يىن بىلەن ياڭ شەيئىلەر ۋە كىشىلەردە دائىمىي جارى بولۇپ تۇرىدىغان بىر - بىرىگە زىت ئىككى يۈز (تەرەپ) دىن ئىبارەت. تەبىئەتتىكى شەيئىلەردە چوڭ - كىچىك، ئۇزۇن - قىسقا، ئېگىز - پەس، ئوڭ - سول ۋە شۇنىڭدەك باشقا خۇسۇسىيەتلەر بولىدۇ. قەدىمقى كىشىلەر چوڭ، ئۇزۇن، ئېگىز سولنى ياڭ، كىچىك، قىسقا، پەس، ئوڭنى يىن دەپ تۈركۈملىگەن. ياڭغا تەۋەلەر قاتتىق - زور بولىدۇ، يىنگە تەۋەلەر يۇمشاق - ئاجىز بولىدۇ. ئادەمنىڭ خاسلىق مىجەزى جەھەتتە ئەر قاتتىق - قوپال بولغىنى ئۈچۈن ياڭ - سول، خوتۇن ياۋاش، يۇمشاق بولغىنى ئۈچۈن يىن - ئوڭ سانالغان. خۇا شيالارنىڭ يىن - ياڭ دېيىلىدىغان بۇ ئىككىلىك چۈشەنچىسى ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردا ئۇلار بىلەن يېقىن قوشنا بولۇپ ياشىغان رۇڭلارغىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەسىر قىلغان. بولۇپمۇ غەربىي جۇ ۋە چىن ئەللىرى بىلەن ئارىلىشىپ، قوشنىدارچىلىق قىلىپ ئۆتكەن قىزىل دىلار ئۆزلىرىنىڭ قەدىمكى ئىككىلىك چۈشەنچىلىرىگە خۇاشيالارنىڭ يىن - ياڭ نۇقتىئىينەزەرىنى تەتبىق قىلغان. «يىن» غا «قارا» نى، «ياڭ» غا «ئاق» نى مۇقابىل كەلتۈرگەن. يىن بىلەن ياڭنىڭ «ئوچۇق - تۇتۇق»، «كۈنگەي - تەسكەي»، «شولا - سايە»، «كۈن - ئاي» دېگەندەك مەنىلىرى «ئاق - قارا» نىڭ مەزمۇن دائىرىسىگە كىرىدۇ. مەلۇم زامانلار ئۆتكەندىن كېيىن، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز «ئاق -

www.uyghurkitap.com

قارا» ئىككىلىك چۈشەنچىسىگە «ئوڭ - سول» نى يانداش قىلىپ قارايدىغان بولغان. كېيىنچە تەڭداش بولغان ئوڭ - سول ئىككىلىك چۈشەنچىسىنىڭ دائىرىسىگە «ئاق - قارا» ئىككىلىكىنىمۇ كىرگۈزگەن. بۇ يەردە ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە بار، قىزىل رۆڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادى دىڭلىن ۋە گۈزلەر كېيىنچە «ئاق» نى «كۆك» ، «قارا» نى «بوز» بىلەن ئالماشتۇرغان. بۇ، ئاسمان - زېمىن چۈشەنچىسىگە مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، «كۆكتەڭرى» ۋە «بوز تەڭرى» ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان. شۇنداقلا «قارا» نىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ، «مەھكۇم» مەفھۇمىنى بىلدۈرىدىغان بولغان. «ئاق - قارا» ئىككىلىك چۈشەنچىسى ئىلگىدەيدىغان زاماندا، تەڭ - باراۋەر بولمىغان ئىككىلىك چۈشەنچىسىگە ھاجەت يوق ئىدى. سەلتەنەتتىن ئايرىلىپ «باشقا كۈن چۈشكەن» دە بولسا، «قارا بودۇن» (قارام - مەھكۇم خەلق) كېلىپ چىققان. چۈنكى جەمئىيەت ھاكىم ۋە مەھكۇملاردىن تەركىب تاپقاچقا، ھاكىملارنى «كۆك» ، مەھكۇملەرنى «قارا» دېگەن سۈپەت بىلەن پەرقلەندۈرگەن.

«قەدىمكى تۈركلەردە بىر ھۆكۈمدار مەغلۇب بولغاندا ‹قارا خان›، ياكى موڭغۇلچە مەزكۇر مەنىدىن دېرەك بېرىدىغان ئاتالغۇ ‹كۇر خان› بىلەن ئاتىلاتتى. ئىنتىقامىنى ئالغانغا قەدەر، دۈشمەن ئۈستىدىن غالىب بولغانغا قەدەر ئاشۇ ئۇنۋانىنى ساقلايتتى» (زىيا گۆكئالپ).

قەدىمكى زاماندا، شامانلارمۇ «ئاق شامان» (ياز ئايلىرىغا مۇئەككىل)، «قارا شامان» (قىش ئايلىرىغا مۇئەككىل) دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەندەك، چۈرلار (ئەرۋاھلار) مۇ «ئاق چۈر» ۋە «قارا چۈر» دەپ بۆلۈنەتتى. شۇنىڭدەك تەڭرىلەرمۇ ئىككىلىك چۈشەنچىسى بويىچە ئوڭ - سول، ئاق - قارا دەپ بۆلۈنگەن. مەسىلەن، ئوڭ قولدا تەڭرىلەر، سول قولدا يەر - سۇلار؛ ئاق - كۆكتەڭرى، قارا - بوز تەڭرى.

يىن - ياڭ پالچىلىقىمۇ تەتبىق قىلىنغان. تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىنسانىيەت ئۆزگىرىشلىرىگە تىمسال قىلىنغان بەلگىلەرنى ياڭ - ياۋ ( - )، يىن - ياۋ ( – – ) نىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل قىلغان. « – » مۇسبەت ھەرىكەت سىزىقى، « – – » مەنپىي ھەرىكەت سىزىقچىسى بولۇپ، ئۈچ ياۋ (ھەرىكەت سىزىقى) دىن سەككىز شەكىل ۋە بۇ سەككىز شەكىل زەرب قىلىنىش يولى بىلەن 64 ئەشكال كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان. بۇلار ئارقىلىق «سەئد - نەھس» (ياخشىلىق - يامانلىق) توغرىسىدا پال ئاچقان.

تۈركىي خەلقلەر ۋە بۇلاردىن ئىرانىيلەر يىن - ياڭنىڭ پالچىلىق جەھەتتىكى ئەشكاللىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ئەقلىي چۈشەنچىسىگە ماسلاشتۇرۇپ، پالچىلىق شەكىللىرىنى ئىشلەپ چىققان. سىزىقچە ( - )، چېكىت ( . ) بەلگىلىرىنى ئىككى - ئىككىلەپ زەرب قىلىش يولى بىلەن تۆتلۈك بەلگە ۋە بۇ تۆتلۈك بەلگىلەرنى يەنە ئىككى - ئىككىلەپ زەرب قىلىش ئارقىلىق 16 خانە (ئۆي) ھاسىل قىلغان. بۇنى تۆت تۈركۈمگە بۆلگەن ۋە ھەر بىر خانىگە بىردىن ئات قويۇپ، شۇ ئارقىلىق ياخشىلىق - يامانلىق توغرىسىدا مۆلچەرلەيدىغان مەخسۇس «پالنامە» تۈزۈپ چىققان. 9 – 10 – ئەسىردە قوچۇدا تۈزۈلگەن «ئىرق بىتىك» ئەنە شۇ قەدىمكى «پالنامە» نىڭ يادنامىسى بولسا كېرەك.

## 2. تۆتلۈك ۋە بەشلىك چۈشەنچىلىرى

قەدىمكى كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش تەرزى ۋە قىممەت قارىشى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭكىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. چۈنكى قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭمۇ ۋە ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭمۇ مەپكۇرە، نەزەرىيە، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئىجتىمائىي ئۆرپ - ھاللىرى (جۈملىدىن ئېتىكىلىق ئاساسلىرى) ئاتىلىش جەھەتتىن ئوخشاش بولسىمۇ، بۇلار ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى، جەمئىيەتنىڭ جامائەتلىشىپ ياشاش قائىدىلىرى ۋە ئىقتىسادىي تۇر مۇش پرىنسىپلىرى ئوخشاشمايدۇ.

قەدىمكى كىشىلەرمۇ ئۆزلىرى ياشىغان رېئاللىقنى بىلىش ئۈچۈن ھەر خىل پىكىر يۈرگۈزگەن. ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دۇنيادىكى تۈرلۈك - تۈمەن شەيئىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ۋە خىلمۇ خىللىقىدىكى ئوخشاشلىقىنى تونۇش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزگەن ۋە ئەقلىي چۈشەنچىلەرنى ھاسىل قىلغان.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككىلىك چۈشەنچىسى ئاساسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تۆتلۈك چۈشەنچىسى ۋە بەزى قەۋملەردە بەشلىك چۈشەنچىسى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار بىلەن قوشنا بولۇپ ياشىغان قەۋملەردە دەسلەپ تۆتلۈك چۈشەنچىسى شەكىللەنگەن. بۇ چۈشەنچىنى «تۆت تادۇ» دەپ ئاتىغان. «تادۇ» – (تەبىئەت، تۈپ خۇسۇسىيەت، خاراكتېر) nature مەنىسىدىكى سۆز بولۇپ، بۇ سانسكرىتچىدىكى thatu سۆزىگە ئوخشايدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ چۈشەندۈرۈ-شىچە: «تادۇ — ئادەمنىڭ مىجەزى ۋە تەبىئىتى» («تۈركىي تىللار دىۋانى» Ⅲ جىلد). يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە: «تادۇ» بىر - بىرىگە تەڭشەلسە، چىن ھاياتلىق بولىدۇ، دەپ تەبىر بەرگەن.

60 «بۇ تۆرت ئەش ماڭا تۆرت تادۇ تەگ تۇرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن تىرىگلىك بولۇر.»

قەدىمكى كىشىلەر كۈندىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدىغان تۆت خىل ماددا — «سۇ، تۇپراق، ئوت، يەل (ھاۋا)» نى تىرىكلىكنىڭ مەنبەسى دېگەن چۈشەنچە بىلەن «تۆت تادۇ» دەپ ئاتىغان ۋە بۇ «تۆت تادۇ» بىر - بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ ھەم بىر - بىرىگە

زىت بولىدۇ ۋە بىرى - بىرىگە غالىب كېلىدۇ، دەيدىغان ساددىچە مەنتىق (دىئالېكتىكا) نى چۈشەنگەن.

«تۆت تادۇ» نىڭ تەركىبى ھەر قەۋمدە ھەر خىل بولغان. پارسلار: ئاب، ئاتەش، باد، خاك (سۇ، ئوت، ھاۋا، تۇپراق) تىن ئىبارەت تۆت ئۇنسۇرنى «چھار ئاخشج» (ئاخشىج — مۇخالىپ، زىت) دېگەن. ئەرەبلەردە «ئەنا سىر ئەربەئە» — ماء، نار، ھوا، تراب دەپ ئاتالغان.

قەدىمكى قەۋملەردە «تۆت تادۇ» تەركىبىگە كىرگۈزۈلگەن ماددىلار باشتىن - ئاياغقىچە بىر خىل بولمىغان. بەزىلىرىدە «تۆت تادۇ» ياغاچ، سۇ، ئوت، تۆمۈردىن ئىبارەت بولسا، بەزىلىرىدە سۇ، تۇپراق، ئوت، ھاۋادىن ئىبارەت بولغان. بۇ، «تۆت تادۇ» قىلىپ تاللاشتا ھەر قەۋمنىڭ ماددىلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىسى ئوخشاش بولمىغانلىقىدىن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن قوشنا قەۋملەردىن بەزى تەسىرلەرنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن بولغان. قەدىمكى زاماندا قىزىل دىلار (غەربىي رۇڭلار) خۇا شيالار بىلەن يېقىن قوشنا ۋە زىچ رابىتىدە بولۇپ ياشىغانلىقى ئۈچۈن، خۇا شيالاردىكى «بەش تادۇ» (ياغاچ، ئوت، تۇپراق، مەدەن، سۇ) چۈشەنچىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاۋۋال ياغاچ، سۇ، ئوت، تومۇرنى «تۆت تادۇ» ھېسابلىغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىكى پەرق شۇكى، خۇا - شيالاردىكى «مەدەن» دېگەن ئورتاق نامنى «تۆمۈر» دېگەن خاس نامغا ئۆزگەرتىپ قوللانغان. چۈنكى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ كۆز قارشىدا «تۆمۈر» خاسىيەتلىك ماددا ھېسابلىناتتى. كېيىنچىرەك غەربىي قەۋملەرنىڭ «تۆت تادۇ» چۈشەنچىسىنى قوبۇل قىلىپ، «تۆمۈر» ۋە «ياغاچ» لارنىڭ ئورنىغا «ھاۋا»، «تۇپراق» نى ئالماشتۇرغانلىقى ئېھتىمال. قەدىمكى گرېك پەيلاسوپلىرىمۇ «تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوت» نى تۆت ئاساسىي ئۇنسۇر دەپ ھېسابلىغان. ئەبۇئەلى ئىبنى سىنانىڭ دېيىشىچە، رۇكنلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئارىلىشىدىن بەدەنلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. بۇلار ھەققىدە بۇقرات: سۇ، ئوت، تۇپراق ۋە يەل (ھاۋا) دەپ توغرا كۆرسەتكەن.

مەيلى تۆتلۈك بولسۇن ياكى بەشلىك بولسۇن، قەۋملەردە تادۇلار توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر ئاساسىي جەھەتتىن كۆپ پەرقلەنمەيدۇ. خەنزۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان خۇا شيالاردىكى چۈشەنچە بىلەن تونۇشۇپ چىقايلى:

ئورۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىن ئىلگىرى «تۆت سۈرەت» چۈشەنچىسى بولغان. «پالنامە» نىڭ «تەبىرنامە» بىرىنچى پەسلىدە: «ئىككى قىياپەتتىن تۆت سۈرەت تۇغۇلغان» دېيىلگەن. «ئىككى قىياپەت» يىن - ياڭ ياكى ئاسمان - زېمىن دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرگەن. مەزكۇر ئۇقۇم بويىچە تۆت چاغ قاتارلىق ئۆزگىرىشلەر يىن - ياڭدىن ئىبارەت ئىككى خىل قۇۋۋەتنىڭ بىر - بىرىگە تەسىر قىلىشىدىن پەيدا بولغان، دەپ ھېسابلانغان. مەزكۇر ئۇقۇم بويىچە «تۆت سۈرەت» ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش دېيىلگەن تۆت چاغ (پەسىل) نى ياكى سۇ، ئوت، ياغاچ، تۆمۈر دېيىلگەن تۆت تادۇ تۆت تەرەپنى كۆرسەتكەن. تادۇغا دائىر دەسلەپكى ماتېرىياللار «زوچيۈەنىڭ تەزكىرىسى»، «ئەل مۇھاكىمىلىرى» ۋە «قەدىمنامە» نىڭ «چوڭ قائىدىلەر» بابىدا ساقلانغان. ئورۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدە بەشلىك تەلىماتى (ياغاچ، ئوت، تۇپراق، مەدەن، سۇ تادۇلىرى) كەڭ ئومۇملاشقان ۋە بۇ بەش ئۇنسۇر «بىر - بىرىنى تۇغىدۇ ۋە يېڭىدۇ» دېگەن قائىدە مەيدانغا كەلگەن: يەنى ياغاچتىن ئوت تۇغۇلىدۇ، ئوتتىن تۇپراق تۇغۇلىدۇ، تۇپراقتىن مەدەن تۇغۇلىدۇ، مەدەندىن سۇ تۇغۇلىدۇ، سۇدىن ياغاچ تۇغۇلىدۇ؛ سۇ ئوتنى يېڭىدۇ، ئوت مەدەننى يېڭىدۇ، مەدەن ياغاچنى يېڭىدۇ، ياغاچ تۇپراقنى يېڭىدۇ، تۇپراق سۇنى يېڭىدۇ. تۆت تادۇ توغرىسىدىكى چۈشەنچىمۇ بەشلىكنىڭ قائىدىسىگە ئوخشايدۇ. تۆت تادۇنىڭ تەبىئىتى بىر - بىرىگە مۇخالىپ ۋە زىت، ئەمما بىر - بىرىنى شەرت قىلىدۇ.

قەدىمدىن ئومۇملاشقان چۈشەنچە بويىچە تۆت تادۇ رەڭلەر، تەرەپلەر، مەبۇدلەر (توتېملار)، پەسىللەر ۋە ئادەمنىڭ مىجەزلىرىگىچە ھەم پسىخولوگىيىلىك ھالەتلىرىگىچە ئىزچىللاشقان.

## تۆت تادۇنىڭ رەڭلىرى

ئىككىلىك چۈشەنچىسىدىكى «ئاق - قارا» ئۇقۇمى ئاساسىدا، رەڭلەردە «ئاق، قارا، كۆك، قىزىل» دەپ تۆتلۈك چۈشەنچىسى ھاسىل قىلىنغان. يەنى تۆت خىل ماددىنىڭ خۇسۇسىيىتى ۋە تەبىئىتىگە قاراپ، تۆت خىل ماددا تۆت خىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن:

سۇ — قارا
ياغاچ — كۆك تۆمۈر — ئاق
ئوت — قىزىل

بەزى قەۋملەردە ياغاچ ئورنىدا تۇپراق، تۆمۈر ئورنىدا ھاۋا ياكى ئۇلارنىڭ ئەكسىچە بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قوشنىلىرىدىن تىبەتلىكلەر بولسا، تۆت تادۇغا تۇپراقنى قوشۇپ (خەنزۇلارنىڭ چۈشەنچىسىگە ئوخشاش)، تۇپراقنىڭ رەڭگىنى «سېرىق» دەپ بەلگىلىگەن.

## تەرەپلەرنىڭ رەڭلىرى

ئىككىلىك چۈشەنچىسىدە، تاڭ (كۈنچىقىش) نى ئاق، تۈن (كۈنپېتىش) نى قارا دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، كېيىنچە تەرەپلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچە تېخىمۇ ئايدىڭلاشقان ۋە بۇ جۇغراپىيە ۋە تەبىئەت پەنلىرىگە ئاساس بولغان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كۈن نۇرىنىڭ يەر يۈزىنى يورۇتۇش قانۇنىيىتى بويىچە، تەرەپلەر تۆت خىل رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن:

شىمال — قارا
شەرق — كۆك غەرب — ئاق
جەنۇب — قىزىل

تەرەپلەرنى بىلدۈرىدىغان رەڭلەر دىنىي چۈشەنچىلەرنىڭ يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، بالدۇرقى ئىككىلىك چۈشەنچىسىدىن بىر ئاز ئۆزگەرگەن.

ئىلگىرى شەرق تاڭنىڭ بەلگىسى بولغان «ئاق» بىلەن ئىپادىلەنگەن بولسا، قەدىمكى ئەجدادلار ئۇلۇغلايدىغان كۆكتەڭرى ئېتىقادىغا ئاساسەن «كۆك» دەپ تەرىپلەپ، كۈنپېتىش ياقنى ئاق دەپ سۈپەتلىگەن. كۈن نۇرىنىڭ يورۇتۇش دەرىجىسى بويىچە، كۈنگەي ـ تەرسكەي ئۇقۇمىنى ئاساس قىلىپ، شىمالنى «قارا» ، كۈن قاتتىق قىزىتىدىغان جەنۇبنى «قىزىل» دەپ تەرىپلىگەن.

ئومۇمەن، شىمال تەرەپتىن كېلىدىغان بوراننى «قارا بوران» ياكى «سوغۇق شامال» ، جەنۇب تەرەپتىن كېلىدىغان شامالنى «ئىسسىق شامال» ياكى «ئوت يەل» دەپ ئاتاشمۇ ئەنە شۇ تەرەپلەرنىڭ رەڭ بىلەن ئىپادىلەنگەن خۇسۇسىيەتلىرىگىمۇ باغلىق بولسا كېرەك. تەرەپلەرنى رەڭلەر بىلەن پەرقلەندۈرۈش چۈشەنچىسى هونلار دەۋرىدىمۇ ئەمەل قىلىنغان. هونلار تەڭرىقۇتى باتۇر زامانىدا، ئۇنىڭ ئاتلىق قوشۇنى تۆت قولغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: كۆك بوز ئاتلىقلار شەرققە، قىزغۇل ئاتلىقلار جەنۇبقا، ئاق بوز ئاتلىقلار غەربكە، قارا قۇلا ئاتلىقلار شىمالغا چېرىك قىلىپ تۈزۈلگەن.

خەنزۇلاردا، بەشلىك چۈشەنچىسى بويىچە تەرەپلەر ەش خىل رەڭدە ئىپادىلەنگەن. «ئەدەبنامە» گە كۆڭ ىندانىڭ يازغان شەرھىيىدە: «بەش رەڭ ـــ كۆك، ىزىل، سېرىق، ئاق، قارا بولۇپ، بەش تەرەپنى ۆرستىدۇ» دېيىلگەن. بۇ بەش تەرەپتىن مەركىزىي نۇقتىنا «سېرىق» دەپ تەرىپلەنگەن. بۇنىڭدىن «سېرىق» رەڭنى ئۇلۇغلاش ئەقىدىسى چوڭقۇر ئىكەنلىكى مەلۇم. خەنزۇلار ئىلگىرى «سېرىق» خان ـ هۆكۈمرانلارغا خاس رەڭ دەپ بىلسە، تىبەتلىكلەرمۇ «سېرىق» نى لاما دىنىنىڭ تىمسالى دەپ قەدىرلىگەن.

## تۆت پەسىلنىڭ رەڭلىرى

قەدىمكى زاماندا، كۆچمەنچىلىك هايات كەچۈرگەن قەۋملەر ئادەتتە يىلدا ئىككى قېتىم ئورۇن ئالماشتۇرغان. كىشىلەر ئادەتتە سوغۇق بىلەن ئىسسىقنىڭ ئالمىشىپ تۇرۇش قانۇنىيىتىگە قاراپ، بىر قېتىم ئالمىشىشنى «يىل» دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن يىلنى «ياي» ، «قىش» دەپ ئىككى چوڭ مەۋسۇمگە ئايرىپ، قىشلايدىغان ماكاننى «قىشلاق» ، يازلايدىغان ماكاننى «يايلاق» دەپ ئاتىغان. «ئىرق بىتىك» تە: «ياڭغاق يىغىچى بار جاي يازلاقىمدۇر، قۇشلار كۆپ جاي قىشلاقىمدۇر» دەپ يېزىلغانلىقىمۇ شۇنى بىلدۈرىدۇ. «قىش» نى قارا، «ياز» نى قىزىل دەپ تەرىپلىگەن. تۆتلۈك چۈشەنچىسنى هاسىل قىلغاندا بولسا، «ئەتىياز» نى كۆك، «كۈز» نى ئاق دەپ ئىپادىلىگەن. ئەتىيازدا تەبىئەت ۋە ئۆسۈملۈك قايتىدىن كۆكلەيدىغانلىقى ئۈچۈن ئەتىيازنى «كۆك» سۈپىتى بىلەن، كۈزدە تەبىئەت سارغىيىپ بېرىپ ئاخىر ئاقىرىپ كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن، «ئاق» سۈپىتى بىلەن تەرىپلىگەن. مەزكۇر چۈشەنچە بويىچە، قىشنىڭ راسا سوغۇق مەزگىلىنى «قارا قىش» ، ئەتىيازنى «كۆكلەم» دېيىشمۇ تەبىئەت پەسىللىرىنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. دېمەك، قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز پەسىللەرنىڭ رەڭلىرىنى بەلگىلەشتە، ئۇلارنى پايدىلىنىۋاتقان تەبىئەتكە، جۈملىدىن ئۆسۈملۈك ۋە هايۋاناتنىڭ هاۋارايى شارائىتىغا ماسلىشىش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئاساسلانغانىكەن.

«تۆت تادۇ» بويىچە، ئوت ـ نۇر (يورۇق) ، هاۋا ـ كۈندۈز، تۇپراق ـ تاڭ، سۇ ـ تۈن دەپ چۈشىنىلگەن.

## مەبۇد ۋە خانلارنىڭ رەڭلىرى

تەرەپلەرنىڭ رەڭلىرى بويىچە، كۈنچىقىش ياقنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد — كۆكتەڭرى، كۈنپېتىش ياقنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد — ئاقتەڭرى، قۇزتەرەپ — شىمالنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد — قارا تەڭرى، كۈنگەي تەرەپ — جەنۇبنىڭ مۇئەككىلى بولغان مەبۇد ـ قىزىلتەڭرى دەپ ئاتالغان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تەرەپلەرگە مۇئەككىل بولغان مەبۇدلارنىڭ تۆت خىل رەڭدە سۈپەتلىنىشى قەدىمكى خەنزۇلارنىڭ بەش خىل رەڭ بىلەن سۈپەتلەنگەن «بەش خان» چۈشەنچىسىگە ئوخشايدۇ. قەدىمكى زاماندا خەنزۇلارنىڭ ئەپسانىسىدىكى «بەش تەڭرى» توغرىسىدا، «جۇ ئەدەبلىرى» نىڭ «پەغپۇر مەنسەپدارلىرىدىن باش ۋەزىر» دېگەن بابىدا «بەش خان يۇغىنى» دېيىلگەن ئىبارىنى (تاڭ دەۋرىدىكى) جىيا گۇڭيەن مۇنداق شەرھىيلىگەن: «بەش خان شۇلاردۇركى، شەرقتە كۆك خان روھ — قۇدرەت مۇئەككىلى، جەنۇبتا قىزىل خان يالقۇن ـ غەزەپ مۇئەككىلى، مەركەزدە سېرىق خان مۇهىم ـ تۇگۇن مۇئەككىلى، غەربتە ئاق خان رەت ـ هەيۋەت مۇئەككىلى، شىمالدا قاراخان نۇر ـ زامان مۇئەككىلى. كۆك خان شەرقنىڭ مەبۇدى، شۇنداقلا ئەتىياز مەبۇدى، قىزىل خان جەنۇبنىڭ مەبۇدى، سېرىق خان مەركەزنىڭ مەبۇدى، ئاق خان غەربنىڭ مەبۇدى، قارا خان شىمالنىڭ مەبۇدى» .

قەدىمكى ئەجدادلار مەيلى تەڭرىلەرگە قۇربانلىق قىلىشتا بولسۇن ياكى قاغان ـ خان كاتتا زىياپەت ئۆتكۈزۈشتە بولسۇن، يىلقا ـ قوي سوياتتى. خان قۇتتاغ ئۇستىگە چىقىپ، كۆكتەڭرىگە سېغىنغاندىن كېيىن، توققۇزلاپ (توققۇز ياكى توققۇزيۈز، توققۇزمىڭ) مال سويۇپ نەزىر قىلاتتى. بىرەر چوڭ ۋەقە ئۈچۈن تەنتەنىلىك يىغىلىش ئۆتكۈزگەندە ۋە غەلىبە — زەپەر توي مەرىكىسىدىمۇ شۇنداق قىلاتتى. «شەجەرەئى تۈرك» نىڭ «ئوغۇزخاننىڭ يۇرتىغا كېلىپ توي قىلغانلىقى» دېگەن بابىدا يېزىلىشىچە: «توققۇزيۈز ئات، توققۇزمىڭ قوي سويدۇردى، بۇلغارىدىن 99 هەۋز (كۆلچەك) قىلدۇرۇپ، توققۇزىغا هاراق، توقسانىغا قىمىز تولدۇردى . . . »ئوغۇزخاننىڭ ئوغلى كۈنخانمۇ ئاتىسى قىلغىنىغا ئەمەل قىلىپ، خۇددى شۇنداق قىلدۇ. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەۋملەر دەسلەپتە ئۆكۈزنى خاسىيەتلىك

هايۋان ھېسابلىغاچقا، ئۆكۈز قۇربانلىق قىلىشنى مەنئى قىلاتتى. بۇ ئادەت خېلى ئۇزاققىچە داۋام قىلىنغان.

خۇا شىيالار شاڭ دەۋرىدە نەزىر - يۇغا ئۆتكۈزگەندە چوڭ قۇربانلىق، كىچىك قۇربانلىق دەپ ئىككىگە ئايرىغانىكەن. ئاساسەن كالا، قوي، توڭگۇز قۇربانلىق قىلىدىكەن. ئەمما قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال تەبىقىلەرگە قاراپ پەرقلىق بولىدىكەن. دەلىل - ۋەسىقىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇلدارلار كالا، كاھىنلار قوي، ئاددىي مەنسەپدارلاردىن تۆۋەن ئادەتتىكى بودۇن (خەلق) توڭگۇز قۇربانلىق قىلىدىكەن.

بەش تادۇ تەلىماتى كېلىپ چىققاندىن كېيىن، بەش تەرەپكە بەش خىل مەخلۇقنى توتېم قىلىپ ئەتىۋارلايدىغان بولغان. مەسىلەن، شەرقنىڭ توتېمى - قوي، غەربنىڭ توتېمى - ئىت، شىمالنىڭ توتېمى — توڭگۇز، مەركەزنىڭ توتېمى ئۆكۈز، جەنۇبنىڭ توتېمى - قۇش. بۇ مەخلۇقلارنىمۇ تەرەپلەرنىڭ رەڭلىرى بىلەن سۈپەتلىگەن. جەنۇبنىڭ توتېمى - قۇش دېيىشنىڭ ئاساسى مۇنداق: «شېئىرنامە» نىڭ «شاڭ مەدھى» بابى «قارلىغاچ» ماۋزۇسىدا: «تەڭرىنىڭ پەرمانى بىلەن قارلىغاچتىن شاڭ تۇغۇلغان» دېيىلگەن. يەنى مىلادىدىن 1122 يىل ئىلگىرى يېشىل ئۆكۈز (خۇاڭخې) نىڭ جەنۇبىدا، ھازىرقى خېنەندە ۋە ئەنخۇينىڭ شىمالىدا «شۇەننياۋ» نى توتېم قىلغان شاڭ ياشىغانىدى. شاڭنىڭ ئەجدادلىرى خۇددى مىسىرلىقلار «خورۇس» نى توتېم قىلغاندەك «شۇەننياۋ» (قارلىغاچ) نى توتېم قىلغانىدى. بۇ چۈشەنچىنىڭ مەنبەسى مۇنداق:

يىن دەۋرىدىن ئىلگىرى (تەخمىنەن مىلادىدىن ئىلگىرى 1324 - 1066 - يىللىرى، يەنى شاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرى) ئەتىيازدا گۇگۇم ۋاقتىدا جەنۇبتا كۆرۈنىدىغان بىر قانچە يۇلتۇزنى بىر قۇش شەكلىدە، شەرقتە كۆرۈنگەن بىر قانچە يۇلتۇزنى ئەجدىھا شەكلىدە، غەربتە كۆرۈنگەن بىرقانچە يۇلتۇزنى يولۋاس شەكلىدە، شىمالدىكى بىر قانچە يۇلتۇزنى تاشپاقا - يىلان شەكلىدە، دەپ تەسەۋۋۇر قىلغان. ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار دەۋرىدىن كېيىن - تەرەپلەرنى رەڭلەر بىلەن ئىپادىلەش تەلىماتى تارقالغاندىن كېيىن، تۆت سۈرەتكە رەڭ بېرىلىپ، كۆك ئەجدىھا، قىزىل قۇش، ئاق يولۋاس، قارا تاشپاقا ياكى يىلان دەپ ئاتايدىغان بولغان. شۇنىڭدەك بۇلار ئاشۇ تەرەپلەرنىڭ مەبۇدلىرى ھېسابلانغان. مەسىلەن، شىمالنىڭ مەبۇدى تاشپاقا ياكى يىلان بولۇپ، «سۇ مەبۇدى» ، غەربنىڭ مەبۇدى يولۋاس بولۇپ، بۇ «تۆمۈر مەبۇدى» دۇر ۋە باشقىلار.

خۇا شىيالار يەنە بەش تادۇغا ئاساسەن «بەش رۇكىن» (بەش ئەدەب) نى تەرغىب قىلغان. بەش مەبۇدنىڭ ئىپادىسى بەش رۇكىن دەپ كۆرسەتكەن. «ئەدەبنامە» نىڭ «ئەۋسات» (ئارستوتىلنىڭ ئىبارىسىچە mesotes ) بابىغا جېڭ شۈەن مۇنداق شەرھى بەرگەن: «ياغاچ مەبۇدى — ئادىمىلىك، مەدەن مەبۇدى — ئىنساب، ئوت مەبۇدى — ئەدەب، سۇ مەبۇدى — ئىشەنچ، تۇپراق مەبۇدى — بىلمەك دېمەكلىكتۇر» .

«ئەسەرلەردىن تاللانما» دىكى «لۇجاۋۋاڭ ئابىدىسى» نى لى شەن شەرھىلىگەندە، «زويەن» دىن نەقىل كەلتۈرۈپ مۇنداق يازغان: «بەش پەزىلەت بىر - بىرىگە غالىبتۇر، يۇ — تۇپراق، شيا — ياغاچ، يىن — مەدەن، جۇ — ئوت» («يەتتە مۇختەسەر» كىتابىدىن «ۋېي پايتەختى نەزمىلىرىنىڭ شەرھىيى» گە ئېلىنغان نەقىلنىڭ مەزمۇنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايدۇ). دېمەك، بەش تادۇ بىر - بىرىنى يېڭىدۇ، دېگەن بايان بويىچە يۇنىڭ ئورنىنى شيا، شيانىڭ ئورنىنى يىن، يىننىڭ ئورنىنى جۇ ئىگىلىگەن. مەزكۇر دەۋرى قىلىش قائىدىسىگە ئاساسەن، چىن سۇلالىسىنىڭ پەزىلىتى يەنى رۇكنى سۇ بولغاچقا، ئوت رۇكنلىق جۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن؛ ئۇنىڭدىن كېيىن چىننىڭ ئورنىنى خەن سۇلالىسى ئىگىلىگەن، چۈنكى خەننىڭ رۇكنى تۇپراقتۇر دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ.

## تۆت تادۇ بىلەن ئادەمنىڭ مىجەزى

ئادەم تۆت تادۇدىن مۇرەككەپ بولغاچقا، ئادەمنىڭ مىجەزىدىمۇ تۆت تۈرلۈك ئالامەت بولىدۇ، دېگەن چۈشەنچە بويىچە تۆت تادۇنىڭ رەڭلىرى ئادەمنىڭ پسىخولوگىيىلىك ھالەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. ئادەمدە ئوت تادۇسى يەنى قىزىل ئۇستۇنلۇككە چىقسا، كۈلدۈرىدۇ؛ ياغاچ تادۇسى يەنى كۆك (بەزى چۈشەنچە بويىچە، تۇپراق تادۇسى يەنى سېرىق) غالىب بولسا، يىغلىتىدۇ؛ تۆمۈر تادۇسى (ياكى يەل تادۇسى) يەنى ئاق ئۇستۇنلۇككە چىقسا، ئۆيدۈرىدۇ (غەمكىن)؛ سۇ تادۇسى يەنى قارا غالىب كەلسە، تەمكىن قىلىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» تە خۇلق - مىجەزنىڭ تادۇغا باغلىق بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان:

882 تادۇ بىرلە قاتلىپ تۆرۈمىش قىلىنچ،
ئۆلۈم بۇزماغىنچە بۇزۇلماس ئەرىنچ.

(تادۇلار بىر-بىرى بىلەن قوشۇلۇپ، خۇلق - مىجەز تۆرۈلىدۇ، ئۆلۈم بۇزمىغىچە ئۇ بۇزۇلمايدۇ.)

بۇ چۈشەنچە بويىچە، ئادەم تەبىئىتى بىلەن يۇلتۇزلارنىڭ تەبىئىتىنى نىسبەتلەشتۈرگەن. قەدىمكى كىشىلەر سەييارىلەردىن بەش سەييارىنىڭ رەڭلىرىنى قىياس قىلغان: ئەتارۇد (مىركۇرى، ئارزۇ) نىڭ رەڭگى قارا، زۆھرە (ۋېنېرا، سەۋىت) نىڭ رەڭگى ئاق، مىررىخ (مارس، كورۇد) نىڭ رەڭگى قىزىل، مۇشتەرى (يۇپىتېر، ئۇڭاي) نىڭ رەڭگى كۆك، زۇھەل (ساتۇرن، سەكەنتىر) نىڭ رەڭگى سېرىق.

ئېھتىمال خەنزۇچىدە سەييارىلەرنىڭ تەبىئىتى ۋە رەڭگىنى بەش تادۇغا نىسبەتلەشتۈرۈپ، مىركۇرىنى شۈي شىڭ (سۇ يۇلتۇز)، زۆھرەنى جىڭ شىڭ (مەدەن يۇلتۇز)، مىررىخنى خوشىڭ (ئوت يۇلتۇز)، مۇشتەرىنى مۇشىڭ (ياغاچ يۇلتۇز)، زۇھەلنى تۇشىڭ (تۇپراق يۇلتۇز) دەپ ئاتىغان بولۇشى مۇمكىن. كونا ئەقىدە بويىچە مۇنەججىملەر (يۇلتۇز

باقۇچىلار) ئادەمنىڭ يۇلتۇزىنى تەخمىن قىلىپ، يۇلتۇزنىڭ رەڭگى ۋە تەبىئىتىگە ئاساسەن، ئادەمنىڭ مىجەزى ئۈستىدە ھۆكۈم قىلىشقان؛ يۇلتۇزى توغرا كەلمىگەن ئەر - خوتۇننىڭ نىكاھلىنىشى ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ، دەپ ھېسابلاشقان.

پالچىلارمۇ ئادەمنىڭ تۆت تادۇ بىلەن پەرقلىنىدىغان مىجەزلىرىنى يەنە شۇ تۆت تادۇ بىلەن تۈركۈملەنگەن 16 خانىلىق پال شەكىللىرىگە نىسبەتلەشتۈرۈپ، ياخشىلىق - يامانلىق، خۇشاللىق - خاپىلىق جەھەتلىرىنى مۆلچەرلەشكەن.

### تۆتلۈك چۈشەنچىسى ۋە ھاياتلىق

مىللىي تىبابەتتە، ئادەم تۆت تادۇدىن ۋۇجۇدقا كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مىجەزى ۋە ساقلىقى تۆت تادۇنىڭ تەڭشىلىپ تۇرۇشىغا باغلىق؛ ئەگەر تۆت تادۇ تەڭشەلمەي، بىرەرسى ئۈستۈنلۈككە ئىگە بولۇپ قالسا، ئادەمنىڭ مىجەزىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىدۇ - دە، ساقلىقى بۇزۇلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

ئىبنى سىنا شۇنداق دەيدۇ: «بۇ ھەقتە بۇقراتنىڭ دەلىلى شۇكى، جىسىم قاچان ھالاك بولسا، ئۇ نائىلاج قايتىدىن مۇشۇ تۆت رۇكنىگە ئايلىنىدۇ. ئەگەر بۇ رۇكنىلەرنىڭ ھەممىسى بىر خىل تەبىئەتلىك بولغان بولسا، بىرەرمۇ جانلىق نەرسە (ئىنسان) نىڭ ئىسسىقلىق تۈپەيلىدىن بۇزۇلىدىغانلىقىنى كۆرمىگەن بولاتتىڭ».

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» تە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

1053 ياراشىق تادۇلار قارىشتى ئىچىن،
كۈچەندى بىرى تۇتتى باستى ئۇچىن.

(تادۇلار يارىشىپ كەلگەن ئىچىنى قارىمۇ قارشىلىق باستى، بىرى كۈچىنىپ كېتىپ قالغان ئۇچىنى بېسىپ چۈشتى.)

1054 تادۇ تەگشۇرۇلدى ئاشى بولدى يىگ،
ئاغىر بولدى كۆڭلى قاتىغ تۇتتى ئىگ.

(تادۇ ئۆزگىرىپ، ئاش - ئوزۇقى ياخشى بولمىدى، يەنى ئىشتىھاسى بۇزۇلدى، كۆڭلى ئېلىشىپ، قاتتىق ئاغرىدى.)

1055 تادۇ ئارتادى كۆر كۈچى ئەكسۇدى،
قاغىلتەگ كۆنى بود ئەگىلدى قودى.

(تادۇ ئېشىپ كەتكەچكە كۈچى ئۆكسىدى يەنى ماغدۇرسىزلاندى، قەددى - قامىتى چىۋىقتەك ئېگىلدى.)

مەرھۇم تېۋىپ تۇردى مۇھەممەد ئاخۇن ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكىگە دائىر يازغان ئەسىرىدە مۇنداق دېگەن: «ئىنساننىڭ بارلىققا كېلىشى مۇختەلىپ بولغان تۆت تەبىئەت (ئەناسىر ئەربەئە) يەنى ئوت، سۇ، تۇپراق، ھاۋالارنىڭ ئۆز ئارا بىرىكىشىدىندۇر. بۇ ئەھۋال ئىنسانلاردىلا بولماستىن، بەلكى ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەردىمۇ شۇنداق . . . ئادەممۇ خۇددى شۇ تۆت تەبىئەتنىڭ بىرىكىشى بىلەن، قۇۋۋەئى مۇغەييىرە (ئۆزگەرتكۈچ كۈچ) گە يولۇقۇپ، جىسمىيات (ئورگانىزم) ھاسىل قىلىدۇ. بۇ ھال تىبابەتتە ‹ئەجسامى بەسەت› (جىسىملارنىڭ بەرپا بولۇشى) دېيىلىدۇ. تۆت تەبىئەتنىڭ داۋاملىق تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا، ‹قۇۋۋەئى نامىيە› (ئۆسۈش كۈچى) كە يېتىپ تەرەققىي قىلىدۇ ۋە ‹قۇۋۋەئى مۇسەۋۋىرە› (سۈرەتكە كېلىش يەنى شەكىللىنىش كۈچى) بارلىققا كېلىپ، ئادەم سۈرىتى شەكىللىنىدۇ. بۇ ھال ‹ئەجسامى مەسەد› (جىسىملارنىڭ ماسلىشىشى) دەپ ئاتىلىدۇ» («ئۇيغۇر تىبابەتچىلىك قوللانمىسى» 1 - بەت).

## 3 . باشقا چۈشەنچىلەر

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا، كىشىلەرنىڭ ئاڭ - پىكرىمۇ پەللىمۇ پەللە يۈكسىلىپ، مەنتىق چۈشەنچىلىرى ھەر تەرەپلىمە چوڭقۇرلىشىپ بارغان. بالدۇر ئىككىلىك ۋە ئۈنىڭدىن تۇرلىنىپ تۆتلۈك ۋە بەشلىك چۈشەنچىلىرى پەيدا بولغان بولسا، چۈشەنچىلەر شاخلىنىپ، ئۈچلۈك، ئالتىلىك، يەتتىلىك، سەككىزلىك ۋە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ سانلىق چۈشەنچىلەر ھاسىل قىلىنغان. بۇ چۈشەنچىلەر خىيالىي ئويدۇرما بولماستىن، ئۆز زامانىسىدىكى كىشىلەرنىڭ ياشىغان جۇغراپىيى ۋە ئىقتىسادىي شارائىتلىرىدا ئۆز لىرى دۇچ كەلگەن ئەمەلىيەتتىن نىسبىي ھالدا ھاسىل قىلغان ئەقلىي ۋە مەنتىقىي چۈشەنچىلەردۇر.

### ئۈچلۈك چۈشەنچىسى

جەمئىيەت تەبىقىلەرگە ئايرىلغاندىن كېيىن، كىشىلەردىكى مەنتىقىي چۈشەنچىلەرمۇ تەبىقىلەرگە ماسلاشقان. بالدۇر ئالەمنى «كۆك» (ئاسمان)، «يەر - سۇ» دەپ ئىككىگە ئايرىغان بولسا، كۆك چۈشەنچىسىنى ئۆز پېتىچە ساقلاپ، «يەر - سۇ» چۈشەنچىسىنى ئىككىگە ئايرىپ، «يەر - سۇ» ۋە «بوز يەر» دەپ ئاتىغان. «كۆك» نىڭ رەڭگى «ئاق»، «يەر - سۇ» نىڭ رەڭگى ئىككى خىلدىن تەركىب تاپقان «ئاق - قارا»، «بوزيەر» نىڭ رەڭگىنى قارا دەپ سۈپەتلىگەن. مەزكۇر مەنتىقىي چۈشەنچە بويىچە دۇنيانىمۇ ئۈچكە بۆلگەن: ئۈستۈنكى دۇنيا - ئاق، يەنى يورۇقلۇق ئېلى؛ ئاستىنقى دۇنيا - قارا، يەنى قاراڭغۇلۇق ئېلى؛ بۇ ئىككى دۇنيا ئارىلىقىدىكى ئوتتۇرا دۇنيا - ئاق ۋە قارا، يەنى ئىنسانلار تۇرىدىغان يەر يۈزى دېيىلگەن بىلەن توغرىسىدىكى ئۈچلۈك مەنتىقىسى كېلىپ چىققان.

ئۈچ دۇنيانىڭ مۇئەككىلى بولغان ئۈچ تەڭرىگە قىلىنىدىغان «ياغۇش» (قۇربانلىق) مالمۇ كالا، قوي، توڭگۇزدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولغان. كېيىن بۇ ئۈچ خىل مال ئۈچ تەبىقىگە خاس «ياغۇش» بولۇپ قالغان.

بۇ مەنتىقىي چۈشەنچە بىردىنلا پەيدا بولماستىن قەدىمكى دەۋردىكى دىنىي ئېتىقادلار ئاساسىدا پەيدا بولغان. قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ دىنىي ئېتىقادى

مۇنداق ئۈچ دەۋرنى ئۆتكۈزگەن: تۇتېمىزىم دەۋرى — هايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى تىمسال قىلغان دەۋر؛ ناتۇرالىزم دەۋرى — تەبىئىي مەۋجۇداتلار ۋە هادىسىلەرنى تىمسال قىلغان دەۋر؛ پولتېىزم دەۋرى — شەخسلەشتۈرۈلگەن مەبۇدلار دەۋرى. بۇ ئۈچ خىل دىنىي ئېتىقاد بىرىنى بىرى ئىنكار قىلىپ بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى باسقان هالدا ئەمەس، بىرى ئاساسىدا يەنە بىرى پەيدا بولۇپ، ئۆز ئارا سىڭىشىش جەريانىدا شەكىللەنگەن. لېكىن ئۇلاردىن بىرى ئاساسىي ياكى يېتەكچى ئورۇننى ئىگىلىگەن.

ئىجتىمائىي تەشكىلات جەھەتتە، قەبىلەلەر ئىتتىپاقىدىن يۈكسىلىپ كىچىك ئەل، ئوتتۇرا ئەل، بۈيۈك ئەل ۋۇجۇدقا كەلگەن. لېكىن ئەلمۇ بىرى يوقىلىپ، ئىككىنچىسى پەيدا بولغان ئەمەس، بىرى ئاساسىدا ئىككىنچىسى ۋە ئىككىنچى ئاساسىدا ئۈچىنچىسى شەكىللەنگەن. بۈيۈك ئەل ۋۇجۇدقا كەلگەندە، كىچىك ۋە ئوتتۇرا ئەللەر ئىككىنچى ئورۇنغا چۈشكەن.

ئىجتىمائىي تەبىقىلەرمۇ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئورۇنلىرىغا قاراپ ئۈچ تەبىقىگە ئايرىلغان: هۆكۈمران تەبىقە — ئالتۇن سۆڭەك، مالدار - پۇلدارلار ۋە مەنسەپدارلار ئاقسۆڭەك، قارا بودۇن بولسا قارا سۆڭەك دەپ ئاتالغان. بالدۇر ئاھالە ئاقسۆڭەك، قاراسۆڭەك دەپ ئىككىگە ئايرىلغان بولسا، ئاقسۆڭەكلەردىن ئالتۇن سۆڭەكلەرنى ئايرىپ چىققان. فېئودالىزمنىڭ ئوتتۇرا باسقۇچىدىن باشلاپ، هۆكۈمرانلار - خانزادىلەرنىڭ قەبرىستانلىرىمۇ «ئالتۇنلۇق» دەپ ئاتالغان.

كۆچمەنچىلىك - چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەن دەۋردە، كۆچمەنچى قەۋملەر يىلنىڭ ئۈچ چېغىنى خاسىيەتلىك بىلىپ، چوڭ مەرىكىلەرنى ئۆتكۈزگەن. هون ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە، ئۇنىڭغا قارام بولغان ئەللەردە هون تەڭرىقۇتىنىڭ باشچىلىقىدا هەر يىلى ئۈچ قېتىم مەرىكە ئۆتكۈزۈش ئادەتكە ئايلانغان. بىرىنچى قېتىم يىلنىڭ 1 - ئېيىدا — قىش باشلانغان چاغدا، قارا قىشنى ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن بۆكە ئوردىدا تەڭرىقۇت باش بولۇپ، شادقۇت بەگلەر، ئەل ئىلتەبەرلىرى يىغىلىپ كىچىك مەرىكە ئۆتكۈزگەن ۋە ئاساسەن كۆكتەڭرى ۋە بوز تەڭرى هەم يەر - سۇ مۇئەككىللىرىگە بېغىشلاپ دۇئا - تىلاۋەت قىلىشقان. ئەتىيازنىڭ ئوتتۇرىسىدا، يەنى 5 - ئايدا قىشتىن ئامان چىقىپ، تۆللەرنى قاتارغا قوشۇپ يايراشقا باشلىغانلىقىنى قۇتلاپ مەرىكە ئۆتكۈزگەن؛ بۇمەرىكىدە تەڭرىقۇت باشچىلىقىدا شاد - قۇت بەگلەر، باغا - ئىلتەبەرلەر ۋە باشقا چوڭ - كىچىك مەنسەپدارلار ئەلكۈن — بودۇن بۆكە ئوردىغا يىغىلىپ، ئابا - ئەجداد، ئاسمان - زېمىن، جىن - ئەرۋاھلارغا ئاتاپ ناهايىتى كاتتا يۇغا - ياغۇش ئۆتكۈزگەن. ياز ئوتتۇرىسىدا يەنى 7 - ئايدا، مال - ۋاران، ئات - ئۇلاقلىرى سەمىرىپ، راسا توقچىلىق بولغاندا تاللۇ ئۆگۈز (هازىرقى تارىم دەرياسى) بويىغا يىغىلىپ كاتتا توي ئۆتكۈزگەن؛ بۇ مەزگىلدە ئەلكۈن - ئاھالە نوپۇسى ۋە مال - ۋارانلىرىنىڭ سانىنى ئېنىقلاپ چىققان.

خەنزۇلارنىڭ ئەجدادلىرىدىمۇ ئۈچلۈك چۈشەنچىسى بولغان. بۇ چۈشەنچە بويىچە ئىككى خىل ئەقىدە بولغان: بىرى، «ئۈچ يورۇق» - كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ئۈچ يورۇقنىڭ ئىپتىداسى دېگەن ئەقىدە؛ يەنە بىرى، 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى يىل، ئاي، كۈننىڭ باشلىنىشى — بۇ ئۈچ ئىپتىدا دېگەن ئەقىدە. داۋدىنى ئەقىدىسىدە ئاسمان، زېمىن، سۇنى ئۈچ ئىپتىدادۇر، «ئەلمىساقتا ئالەم بۆلۈنگەندىن كېيىن ئاسمان، زېمىن، سۇدىن ئىبارەت ئۈچ بوغ پەيدا بولغان ۋە بۇنىڭدىن ئىنسانلار ئاپىرىدە بولۇپ، تامامى مەخلۇقات يېتىلگەن» دەپ هېسابلىغان. بۇ ئەقىدىگە ئاساسەن، ئاسمان مۇئەككىلى بەخت ئاتا قىلغان، يەر مۇئەككىلى گۇناھلارنى ئەپۇ قىلغان، سۇ مۇئەككىلى خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلدۇرغان، دېگەن رىۋايەت كېلىپ چىققان.

## ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك چۈشەنچىلىرى

تۆتلۈك چۈشەنچىسى ئاساسىدا يەنىمۇ كېڭەيگەن ئالتىلىك ۋە سەككىزلىك چۈشەنچىلىرى كېلىپ چىققان. بالدۇر تەرەپلەر تۆت دەپ چۈشىنىلگەن بولسا، بارا - بارا قەدىمكى كىشىلەرنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭەيگەن. شەرق، غەرب، شىمال ۋە جەنۇبتىن ئىبارەت تۆت تەرەپكە ئۈستۈن - ئاستىن تەرەپلەر قوشۇلۇپ، ئالتە تەرەپ بولغان. كېيىنچە، تۆت تەرەپكە تۆت بۆلۈك قوشۇلۇپ، تەرەپلەر سەككىز هېسابلانغان.

ئورتاق بوۋىمىز هېسابلانغان ئوغۇزخاننىڭ كۆكتەڭرىسى ئاتا قىلغان كۈن، ئاي، يۇلتۇز ناملىق ئۈچ ئوغلى، يەر - سۇ تەڭرىسى ئاتا قىلغان كۆك، تاغ، دېڭىز ناملىق ئۈچ ئوغلى بولغانلىقى ئەنە شۇ ئالتىلىك چۈشەنچىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. بۇ ئالتىلىك چۈشەنچىسى تۆتلۈك ئاساسىدا كېلىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئوغۇزخاننىڭ ئالتە ئوغلىنىڭ هەر بىرىدىن يەنە تۆتتىن ئوغۇل تۇرۇلۇپ، 24 بوغۇن هاسىل بولغان.

ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ياشىغان خۇا شيالاردا «ئالتەچى» (چى - ئىنساندا بولىدىغان روهىي كەيپىيات ياكى تەبىئەتتە بولىدىغان غەيرىي قۇۋۋەت) چۈشەنچىسى بولغان. «زوچيۇمىڭ تەزكىرىسى» نىڭ «جاۋ گوڭ بىرىنچى يىلى» دېگەن بابىدا يېزىلىشىچە: «ئالتە چى — يىن، ياڭ، يەل، يامغۇر، قاراڭغۇلۇق، يورۇقلۇق» ؛ «سوۋ ۋېن» نىڭ «بەش سەييارە ھەققىدە مۇكەممەل بايان» بابىدا يېزىلىشىچە: «قۇرۇق قۇرۇتىدۇ، ئىسسىق بۇغلىتىدۇ، يەل مىدىرلىتىدۇ، سۇ نەملىتىدۇ، سوغۇق توڭلىتىدۇ، ئوت ئىللىتىدۇ» . يەنە بىر بابىدا يېزىلىشىچە: تەبىئەت دۇنياسىدا يەل، سوغۇق، ئىسسىق، نەملىك، قۇرۇق، ئوت — ئالتە خىل هاۋارايى بولۇپ، ئادەتتىكىدىن باشقىچە بولۇپ قالسا، تاشقىرىدىن تېگىدىغان كېسەلنىڭ سەۋەبچىسى

بولىدۇ. «خەننامە» نىڭ «شۇن تۆرىلىرى» دە: «ئالتە مەبۇد» دەپ يېزىلىپ، بۇنىڭدا ئىككى خىل ئۇقۇم قەيت قىلىنغان. بىر خىلى، كۈن، ئاي، گۈلدۈرماما (چاقماق)، يەل، تاغ، ساسلىق (كۆل)؛ يەنە بىر خىلدا ئاسمان ئەجدادىدىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز، يەر ئەجدادىدىن تاغ، دەريا، دېڭىز. بۇ، ئالتە مەبۇد ئېتىقادىدىكى ئىككىنچى خىل ئۇقۇم دەپ كۆرسىتىلگەن. كۈن، ئاي، يۇلتۇز، تاغ، دەريا، دېڭىز — ئالتە مۇئەككىل ئۇيغۇرلارنىڭ ئالتىلىك چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئوخشايدۇ. خەنزۇلاردا «ئالتە دىڭ - ئالتە جيا» مەبۇدلىرى (ئالتە دىڭ - يىن [خوتۇن] مەبۇدلىرى، ئالتە جيا - ياڭ [ئەر] مەبۇدلىرى) بولۇپ، بۇلارنى پەلەك شاھى ئىشقا سالىدۇ، دېيىلىدىغان رىۋايەتلەرمۇ بار.

ئىلگىرى تۆت تەرەپكە ئىككى تەرەپ قوشۇلۇپ، ئالتە تەرەپ تونۇلغان بولسا، بارا - بارا «سەككىز يەل» ئەقىدىسى بويىچە سەككىزلىك چۈشەنچىسى ھاسىل بولغان ۋە سەككىز تەرەپ تونۇلغان. «سەككىز يەل» سەككىز تەرەپنىڭ يېلى (شامىلى)، قەدىمكى كىتابلاردا يېزىلىشىچە «سەككىز يەل» مۇنۇلاردىن ئىبارەت: شەرقىي شىمال تەرەپ — ئىسسىق شامال، شەرق تەرەپ — گەرم شامال، شەرقىي جەنۇب — ئىللىق شامال، جەنۇب — سەلكىن شامال، غەربىي جەنۇب — سالقىن شامال، غەرب — ئىزغىرىن شامال، غەربىي شىمال — قاتتىق شامال، شىمال — قەھرىتان شامال. بۇ سەككىز تەرەپ شامallىرى «خۇەينەنزى» كىتابىدا يەنە باشقىچە ناملار بىلەن ئاتىلىپ، باشقىچە سۈپەتلەنگەن ۋە پەسىل - كۈنلىرى تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

ئالتىلىك چۈشەنچىسى ئاساسىدا، «كۆكتەڭرى» ۋە «بوز تەڭرى» مەبۇدلىرىنىڭ شەخسلەشتۈرۈلگەن تىمسالى «خان» ۋە «خاتۇن» قوشۇلۇپ، «ئاسمان مۇئەككىللىرى» (كۈن، ئاي، يۇلتۇز) ۋە «زېمىن مۇئەككىللىرى» (كۆك، تاغ، دېڭىز) بىلەن سەككىزلىك چۈشەنچىسى كېلىپ چىققان.

سەككىزلىك چۈشەنچىسىدە، ئاسمان، زېمىن، گۈلدۈرماما (ياكى چاقماق)، يەل، سۇ، ئوت، تاغ، ساسلىق (كۆل ياكى نۇر) — مەزكۇر سەككىز خىل تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئاسمان، زېمىن مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە تەبىئەتتە ھەم كىشىلىك جەمئىيەتتە بارلىق ھادىسىلەرنىڭ دەسلەپكى مەنبەسى (يىلتىزى) ھېسابلانغان.

پالچىلىق كۆپلىگەن قەۋملەردە بۇرۇنقى زاماندا پەيدا بولغان، ئۆتكەنگە ئىشارەت ۋە كەلگۈسىدىن بىشارەت بېرىدىغان بىر خىل ۋاسىتە بولۇپ خىزمەت قىلغان؛ شەرق ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا — ئىران دىيارلىرىدا ياشىغان قەۋملەر تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىنسانىيەت ۋەقەلىرىگە تىمسال قىلىپ بىر يۈرۈش «ئەشكال» (شەكىل - بەلگىلەر) نى ئىشلەپ چىققان. شەرقتە خۇا شيالار بۇنىڭغا «باگۇا» (سەككىز ئەشكال)، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادلىرى «ئىرق»، ئىرانىيلار «پال» (رەمل) دەپ نام بەرگەن.

خۇا شيالاردا «باگۇا» ناھايىتى تەرەققىي قىلغان ۋە بەك مۇرەككەپ شەكىللەردىن تەركىب تاپقان. «جۇ پالنامىسى» «گۇا»، «ياۋ» دىن ئىبارەت ئىككى خىل بەلگە ۋە «گۇا تەبىرى»، «ياۋ تەبىرى» دىن ئىبارەت ئىككى خىل بىتىكتىن شەكىللەنگەن. تۇپ شەكىل — ياڭ ياۋ ھەم يىن ياۋنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل قىلىنغان سەككىز شەكىل يەنى «باگۇا» - ئاسمان، زېمىن، گۈلدۈرماما (ياكى چاقماق)، يەل (شامال ياكى ھاۋا)، سۇ، ئوت، تاغ، ساسلىق (نۇر) غا تىمسال قىلىنغان سەككىز شەكىلدۇر.

ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا — ئىران قەۋملىرىدە، «تۆت تادۇ» (ئەناسىر ئەربەئە) ئەقىدىسىگە ئاساسەن، ھەر بىر تادۇغا تۆتتىن شەكىل بەلگىلىنىپ، جەمئىي 16 شەكىل چىقىرىلغان. بۇ 16 شەكىلدىن سەككىز شەكىل خۇلاسىلىنىپ، ئاخىرىدا تۆت شەكىل بىلەن يەكۈنلەنگەن. 16 شەكىلنىڭ ھەربىرى بىر خانە (ئۆي) دەپ ئاتالغان. ھەر خانىنىڭ مەخسۇس بەلگىسى «سەئد» (ياخشىلىق) ياكى «نەھس» (يامانلىق) دېيىلگەن ئىككى تەرەپلىمە مەنىگە ئىگە بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيا قەۋملىرىدە ئاۋۋال ئىككى تۇپ بەلگىدىن «سەككىز شەكىل» ھاسىل قىلىنىپ، بۇ سەككىز شەكىلگە «تەرىق، ئەتەبە، سەئد، نەھس، نۇسرەت، قەبز، لەھيان، جەماڭ» دەپ نام بەرگەن؛ بۇ سەككىز بەلگە بىر - بىرىگە كىرىشتۈرۈش يولى بىلەن «ھۇمەر، بەياز، فەرەھ، نەقى» دېيىلگەن تۆت شەكىلگە يەكۈنلىنىپ، بۇلاردىن يەنە ئىككى شەكىل ۋە ئاخىرىدا بىر شەكىلگە كەلتۈرۈلۈپ، ئاندىن ئۇنى «ئۆرۈش» يەنى «تەبىر بېرىش» بىلەن تۈگەللىگەن. قەدىمكى زاماندا پالچىلىق ئەشكاللىرى ئىشلىنىپ چىقىشتىن ئىلگىرى سېغىزغان، قاغىلارنىڭ ئۆي ئالدىغا كېلىپ سايراشلىرىغا قاراپ پال ئالغان ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئوڭ - تەتۈرى بىلەن بەخت سىناشقان. دەرۋەقە، «پالچىلىق» دىنىي جەھەتتىن بولسۇن، ئىلمىي جەھەتتىن بولسۇن، «بىدئەت» ۋە «خۇراپات» ھېسابلىنىدۇ.

خاسىيەتلىك سانلار — يەتتە ۋە توققۇز

ئومۇمەن قەۋملەردە ئىلگىرىكى زاماندىن تارتىپ «يەتتە» ۋە «توققۇز» سانلىرىنى خاسىيەتلىك دەيدىغان ئەقىدە بولغان. بەزى تەتقىقاتچىلار بۇ سانلارنىمۇ يۇقىرىدىكى چۈشەنچىلەر (ئىككىلىك، ئۈچلۈك، تۆتلۈك ۋە باشقىلار) گە ئوخشاش يەتتىلىك ۋە توققۇزلۇق چۈشەنچىلىرى دەپمۇ ئاتىغان. ئەڭ قەدىمكى مەنتىقىي چۈشەنچىلەردە، مەيلى شەرق قەۋملىرى ياكى غەرب قەۋملىرى (ئاساسەن بابىللىقلار) بولسۇن، «يەتتە» سانىنى ئاسمان جىسىملىرى بىلەن باغلاپ سۈپەتلىگەن. شەرقىي قەۋملەردە «سەبئە سەييارە» (يەتتە پىلانىتا) دېگەن ناملار قەدىمكى زاماندا كۈن، ئاي ۋە بەش يۇلتۇز (ئەتارۇد - مىركۇرى، زۆھرە - ۋېنېرا، مىرىخ - مارس، مۇشتەرى - يۇپىتېر، زۇھەل - ساتۇرن) نى كۆرسىتەتتى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇ يەتتە يۇلتۇزدىن بەشىنى ئارزۇ، سەۋىت، كۇرۇد، ئۇڭاي، سەكەنتىر ۋە ئىككىسىنى يەنى كۈن بىلەن ئاينى ياشىق، يالچىق دەپ ئاتىغان. ئەمما ئۇلارنىڭ تەرتىپىنى قۇياشنى مەركەز قىلغان ھالدا يەر بىلەن ئارىلىق مۇساپىسىنىڭ يىراق - يېقىنلىقىغا قاراپ تۈزگەن. «قۇتادغۇبىلىك» تە ۋە «قىسسىبۇئى

رابغوزى» دا ئۇلارنىڭ تەرتىپى مۇنداق: سەكەنتىر، ئۇگاي، كۇرۇد، ياشىق، سەۋىت، ئارزۇ، يالچىق.

ليۇجۇ يازغان «يېڭى مۇھاكىمىلەر» دە: «يەتتە ئارقاق ئۇز تەرتىپى بويىچە ئالەمنى يورۇتىدۇ» دېگەن.

قەدىمكى بابىللىقلار مىسوپوتامىيە — دەجل بىلەن فرات ئىككى دەريا ئارىلىقىدا تارقالغان ئەپسانىدىكى مەبۇدلارنى ئاسماندىكى يۇلتۇزلار بىلەن بىرلەشتۇرۇپ، يەتتە ئاساسىي مەبۇدقا ئەقىدە قىلغان: قۇياش مەبۇدىنى شەمس، ئاي مەبۇدىنى سىلىنا، مارسنى نىلكا (ئۇرۇش مەبۇدى)، مىركۇرنى ناب (ئەقىل - بىلىك مەبۇدى)، ۋېنېرانى ئىستان (مۇھەببەت مەبۇدى)، ساتورننى نىنۇلدا (غالىبىيەت مەبۇدى)، يۇپىتېرنى مالدۇك (مەبۇدلار پادىشاھى) دەپ قارىغان. يۇلتۇز مەبۇدلاردىن ھەر بىرى بىر كۈن گېزەكچىلىك قىلىدۇ، يەتتە كۈندە بىر قېتىمدىن نۆۋەت كېلىدۇ دەپ ئىشەنگەن. كېيىنكى چاغلاردا يەتتە كۈننىڭ بىر ھەپتە قىلىنىشى شۇنىڭدىن كېلىپ چىققانىكەن.

ئەسلىدە يۇنان ۋە رىملىقلارمۇ يەتتە يۇلتۇزنى ئۇزلىرى ئېتىقاد قىلىدىغان مەبۇدلارنىڭ ناملىرى بىلەن ئاتىغان. مەسىلەن، زۆھرە يۇلتۇزىنى «مۇھەببەت ۋە گۈزەللىك مەبۇدى» ۋېناسىنىڭ نامى بىلەن «ۋېنېرا»؛ مۇشتەرى يۇلتۇزىنى «مەبۇدلارنىڭ پادىشاھى» دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان يۇپىتېر نامى بىلەن ئاتىغان؛ ئەتارۇد يۇلتۇزىنى ھەممە مەبۇدلارغا خەۋەر يەتكۈزىدىغان ھەم تىجارەت ۋە يولنى ئىلىگدەيدىغان مەبۇد مىركۇرى نامى بىلەن، مىررىخ يۇلتۇزىنى قەدىمكى رىمدا ئۇرۇش مەبۇدى بولغان مارس نامى بىلەن، زۇھەل يۇلتۇزىنى قەدىمكى رىمدا دېھقانچىلىق مەبۇدى بولغان ساتورن نامى بىلەن ئاتىغان. يەتتە سەييارىنى يەتتە يورۇتقۇچى بىلىپ، بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ «ھەپتە كۈنلىرى» نى ھېسابلاپ چىققان. تەرتىپى مۇنداق: قۇياش، ئاي، مارس، مىركۇرى، يۇپىتېر، ۋېنېرا، ساتورن. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قەدىمكى دەۋردە بابىل (باشقا بىر مەلۇماتتا مىسىر) لىقلار يەتتە كۈننى بىر ھەپتە قىلىپ، ھەر بىر كۈنگە بىر يۇلتۇزنىڭ نامىنى بەرگەن. مىلادى 1 - ئەسىردە رىملىقلار قوللانغاندىن كېيىن باشقا ئەللەرمۇ قوللانغان. جۇڭگودا 4 - ئەسىردە مەزكۇر ئۇسۇلدىن پايدىلىنىلغان؛ 8 - ئەسىردە، مانى دىندارلىرى ئۇيغۇر (ئۇيغۇر قاغانلىقى) غا تونۇشتۇرغان. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى چاغلاردا بولسا، ئەجدادلىرىمىز پۈتۈن بىر ئايلىق ۋاقىتنى ئاي قاراڭغۇسى، ئاي بېشى، ئاي ئوتتۇرىسى، ئاي ئاخىرى دەپ تۆتكە بۆلۈپ، ھەر بۆلۈكنى يەتتە كۈندىن ھېسابلىغان.

يەتتىلىك چۈشەنچىسى كىشىلەر ھاياتىنىڭ ھەر ساھەسىدە ھەر خىل ئىپادىلەنگەن. تۈركىي تىللاردا سۆزلەشكۈچى غەربىي قەۋملەر «يەتتە» سانىنى خاسىيەتلىك بىلگەن. ئاسمان - زېمىننى يەتتە قاتتىن (يەنى يەتتە قات ئاسمان، يەتتە قات زېمىن) دەپ ھېسابلىغان. يەتتە قات ئاسمان ئەرەبچىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆز بىلەن «يەتتە پەلەك» دەپ ئاتالغان. ئەجداد - ئەۋلادىنى سۈرۈشتۈرگەندىمۇ «يەتتە ئاتا» نى بىلىش شەرت بولغان. شۇڭا «يەتتە پۇشتى»، «يەتمىش پۇشتى» دېگەن ئىبارىلەر كېلىپ چىققان.

ئەڭ يامان خىيالىي بىر ھايۋاننى «يەتتە باشلىق يەل موڭگۇز» دەپ ئاتىغان. دېمەك «يەتتە» سۆزى بۇ ئىبارىلەردە كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

«تۈرپان تېكىستلىرى» دىكى تىبابەتكە دائىر ھۆججەتلەردە، ئۇيغۇر تېۋىپلىرىنىڭ قوللانمىلىرىدا، جۈملىدىن ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا «تىببىي رىسالىلەر» ىدىن «ئۇر جوزە» رىسالىسىدە «يەتتە تەبىئەت» نى بىلىش زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىدۇ. بۇ يەتتە تەبىئەت شۇكى: 1. رۇكن (تۆت تادۇ)، 2. مىزاج (ئىسسىق، سوغۇق، قۇرۇق، ھۆل)، 3. خىلىتلەر (بەلغەم، سەپرا، قان، سەۋدا)، 4. ئەزالار (باشقۇرغۇچى ئەزالار — باش، مېڭە، يۈرەك، جىگەر، ئىككى مايەك)، 5. روھلار (يۈرەكتىن باشقۇرغۇچى ئەزالارغا ئۆتۈپ تارقىلىدىغان ھاياتىي قۇۋۋەتنى توشىغۇچى ماددىلار)، 6. قۇۋۋەتلەر (گەۋدىدىكى تۈرلۈك جەريانلارنى پەيدا قىلغۇچى 10 خىل قۇۋۋەت)، 7. پېئىل - ئىشلار (ئاددىي پېئىللار — تارتىش، ئۆزگەرتىش، تۇتۇپ بېقىش؛ مۇرەككەپ پېئىللار — تاماقنىڭ ئۆتۈشى، تاماق تەلەپ بولۇش).

دېمەك، يەتتىلىك چۈشەنچىسى قەدىمكى ئەجدادلىرىمىزدا پەيدا بولغاندىن تارتىپ، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلغان.

ئەمدى، توققۇزلۇق چۈشەنچىسىگە كەلسەك، بۇ شەرقىي قەۋملەردە، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىدە قەدىمدىن تارتىپ كەڭ تارقالغان چۈشەنچە. بۇ ئالدى بىلەن، «توققۇز قات كۆك» ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان. بۇ ئەقىدە ئاسماننىڭ مەركىزى ۋە سەككىز تەرەپتىن ھاسىل بولغان. يەنى تۆتلۈك چۈشەنچىسىنىڭ جۈپلۈك ئىپادىسىدىن سەككىزلىك چۈشەنچىسى پەيدا بولۇپ، بۇنىڭغا مەركەز قوشۇلغان. توققۇز سانى مۇزەككەر سان ھېسابلىنىدۇ.

شەرق قەۋملىرى جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى «توققۇز» سانىنى خاسىيەتلىك سان دەپ بىلىدۇ. بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا «تۇغ» سۆزىنى ئىزاھلىغاندا مۇنداق چۈشەندۈرگەن: «توققۇز تۇغلۇق خان ياكى خاقان، خاننىڭ قول ئاستىدىكى ۋىلايەتلەر ھەر قانچە كۆپىيىپ، مەرتىۋىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسىمۇ، تۇغلىرى توققۇزدىن ئاشمايدۇ. چۈنكى توققۇز سانى خاسىيەتلىك ھېسابلىنىدۇ».

توققۇز سانى ئەڭ كۆپ ساناق ھېسابلانغان. ئاسماننىڭ پايانسىز كەڭلىكىنى «توققۇز قات ئاسمان» دەپ ئاتىغاندەك، باشقا جەھەتلەردىمۇ كۆپلۈكنى بىلدۈرۈشتە قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز توققۇز سانىنى كۆپ ئىشلەتكەن. چۈنكى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە، توققۇزدىن كېيىنكى سانلارنىڭ ھەممىسى 1 -9 غىچە سانلارنىڭ قاتلىنىشى (كەررە - كەررە بولۇشى) دىن ھاسىل بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىرەر ئەلنىڭ ئاغۇش، ئايماق ۋە نوپۇس جەھەتتىن كۆپلۈكىنى بىلدۈرگەندە توققۇزنى قوللانغان. مەسىلەن، توققۇز ئۇيغۇر (توققۇز ئوغۇز ~ توققۇزغۇز)، توققۇز تۆلەس، توققۇز تاتار ۋە باشقىلار.

خۇا شيالاردىمۇ توققۇز سانى كۆپلۈكنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە ئەڭ يۇقىرى پەلەك (ئاسماننىڭ ئەڭ يۇقىرىسى) نى بىلدۈرگەن. «سۇنزى» كىتابىنىڭ

www.uyghurkitap.com

«شەكلىيات» پەسلىدە: «ياخشى ئىش قىلغانلار توققۇز ئاسماننىڭ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىدۇ» دەپ يېزىلغان. شۇنىڭدەك قەدىمكى دەۋردە، «توققۇز ئوغۇل ئانىسى» دېگەن رىۋايەتتە، كىشىلەردە ئوغۇل تۇغدۇرىدىغان ئايال مەبۇدە دېگەن خۇراپىي ئەقىدە بايان قىلىنغان.

خۇا شيالاردا تارقالغان رىۋايەتتە، قەدىمكى زاماندا، ئادەم باشلىق، قۇش تەنلىك ئايال مەبۇدنى «پەلەكنىڭ تىلسىم قىزى» دەپ ئاتايدىغانلىقىغا ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ ئادەم باشلىق، چىرايلىق قۇش تەنلىك، سۆزلىيەلەيدىغان ۋە مەدەتكار بولىدىغان «بۇلبۇلگويا» دېگەن رىۋايەت بار. بۇ، ئادىمىزاتنىڭ ئايىغى يېتىش تەس بولغان ماكاندا ياشايدىغان ئاجايىپ جانۋار، دەپ تونۇلغان. ئۇيغۇرلاردىمۇ بىرەر ئىشنىڭ كۆپلۈكىنى ۋە مۇشكۇللۇك پەيدا قىلغانلىقىنى بىلدۇرمەك بولسا، «توققۇز قىزنىڭ تولغىقى تەڭ تۇتۇپتۇ» دەيدۇ. چوڭ توي - تۆكۈن، مەرىكە - مەشرەپ ئۆتكۈزگەندىمۇ مال سويسا توققۇز - توققۇزلاپ سويىدۇ.

ئاندىن، يىللارنىڭ پەسىل - مەزگىللىرىنى بىلدۈرۈشتە بولۇپمۇ ياز ۋە ئايازنىڭ ئىسسىق ياكى سوغۇق مەزگىللىرىنى بىلدۈرۈشتە، توققۇز سانى ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇلاردا يازغى تۈرۈم (6 - ئاينىڭ 22 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە باشلانغان چاغ) دىن كېيىنكى 81 كۈن ۋە قىشقى تۈرۈم (12 - ئاينىڭ 22 - كۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدە باشلانغان چاغ) دىن كېيىنكى 81 كۈن توققۇز بۆلەككە بۆلۈنۈپ، ھەر بىر بۆلۈك توققۇز كۈندىن ھېسابلىنىپ، يازغى توققۇز - توققۇز، قىشقى توققۇز - توققۇز دەپ ئاتالغان. ئۇيغۇرلاردا ياز پەسلى بىلەن كۈز پەسلى توققۇز كەررە ئون 90 دىن ھېسابلانغان ۋە يازنىڭ ئەڭ ئىسسىق مەزگىلىنى «بەش - توققۇز» كۈندىن ساناپ «يازغى چىللە»، قىشنىڭ قارا سوغۇق مەزگىلىنى «بەش - توققۇز» كۈندىن ساناپ «قىشقى چىللە» دەپ ئاتىغان.

تۆرە - يوسۇنلاردىمۇ توققۇز سانى كەڭ قوللىنىلغان. مەسىلەن، ھۆرمەت ياكى كەچۈرۈم سوراش يۈزىسىدىن «توققۇز تازىم» قىلىش، «توققۇز قات كۆرپە سېلىش» دېگەندەك. ئىلگىرىكى چاغلاردا ئاقسۆڭەك - ئېسىلزادىلەر گۇناھ قىلغاندا، «توققۇز قات كىگىزگە ئولتۇرغۇزۇپ، توققۇز تال يىپتا ئۆرۈلگەن توققۇز قات يۇمشاق قامچىدا توققۇز قېتىم ئۇرۇش» كاتتا جازا ھېسابلانغان. شۇنىڭدەك ئېسىلزادىلىك رۇتبەسى توققۇز بوغۇنغىچە ئۈزۈلۈكسىز ئاتىدىن بالىغا داۋام قىلىش قائىدىسى بولغان. ئۇنىڭدىنمۇ قەدىمكى زاماندا بولسا «تارخانلىق» مۇ توققۇزىنچى ئەۋلادقىچە داۋام قىلغان.

بۇلاردىن باشقا مەنتىقىي چۈشەنچىلەرمۇ بولغان. بۇ ماقالىدە ئاساسەن تۇرمۇشتا چوڭقۇرراق ۋە كەڭرەك يېيىلغانلىرى توغرىسىدىلا بايان قىلىندى. (M2)

## پايدىلانغان مەنبەلەر


① مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» I II III جىلدلەر

②«ۋېي مۇختەسەرنامە» نىڭ «غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى».

③ «تارىخنامە» نىڭ «چەۋەنداز سانغۇن تەزكىرىسى».

④ «تاغ - دەريالار بايانى» 18 - جىلد، «ۋېينامە» 102 - قىسىم.

⑤ زىيا گوكئالپ: «تۈرك مەدەنىيىتى تارىخى»، گۈنەش مەتبەئەچىلىك ت. ئا. ش. — ئىستانبۇل، 1976 - يىل نەشرى.

⑥ ھېرودوت: «تارىخ» (ماركوئارد «گرېك ۋە لاتىن ئاپتورلىرىنىڭ مەلۇماتلىرى» دىكى نەقىل بويىچە).

⑦ «كوناتاڭنامە» ۋە «يېڭى تاڭنامە» لەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەزكىرىلىرى.

⑧ «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983 - يىل نەشرى.

⑨ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى»، شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1989 - يىل نەشرى.

⑩ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 - يىل نەشرى.

⑪ «سىخەي»، لۇغەتچىلىك نەشرىياتى، بېيجىڭ 1979 - يىل نەشرى

⑫ رادلوف: «سىبىرىيەدىن» I، II جىلد، قىسىم.

⑬ ئەبۇلغازى باھادىرخان: «شەجەرەئى تۈرك»، قازان باسمىسى.

⑭ سىر گېرارد كلاۋسون: «تۈركىي تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك لۇغىتى» ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، لوندۇن 1972 - يىل نەشرى.

⑮ زەكى ۋەلىدى توغان: «ئومۇمىي تۈرك تارىخى. كىرىش»، ئەنقەرە، 1979 - يىل نەشرى.

⑯ س. ۋ. كىسېلېف: «جەنۇبىي سىبىرنىڭ قەدىمكى تارىخى»، س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتى، موسكۋا، 1949 - يىل نەشرى.

⑰ «مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1981 - يىللىق توپلىمى.

⑱ ف. ئېنگېلس: «ئائىلە، خۇسۇسىي مۈلۈك ۋە دۆلەتنىڭ كېلىپ چىقىشى»، تاشكەنت، 1948 - يىل نەشرى.

⑲ ف. ئېنگېلس: «تەبىئەت دىئالېكتىكىسى»، خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1955 - يىل نەشرى.

⑳ ئا. ن. گلادىشېۋسكىي: «ئىپتىدائىي جەمئىيەت تارىخى»، ئالىي مائارىپ نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1958 - يىل نەشرى.

㉑ «ئوغۇزنامە»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.

㉒ «ئەل مۇھاكىمىلىرى»، «پالنامە» ۋە «يەتتە مۇختەسەر».

㉓ «خەننامە» نىڭ «ھونلار تەزكىرىسى».

㉔ ئەبۇئەلى ئىبن سىنا «تىببىي رىسالىلەر»، ئۆزبېكىستان پەن نەشرىياتى، تاشكەنت، 1987 - يىل نەشرى.

㉕ ئې. خ. پاركېر: «تاتارنىڭ مىڭ يىللىق تارىخى»، تىجارەت مەتبەئەچىلىكى، شاڭخەي 1937 - يىل نەشرى.

㉖ پ. پېللىئوت: «ئىگىز تۈزلەڭ ئاسىيا»



# 20 ـ ئەسىر روھى ۋە تارىمدىكى غېرىبلىق

ئەسەت سۇلايمان

غېرىبلىق ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ بالىياتقۇ شەكلىدىكى بۇ ئانا تۇپرىقىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىر مابەينىدىكى روھىي قىسمىتى ئىدى. مىللىتىمىزنىڭ يايلاق دەۋرىدىن قېپقالغان قىزىققان جاسارىتى بىلەن تېرىم ھاياتى بەخش ئەتكەن سوغۇققان نازاكىتىدىن شەكىللەنگەن روھىي قۇرۇلمىسى يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلىشىشى بىلەن شەرقچە غېرىبلىق ئازابىغا مۇپتىلا بولغانىدى. تېخىمۇ توغرىسى بۇ ئاسىيادىكى تەنھالىق ئارىلىنىڭ غېرىبلىقى ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بىلەن تارىم ۋادىسىنىڭ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى روھىيەت ۋائۇكۇملىقى بىلەن پىسخىك ياتلىشىشىنى ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۈنساناپ زەئىپلىشىۋاتقان تارىخىي تەقدىرى ناھايىتى زور دەرىجىدە بەلگىلەپ قويغانىدى. شۇڭا شاھ مەشرەپنىڭ نامەنگان بىلەن قەشقەر ئارىلىقىدىكى توپىلىق يوللاردا ئېيتقان: «غېرىبلىق شەھرىدە يۈرسەم، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ!؟» ① دېگەن مىسرالىرى بىلەن موللا مۇسا سايرامىنىڭ: «ئاراملىق خۇددى ئەنقا قۇشىنىڭ تۇخۇمىدەك غايىب بولدى. تىنچلىق خۇددى سۇمرۇغ قۇشىدەك كۆھىقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى...» ② دېگەن سۆزلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي غېرىبلىقىنىڭ روشەن ئىنكاسى ئىدى.

دەرۋەقە، ھەر قانداق بىر ئىنساندا غېرىبلىق تۇيغۇسى بولىدۇ، يەنە كېلىپ بۇ خىل تۇيغۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ مۇئەييەن بىر باسقۇچىدا گەۋدىلىكرەك ئىپادىلىنىدۇ. چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىمۇ ياكى بۇنداق ئۇنداق شەكىلدىكى غېرىبلىق، تەنھالىق دەۋرى بولغان.

## مۇھاكىمە

يەھۇدىيلارنىڭ قان-ياشلىق تارىخى - يۇرتىدىن قوغلىنىشى، نەچچە مىڭ يىللىق سەرسان-سەرگەردانلىق تۇرمۇشى، ناتسىستلار لاگېرلىرىدىكى ھالاكەتلىك تەقدىرى - بىزگە يەھۇدىي مىللىتىنىڭ غېرىبلىق تۇيغۇسىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇلار يەر شارىنىڭ ھەممىلا بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىدا، غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرگەن مۇھىتتا سانسىز كۈن-تۈنلەرنى ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزلىرىنى قۇتقۇزدى. شۇڭا فرانسۇز مۇتەپەككۇرى مونتېسكيۇ بۇنىڭدىن ئاز كەم ئۈچ ئەسىر ئىلگىرىلا: «دائىم ھالاكەت قىسمىتىگە ئۇچراپ تۇرىدىغان، بىراق يەنە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ ۋە ئىنچىل تۇردە كۆپىيىپ تۇرىدىغان يەھۇدىيلار بىردىنبىر ئۈمىد بىلەن ئۆزلۈكسىز ھالدا ئۇچرىغان بوزغۇنچىلىقلارنى ۋە زىيانلارنى تولدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇ ئۇلارنىڭ بارلىق ئائىلىلىرى قۇدرەتلىك بىر خانىلىقنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ، كەلگۈسىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ تايانچىسىغا ئايلىنىشىنى ئۈمىد قىلغانلىقىدىندۇر» ③ دەيدۇ.

مۇستەملىكىچىلىك دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى لاتىن ئامېرىكىسى گەرچە مىللىي مۇستەقىللىككە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن يېقىنقى يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان يەر شارىدىكى تاشلاندۇق قىتئە سۈپىتىدە چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىقنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. شۇڭا ئەدەبىيات-سەنئەتتە سېھرىي رېئالىزم ئېقىمىنىڭ بۇ يەردە مەيدانغا كېلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. گارسىيا ماركۇسنىڭ «يۈز يىل غېرىبلىق» رومانىدىكى بۇئېندىيە جەمەتىنىڭ روھىي غېرىبلىقى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ غېرىبلىقى ئىدى.

غېرىبلىق — ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر خىل يوشۇرۇن روھىي ماھىيەت بولۇپ، مەلۇم مىللەتكە نىسبەتەن ئۇنىڭ كوللېكتىپ يوشۇرۇن ئېڭىدا جۇغلانغان بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئۆز ھاياتىدا ھەر قېتىم ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلغان ھامان نامەلۇم بىر نەرسىنىڭ كەملىكىنى، بەلكى بۇ نەرسىگە مەڭگۈ ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىشى؛ ئىجتىمائىي كوللېكتىپ سۈپىتىدە ئورتاق روھىيەت گەۋدىسىگە ئۇيۇشقان مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ھالاكەت سىنىقىغا دۇچ كەلگەن ھامان ئۆزىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ئىرغىتىپ تاشلاپ يېپيېڭى تۇغۇمغا ئېرىشىشنى ئىستىشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىنسان — چوڭقۇر دەرىجىدىكى غېرىبلىق تۇيغۇسىنى ھېس قىلغۇچى، شۇنداقلا غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇشنى ھەر ۋاقىت ئىستىگۈچىدۇر. تۇغۇم بىلەن باشلانغان غېرىبلىق پەقەت ئۆلۈم بىلەنلا ئاخىرلىشىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى ئەمەلىيەتتە مىللىي روھىيەتتە تەكرار-تەكرار كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان چاڭقاش، غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇش، كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان ئۆزلۈكسىز جەرياندۇر. شۇڭا مېكسىكا شائىرى ئوكتاۋىئو پاز ئۆزىنىڭ «غېرىبلىق قەسرى» ناملىق ئەسىرىدە: «سۇررەڭ بالىياتقۇ ئىچىدە تۇمان كەبى لەيلىمە ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان تۆرەلمىنىڭ ھاياتىلا جىمى غېرىبلىقلاردىن خالىي ھاياتتۇر. بىز تۇغۇلغان ھامان ئانا قورسىقىدىكى ئىستىخىيسىز ھاياتتىن مەھرۇم بولىمىز. بالىياتقۇ ئىچىدىكى ھاياتلىقتا ئىستەك بىلەن قانائەت ئوتتۇرىسىدا زەررىچە ئارىلىق مەۋجۇت ئەمەس. . . بىز بالىياتقۇدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ھامان بىرىنچى قېتىم ھەقىقىي يوسۇندىكى ئازابلىق روھىي ھالىتىنى بېشىمىزدىن كەچۈرىمىز شۇنداقلا بىزگە تامامەن يات بىر دۇنياغا چۈشىمىز. ھاياتقا نىسبەتەن مەھرۇملۇق، كەمتۈكلۈك، غېرىبلىق ھېس قىلىمىز. چوڭ بولغانسېرى بۇ خىل تۇيغۇ تەنھالىق تۇيغۇسىغا ئايلىنىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بىز تۇغۇلۇشىمىزدىنلا غېرىبلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارمىز. بىزنىڭ ھاياتلىق سەپىرىمىزدىكى جىمى ئورۇنۇشلىرىمىز غېرىبلىقتىن قۇتۇلۇش، خالاس. شۇڭا غېرىبلىق تۇيغۇسى مۇنداق ئىككى خىل مەنىگە ئىگە: بىرى ئۆزلۈك ئېڭىمىزنىڭ ئويغىنىشىدىن دېرەك بېرىدۇ؛ يەنە بىرى ئۆزلۈكتىن قۇتۇلۇش ئىستىكىنى نامايەن قىلىدۇ. دېمەك، غېرىبلىق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ ئەسلى مەزمۇنى شۇنداقلا روھىيەت ئالىمىمىزنى تازىلىغۇچى بىر خىل مەنىۋى سىناقتىن ئىبارەت. . . » ④

شەخس سۈپىتىدىكى ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن تۇغۇلۇش ۋە ئۆلۈشنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا غېرىبلىق سىنىقىدۇر. بىز تۇغۇلغان ئاشۇ دەقىقىدىن باشلانغان غېرىبلىقىمىز ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. چۈنكى ئۆلۈم ۋەھىمىسى غېرىبلىق تۇيغۇسىغا ئوخشاشلا ھاياتلىق سەپىرىمىزگە باشتىن-ئاخىر ياندىشقان. ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۆلۈمنى ئۆگىنىدىغان بىر كۈندىلىك خاتىرىدۇر⑤. «قۇرئان» دىكى «ھەر بىر جان ئىگىسى ئۆلۈمنىڭ تەمىنى تېتىغۇچىدۇر» ⑥ دېگەن ئايەتمۇ بۇ نۇقتىنى دەلىللەيدۇ. ئارنولد توينبىنىڭ قارىشىچە، غېرىبلىق زەئىپلەشكەن دۇنيا بىلەن خوشلىشىش، روھىي پارلاقلىققا قايتىش ۋە ئەڭ ئاخىرقى كۆرەش ئۈچۈن تەييارلىنىش ئىدى. ئۇ بۇ پىكرىنى پىلاتوننىڭ غارى، سان-پاۋلونىڭ تۆھپىلىرى، ساكيامونى، مۇھەممەد ۋە دانتىلار ياراتقان يېڭى دۇنيا ئارقىلىق ئىزاھلىدى⑦.

دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ تارىخىدىن ئۆزگىچە خاس غېرىبلىق دېئالېكتىكىسىنى بايقىغىلى بولىدۇ. بۇ خىل دېئالېكتىكا ماكان ۋە زامان دولقۇنلىرىدا ئۆزلۈكسىز تولۇقلىنىپ بارىدۇ. مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى ئالدىنقى شەرتنىڭ بىرى — پىسخىك جۇغلانمىلىرىنىڭ ھەر ۋاقىت يېڭىلىنىپ تۇرۇشىدۇر. ئۆزلۈكسىز غىدىقلىنىپ تۇرۇشتىن مەھرۇم بولغان، سىرتقى رادىئاتسىيىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتى يوق، ئىچكى مەنىۋى تىندۇرمىسى قېرىپ كەتكەن ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ روھىيەت بوشلۇقىدا مۇقەررەر ھالدا غېرىبلىق ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ. يەنە كېلىپ مۇنداق غېرىبلىق ئازابى شۇ مىللەتنىڭ سىياسىي چۈشكۈنلىكىنى، مەدەنىيەتتىكى ياتلىشىشىنى ۋە پىسخىك چېكىنىشىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن XX ئەسىرنىڭ تاڭ نۇرى پۈتكۈل دۇنيانى يېڭى بىر

www.uyghurkitap.com

تارىخىي دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن چاغدا، سىرت بىلەن ئۇچرىشىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان بېكىك ھالەتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى چوڭقۇر دەرىجىدىكى روھىي غېرىبلىق ئازابىنى چەكمەكتە ئىدى. ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى — يەنى تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى پارچىلانغاندىن كېيىنكى بۇنداق ئۇزۇنغا سوزۇلغان غېرىبلىق ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ روھىي مەھكۇملۇقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى تاسادىپىي ھادىسە ئەمەس. ئۇ، ۋۇجۇدى قېرىغان، شەرقچە ئۇزاق سۈكۈتلەردىن ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى تىنغان ئاسىيا قىتئەسىنىڭ يېقىنقى زاماندىكى بىر ھالسىز تىنىقى ئىدى. ئۇنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك بەختسىز تارىخىنى ئىچكى نىزا، سىياسىي داۋالغۇش، تەركىدۇنياچىلىق ۋە تەپەككۇر نامراتلىقى بىلەن خاراكتېرلەنگەن ئىچكى كېلىمات بەلگىلىگەن بولسا، چوڭ جەھەتتىن دېڭىز-ئوكيان دەۋرىنىڭ باشلىنىشى، ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ چۆلدەرىشى، ئىسلام دۇنياسىنىڭ زەئىپلىشىشى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ چۈشكۈنلىشىشىدىن ئىبارەت تاشقى كېلىمات بەلگىلەپ قويغانىدى. شۇنداق بولغاچقا، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردىكى پەلەمپەيسىمان چېكىنىۋاتقان مەنىۋى قۇرۇلمىمىز كۆپ جەھەتتىكى ئامىللار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

**▲ يىپەك يولى خارابلاشتى، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى يەلكەنلىك كېمىلەر ۋە پار ماشىنىلىرىنىڭ گۈدۈك ئاۋازىغا ئورۇن بەردى. بالىياتقۇ شەكلىدىكى تارىم ئويمانلىقى غېرىبلەر ئارىلىغا ئايلاندى. جۇغراپىيىلىك يېتىملىك بۇ مىللەتنىڭ يېقىنقى زامان روھىي زەئىپلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى.**

سېھرىي رېئالىزم يازغۇچىلىرى «لاتىن ئامېرىكىسىنىڭ تەنھالىقىنى مۇئەييەن دەرىجىدە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى بەلگىلىگەن» دەپ قاراشقانىدى. دەرۋەقە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى زامان روھىي غېرىبلىقىنىمۇ يىپەك يولىنىڭ زاۋاللىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى بەلگىلەپ قويغانمۇ- قانداق؟ شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئېگىز تاغ تىزمىلىرى بىلەن قورشىلىپ تۇرغان بۇ دىيارىمىز ئىسمى-جىسمىغا لايىق چوڭ «بالىياتقۇ» ئىدى. تەيۋەنلىك ئۇيغۇرشۇناس ليۇيىتاڭ ئەپەندى ئۆزىنىڭ «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» ناملىق كىتابىدا: «تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدا ھەيۋەتلىك تەڭرىتاغلىرى، جەنۇبىدا قارا قۇرۇم تاغلىرى، غەربىدە پامىر ئېگىزلىكى، شەرقىدە خېشى كارىدورى ئۇنى تۆت تەرەپتىن ئوراپ تۇرىدۇ ۋە نىسبەتەن بېكىك جۇغراپىيىلىك ھالەتنى ھاسىل قىلىدۇ. ئويمانلىقنىڭ قىش ۋە يازدىكى تېمپېراتۇرا پەرقى زور، يىللىق ھۆل-يېغىن مىقدارى 100 مىللىمېترغىمۇ يەتمەيدۇ. .. شۇنداق بولغاچقا جۇغراپىيىلىك مۇھىتىنىڭ بۇ يەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەسلىكى ۋە ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى»⑧ دەپ يازىدۇ.

جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ھەقىقەتەنمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر مۇھىم ئامىل. شۇڭا گېگېل: «دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىنى جۇغراپىيىلىك سەھنىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مونتېسكيۇ قاتارلىق بىر قىسىم مۇتەپەككۇرلار ۋە راسموسسېن قاتارلىق جۇغراپىيىلىك مۇھىت ھەممىنى بەلگىلەيدۇ نەزەرىيىسى تەرەپدارلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەلىماتلار مۇتلەق ئىلمىي نەزەرىيە بولمىسىمۇ، لېكىن جۇغراپىيىلىك يېتىملىكنىڭ بىر مىللەتنىڭ روھىي دۇنياسىغا كۆرسىتىدىغان سەلبىي تەسىرىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. گاۋىن ھامبلىي (GavinHambly) جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى تارىخىغا كۆرسەتكەن تەسىرىنى ئوبيېكتىپ ھالدا شەرھىيلەيدۇ: «تاغلىق يەر شەكلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ زور كۆچۈشلىرى ۋە تارىخىي تەقدىرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى چوڭقۇر، ئەمما چوڭ قۇملۇقلارنىڭ تەسىرىمۇ ئوخشاشلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ - كاسپىي دېڭىزى بىلەن ئارال دېڭىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئۇست-ئۇلت؛ كوپېت تاغلىرى بىلەن ئامۇ دەرياسى ئارىلىقىدىكى قاراقۇم، ئامۇ ۋە سىر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى ئايرىپ تۇرغان قىزىلقۇم؛ سىر دەرياسى بىلەن بالقاش كۆلى ئارىلىقىدىكى چۆل ئارىلاش بېتپاق دالا؛ ئىچكى ۋە تاشقى موڭغۇلىيىنى ئايرىپ تۇرغان گوبى، شۇنداقلا تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى - ستېيىن دۇنيادىكى ئەڭ قورقۇنچلۇق قۇملۇق دەپ تەرىپلىگەن - تەكلىماكان چۆلى قاتارلىق چوڭ قۇملۇقلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىق كۆچۈشلىرى ۋە يۈرۈشلىرىگە ئاجايىپ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن»⑨. شۇڭلاشقا يېقىنقى زامانغا كەلگەندە دېڭىز بويلىرىنىڭ گۈللىنىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇقلارنىڭ چۆلدەرەپ قېلىشى شۇنداقلا مەركىزىي ئاسىيانىڭ روھىي غېرىبلىقتا مەھكۇم بولۇشىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى ئۇنىڭ پەقەت شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدىكى كۆۋرۈكلۈك ئورنىدا ۋە يىپەك يولىنىڭ تۈگۈنى بولغانلىقىدا ئىشقا ئاشقانىدى. دېڭىز-ئوكيان دەۋرىنىڭ يېتىپ كېلىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ھەل قىلغۇچ ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. يېڭىباشتىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋروپالىقلار ئىچكى ئاسىيانىڭ دەشت-چۆللىرىسىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ يەلكەنلىك كېمىلىرى بىلەن بىمالال ھالدا شەرققە كېلەلەيدىغان بولدى. دېمەك، مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا: «ئوتتۇرا ئاسىيا ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەم ئالاھىدە ھەم زىددىيەتلىك بولغان ئىككى خىل رولنى

www.uyghurkitap.com

ئوينىغان. بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرى قۇرغاق شۇنىڭدەك قاتناش ئالاقىلىرىدە تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەللىكى كەمچىل (كۆپ قىسىم دەريالىرى شىمالىي مۇز ئوكيانغا قويۇلىدۇ) بولغانلىقتىن، ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى جۇڭگو، ھىندىستان، ئىران ۋە روسىيە مەدەنىيەتلىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قەدىمكى سودا قانىلى — يىپەك يولى ئەتراپىدىكى ھەرقايسى مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇچۇرلىرىنى ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە بۇ يەرگە توشۇپ تۇردى. مۇشۇ قانالغا تايىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى ئەتراپىدىكى ھەر قايسى مەدەنىيەتلەردىن مۇئەييەن بەھرى ئېلىپ تۇردى. ئەگەردە قەدىمكى بۇ سودا يولى بولمىغان بولسا، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىرت بىلەن بولغان ئالاقىسى تولىمۇ قىيىن بولغان بولاتتى...» ⑩

ئۆز مەنىسىدىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك يېتىملىكىنى ئۇنىڭ ئېگىز تاغلىرى ۋە پايانسىز قۇملۇقلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەندىن كۆرە، يېقىنقى زامان دۇنيا تارىخىنىڭ ئاساسىي مېلودىيىسىنىڭ ئىچكى قۇرۇقلۇقتىن دېڭىز-ئوكيانلارغا يۆتكەلگەنلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دېيىش تۇزۇك ئىدى. دەرۋەقە، يىپەك يولى خارابلاشتى، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ كولدۇرما سادالىرى يەلكەنلىك كېمىلەرنىڭ گۈدۈك ئاۋازىغا ئورۇن بەردى. بالىياتقۇ شەكلىدىكى تارىم ئويمانلىقى غېرىبلەر ئارىلىغا ئايلاندى. جۇغراپىيىلىك يېتىملىك بۇ مىللەتنىڭ يېقىنقى زامان روھىي زەئىپلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە بەلگىلەپ قويدى. نەتىجىدە يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرى يېتىپ كەلگەندە «بەئەينى توپ ئوقى چۈشكەن بىر چوڭقۇر ئورەككە ئوخشايدىغان» ⑪ بۇ خىلۋەت ماكان دەۋردىن تولىمۇ ئارقىدا قالدى. XVI ئەسىرگە كەلگەندە كونا قۇرۇقلۇقتىكى يىپەك يولىنىڭ ئالتۇن دەۋرى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتى. يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى ۋە پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى قېرىپ، تىنىپ كەتكەن ئاسىيانى دەۋرنىڭ كەينىگە تاشلاپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى گويا زۇلمەتكە ئوخشايدىغان 500 يىل داۋامىدا «ئۇنتۇلغان زونا» غا ئايلانغان تارىم ۋادىسى ھېچقانداق بىر يېڭى مەدەنىيەتنىڭ غىدىقلىشىغا، ھېچقانداق بىر تاشقى تەسىرنىڭ زەرەتلىشىگە ئۇچرىمىدى. ھەر خىل گۈللەرنىڭ رەڭ-پۇراقلىرىدىن بەھرى ئېلىپ كۆنگەن ۋە ئۆز كۆڭلىنى ياشارتىپ ئۆگەنگەن بۇ «بۈيۈك ئاتا» ئاستا-ئاستا بەللىرى مۈكچەيگەن، ساقاللىرى چاڭگىلاشقان، ۋۇجۇدى قېرىغان بىر بوۋايغا ئايلاندى. ..نەۋائىيدىن كېيىنكى 500 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان مىللىي مەدەنىيىتىمىزدىكى «ۋائۇكۇملۇق» ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتىكى روھىي مەھكۇملۇق بىلەن تاشقى جەھەتتىكى تەنھا يېتىملىكنىڭ مەھسۇلى ئىدى⑫. مۇنداق روھىي غېرىبلىق مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى چىرىتىپ، مەنىۋى بېكىنمىچىلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. نەتىجىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا تۈركىي تىللىق قېرىنداش خەلقلەر بىلەن بولغان روھىي ئورتاقلىقمۇ سۇسلاشقا باشلىدى. خۇددى ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «يىپەك يولىنىڭ خارابلىشىشى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىگە قوشنا ۋە قېرىنداش ئۆزبېك خەلقى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ئۆز ئارا ئالاقىلىرىدىمۇ بىر بىرىگە بولغان بېكىنمىچىلىك، بىر بىرىدىن يىراقلىشىش، قاينام-تاشقىنلىق يىپەك يولى ئالاقىلىرىگە نىسبەتەن ياتلىشىش ھالىتى شەكىللەندى» ⑬.

**▲ ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى، نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر كامىللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى، ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرىدىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن، جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى.**

ئارنولد گىببون رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىشى توغرىسىدا مۇنداق جۈملىلەرنى يازغانىدى: «... ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقلىرىنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئالغا سىلجىتىش روھى بولمىدى، ئۇلار پەقەتلا ئوقۇدى، ماختىدى ۋە تەقلىد قىلىپ تۈزدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ھارغىن روھى پىكىر ۋە تەپەككۇردىن يىراق ئىدى. ئون ئەسىرلىك تارىخىي جەرياندا، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ ئىززەت-غورۇرى ۋە بەخت - سائادىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ھەر قانداق بىر بايقاشنى روياپقا چىقىرالمىدى. ئۆتمۈشتىن قالغان ئىدىيە سىستېمىلىرىغا بىرەرمۇ يېڭى ئۇقۇم قوشالمىدى. ئۇلارنىڭ بىر توپ سەۋرچان، ئۆتمۈشكە سېغىنغۇچى مۇرتلىرى بولسا كېيىنكى دەۋرنىڭ بىر يۈرۈش رايىش ۋەزخانلىرىغا ئايلاندى» ⑭. رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىش تارىخى تەدرىجىي يوسۇندا پەلەمپەيسىمان ھالەتتە روي بەرگەنىدى، ۋاھالەنكى، ماۋرائۇننەھر ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ چۈشكۈنلىكى تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى ئاخىرقى ئويغىنىش مەزگىلىدە ئېرىشىلگەن روھىي بالانسنى بىراقلا يوقىتىپ قويدى. ئاناتولىيە يېرىم ئارىلىدا باش كۆتۈرگەن ئوسمان تۈركلىرى ناھايىتى تېزلىكتە ۋىزانتىيە (شەرقىي رىم) ئىمپېرىيىسى ھالاكىتى ئۈستىگە ئۈچ قىتئەگە تۇتاشقان ئىمپېرىيىنى ۋۇجۇتقا چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن XVI ئەسىردىن كېيىن تەدرىجىي چۈشكۈنلىككە قاراپ يۈزلەندى. ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ چۈشكۈنلىككە يۈز تۇتۇشى ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ توسۇپ قالغىلى بولمايدىغان روھىي غېرىبلىقىنى ئاشكارىلاپ قويدى، شۇنداقلا مۇستەملىكىچىلىك دەۋرىنى ئاچقان خرىستىئان دۇنياسىنىڭ شەرققە بولغان خىرىسىنى

كۆچەيتتى. شەرقنىڭ ئىسلام گۈللىنىشى ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئەقلىي كامالەتنى ۋە پىكىر تاكامۇللۇقى ئاستا-ئاستا كەينىگە چېكىندى. مونتېسكيۇ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق كىتابىدا: «مەن بۇ يەردە ئوسمان تۈركلىرى ئىمپېرىيىسىنىڭ ھەددى-ھېسابسىز ئاجىزلىقلىرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ كېسەلمەن گەۋدە ئۆزىنى مۆتىدىل ۋە لايىقىدا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، كۈچى تۈگەپ كېتىۋاتقان دورىدەك تېشى پال-پال ئىچى غال-غال بولۇپ قالماقتىكەن... ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر ھەممىدە مۇكەممەللىشىشكە قاراپ كېتىۋېتىپتۇ. يېڭى كەشپىياتلارنى ئۇلار بەلكىم سان-ساناقسىز زىيانلارنى تارتقاندىن كېيىن ئاندىن قوللانسا كېرەك» ⑮ دەپ يازىدۇ. مونتېسكيۇ يەنە تېخىمۇ كونكرېت قىلىپ مۇنداق يازىدۇ: «ئىستانبۇل بىلەن ئىسپاھان دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپېرىيىنىڭ پايتەختى، ھەممە مۇشۇ ئىككى مەركەزگە ئىنتىلىدۇ. بىراق بۇ ئىككى پايتەختنىڭ ئۆزى بولسا كۈندىن - كۈنگە خارابلىشىۋاتىدۇ... بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا يۈز بېرىۋاتقىنى ئۇششاق-چۈششەك پاراكەندىچىلىك بولماستىن، بەلكى غەزەپ-نەپرەت بىلەن توغ كۆتۈرۈپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ھازىرلىنىش ئىكەنلىكىنى كۆردۈم... بۇ يەر ئىككى ئەسىرگە قالماي زېمىن تالاشقۇچىلارنىڭ ھەيۋەتلىك ئۇرۇش مەيدانىغا ئايلىنىپ قالار، بەلكىم» ⑯. دەرۋەقە، مونتېسكيۇنىڭ بۇ بېشارىتى خاتا بولمىدى. ئۇنىڭ 1721-يىلى ئېيتقان بۇ سۆزلىرى 1911-يىلىدىن 1913-يىلىغىچە بالقان يېرىم ئارىلىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەردىن تەشكىللەنگەن مۇداخىلىچى قوشۇننىڭ ھالسىراپ ئاخىرقى تىنىقى قالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى تېررىتورىيىسىگە باستۇرۇپ كىرىپ نۇرغۇن جايلىرىنى بېسىۋېلىشى بىلەن ئىسپاتلاندى.

ھالبۇكى، تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ زەئىپلىشىۋاتقان ھالىدىنمۇ بەتتەر ئىدى. «XVI ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھەممە جەھەتتىن چۈشكۈنلۈك قايىنىمىغا كىرىپ قېلىشى مۇقىملىشىپ قالغانىدى» ⑰، «مۇھەممەد شەيبانىخان تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ قالدۇق زېمىنلىرىنى قايتا قۇرۇش خام خىيالىنى سۈرۈۋاتقان چاغدا، دۇنيانىڭ يەنە بىر تەرىپىدە، پورتۇگالىيىلىك بىر ماتروس ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىقتىسادىي زەئىپلىك تەقدىرىنى بەلگىلەپ قويدى. بۇنداق زەئىپلىك تاكى XX ئەسىرگىچە داۋاملاشتى. 1498-يىلى ۋاسكو داگامانىڭ ئۈمىد تۇمشۇقى ئارقىلىق شەرققە بارىدىغان دېڭىز يولىنى ئېچىشى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ خەلقئارا سودا يولىدىكى مۇھىم ئورنىنى بىكار قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يىپەك يولىنىڭ ئۆز ئەھمىيىتىنى يوقىتىشى، ئۆز نۆۋىتىدە ئوتتۇرا ئاسىيا ئىقتىسادىنىڭ ئومۇميۈزلۈك چېكىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى» ⑱. يەنە بىر تەرەپتىن «ئەمىر تېمۇر ئەۋلادلىرى ماۋرا ئۇننەھر ۋە خۇراسان رايونلىرىنى قايتا تۇتۇپ تۇرالىغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي ئەمەلىيەت ئۇلارنىڭ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدىغان، ھەتتا دۆتلۈكى چىقىپ تۇرىدىغان يارىماس ھۆكۈمرانلار ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. سىرتقى كۈچلەرنىڭ خىرىسى ۋە مۇداخىلىسىگە دۇچ كەلگەن چاغدا، ئۇلار ھەتتا ئۆز ئىچىدىكى جېدەل-ماجىرالىرىنىمۇ بېسىقتۇرۇشقا قۇربى يەتمىدى..» ⑲. شۇنداق قىلىپ، تېمۇرىيلەر دەۋرىدە قولغا كەلگەن ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. نەۋائىينىڭ ئىجادى ئارقىلىق تىكلەنگەن پىكىر كامىللىقى قايتا مەيدانغا كېلەلمىدى. ئەقلىيلىك پرىنسىپلىرىدىن خالىي، تەپەككۇر نامراتلىقى ھۆكۈم سۈرگەن ۋە جاھالەت تۇمانلىرىغا ئورالغان تۇرغۇنلۇق دەۋرى باشلاندى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاققا سوزۇلغان غېرىبلىق ئازابى ئىچىدە كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە كىرىپ كەلدى...

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ھەر قانداق مىللەتنىڭ تەرەققىيات تارىخى تۈز سىزىق بويىچە ئىلگىرىلىگەن ئەمەس، بەلكى گاھ ئۆرلەپ، گاھ پەسىيىپ تۇرىدىغان زەنجىرسىمان ھالقىدا بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولغان. ۋاھالەنكى، يېقىنقى زامانغا كەلگەندە تارىخىي چۈشكۈنلۈككە يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۆتمۈشتىكى سەلتەنەتنى قايتا تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولالمىدى. ئىقتىسادىي قاششاقلىق، سىياسىي مۇقىمسىزلىق ۋە روھىي مەھكۇملۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان پاسسىپ پىسخىك كىلىمات مىللەتنىڭ ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە مەنىۋى غالىبلىق خاراكتېرىنى ئاجىزلاشتۇردى. ئۇزاققىچە يېڭىلانماي، تۇرغۇن ھالەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ئىچكى روھىي تىنىدۇرما بارغانسېرى تىنىپ، قېتىپ كەتتى. خۇددى مونتېسكيۇ ئېيتقاندەك: «خەلققە يېتەرلىك جاسارەت ئاتا قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان زورۇر نەرسىلەردىن ۋاز كېچىلسە، مىللەت ئاستا-ئاستا خارابلىشىدۇ» ⑳. نەۋائىيدىن كېيىن تاكى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بىزنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرىمىزدا پارتلاش خاراكتېرلىك پىكىر ئىنقىلابى بولۇپ باقمىدى. نىزامىيدىن باشلىنىپ، نەۋائىي ئىجادىدا يۈكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن «خەمسە» لەر، ئاشىق-مەشۇقلار داستانلىرى، پەند-نەسىھەت مەزمۇنىدىكى ئەسەرلەر، پەيغەمبەرلەر رىۋايەتلىرى كېيىنكى 500 يىل مابەينىدە تەكرار - تەكرار يېزىلدى. سەۋرچان خەتتاتلار تەرىپىدىن سانسىز قېتىم كۆچۈرۈلدى، موللا خەلپەتلەر تەرىپىدىن ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئوقۇتۇلدى. مەدداھ - ۋائىزلار تەرىپىدىن تۈكۈرۈك چاچراندىلىرىغا ئايلانغىچە سۆزلەندى... لېكىن بىرلا نەرسە — يەنى پىكىر يېڭىلانمىدى، تەپەككۇر ئۇسۇللىرى ئىسلاھ قىلىنمىدى، يېڭىلىق يارىتىلمىدى. ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى قاتارلىقلار راستىنلا نەۋائىيدىن كېيىنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يەنە بىر قېتىملىق ئاتالمىش «ئالتۇن دەۋرى» نى ئاچالىدىمۇ!؟ ئېنگېلس «ئىقتىسادتا قالاق دۆلەت پەلسەپە جەھەتتە بىرىنچى ئىسكرىپكىنى چېلىشى مۇمكىن» ㉑ دەيدۇ. خەيرىيەت، تېمۇرىيلەر دەۋرىدىن كېيىن كۇنساناپ

ئىقتىسادىي زەئىپلىككە، سىياسىي مەھكۇملۇققا يۈز تۇتقان ئوتتۇرا ئاسىيا كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا نېمىلەرنى قالدۇرالىدى؟ . . .

توغرىسىنى ئېيتقاندا، نەۋائىيدىن كېيىنكى بەش ئەسىر بىزگە «ئۇلۇغۋار پەلسەپە» لەرنى ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر قاتماللىقىنى؛ ئىجادىيەت ئېڭىنى ئەمەس، بەلكى تەكرارلاش كېسەللىكىنى؛ ئەقىل مېۋىسىنى ئەمەس، بەلكى دىنىي ئەسەبىيلىكنى قالدۇرۇپ كەتتى. ئەدەبىيات-سەنئەتتە ئاۋۋالقىلارغا تەقلىد قىلىدىغان دورامچىلىق، تەكرار يېزىش، ئىجادىيەت ئىلھامىنى ئۆز مىللىتىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىن ئەمەس، بەلكى ئەرەب-پارس مەنبەلىرىدىن ئىزدەشتەك خاھىشلار ئەۋج ئالدى (ئەلۋەتتە بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەتلەرنىمۇ تامامەن ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ). ياقۇپبەگ دەۋرىدە قەشقەرىيىگە كەلگەن چاررۇسىيە ھەربىي ئەمەلدارى كوروپاتكىن ئۆز دەۋرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ دۆلەتتە ئىلىم-پەن ئىشلىرى تەرەققىي قىلىۋېتىپتۇ دېگەندىن كۆرە، تۈگىشىپ كېتىپتۇ دېگەن تۈزۈك. بۇخارا ۋە ئەرەب ئاپتورلىرى يازغان بەزى ئەسەرلەردىن باشقا، قەشقەرىيىدە تىلغا ئالغۇدەك ئەدەبىيات-سەنئەت دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. بۇ دۆلەتنىڭ كۆپ جايلىرىنى ئايلىنىپ چىققان بولساقمۇ، ھېچقانداق يەردە بىرەر كۇتۇپخانا ئۇچراتمىدۇق»㉒. گەرچە، كوروپاتكىن ئۆز خاتىرىسىدە بەزى ئەھۋاللارنى تامامەن مۇتلەقلەشتۈرۈپ يازغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بايانلىرى يەنىلا ئۆز دەۋرىنى چۈشىنىشتىكى مۇھىم يازما ماتېرىيال ئىدى. بىز 1859-يىلى قەشقەرىيىگە كەلگەن رۇسىيىلىك سەيياھ چوقان ۋەلىخانوۋ (1835-1865) نىڭ خاتىرىلىرىدىنمۇ ئۆز دەۋرىدىكى دىيارىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق رېئاللىقىنى كۆرەلەيمىز.

قىسقىسى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ تېمۇرىيلەر ئىمپېرىيىسى يىمىرىلىپ، ئاخىرقى ئويغىنىش دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى مەنىۋى چۈشكۈنلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىۋەتكەنىدى. شۇڭلاشقا «ئىشىق» ئوتىغا مۇپتىلا بولغان شاھ مەشرەپ؛ «نە گۇناھ قىلدىم، خۇدا، دۇنيادا مەن بولدۇم غېرىب!»㉓ دەپ نىدا قىلسا، شائىر موللا بىلال بىننىي موللا يۈسۈپ نازىمى (1822-1900):

ئۆزۈم ئادىمىلەر فەقىرى ئىدىم،
فەقىر نە دېمەكتۇر، ھەقىرى ئىدىم.
ئۇ ئەلدە يۈردۈم يامانلار بىلە،
خەرابات ئىچرە جەۋانلار بىلە.㉔

دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئاسىيا-ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى تەنھا ئارال بولۇپ قالغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۇزاق مۇددەتلىك بۇرۇختۇم مەنىۋى كېلىماتتا ئېغىر غېرىبلىق بوپىسىنى ئۆزىنىڭ كېسەلمەن گەۋدىسىگە يۈدۈپ، رىقابەتكە تولغان XX ئەسىرگە كىرىپ كەلدى.

▲ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تەركىدۇنياچىلىق ۋە ئەسەبىيلەرچە دىنىي تەرەپبازلىققا ئورۇن بەردى. يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ بەختسىز سەھىپىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى.

مەلۇم بىر مەدەنىيەت سىستېمىسىدا ئورتاق روھىي بىرلىكنى تۇتۇپ تۇرغۇچى چوڭ كېلىمات ئۆز تەكىپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھامان، ئۇنى تەشكىل قىلىپ تۇرغۇچى ئۇششاق كېلىماتلارغا مەنىۋى يوقىتىش ئېلىپ كېلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەتنىڭ گېنىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئىچكى پىسخىك تىندۇرمىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ. ئەرەب ئىمپېرىيىسى يىمىرىلگەندىن كېيىنكى پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ كۈچلۈك تەھدىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئىسلام روھىنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە كونسايىن ئەسلى ماھىيىتىدىن چەتنەپ كېتىشىدىن كېلىپ چىققانىدى. ئەرەب خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە ئىسلام مىزانلىرى بارغانسېرى بۆلۈنۈش ھاسىل قىلىۋاتقان سىياسىي گۇرۇھلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن پايدىلىنىپ كېتىلدى. شۇنداقلا پەيغەمبەر ۋە تۆت چاھارياردەۋرىدىكى ئەسلى مەزمۇنىدىن كۆپ دەرىجىدە يىراقلاپ كەتتى. مەزھەپلەر كۆرىشى، دىنىي تەرەپبازلىق، ئەسەبىي تەركىدۇنياچىلىق ۋە تۈرلۈك-تۈمەن شەرھىي - پەتىۋالار ئېتىقادتىكى كىرىزىسنى كۈچەيتىپ باردى. شۇندىن باشلاپ ئورتاق روھىي بىرلىككە ئېرىشكەن مۇسۇلمانلار دۇنياسى مەنىۋىيەتتە چاك-چېكىدىن بۆلۈنۈش، ئىجادىي قۇدرىتى بوغۇلۇش قىسمىتىگە دۇچار بولدى. ئارنولد تويىنبى ناھايىتى توغرا ئېيتقانىدى: «زەئىپلىشىش — ئىجادىيەت كۈچىنىڭ يوقالغانلىقىدىن، بۆلۈنۈش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن ۋە ئۆزىنى ئۆزى بەلگىلەش ئىقتىدارىنىڭ يوقالغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. زەئىپلىشىشنىڭ سەۋەبى ماددىدا ئەمەس روھىيەتتە، سىرتقى ئامىللاردا ئەمەس، ئىچكى ئامىللاردا بولىدۇ. زەئىپلىشىش ئىچكى كېسەللىكتىن كېلىپ چىقىدۇ، بەلكى مۇقەررەر ھالدا ھادىسە سۈپىتىدە ماددىي سەۋەبلەردىن ئاۋۋال روي بېرىدۇ»㉕

دەرۋەقە، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقىنىڭ روھىي غېرىبلىقىنى يەنىمۇ ئاشۇردى. مىللىي روھ ۋە مىللەتنىڭ ئۆزلۈك ئېڭى تەركىدۇنياچىلىق ۋە ئەسەبىيلەرچە دىنىي تەرەپبازلىققا ئورۇن بەردى. يېقىنقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ ئەڭ بەختسىز سەھىپىلىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. بەدەخشان ۋە ماۋارا ئۇننەھردە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجە قازىنالمىغان رىياكار ئىشانلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىقارغان «مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ پالانچى پۇشتى» دېگەن پەتىۋانى خۇرجىنىغا يۈدۈپ، تارىم ئويمانلىقىغا ئارقا-ئارقىدىن كىرىپ كەلدى. بەدەخشان

ۋە بۇخاراغا پاتمىغان، تېگى - تەكتى گۇمانلىق ئاشۇ بىر توپ پۇرسەتپەرەسلەر قانداق قىلىپ تارىم ئويمانلىقىدىكى بەختسىز خەلقنىڭ روھىي تۈۋرىكى بولۇپ قالدى؟ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ «پۇشتى» لىرى قانداقلارچە پەيغەمبەر ۋاپاتىدىن مىڭ يىل كېيىن تۇيۇقسىزلا تارىم ئويمانلىقىدا پەيدا بولۇپ قالدى؟ ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا 5-ئەۋلاد دالاي لاماغا باش ئۇرۇپ، 1678-يىلى قەشقەرگە جۇڭغار قالماقلىرىنى باشلاپ كىرگىنىدە؛ قارا تاغلىقلار پېشىۋاسى بۇرھانىددىن خوجا ئاق تاغلىق خوجىلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مەنچىڭ چېرىكلىرىنى چىللاپ كەلگىنىدە؛ ۋەلىخان تۆرە قىزىل دەرياسى بويىدا ئادەم كاللىسىدىن مۇنار ياسىغىنىدا؛ 1865-يىلى ئىلى قوزغىلىڭى ۋاقتىلىق غەلىبىگە ئېرىشكەن پەيتتە، قوقاندىن كەلگەن پوچى مەھمۇد ئىسىملىك قىرى خوجا ئۆزىنى «غەۋسۇلئەززەم ئەۋلادى» دەپ ئاتاپ ئوت قويۇرۇقلۇق قىلغىنىدا ۋە قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈرۈشكە قۇتراتقۇلۇق قىلغىنىدا، نېمە ئۈچۈن ھېچكىم: «ياق، بولدى بەس! پەيغەمبەر پۇشتى مۇنداق نائىنساپ بولمايدۇ، بىزنىڭمۇ ئۆز تاللىشىمىز بار! . . . » دېيەلمىدى؟ يەنە نېمە ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيا يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىغا چۆمۈلگەن 30-يىللاردا، ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللا تەپ تارتماستىن دەريا-دەريا قانلارنى تۆككەن جاللات شېڭ شىسەينى كۆككە كۆتۈرۈپ: «ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن يەنە پەيغەمبەر كېلىدۇ دېيىلگەن بولسا، چوقۇم شېڭ دوبەن جانابلىرى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز بولۇپ كەلگەن بولاتتى» ㉖ دەپ جۆيلۈپ يۈرەلىدى! ؟ . . . روھىي مەھكۇملۇق ئازابىنى يەتكىچە تارتقان، ۋۇجۇدى قۇرۇغان، تارىم ئويمانلىقىنىڭ پىنھان سۇكۇتلىرىگە كۆنۈككەن بۇ مىللەتنىڭ سانسىزلىغان قاباھەتلىك تۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزۈپ، ئۆز ئۆتمۈشىنى بۈگۈنگە ئۇلىغانلىقى كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ئويغا سالىدۇ.

كوروپاتكىن مۇنداق دەپ يازىدۇ: «XV — XIV ئەسىرلەردە، بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت نۇرغۇنلىغان تالىپلارنىڭ ئىسلام دىنىي ئەقىدىلىرىنى-ئۆگىنىدىغان ۋە قوبۇل قىلىدىغان مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. بۇ تالىپلار ئەۋلىيا ۋە كارامەتچى دېگەن ئاتاققا ئېرىشىش ئۈچۈن ئىسلامىيەتنى تەشۋىق قىلاتتى. XV ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، مۇشۇ مەركەزلەردە راۋاجلاندۇرۇلغان بۇ تەلۋىلەرچە ئەسەبىيلىك ۋە ساختىپەزلىكلەر قەشقەرىيىگىمۇ تارقالدى» ㉗. ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز قەشقەرىيىنىڭ دەسلەپكى تارىخىنى بايان قىلغان چېغىمىزدا، بۇ ئەلنىڭ تېمۇرلەڭ دەۋرىدىكى ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئېلىپ كەلگەن بارلىق بەختسىزلىكلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەنىنىڭ سىرتىدا، يەنە بىر مۇنچە مۇسۇلمان ئەۋلىيالىرى ۋە كارامەتچى تېجىمەللەرنىڭمۇ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. بۇ ئادەملەرنىڭ تەلۋىلەرچە دىنىي ئەسەبىيلىكى، ساختىپەزلىكى ۋە مەزھەپچىلىكى بۇ دۆلەتتە تاكى بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان يېڭى بەختسىزلىكنىڭ تۈپ نېگىزىدۇر» ㉘.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، پاراكەندىچىلىك ھۆكۈم سۈرگەن خوجىلار دەۋرىدە مىللىتىمىز روھىي جەھەتتە مەھكۇملۇققا دۇچار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ماددىي موھتاجلىق، جىسمانىي سۈپەتتە چېكىنىش، نوپۇسى ئېغىر دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىشتەك قىسمەتلەرگىمۇ دۇچ كەلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مىللەت گەۋدىسىنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان مىللىي روھ ۋە ئۆزلۈك ئېڭى بارا-بارا سۇسلىشىپ باردى. XV ئەسىردىن كېيىن، بولۇپمۇ خوجىلار پاراكەندىچىلىك سالغان دەۋرلەردە «ئۇيغۇر» دېگەن نامىمىز تامامەن دىيارىمىزدا ئىستېمالدىن قېپقالدى. «〈ئۇيغۇر〉 دېگەن ئېتنىك نام XV — XIV ئەسىرلەردىن كېيىن ئاساسەن گەنسۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئارىسىدىلا ساقلىنىپ قېلىپ، ئىسلام دىنىغا كىرگەن ئۇيغۇرلار ئىچىدە بارا-بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىغانىدى» ㉙. بۇنىڭ بىلەن مىللىتىمىز ئۆزىنىڭ مىللەت نامى بىلەن ئاتالماي، بەلكى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان شەھەر ياكى يۇرت ناملىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. خۇددى مەرھۇم ئەنۋەر بايتۇر ئەپەندى كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك: «خوجىلار دەۋرىدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ 〈ئۇيغۇر〉 دېگەن نامىنىمۇ ئۇنتۇپ، قەشقەرلىك، يەكەنلىك، ئالتەشەھەرلىك، يەتتەشەھەرلىك دەپ ئاتىشىدىغان بولدى. . . » ㉚. كوروپاتكىنمۇ: «بىز بۇ ئەلدە قەشقەرلىقلەر، يەكەنلىكلەر، خوتەنلىكلەر، ئاقسۇلۇقلار، كۇچالىقلار ۋە تۇرپانلىقلار دەپ ئاتالغانلارنى ئۇچراتتۇق. ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا تائىپىگە كىرىدۇ» ㉛ دەپ يازىدۇ. شۇنىڭدىن قارىغاندا، ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسىگە قارىغاندا يەرلىك تار يۇرتچىلىق قارىشى كۈچلۈك بولىدىغان، ئىچكى ئۇيۇشۇش كۈچى ئاجىز، ھەرقايسى يۇرتلار ئارا پىسخىك خاراكتېر پەرقى نىسبەتەن چوڭ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەر مىللىتىمىزنىڭ مەنۋى تىندۇرمىسىغا خوجىلار دەۋرىدىلا چوڭقۇر ئىز سالغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى تۈرلۈك مەزھەپتىكى بەدەخشان خوجىلىرى ئۆزئارا بىر - بىرىدىن ئۈستۈنلۈك تالىشىپ، ھەدەپ مۇرىت توپلاپ، پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككى چوڭ لاگېرغا، نەچچە ئونلىغان ئۇششاق مەزھەپلەرگە بۆلۈپ تاشلىغانىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، تارىم ۋادىسىدا مىللەتنى بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە قىلىپ تۇرغان مىللىي ئاڭ ئاجىزلىشىپ، ھەرقايسى بوستانلىقلار ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلىپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئۆز ئارا شەرت قىلمايدىغان، ئومۇمىي مىللەت گەۋدىسىنى ئەمەس، بەلكى تار يۇرتچىلىق كاتېگورىيىسىنى ئۆز غايىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى مىزانى ھېسابلايدىغان ئىچكى چېچىلاڭغۇ پىسخىكا شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سەئىدىيە خانلىقى يىمىرىلگەندىن تارتىپ تاكى ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى غۇلىغانغا قەدەر تارىم ۋادىسىدا تىنچلىق موللا مۇسا سايرامى ئېيتقاندەك «گويا سۇمرۇغ قۇشىدەك كۆھقاپنىڭ ئىچىدىن ۋەتەن تۇتتى». تۈگىمەس ئۇرۇش-جېدەللەر، ئەسەبىيلەرچە تەرەپبازلىقلار، پىر-ئەۋلىيالار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى نىزالار مىللەتنىڭ ئىچكى ھاياتىي كۈچىنى خورىتىپ، روھىي

خامۇشلۇق گىردابىغا ئىلىپ باردى. نوپۇس زور دەرىجىدە كېمىيىپ كەتتى. كوروپاتكىننىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، خوجىلار يېغىلىقى باستۇرۇلغاندىن كېيىن، قەشقەرىيىدىن 100 مىڭ كىشى خوجىلارغا ئەگىشىپ قوقانغا قاچقان. ئۇلارنىڭ ئاز قىسمى قوقان تەۋەسىگە يېتىپ بارغاندىن باشقا مۇتلەق كۆپچىلىكى زېمىستان قىشنىڭ قار-شىۋىرغانلىرىدا ئاچ-يالىڭاچلىق ۋە سوغۇقتىن ئۆلۈپ كەتكەن، 1857-يىلى ۋەلىخان تۆرە قوقانغا قاچقاندا قەشقەرىيىدىن يەنە 15 مىڭ ئادەم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، قوقانغا سەپەر قىلغان. [32] خوجىلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىكلىرى ۋە يېگىلگەن هامان بەدەخشان، قوقانلارغا قېچىشلىرى داۋامىدا تۇركۇم-تۇركۇم خەلقىمىز ئۇلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ئېغىر تالاپەتلەرگە ئۇچرىغان. «خوجىلارنىڭ قەشقەرىيىدە ئۆز هۆكۈمرانلىقىنى تىكلەش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان هەرىكەتلىرى بۇ ئەلگە زور زىيان كەلتۈردى. بىر قانچە مىڭ بىگۇناھ ئادەم ناھەق ئۆلتۈرۈلدى. مۇشۇ ۋەقەلەرنىڭ باش جىنايەتچىلىرى ۋە ئاساسلىق قاتناشقۇچىلىرى بولسا ئۆلجىلىرىنى ئالغاچ قېچىپ كېتىپ خاتىرجەم ياشاۋەردى، ئۇلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەن يەرلىك خەلق مىسلىسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى...» [33]

ئىسلام دىنى ئەسلى ماهىيىتىدىن ئەقىلنى تەشەببۇس قىلغۇچى دىن بولۇپ، ئۇنىڭ بارلىق مىزانلىرى ۋە نەزەرىيىۋى ئاساسى ئىنساننىڭ ئەقلىي هەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىغا مەركەزلەشكەندى. ئۇ ئۆز تەلىماتلىرىدىكى ئىنسان قىممىتى نۇقتىئىنەزەرىنى «قۇرئان» دىكى، ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىنلا ئۇلۇغلانغانلىقى، ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىلغانلىقى، قەلبىگە ئاللا سىرلىرى كۆمۈلگەنلىكىدەك بىر قاتار بايانلار ئارقىلىق دەلىللەيدۇ. ئوتتۇرا ئەسىر ئەرەب ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاجايىپ گۈللىنىشىگە ئىسلام روھىدىن قاناتلانغان ئەقلىي تاكامۇللۇق ۋە ئىزدىنىش روھى سەۋەب بولغانىدى. لېكىن، تولىمۇ ئەپسۇس، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەرگە كەلگەندە پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى چۈشكۈنلىككە پېتىپ قالدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسى ئۆزىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان تۇرغۇنلۇق دەۋرىگە كىرىپ قالدى. ئىسلام دىنى بىر ئەقلىي دىن بولۇشىغا قارىماي كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئەقلىي تەپەككۇرىمىز نېمە ئۈچۈن كەينىگە چېكىنىپ كەتتى؟ نەۋائىيدىن كېيىنكى بەدىئىي ئىجادىيىتىمىز نېمە ئۈچۈن پەسكويغا قاراپ يۈزلەندى؟... ئىنسانىي هوقۇقىمىز، كىشىلىك غورۇرىمىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىمىز چوقۇنغان، ئىخلاس قىلغان «پىر»، «ئەۋلىيا»، «ئۇلۇغ» لار تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىندى؟...

شۇنىسى ئېنىقكى، خوجا — ئىشان، پىر — ئەۋلىيالار تەرغىب قىلىۋاتقان تەركىدۇنياچىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىغا تۈپتىن زىت ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەنمەنچىلىكى ۋە سىياسىي مەقسەتلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەسلىدىكى پەلسەپىۋى ئېقىم بولغان سوپىزمنى زور دەرىجىدە بۇرمىلىدى ۋە ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردى. ئۇلار تەرغىب قىلغان زاهىدلىق، قۇلچىلىق ۋە پىر — ئۇستاز تۇتۇش تەشەببۇسلىرى ئەسلىدىكى تەسەۋۋۇپ تەلىماتلىرىغىلا زىت بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە تەسەۋۋۇپنىڭ ئەسلى مەنبەسى بولغان «قۇرئان» سۈرىلىرىگىمۇ زىت ئىدى. نەتىجىدە بىزدىكى ئىسلام دىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماهىيىتىدىن تولىمۇ يىراقلاپ كەتتى. مىللىتىمىزنىڭ خۇراپاتلىق بىلەن قېتىغان، ئەسەبىي تەرەپبازلىقتىن گاڭگىرىغان كاللىسىغا خوجا-ئىشانلارنىڭ ئىنسان تەبىئىيىتىگە قارشى پەتىۋالىرى سىڭىپ كەتتىكى، «قۇرئان» دىكى «ئۇلار ‹قۇرئان› ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟» [34] دېگەن ئايەتلەرگە ئورۇن قالمىدى. ئۇلار بەدەخشانلىق كاززاپ خوجىلارغا ئەگىشىپ، ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا، بىر - بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە، ئىنسانىي هوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىشكە؛ مازار-خانىقالاردا تۈنەشكە رازى بولدىكى، هەرگىزمۇ: «بىز ئىنسان، بىز تەپەككۇر ئىگىسى، بىز ھەممىمىز تىلى، دىنى، قېنى بىر بولغان قېرىنداش، بىزنىڭ ئۆزىمىزنى سۆيۈش، هاياتنى قەدىرلەش هوقۇقىمىز بار!» دېگەنلەرنى ئويلاپ قويمىدى[35]. ھەتتا ئۆزىنى پىر — ئەۋلىيا دەپ ئاتىۋالغان قوقانلىق ئاققۇن - پوچى مەھمۇد «دەرەخنى زەمبىرەكتەك ئاتالايمەن» دەپ ساختىپەزلىك قىلغىنىدا، قوزغىلاڭچىلار رەھبىرى مۇئەززەمخاننى ئۆلتۈرۈپ ئۆزىنى «ئىلى سۇلتانى» دەپ جاكارلىغىنىدا، قان كېچىپ جەڭ قىلغان قوزغىلاڭچى ئامما سۈكۈت قىلدىكى، بىر ئېغىز قارشىلىق قىلمىدى. «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى هازىرقى زامان ئۇيغۇرلىرى ئىچىدە تۇنجى قېتىم قوللانغان تارىخچى هەم ئەدىب نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئىلى قوزغىلىڭى توغرىلىق ئېچىنىش ئىچىدە مۇنداق قۇرلارنى يازدى: «... هۆكۈمەت خوجىلار قولىغا كىرگەندىن كېيىن، تارانچى دىيارىدا تىنچلىق — ئاسايىشلىق يوقاپ كەتتى. ئەمما خەلقىمىز خوجاملارغا بولغان ئامراقلىقىدىن ئۇلارغا قارشى سۆز ئېيتىشتىن قورقاتتى. چۈنكى خوجىلارنىڭ ياخشى ئىشلىرى كارامەت، يامان ئىشلىرى ئىمتىهان دەپ قارىلاتتى. بۇ بەۋەك خوجىلار ئۇيغۇر بالىلىرىغا نېمىلەرنى كۆرسەتمىدى دەيسىز! ئافاق خوجا ئالتىشەهەرنى قالماقلار قولىغا تاشلاپ بېرىپ، هۆرلۈككە خاتىمە بەردى. خوجىنىڭ بۇ ئىشىغا نارازىلىق كۆرسەتكەن ئۇيغۇر بالىسى بولمىدى، تولىراقى بۇ ئىشنى تەقدىرگە جورىدى.

پەلەكنىڭ چەرخى چۆرۈلدى، جاهاننى ئالدى قۇنتاجى،
خۇدانىڭ تەقدىرى شۇنداق، ئاتام قالماق بىلەن ناجى.

دەپ ئافاق خوجىنىڭ ئوغۇللىرى ئۇيغۇرلارنى ئاق تۇغ، قارا تۇغقا ئاجرىتىپ، شەهەرلەردە قان دەرياسى ئاققۇزدى، بۇنى هەم كارامەت دەپ سانىدى. ئەهمەدخان خوجا ئابدۇروسۇل ئەمرىنى ئۆلتۈرۈپ، تارانچىلارنىڭ داڭلىق سەردارىنى يوقاتتى. قېرى خوجا ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچتى. بىچارە ئۇيغۇرلار قارىغۇلارچە ئېتىقادلىرىنىڭ نەتىجىسىدە، خوجىلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچراشتىن قورقۇپ، بۇلارنىڭ هېچبىرىگە زۇۋان سۈرمىدى. هېلىهەم ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى بېشىغا بىرەر بالا كەلسە، خوجاملاردىن مەدەت

سورايدۇ، بىرەر قازاغا ئۇچرىسا خوجىلار نامىغا چىراغ ياقىدۇ ۋە خەتمە-نەزىر بېرىدۇ. مانا بۇ جاھالەت!.. .» ㊱

مىللىتىمىز روھىيىتىدىكى مۇنداق چېكىدىن ئاشقان مەھكۇملۇق تارىم ۋادىسىدا ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىنسانىي ھوقۇق، كىشىلىك قەدىر-قىممەت ۋە ئادىمىي تەلەپلەرنى كۆندىلىك تۇرمۇش كۆنتەرتىپىدىن چىقىرىپ تاشلىدى. خەلق «پىر»، «ئۇستاز» دەپ پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن قوقانلىق قوغلاندى خوجىلارغا باش قويغىنى بىلەن، بىراق ئۇلار بولۇپمۇ «قوقانلىقلار ھىمايە قىلىپ تۇرغان ۋەلىخان تۆرە يەرلىك ئاھالىنى ناھايىتى پەس كۆرەتتى» ㊲. ۋەلىخان تۆرە ئۇششۇقلۇقتا ئۇچىغا چىققان سىياسىي پۇرسەتپەرەس بولۇپ، دۇنيا دېموكراتىك ئىدىيىلەر دەۋرىگە كىرگەن XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇ قەشقەر قىزىل دەرياسى بويىدا ئۆزى ئۆلتۈرگەن ئادەملەرنىڭ كاللىسىدىن مۇنار ياسىغان. خەلق «ئۇلۇغ» لار دەپ ئەگەشكەن بۇ ئاتالمىش «پەيغەمبەر پۇشتى» لىرىنىڭ قىلمىشلىرى ئىسلام دىنىنىڭ قايسىبىر مىزانىغا باب كېلىدۇ؟ پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسىبىر كۆرسەتمىسىگە توغرا كېلىدۇ؟ دەرھەقىقەت، خوجىلارنىڭ تەرغىب قىلىۋاتقىنى ئىسلامىيەتتىن پۈتۈنلەي چەتنىگەن، ئويدۇرما سەپسەتە، خالاس. ئىسلام دىنى قېرىنداشلار ئارا قان تۆكۈشنى ئەمەس، بەلكى مېھرىبانلىقنى، كەڭ قورساقلىقنى ۋە چىن دوستلۇقنى تەشەببۇس قىلىدۇ. «قۇرئان» دىكى «سىلەر بىر-بىرىڭلاردىن تۆرەلگەن» (3:195)، «سىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن دىنداشسىلەر» (4:25)، «كىمكى ئاللاغا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئاسىيلىق قىلىپ، ئاللانىڭ قانۇنلىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىكەن، ئاللا ئۇنى دوزاخقا كىرگۈزىدۇ» (4:14) دېگەن ئايەتلەر شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىش زۆرۈركى، ئاتالمىش «ئۇلۇغ» لارنىڭ ياخشى ئىشلىرى كارامەت، يامان ئىشلىرى ئىمتىھان سانىلىدىغان بۇنداق ھوقۇقنى ئاللا مۇھەممەد پەيغەمبەرگىمۇ بەرمىگەن. ھالبۇكى، خوجا-ئىشانلار ئۆز مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن تەپ تارتماستىن ئاللا نامىدىن سانسىزلىغان پەتىۋالارنى توقۇپ چىقاردى. ۋەلىخان تۆرە ئۆز دەۋرىدىكى قەشقەردە «ئالتە ياشتىن يۇقىرى بارلىق ئەرلەرنى باشلىرىغا سەللە ئوراشقا ۋە كۈنىگە بەش قېتىم مەسچىتكە بېرىپ ناماز ئوقۇشقا مەجبۇر قىلغان. بۇ مەسىلىدە ۋەلىخان تۆرە ئىنتايىن رەھىمسىزلىك قىلغان. بۇ تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلدىڭ دەپ ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر نەچچە ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ تۇرغان. بۇنىڭ نەتىجىسىدە قەشقەردىكى قىزىل دەرياسى بويىدا يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن بىنا بولغان ئادەم كاللىسى مۇنارىسى (پىرامىدا) بارغانسېرى ئېگىزلەۋەرگەن. گۇناھكارلارنىڭ باشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن چېپىش — ۋەلىخان تۆرە ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر خىل ئەرمەك ئىدى. ھالبۇكى، بۇنداق پۇرسەت ئۇنىڭغا ھەمىشە تەييار تۇراتتى. بۇ مۇستەبىتنىڭ ئالدىدا بىرەر ئورۇنسىز ھەرىكەت ياكى سۆز قىلىپ قويغان، ھەتتا ئەسنەپ قويغان بەختسىز ئادەم ئۆزىنى ئەمدى تۈگەشتىم دەپ ھېسابلىسا بولۇۋېرەتتى. گېرمانىيىلىك ئالىم ئادولفۇس شلاگىنتۋېيت (AdolfusSlagintvyt) دەل ئۇنىڭ قولىدا ئەنە شۇنداق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى...» ㊳. بەدەخشان ۋە قوقانلاردىن ئېقىپ كەلگەن قوغلاندى خوجا-ئىشانلار پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنى ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈپ، قانچىلىغان قىرغىنچىلىقلار ۋە بىھۇدە قان تۆكۈلۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مىللىتىمىزنى روھىي جەھەتتىن قاتتىق چۈشكۈنلۈككە گىرىپتار قىلدى. نۇرغۇن كىشىلەر رېئال تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئەقەللىي ئىنسانىي تەلەپ ۋە ياشاش ھوقۇقلىرىدىن ۋاز كېچىپ، تەركىيدۇنياچىلىق، زاھىدلىق، مەنىۋى قاششاقلىق يولىغا كىرىپ كەتتى. ئاۋات بازار-رەستىلەر چۆلدەرەپ، كوچىلار سۈرۈنلىشىپ، خانىقا-گۆلەخلەر، قەبرىستان-مازارلار قوللىرىغا سايايى ئېلىپ، ھۇم-ھۇم سېلىۋاتقان كىشىلەر بىلەن تولدى. ئىنسان قىممىتى ھەققىدىكى قاراشلىرىمىز تارىختىكى ئەڭ پاسسىپ سەۋىيىگە چۈشۈپ قالدى. بۇ مەنزىرىلەردىن ئازابلانغان مەشرەپ:

ھەقىقەت كوچاسىدا رەھنەمائى ئىنتىزارىڭمەن،
تەمامى ئەھلى غەپلەتلەرگە پەيغەمبەر بولاي دېمەن!

دەپ نىدا قىلغان بولسا، خاراباتى رىياكار خوجا-ئىشانلارغا تىغ تەگكۈزۈپ:

مەقسەدى خەلق ئىچرە تاپماي ئىززەتنى،
شۇل زەمان بەرباد ئەتكەي مىللەتنى.

دەپ يازدى. زەلىلىمۇ پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى پىيادە كېزىپ چىقىپ، ھەسرەتلىك قەلىمىدىن مۇڭلار تۆكۈپ:

بۇ پىشە سەرھەددىدە ھەر تەرەف يۈز شىرۇ ئەجدەرھا،
خالايىقنىڭ كۆزىدە پەردەئى غەفلەت، نۇر ئەيان بولماس.

دەپ يازدى. ئارىدىن بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ تراگېدىيلىك سەرگۈزەشتىلىرىگە شاھىد بولغان تارىخچى موللا مۇسا سايرامى غەزەپ بىلەن:

كېچىلە ئۇيۇماي «ھۇۋ-ھۇۋ» نى ئېيتىپ،
يەنە چىللە ئولتۇرۇپ تەسبىھ ئېيتىپ،
ئۆزىنى كۆرسىتىپ پىرى ھىدايەت،
ۋە لېكىن ئازغۇزۇپ يولدىن زەلالەت.
بۇ كۈندە نەفسىگە قۇل ھەممە ئىشان،
قەيەردە نەفسىنى ئۆلتۈرگەن ئىشان؟!

دەپ شىكايەت قىلدى ۋە ئاتالمىش خوجا-ئىشانلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، XVI ئەسىردە يىپەك يولى تامامەن خارابلاشقاندىن كېيىن، شەرقنىڭ چۈشكۈنلىشىشكە ئەگىشىپ، ئىچكى تەپرىقىچىلىقتا تولغان ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى تەنھا ئارالغا ئايلىنىپ قالغانىدى. گەرچە «ئەقلىيلىكتىن خالىي قاباھەت ۋە ئاجىز سىياسىي كەيپىيات ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان خوجىلار دەۋرىدىكى قەشقەرىيە تاكى XVII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىسلام دۇنياسى بىلەن ناھايىتى سۇس بىر خىل روھىي مۇناسىۋەتنى ساقلاپ

www.uyghurkitab.com

كەلگەن» (39) بولسىمۇ لېكىن بۇنداق ئاجىز مەنىۋى ئالاقىلەر تارىم ئويمانلىقىنىڭ بارغانسېرى چۆلدەرەۋاتقان روھىي دۇنياسىغا مەلھەم بولالمىغانىدى. ئەمەلىيەتتە ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدىكى كونىسېرى شەلۋەرەپ كېتىۋاتقان ئاستا خاراكتېرلىك روھىي ئۇسسىنى داۋالىغۇدەك قۇربى قالمىغانىدى. كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان غەرب دۇنياسىنىڭ تەھدىتى ئاستىدا، ئۇ جىددىي ئىسلاھاتقا موھتاج ئىدى. شۇڭلاشقا روھىي يېتىملىك، بېكىنمە پىسخىكا ۋە قارىغۇلارچە ئېتىقاد تارىم ئويمانلىقىنىڭ يېقىنقى زامان مەنىۋى تارىقۇلۇقى بولۇپ قالدى، شۇنداقلا مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئەڭ بەختسىز بىر سەھىپىنى ئاچتى. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازدى: «يېپەك يولىنىڭ تەدرىجىي خارابلىشىشى ۋە ئۇيغۇر روھىيىتىدىكى بېكىنمە ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىدە شىنجاڭدىكى ئىشانچىلىق ئەسەبىيلىكلىرى كۆرۈنەرلىك رول ئوينىدى... بولۇپمۇ ھىدايىتۇللا ئاپاق خوجا، بۇرھانىددىن خوجا، ۋەلىخان تۆرە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇنەۋۋەر ئىلمىي تەپەككۇر نەتىجىلىرىنى تونجۇقتۇرۇش، سەنئەت ۋە ئەرشى ھاكىمىيىتىنى غۇلىتىش، زومىگەرلىك بىلەن ھېكىمبەگ ھامىيلىقىدا قايتا جۇلا قىلىشقا باشلىغان ئۇيغۇر تەپەككۇرىنىڭ ئىلغار يۈزلىنىشلىرىنى ئىشانچىلىق چۇقانلىرى ئىچىگە غەرق قىلىۋېتىشكە ئۇرۇنۇشتا خەلقىمىز تارىخىدىكى لەنەتلىك سىمۋولغا ئايلاندى. ئۇلار ئىنسانپەرۋەر مەشرەپنى، زەلىلىنى تەركىدۇنياچىلىق دەشتىگە تاشلىدى. لىرىك شائىر خوجا ياقۇپ ئەرشى ۋە پۈتۈنىنى جاللاتلىق قىلىچى ئاستىغا باستى. كۆپلىگەن ھالال ئەمگەكچىلەر ئىللىمىدىن ئايرىلدى، باش سۆڭىكىدىن قەشقەر قىزىل دەريا بويىغا تۆت ئاللا مۇنارى ياسىدى. مۇھەممەد سادىق قەشقەرى ۋە موللا مۇسا ئايرامىنىڭ قەلىمىنى زار يىغلاشقا مەجبۇر قىلدى» (40). بۇنداق چېكىدىن ئاشقان جاھالەت ۋە بەختسىزلىك مىللىتىمىزنىڭ كېسەلمەن روھىيىتىنى يۇدۇپ XX ئەسىر بوسۇغىسىغا ئېلىپ كىردى ۋە يېڭى بەختسىزلىكلەرگە زېمىن ھازىرلىدى.

## ▲ مۇسۇلمانلار شەرقى جىددىي كرىزىسكە دۇچ كەلدى، ئىسلاھات ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالدى. ئۈچ نەپەر سەيياھ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆردى. ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە ئويلىنىپ قىلچە ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىچكى ئېنېرگىيە ھازىرلىيالمىغان بۇ مىللەت خامۇشلۇق ئىچىدە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى.

ياۋروپا ئويغىنىشى گەرچە ئىلىم-پەن ۋە ئەقىل ئىنقىلابىنى ئۆزەك قىلغان بولسىمۇ، لېكىن مارتىن ليۇتېر (41) نىڭ دىنىي ئىسلاھاتى خرىستىيان دۇنياسىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن ئويغىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە زور جۇغراپىيىلىك بايقاشلاردىن ئىلھاملانغان ياۋروپا ناھايىتى تېزلا چېركاۋ پەلسەپىسىنىڭ سىرلىق سىرتمىقىدىن قۇتۇلۇپ، ھەقىقىي مەنىدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

لېكىن، ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىدىن قۇتۇلۇپ، پەلسەپە ۋە تەبىئىي پەنلەردە پارتلاش خاراكتېرلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن بىر پەيتتە، مۇسۇلمانلار شەرقىدە تامامەن باشقىچە بىر خىل ھالەت ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. بىر مەھەل كۈچىيىپ، پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا ھامىيلىق قىلغان ئوسمان ئىمپېرىيىسى XVIII ئەسىردىن باشلاپ ئاستا-ئاستا زەئىپلىشىپ، بىر كېسەلمەن گەۋدىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئاسىيا، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە ئىستېلا قىلغان زېمىنلىرى بىر-بىرلەپ قولدىن كېتىشكە باشلىدى. 1798-يىلى فرانسىيە ئارمىيىسى ئوتتۇرا دېڭىزدىن ئۆتۈپ ئوسمان تۈركلىرى كونتروللۇقىدىكى مىسىرنى بېسىۋالدى. ئىككىنچى يىلى مىسىر ئەنگلىيىنىڭ قولىغا ئۆتتى. شۇندىن باشلاپ ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئافرىقا ۋە ياۋروپا قىسمىدىكى زېمىنلىرى ئارقا-ئارقىدىن قولدىن كەتتى. ئاسىيادا ئىراننىڭ تەھدىتى كۈندىن كۈنگە كۈچەيدى. چار رۇسىيىنىڭ قارا دېڭىز، كافكاز ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ تەسىر دائىرىسى ۋە ھۆكۈمرانلىق چەمبىرىكىنى قەدەممۇ قەدەم تارايتىپ باردى. خۇددى مونتېسكيۇ ئېيتقاندەك، بۇ كېسەلمەن گەۋدە ئۆزىنى لايىقىدا تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، «كۈچى تۈگەپ كېتىۋاتقان دورىدەك تېشى پال-پال ئىچى غال-غال بولۇپ قالغانىدى». بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ پۈتكۈل مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى نوپۇزى ۋە يېتەكچى ئورنى بارغانچە تۆۋەنلەپ، چاك-چېكىدىن پارچىلىنىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياۋروپا كۈچلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك ئۇرۇشلىرى داۋامىدا قەدەممۇ قەدەم شەرققە ئىچكىرىلەپ كىرىشى، خرىستىيان مىسسىئونېرلىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا بولغان خىرىسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا بوھران پەيدا قىلدى. ھالسىراپ قالغان ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربنىڭ تەھدىتىنى توسۇيالىشى ۋە ئىسلام دۇنياسىغا قايتا ھامىيلىق قىلالىشى مۇمكىن بولماي قالدى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمان دۇنياسى جىددىي كرىزىسكە دۇچ كەلدى. ئىسلاھات ئۇلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى بولۇپ قالدى!

مانا مۇشۇنداق بىر جىددىي پەيتتە، ئەرەب يېرىم ئارىلىدا «ۋاھابىيلار ھەرىكىتى» مەيدانغا كېلىپ، ئىسلام شەرقىدە دىنىي ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ۋاھابىي ھەرىكىتى XVIII ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا ئېلىپ بېرىلغان كەڭ كۆلەملىك ئىسلام گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسلىق تەشكىللىگۈچىسى مۇھەممەد ئابدۇل ۋاھاب (1791-1703) بولۇپ، كېيىنچە بۇ ھەرىكەت ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. ۋاھابىيلارنىڭ ئاساسلىق تەشەببۇسلىرى ئۆز دەۋرىدە ئىسلام شەرقىدە ئەۋج ئالغان ئىسلامىيەتنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە يات بولغان غەيرىي ئادەت-يوسۇنلار ۋە تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى بىكار قىلىپ، ئېتىقادنى پاكلاشتۇرۇش؛ پەيغەمبەر ۋە تۆت چاھارىيا دەۋرىدىن كېيىن قوشۇلغان بارلىق غەيرىي قائىدە-قانۇنلارنى چىقىرىپ تاشلاپ، «قۇرئان» روھى ۋە ئەسلىدىكى ئىسلام ئەقىدىلىرىگە قايتىش؛ ئاتالمىش «ئۇلۇغ» لارغا ۋە مازار-ماشايىقلارغا تاۋاپ قىلىشنى قاتتىق مەنئى قىلىپ، «قۇرئان» روھىدىن چەتنىگەن، ئاللا بىلەن

ئۇنىڭ بەندىلىرى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچى مەۋجۇت دېگەن پەتىۋالارغا رەددىيە بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقانىدى. ۋاھابى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يەنە «ئەسلى ماھىيەتكە قايتىش» شەكلىدە ئىسلام قائىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى، ئۇلارنىڭ قارىشىچە «بىر ئاللادىن باشقا ھېچكىم بەندىلەرنىڭ ھامىيسى ئەمەس، مۇھەممەد پەيغەمبەرگىمۇ ‹ئاخىرقى سوراق كۈنى› دىن باشقا ئىمتىياز بېرىلگەن ئەمەس، مەككىنى تاۋاپ قىلىش مۇتلەق شەرت ئەمەس ئىدى» [42]. ۋاھابىيلارنىڭ دىنىي ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جەھەتتىكى قاراشلىرى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشكەنىدى: بىرىنچىدىن، ئۇلار ئىسلام مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇش تەشەببۇسىنى قۇۋۋەتلەيتتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ قارىشىچە، پەيغەمبەر ۋە تۆت خەلىپە دەۋرىدىن كېيىن، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى مەزمۇنىغا نۇرغۇنلىغان غەيرىي ئېلېمېنتلار، ناتوغرا چۈشەندۈرۈشلەر قوشۇلغان بولۇپ، ئەقىدە زور دەرىجىدە ئەسلى ماھىيەتتىن چەتنىگەنىدى. يېقىنقى زامان ئىسلام دۇنياسىنىڭ زەئىپلىشىشى ئەمەلىيەتتە ئىسلام ئەقىدىلىرىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن كېلىپ چىققانىدى. شۇڭا ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ساپلاشتۇرۇش، تازىلاش ۋە ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش زۆرۈر ئىدى؛ ئىككىنچىدىن، ئۇلار «قۇرئان» نى ئېتىقادنىڭ بىردىنبىر ئاساسى قىلىشنى تەكىتلەيتتى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئىلگىرىكى نۇرغۇن ئۆلىمالارنىڭ «قۇرئان» تەپسىرى ھەققىدىكى شەرھىلىرى ھەر خىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى «قۇرئان» نى چۈشىنىشتىكى بىردىنبىر تەپسىر بولالمايتتى. شۇڭا مۇسۇلمانلار «قۇرئان» نىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئاساس قىلغان ھالدا، مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈپ، ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشى ۋە «قۇرئان» روھىغا قايتىشى كېرەك ئىدى؛ ئۈچىنچىدىن، ۋاھابىيلار ئەسلىدىكى ئەقىدىلەرگە ئاساسەن نۆۋەتتىكى ئىسلام شەرىئەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار «قۇرئان» دىن چەتنىگەن بارلىق جەمئىيەت تۈزۈلمىلىرىنى — كەسپىي ئەمەل-دەرىجىلەرنى، ئارتۇقچە ئادەت-يوسۇنلارنى، قېتىپ قالغان دىنىي ئەھكاملارنى بىكار قىلىپ، ئىسلام دىنىنى ساپلاشتۇرۇشنى، ئىسلام قائىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرۇشنى ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلىشتى.

ۋاھابىيلار ھەرىكىتى يېقىنقى زامان ئىسلام تارىخىدا كۆلىمى زور، تەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر قېتىملىق دىنىي ئىسلاھات ھەرىكىتى ئىدى. گەرچە بۇ ھەرىكەت ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ئاددىيلاشتۇرماقچى ۋە ئىسلاھ قىلماقچى بولغانلىقى تۈپەيلى، قاتتىق چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن غازاتچىلار ھەرىكىتى، ھىندونېزىيەدە پارتلىغان بەدرى ھەرىكىتى، شىمالىي ئافرىقىدىكى سەنۇش ھەرىكىتى، سۇداندىكى مەھدى ھەرىكىتى، ئىراندىكى باب ھەرىكىتى، ئوسمان ئىمپېرىيىسى قوزغىغان پانئىسلامىزم ۋە قازان، قىرىم، ئوتتۇرا ئاسىيالاردا مەيدانغا كەلگەن جەدىتىزم ئېقىملىرىغا مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتتى.

«XIX ئەسىرگە كەلگەندە ئىسلام ئىسلاھاتچىلىرى ‹ئەسلىگە قايتىش› شەكلىدە ئەمەس، يەنە ‹ئىسلامنى دەۋرلەشتۈرۈش› شەكلىدە مەيدانغا چىقتى» [43]. جامالىددىن ئافغانىي (1839-1897)، سەئىد ئەھمەدخان (1817-1898) ۋە مۇھەممەد ئابدۇ (1849-1905) قاتارلىق ئۈچ شەخس XIX ئەسىردە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلام ئىسلاھاتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىللىرى ئىدى.

جامالىددىن ئافغانىي ئىراننىڭ غەربىي شىمالىدىكى خامادان شەھىرى ئەتراپىدا تۇغۇلغان بولۇپ، كىچىكىدىن باشلاپ ئىسلام تەلىماتلىرى ۋە «قۇرئان» نى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بارغانسېرى چۈشكۈنلىشىشىنىڭ سەۋەبلىرىنى ئىزدىگەن، شۇنداقلا مۇسۇلمانلارنىڭ قەددىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش كېرەك، دېگەن قاراشقا كەلگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھاجىرلىق ھاياتى داۋامىدا ھىندىستان، ئافغانىستان، مىسىر، ئىستانبۇل، روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىن-كۈنگە دەۋرنىڭ كەينىدە قېلىۋاتقانلىقىنى، غەرب مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاجاۋۇزى كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي كرىزىسنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد II (1876-1909 يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) گە مەكتۇپ يېزىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلاھات تەدبىرلىرى ۋە سىياسىي غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ مەكتۇپى سۇلتاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، مىسىر ئارقىلىق ياۋروپاغا چىقىپ، لوندون، پارىژلاردا گېزىت چىقارغان ۋە ئۆز تەشەببۇسلىرىنى تەشۋىق قىلغان. 1893-يىلى سۇلتان ئابدۇلھەمىد II نىڭ تەكلىپى بىلەن ئىستانبۇلغا كەلگەن، بىراق نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىنىپ، ئاخىرقى ئۆمرىنى پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتۇرغان.

جامالىددىن ئافغانىي بىر كەسكىن دىنىي ئىسلاھاتچىلا ئەمەس، بەلكى يەنە يېتىلگەن پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر ئىدى. ئۇنىڭ ئىسلاھات غايىلىرىگە مۇئەييەن سىياسىي مەۋقە يانداشقان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ قاراشلىرى XIX ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ ئەڭ ئىلغار پىكىر ئىنقىلابىغا ۋەكىللىك قىلاتتى. شۇڭا غەرب ئالىملىرى ئۇنى «شەرقنىڭ ليۇتېرى» دەپ ئاتىدى [44]. ئافغانىينىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئەقلىي پرىنسىپلارنى ئۆزىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلغانىدى. ئۇ، بىر مىللەتنىڭ پەلسەپىسى بولماي تۇرۇپ، ئېرىشكەن ۋە ئۆگەنگەن بىلىملىرى بىر ئەسىرگىمۇ بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ، ئەكسىچە پەلسەپىۋى روھقا باي ئەمما كونكرېت ئىلىم-پەن نەتىجىلىرى كەمچىل مىللەت ھامان ئۆزىدىكى پەلسەپىۋى روھنىڭ ئىلھامى بىلەن ئىلىم-پەندە يېڭىدىن يېڭى نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ، ئىسلام دىنى بىلەن غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە قوبۇل قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى ھاياتىي كۈچىنى

www.uyghurkitap.com

جارى قىلدۇرۇش ئۈتتۈرىسىدىكى مۇۋاپىق نۇقتىنى تەكىتلىدى، يەنى بىرىنچىدىن، مۇسۇلمانلاردىكى پەلسەپە نامراتلىقى، ئىلىم-پەن روھىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە سىرتقى يېڭى مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قېقىش خاھىشىنى ئۆزگەرتىش كېرەك، چۈنكى دىنىي ئېتىقادنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەتنى تونۇش ۋە ئىزدەشتە، بۇ نۇقتىدا ئىسلام دىنى پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەن روھى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەلسەپە ۋە ئىلىم-پەننىڭ دۆلەت، مىللەت چېگرىسى يوق، شۇڭا مۇسۇلمانلار دىن بىلەن پەننى تەڭ ئۆگىنىشى كېرەك دەپ ھېسابلىدى. ئىككىنچىدىن، ئۇ، سەئىد ئەھمەدخان ۋەكىللىكىدىكى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرىنىڭ ناتۇرالىزم ۋە غەربكە قارىغۇلارچە چوقۇنۇش خاھىشىنى تەنقىد قىلدى. ئۇ، مۇسۇلمانلار زامانىۋىلىشىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئىسلام ئېتىقادىدا تەۋرەنمەسلىكتە ئىپادىلىنىشى كېرەك، بىر مىللەت مۇستەھكەم ئېتىقادقا ئىگە بولغاندىلا ئاندىن مۇكەممەل ئىلمىي سۈپەتكە، گۈزەل ئەخلاقىي ساپاغا ۋە مىللىي تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارىدى. جامالىددىن ئافغانىي 1870-يىلى ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق مەشھۇر نۇتقىدا مۇنداق دېدى: «بىر مىللەتكە نىسبەتەن پەلسەپە دىنىي ئېتىقادقا ئوخشاشلا مۇھىمدۇر. پەيلاسوپلار بىلەن دىن پەيغەمبەرلىرى ئوخشاش بۇرچنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇلارنىڭ ئوخشىمايدىغان يېرى پەيغەمبەرلەر ئىلھام ۋە ۋەھيى ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشىدۇ، پەيلاسوپلار بولسا تەپەككۇر ئارقىلىق ھەقىقەتنى تاپىدۇ؛ پەيغەمبەرلەر خاتالىقلاردىن مۇستەسنا بولىدۇ، پەيلاسوپلار تونۇش جەھەتتە خاتالىشىپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدۇ؛ پەيغەمبەرلەرنىڭ تەلىماتلىرى دەۋر چەكلىمىلىكىگە ئۇچرايدۇ، پەيلاسوپلارنىڭ تەلىماتلىرى ئومۇمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. . .» [45] ئۇ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «ھەر بىر دەۋرنىڭ ھەممىسى بىردىن پەيغەمبەرگە موھتاج بولۇشى ناتايىن. چۈنكى ئىسلام ۋە ئۇنىڭ قانۇنى ھەر قانداق دەۋردە ئۆز مۆمىنلىرىنى تەربىيىلىيەلەيدۇ. لېكىن ھەر بىر دەۋر ئۆزى ئۈچۈن بىر تۈركۈم پەيلاسوپلارغا موھتاج! پەيلاسوپلار ۋە دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان مۇتەپەككۇرلارسىز ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشىدىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. . .» [46]

جامالىددىن ئافغانىي يەنە ئۆز تەشەببۇسلىرىدا، مۇسۇلمانلار نۆۋەتتە ئىسلاھاتقا موھتاج. دىنىي ئىسلاھات ھەرگىزمۇ مىللىي تەرەققىياتنى چەتكە قاقمايدۇ. «بۈگۈنكى كۈندە ئىسلام دىنىنى بىر كېمىگە ئوخشىتىش مۇمكىن. مۇھەممەد بۇ كېمىنىڭ كاپىتانى، بارلىق مۇسۇلمانلار بولسا بۇ مۇقەددەس كېمىدىكى يولۇچىلاردۇر. ناھايىتى ئەپسۇس، بۇ مۇقەددەس كېمە دېڭىزدا تويۇقسىز بوران-چاپقۇنغا ئۇچراپ قالدى ۋە چۆكۈشكە باشلىدى. شۇڭا ئاۋام مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش مەجبۇرىيىتى بار» [47] دەپ قارىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدا ئىپادىلەندى:

بىرىنچى، دۇنيادىكى ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنىڭ گۈللىنىشكە ئېرىشىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ مىللىي ئازادلىقىدا ئىشقا ئاشىدۇ. شۇڭا مۇسۇلمانلار مىللىي ئېڭىنى ئۆستۈرۈشى، مىللەتنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشى، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى ۋە مىللىي ئىپتىخارىنى ئاشۇرۇشى زۆرۈر دەپ قارىدى.

ئىككىنچى، دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، غەرب دۇنياسى مارتىن ليۇتېرنىڭ ئىسلاھاتىدىن كېيىن ھەقىقىي مەنىدىكى مەدەنىيەت گۈللىنىشىگە ئېرىشتى. ئىسلام دىنىمۇ مۇشۇ يولنى تاللىشى زۆرۈر. لېكىن ئىسلاھات ئىسلام پرىنسىپى ۋە «قۇرئان» روھىنى ئاساس قىلىشى كېرەك، بولمىسا يۆنىلىشتىن ئېزىپ قالىدۇ، دەپ قارىدى.

ئۈچىنچى، پەلسەپىۋى تەپەككۇر بىلەن ئىلىم-پەن روھىنى دىنىي ئىسلاھاتنىڭ ئىككى چوڭ تۈۋرۈكى قىلىش كېرەك. تارىختىن بۇيان ئىسلام ئۆلىمالىرى «قۇرئان» نى ئۆز دەۋرىدىكى شارائىتقا يارىشا ئىزاھلىغان. ۋاھالەنكى، ئۇلارنىڭ شەرھى-ئىزاھلىرى ئاللانىڭ كىتابىدىكى بىلىمگە نىسبەتەن «دېڭىزدىكى بىر تامچە سۇ» ، خالاس. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىي - مائارىپ بىلەن ئۆزىنى قوراللاندۇرۇشى لازىم دەپ كۆرسەتتى. ئافغانىي يەنى «ئاللا ئىككى كىتاب ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ بىرى ‹قۇرئان›، يەنە بىرى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىبارەت. بىر مۇئەللىپ يازغان بۇ ئىككى كىتاب بىر-بىرىگە زىت ئەمەس، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتنى ھۆرمەت قىلىش، ئۇنى ئۆگىنىش لازىم» [48] دەپ ھېسابلىدى.

تۆتىنچى، ئافغانىي ئىتتىپاقلىشىشنى تەكىتلەپ، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇردى. ئۇ، دىنىي مەزھەپچىلىك ۋە ئىتتىپاقسىزلىق مۇسۇلمان مىللەتلىرىنىڭ زەئىپلىشىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى. مۇسۇلمانلار ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىشىپ غەربنىڭ تەھدىتىگە ئورتاق قارشى تۇرۇشى كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ يەنە سۈننىي ۋە شىئە مەزھەپلىرىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە ئۆزئارا تىركىشىشىنى تارىختىكى ئاز سانلىق ھۆكۈمرانلار كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئەمەلىيەتتە مۆمىن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قىلچىمۇ پايدا-زىيان توقۇنۇشى مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارىدى.

بەشىنچى، ئۇ ئەنئەنىۋى شەكىل بىلەن زامانىۋى مەزمۇننى بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى. شۇنداقلا ئىسلاھاتنى دىنىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى قايتىدىن ئىزاھلاش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىشنى، «قۇرئان» نى يېڭىباشتىن چۈشىنىشنى ۋە ئۇنى ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن، ئەقلىي تەپەككۇرى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، سىياسىي تۈزۈلمىسىگە ماسلاشتۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى.

جامالىددىن ئافغانىي ئىستانبۇل، قاھىرە قاتارلىق شەھەرلەردە ھەدەپ ئۆزىنىڭ ئىسلاھات غايىلىرىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان پەيتتە، شىمالىي ھىندىستاندا سەئىد ئەھمەدخان ۋەكىللىكىدىكى ئىسلامنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەپدارلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىلىرىنى كەڭ قانات يايدۇردى.

سەئىد ئەھمەدخاننىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى

ئىككى مۇھىم تەرەپتىن تەسىرگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ بىرى ھىندىستاننىڭ يېقىنقى زامان ئىسلام تارىخىدىكى مەشھۇر مۇتەپەككۇرى ۋەلىيۇللا شاھنىڭ ئىلغار دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى، يەنە بىرى غەربنىڭ ئىلىم-پەن ۋە مەدەنىيەت تەسىرى ئىدى. يىغىپ ئېيتقاندا، ئەھمەدخاننىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا مەركەزلەشتى: بىرىنچى، ئۇ ئىلمىي مۇلاھىزە، ئەقلىي تەپەككۇر ۋە ناتۇرالىزم نۇقتىئىينەزەرلىرى ئارقىلىق ئىسلام تەلىماتلىرىنى شەرھىلەشنى تەشەببۇس قىلدى؛ ئىككىنچى، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىئىينەزەرى بويىچە ئىسلام ئەقىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشنى ئۈمىد قىلدى؛ ئۈچىنچى، زامانىۋىلىق نۇقتىئىينەزەرى بويىچە ئىسلام قانۇنلىرىنى ئىزاھلاشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسى ھىندىستان مۇسۇلمانلىرىنىڭ مەنىۋى ئويغىنىشىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

مۇھەممەد ئابدۇ مىسىردا تۇغۇلغان بولۇپ، جامالىددىن ئافغانىينىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ۋە ئۇنى ئۇستازىم دەپ ئېتىراپ قىلغانىدى. ئۇنىڭ دىنىي ئىسلاھات ئىدىيىسىگە مىسىرنىڭ ئازادلىقىدىن ئىبارەت مىللىي ھېسسىياتمۇ سىڭگەنىدى. مۇھەممەد ئابدۇنىڭ كۆپلىگەن قاراشلىرى جامالىددىن ئافغانىي بىلەن بىردەكلىككە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن قىسمەن قاراشلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىدى. ئۇ، تارىختىن بىرى يېتەكچى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن ئاللانىڭ ئىرادىسى ئەقلىيلىكتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، ئىنسان ئەقلى پەقەت ئاللانىڭ ئىرادىسى يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئىككىلەمچى رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ، دېگەن قاراشقا باشقىچە پىكىردە ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئاللانىڭ بىرلىكى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «‹قۇرئان› ئەقىلگە ھۆرمەت قىلىدۇ، ئەقىلنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ، ياخشىلىق ۋە يامانلىق، چىنلىق ۋە ساختىلىق شۇنىڭدەك راست ۋە يالغانغا ھۆكۈم قىلىشتا ئەقىل ئەڭ ئاخىرقى سوتچىدۇر. . . ئادەم ئۆزىنىڭ ئەقلىي كۈچىگە تايىنىپ ئاللانى تونۇيالايدۇ. ئەقىلنىڭ ئىلھامى ۋە لوگىكىلىق خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ سەۋەب-نەتىجىسىنى، كائىناتنىڭ ھەممىگە قادىر ئاللا تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقىنى ھېس قىلالايدۇ. شۇڭا، ئەقىل بىلەن ئاللانىڭ ۋەھىيسى بىردەكلىككە ئىگە. لېكىن ئاللانىڭ ۋەھىيسى مۇتلەق ھەقىقەت، ئىنساننىڭ ئەقلىي پائالىيىتى بولسا بەزىبىر خاتالىقلاردىن ساقلىنالمايدۇ. ‹قۇرئان› دا ئەقىلگە سىغمايدىغان مەزمۇن يوق، بەزى سۈرە-ئايەتلەرنىڭ يوشۇرۇن مەنىسى چەكسىز بولۇپ، ئۇنى ئەمەلىي كونتېكست ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئۇسۇلى ئارقىلىق چۈشەنگىلى بولىدۇ. . .» [49]

جامالىددىن ئافغانىي، سەئىد ئەھمەدخان، مۇھەممەد ئابدۇ قاتارلىق ئۈچ مەشھۇر شەخسنىڭ دىنىي ئىسلاھات غايىلىرى XIX ئەسىر مۇسۇلمان شەرقىنىڭ روھىي ئاسارەتلەردىن قۇتۇلۇپ، ئۆزىنى قايتا بايقىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ، كونسېرى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزماقچى بولدى. 1839-يىلى مۇستاپا رەشىد پاشا ئىنسان ھوقۇقى (كىشىلىك ھوقۇق) نى كاپالەتلەندۈرىدىغان خەتتاپنامىنى ئېلان قىلدى ۋە ئاۋام پۇقرا قانۇن ئالدىدا باراۋەر، ئۇلارنىڭ ئىززەت-ئابرۇيى ۋە مال-مۈلكى دەخلى-تەرۇزسىزدۇر دەپ جاكارلىدى. بۇنىڭ بىلەن تاكى 1876-يىلىغىچە داۋاملاشقان «تانزىمات» (ئىسلاھات) دەۋرى باشلاندى. «تانزىماتچىلار» ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى، ئارمىيىنى، مالىيە تۈزۈلمىسىنى ۋە مەدەنىي-مائارىپ ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە دۆلەتنى دىنىي شەرىئەت ۋە ھاكىمۇتلەقلىقتىن قانۇن-تۈزۈم يولىغا ماڭغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1850-يىلىدىن باشلاپ ياۋروپا قانۇنلىرىدىن ئۆرنەك ئالغان «سودا قانۇنى»، «جازا قانۇنى» ۋە «خەلق ئىشلىرى قانۇنى» ئېلان قىلىندى. گەرچە «تانزىمات ھەرىكىتى» 1877-يىلى تەختكە چىققان سۇلتان ئابدۇلھەمىد I تەرىپىدىن بىكار قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا بولغان تەسىرى ناھايىتى زور بولدى.

ئىسلام شەرقىدە جىددىي ئۆزگىرىش ۋە ئىسلاھات قانات يېيىۋاتقان بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى جۈملىدىن تارىم ۋادىسى ئاجايىپ ئېغىر تۇرغۇنلۇق ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. قېتىپ قالغان دىنىي ئەھكاملار، ئىسلام ماھىيىتىدىن چەتنىگەن غەيرىي ئەقىدىلەر، سوپى-ئىشانچىلىق، ئىنسان تەبىئىتىگە زىت تەركىيدۇنياچىلىق، مازار-خانىقالارنى ۋەتەن تۇتۇش، روھىي مەھكۇملۇق پۈتكۈل تارىم ۋادىسىنى قاپلىغانىدى، دىنىي ئىسلاھات غايىلىرى ۋە ئىلغار دېموكراتىك پىكىرلەر بۇ يەر ئۈچۈن تېخى كۆپ بالدۇر ئىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈركىي خەلقلەردىن چىققان ئۈچ نەپەر سەيياھنىڭ دىيارىمىز ھەققىدە قالدۇرغان يازما خاتىرىلىرى بىزنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەڭ بەختسىز دەۋرلىرىنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

دەرۋەقە، مۇشۇ دەۋردە ئۈچ نەپەر سەيياھ تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ، تارىم ئويمانلىقىنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ دەسلەپ قەشقەرىيىگە كەلگىنى قازاق مىللىتىدىن بولغان چوقان چىڭگىز ئوغلى ۋەلىخانوۋ (1835-1865) دۇر. چوقان ۋەلىخانوۋ رۇس ھەربىي مەكتىپىدە تەربىيىلەنگەن ئوفىتسېر بولۇپ، چاررۇسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا كېڭىيىشى ۋە قازاق چوڭ يۈزىنى قوشۇۋېلىشىدا زور كۈچ چىقارغانىدى[50]. ئۇ، 1856-يىلى چاررۇسىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن جۇڭغو بىلەن بولغان سودىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن غۇلجىغا ۋەكىل سۈپىتىدە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇ، غۇلجا سەپىرىدىن كېيىن، تەڭرىتاغ قىرغىزلىرىنى تەكشۈرۈش پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇنىڭ «ئىسسىق كۆلگە سەپەر خاتىرىسى»، «چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ غەربىي ئۆلكىسى ۋە غۇلجا شەھىرى»، «قىرغىزلار توغرىلىق مەلۇماتلار»

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق ئەسەرلىرى مەيدانغا كېلىدۇ ۋە رۇس ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. 1857-يىلى ئەمدىلا 22 ياشقا كىرگەن چوقان روسىيە پادىشاھلىق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

1858-يىلى 28-ئىيۇندا چوقان ۋەلىخانوۋ چارروسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە قەشقەرىيىگە ئاتلىنىدۇ. ئۇ، قەشقەردە 1858-يىلى 1-ئۆكتەبىردىن تارتىپ 1859-يىلى مارت ئېيىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە جەمئىي 5 ئايدەك تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا قەشقەر ۋە ئالتەشەھەرنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ. تەرەپ-تەرەپتىن ئەھۋال ئىگىلەيدۇ ۋە نۇرغۇن تارىخىي قولىيازمىلارنى قولغا چۈشۈرىدۇ. ئۇ، روسىيىگە قايتقاندىن كېيىن 1859-يىلى كۈزدە تەكشۈرۈش دوكلاتىنى چار پادىشاھقا يوللايدۇ. مۇشۇ دوكلات ئاساسىدا ئۇنىڭ «جۇڭگونىڭ غەربىي ئۆلكىسىدىكى ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى» دېگەن مەشھۇر ئەسىرى مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ئېلان قىلىنىپ كەينىدىنلا گېرمانىيىدە گېرمانچە تەرجىمىسى، 1865-يىلى لوندوندا ئىنگلىزچە تەرجىمىسى نەشر قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ياۋروپالىقلار ئۇزاقتىن بۇيان سىرلىق ماكان سۈپىتىدە قاراپ كەلگەن تارىم ۋادىسى تۇنجى قېتىم يېقىنقى زامان غەرب ئىلىم دۇنياسىغا بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلىدۇ. رۇس ئالىملىرى ۋە سىياسىئونلىرى بۇ ئەسەرنى شەرقنىڭ تارىخ-جۇغراپىيىسى ھەققىدىكى ياۋروپا ئىلمىنى تولۇقلىغان ھەقىقىي جۇغراپىيىلىك يېڭىلىق دەپ باھا بېرىدۇ. كوروپاتكىنمۇ «قەشقەرىيە» ناملىق ئەسىرىدە: «قەشقەرىيە — ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارىغاندا، كەم ئۇچرايدىغان ئەمما كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان بىر يەر. كىمكى بۇ يەرنى مەلۇم دەرىجىدە پۇختا تونۇشنى خالايدىكەن، ئۇ پىرژىۋالسكىنىڭ ‹غۇلجىدىن تەڭرىتېغى ئارقىلىق لوپنورغا بېرىش› دېگەن ئەسىرى بىلەن ۋەلىخانوۋنىڭ ‹ئالتە شەھەرنىڭ ئەھۋالى› ياكى ‹چىنى تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەر› دېگەن ئەسەرلەرگە مۇراجىئەت قىلسا بولىدۇ» [51] دەپ تەكىتلەيدۇ.

شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا كېلىشى ھەرگىزمۇ ئۆزىنىڭ شەخسىي قىزىقىشى ۋە نوقۇل ئىلمىي تەكشۈرۈشى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ قەشقەرگە قىلغان سەپىرىنىڭ پەردە ئارقىسىغا چارروسىيىنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى ۋە ئاخبارات ئىگىلەش مۇددىئاسى يوشۇرۇنغانىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ قەشقەرنى تەكشۈرۈش دوكلاتى ياۋروپا ئىلىم ساھەسىگە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ئۈستىدە كۆپلىگەن ئۇچۇرلارنى تەقدىم ئەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرى توغرىلىق مۇنداق دەيدۇ: «تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي قىسىملىرى رۇس ئالىملىرى تەرىپىدىن تەتقىق قىلىندى. ئەمما جەمئىيىتىمىز ئەزاسى پ. سېمىنوۋ تيانشانىسكىي يەكەن، يېڭىسارغا قارايدىغان جايلارنىڭ بىرى بولغان نارىن دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمىغىچە بارالىدى. مەن بولسام تەڭرىتېغىنى ئىككى يەردىن كېسىپ ئۆتۈپ قەشقەر، يېڭىسار ئەتراپلىرىغىچە ھەتتا بۇ شەھەرلەر بىلەن يەكەن ئارىلىقىدىكى قومۇلۇقلارغىچە كېزىپ چىقتىم. ئەمما قوقان خانىنى تەختتىن چۈشۈرۈش بىلەن ئاياقلاشقان سىياسىي ۋەقەلەر قەشقەرىيىگىمۇ خاتىرجەمسىزلىك ئېلىپ كەلگەنلىكتىن پۈتۈن جۇڭگو تۈركىستانىدىكى ئەڭ چوڭ ۋە ئاھالىسى ئەڭ كۆپ شەھەر يەكەننى كۆرەلمەي قالدىم» [52].

چوقان ئۆز خاتىرىسىدە قەشقەرنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى جەمئىيەت ئەھۋالى توغرىسىدا تەپسىلىي توختىلىدۇ. بۇ يەرنىڭ «كىچىك بۇخارا» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان قەدىمىي شەھەر ئىكەنلىكىنى، قول ھۈنەرۋەنچىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى، كىشىلىرىنىڭ ناخشا-مۇزىكىغا ئامراقلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە ئادەمنى چۆچۈتىدىغان قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەرنىڭمۇ بارلىقىنى، يەنە ئادەم كاللىسىدىن ياسالغان مۇنارلار، شەھەر ئىچىدە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز خادىلارنىڭ ئۇچلىرىغا سانجىپ قويۇلغان ئادەم باشلىرى، خوجىلار بىلەن خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى قىرغىنچىلىق ئۇرۇشلىرى ۋە چىڭ سۇلالىسىغا قارشى قوزغىلاڭلارنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرىنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ [53]. بولۇپمۇ ئۇنى قاتتىق ئېچىندۇرغىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ كۈندىن كۈنگە قاغجىراپ كېتىۋاتقان روھىي دۇنياسى، نادانلىقى ۋە قالاق ھالىتى ئىدى. ئۇ بۇ ھەقتە قاتتىق ئەپسۇسلىنىپ: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھۆكۈمرانلىرى ھازىر بۇرۇنقى ئەجدادلىرىدەك شېئىر، قوشاق، غەزەللەرنى يازمايدۇ. ئاسترونومىيە جەدۋەللىرىنى تۈزمەيدۇ. بۇنداق قىلىشنىڭ ئورنىغا ھەر كۈنلۈكى دەبدەبىلىك ھالدا مەسچىتلەرگە كىرىشىدۇ. باشلىرىنى تىقىشىپ موللىلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشىدۇ. ئۆيلىرىگە قايتقاندىن كېيىن، مەيدانغا چىقىپ ئۇسۇشۇشقا كۆندۈرۈلگەن ئىككى قوچقارنىڭ تاماشاسىنى كۆرۈشىدۇ. ئىككى قوچقارنى باشلىرى يېرىلمىغىچە ئاجراتمايدۇ، ئىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن كۆزلىرىنى قىزارتىشىپ، ھەرقايسىسى ئۆز قوچقارلىرىنىڭ دۈمبىسىگە 40 چىۋىق، بېقىنىغا 40 چىۋىق ئۇرۇشىدۇ...» [54] دەپ يازىدۇ.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خوجىلارنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن بۇيانقى ئۇزاق يىللاردا، سىياسىي مۇقىمسىزلىق، ئىچكى نىزا-زىددىيەتلەر ۋە ئىسلام ماھىيىتىگە يات بولغان دىنىي ئاسارەتلەر مىللىتىمىزنىڭ پىسخىك جۇغلانمىسىغا پاسسىپ ئامىللارنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىغانىدى. ئۇلار پۈتكۈل دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىشكە، تەرەققىياتقا ۋە ئىسلاھاتقا يۈرۈش قىلىنىۋاتقان بىر دەۋردە گويا دۇم كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك جاھاندىن خالىي، بىكىك مۇھىتتا كۈنلىرىنى ئۆتكۈزدى. ئۇلار ئىنسان قىممىتى ۋە ياشاش ھوقۇقى ئۈستىدە مۇلاھىزە قىلىشمىدى، بەلكى تەركىدۇنياچىلىق يولىغا كىرىپ خانىقا-مازارلاردا «ھۇم-ھۇم» سېلىشنى ئۆزلىرىگە راۋا كۆردى؛ ئۇلار ئۆزلىرى ئېتىقاد قىلىۋاتقان «قۇرئان» ئۈستىدە ئەقلىي تەپەككۇر قىلمىدى، بەلكى

ئوت قويرۇق «پىر-ئەۋلىيا» لارنىڭ بىمەنە پەتىۋالىرىغا دۇم چۈشۈپ ئۆز ئارا قىرغىن قىلىشتى؛ ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ تەقدىرى، مىللىتىنىڭ كېلەچىكى ئۈستىدە زەررىچە باش قاتۇرمىدى، بەلكى ئارقا ھويلىدىكى خوتۇنلىرىنى قانداق باشقۇرۇش، خورازلىرىنى قانداق سوقۇشتۇرۇش، قوچقارلىرىنى قانداق ئۈسۈشتۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە كۈن ئۆتكۈزدى. . . بۇنداق چېكىدىن ئاشقان روھىي بېكىنمىچىلىك ۋە تار جاھاندارچىلىق تارىم ئويمانلىقىدا ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسىنىڭ بىر قانچە ئەسىر داۋاملىشىشىغا سەۋەب بولدى. ئۇلار ئۈچۈن قانۇن ئېڭى ۋە ياشاش ھوقۇقى تۇرمۇش كۈن تەرتىپىدىن چىقىرىپ تاشلانغان نەرسىلەر ئىدى. كىشىلىك ھوقۇق ئۇقۇمى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. قانچىلىغان بىگۇناھ پۇقرالار ۋەلىخان تۆرىنىڭ قانلىق قىلىچى ئاستىغا بويىنىنى تۇتۇپ بەرگەن ئاشۇ ۋەھىمىلىك دەقىقىلەردىمۇ «بۇ نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن سوئالنى سوراپ قويۇشمىغانىدى. مونتېسكيۇ ئۆز دەۋرىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ھالسىراپ كېتىۋاتقان گەۋدىسىنى يۆلەپ تۇرغۇچى پۇقرالارنىڭ قانۇن ئېڭى توغرىلىق مۇنداق يازغانىدى: «كىشىنىڭ كەيپىياتى تەبىئىي يوسۇندا ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتنىڭ ئادىتىگە ماس كېلىپ قالىدۇ. سەككىز كۈن قاماش ياكى ئازراق جەرىمانە قويۇش مۆتىدىل ھۆكۈمەتنىڭ قول ئاستىدا ياشاۋاتقان ياۋروپالىققا نىسبەتەن خۇددى بىر قولى كېسىپ تاشلانغان ئاسىيالىقنى قورقۇتقاندەك تەسىر كۆرسىتىدۇ. . . بىر فرانسوز مەلۇم بىر جازاغا ئۇچرىسا ياكى نامى بۇلغىنىپ رەسۋاسى چىقىپ كەتسە، شۇ خىلدىكى جازا بىلەن تۈركلەرنى جازالىغاندا، ئۇلارنىڭ چارەك سائەت ئويقۇسىغىمۇ تەسىر يەتكۈزمەسلىكى مۇمكىن»[55].

چوقان ۋەلىخانوۋنىڭ تارىم ۋادىسىغا قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، بىر مۇنچىلىغان رۇس ۋە ياۋروپا «سەيياھ» لىرى تارىم ۋادىسىغا كەلدى. ئۇلار ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاز-تولا خاتىرە قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاساسىي مەقسىتى تارىم ۋادىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك سىرىنى ئېچىش، ئاخېئولوگىيىلىك قېدىرىش ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. ئاۋرېل ستېيىن ۋە موللا مۇسا سايرامىلارنىڭ خاتىرىلىرىگە قارىغاندا، XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىكى تارىم ئويمانلىقى يەنىلا ئۆز تارىخىدىكى ئەڭ بەختسىز دەۋرلىرىنى بېشىدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. دەرۋەقە، ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە قىلچىمۇ ئالدىن كۆرەرلىك ۋە ئىچكى ئېنېرگىيە ھازىرلىيالمىغان بۇ مىللەت خامۇشلۇق ئىچىدە يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋالدى. XX ئەسىرنىڭ بېشىدا روسىيە تېررىتورىيىسىدىن تارىم ئويمانلىقىغا كەلگەن ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر ئازابىنى كۆرگەن تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشۇۋ بىلەن ئۇيغۇر ئالىمى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋلارنىڭ خاتىرىلىرى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

نوشىرۋان يائۇشۇۋ ئۆز دەۋرىدە پۈتكۈل تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا تونۇلغان يازغۇچى ۋە ئالىم ئىدى. ئۇ 1914-يىلى ساياھەت ئۈچۈن تەڭرىتېغىدىن ئۆتۈپ قەشقەرگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردىن تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتە شەھەرگە قىلغان ساياھەت ۋە تەكشۈرۈشىنى رەسمىي باشلايدۇ. ئۇ «ئەينى ۋاقىتتا شۆھرىتى ھەر تەرەپكە تارقالغان قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلار ياشاۋاتقان ماكان توغرىسىدا پەقەت ئوتتۇرا ئەسىر ساياھەتچىلىرىنىڭ يازغانلىقىنىلا بىلەتتى. شۇڭلاشقىمۇ ئۇ بۇ ئەلگە كەلگەندىن كېيىن ئاجايىپ كاتتا يېزا-قىشلاق، شەھەرلەرنى ۋە ئادالەت، پاراۋانلىق ئىچىدە ياشاۋاتقان خەلقنى كۆرىمەن دەپ خىيال قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەردە كۆرگىنى كونىراپ كاردىن چىققان، خۇددى خارابىلىققا ئوخشاش ئەسكى تام - ئىمارەتلەر ۋە كونا ئۇسۇلدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ياۋاش، ساۋاتسىز خەلق بولدى. بۇ نادان خەلق بالايىئاپەت، ئازاب-ئوقۇبەت، ئاغرىق-سىلاقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مازارغا تۈپلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى ئەۋلىيالاردىن تىلەيتتى. نوشىرۋان يائۇشۇۋ خەلقنىڭ بۇ ھالىغا قاتتىق ئېچىنىپ، تاتارىستانغا ئەۋەتكەن دەسلەپكى ماقالىلىرىدا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى يازدى ۋە بۇنىڭ سەۋەبلىرى خۇراپاتلىق ۋە ساۋاتسىزلىقتىن بولغان دەپ چۈشەندى»[56]. نوشىرۋان ئەپەندىم تارىم ۋادىسىدىكى ئالتە شەھەردە بولغان ئۈچ يىل مابەينىدە، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى چوڭقۇر كۆزىتىدۇ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ ۋە يېڭى ئەسىرگە پەقەت ئىسسىق جېنى بىلەنلا كىرگەن بۇ مىللەتنىڭ تارىخىي بەختسىزلىكىنىڭ يىلتىزىنى تېپىشقا تىرىشىدۇ. ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىغا سۇنغان بىر پارچە ماقالىسىدە «جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن شىنجاڭغا ھېچقانداق ئۆزگىرىش ئېلىپ كەلمىدى. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىلىرى بۇرۇن قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ كەلدى. ئەزگۈچىلەر بۇرۇن قانداق بولغان بولسا ھازىرمۇ خەلقنى شۇنداق ئېزىپ، ئۇلارنى ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ، تىلى، ئۆرپ-ئادىتى، ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي ئاياغ-ئاستى قىلىپ، خەلقنى بۇلىماقتا»[57] دەپ يازىدۇ. ئۇ يەنە ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىكى چېۋەرلىكى، ماھىرلىقى ۋە ئەمگەكچانلىقىغا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالمايسىز. قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئۇيغۇرلار باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا ناھايىتى چوڭ تارىخىي مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن خەلقتۇر. بۇ جەھەتتە باشقا مىللەتلەر ئۇيغۇرلاردىن ئۆلگە ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. لېكىن بۇ ئىشچان خەلق شۇنچە بېرىلىپ ئىشلىسىمۇ يەنىلا ئۇلارنىڭ تاپقىنى تىزىدىن ئاشمايدىكەن. . .»[58]

نوشىرۋان ئەپەندىم يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇر تارىخىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخى ھەققىدىكى ماقالىلىرىدە XVII – XVIII ئەسىرلەردىكى خوجىلار ئوتتۇرىسىدىكى ماجىرالارنىڭ سەئىدىيە ئۇيغۇر خانلىقىغا خاتىمە بەرگەنلىكىنى، «ئاقتاغلىق» ۋە «قاراتاغلىق» خوجىلارنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى چاك-چېكىدىن پارچىلاپ، مۆلچەرلىگۈسىز ۋەيرانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. ئالتەشەھەردە ئۇنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرغىنى بۇ

خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ تولىمۇ تۆۋەنلىكى ھەتتا ئۆز مىللىتىنىڭ نامىنىمۇ ئۇنتۇغانلىقى ئىدى. ئۇ كوچاغا كەلگەندە كوچىدا ئۇچرىغان بىر ئۇيغۇر كىشى بىلەن بولغان قىسقا پارىڭى ئۈستىدە مۇنداق يازىدۇ: «مەن كوچىدا ئۇچرىغان بۇ ئادەمگە سالام بېرىپ، تەقسىر، مىللىتىڭىز نېمە؟ ›، دەپ سورىسام، ئۇ كىشى ئىككىلەنمەيلا ‹ ئەلھەمدۇلىللا، ئىبراھىم خەلىلۇللانىڭ ئەۋلادىمىز ›، دەپ جاۋاب بەردى. مەن جاۋابتىن ھەيران بولدۇم ۋە ئېچىندىم، ئىھ، بىچارە خەلق! نادانلىق، قالاقلىقنىڭ كاساپىتىدىن ئۆزىنىڭ كىملىكىنى، مىللىتىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن، دەپ ئېچىندىم ھەمدە بۇ كىشىگە مىللىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى، بۇ مىللەتنىڭ تولىمۇ قەدىمىي مىللەت بولۇپ، تارىختا مەدەنىيىتى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردۈم» (59). نوشىرۋان ياۋشېۋ قەشقەردىن كوچاغا كېلىپ بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا 50 تەك بالىنى يىغىپ يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتۇشقا باشلايدۇ. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي بالىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى تۈرلۈك باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، بالىلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىدۇ. نوشىرۋان ياۋشېۋ 1907-يىلى 31 يېشىدىن باشلاپلا ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان سەپىرىنى باشلىغانىدى. ئۇ دەسلەپ قازاق داللىرىنى ئارىلاپ، قازاق خەلقىنىڭ ھال ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشەندى. كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت، بۇخارا، سەمەرقەنت قاتارلىق ئوك شەھەرلەرگە بېرىپ شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار زاتلىرى بىلەن تونۇشتى، ھەمسۆھبەت بولدى ۋە بىلىمىنى مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇ 1914-يىلدىن باشلاپ تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ئۈچ يىلدەك ياشىدى ۋە ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى توغرىسىدا نۇرغۇن ماقالىلەرنى يېزىپ قازاندا چىقىدىغان «شۇرا» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا شۇنىڭدەك شەرق مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلدى.

XVII – XVIII ئەسىرلەرنى خوجا-ئىشانلارنىڭ تىنىمسىز پاراكەندىچىلىك ۋە سۇرۇقچىلىق دەۋرى، XIX ئەسىرنى جاھاندىن خالىي، جاھالەت ئەسىرى دېيىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى خۇددى فېئودال مۇستەبىت ياك زېھنىيەتتە «ئىستىغىپار ھۇجرىسى» مەزگىلى دېيىشكە بولىدۇ. پۈتكۈل دۇنيا يېڭى ئەسىرنىڭ جۇشقۇن ئېقىمىغا جۇر بولغان مۇشۇ قايناق دەۋردە شىنجاڭدا تاكى ئاپرېل ئۆزگىرىشىگىچە داۋاملاشقان جاھالەتلىك يىللار كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ. مونتېسكيۇنىڭ ئوسمان ئىمپېرىيەسى ھەققىدە ئېيتقان «تەلەيى دۇنيانىڭ ھېچقانداق بىر يېرىدە بۇ يەردىكىدەك تۇترۇقسىز ئەمەستۇر» (60) دېگەن سۆزى بۇ يەرگە تولىمۇ باب كېلەتتى. ئۇزاققا سوزۇلغان پاراكەندىچىلىك ۋە مەھكۇملۇقتىن ۋۇجۇدى قېرىغان بۇ تەلەيسىز مىللەت ئۆزىنىڭ ئېغىر ھەم كېسەلمەن گەۋدىسىنى سۆرەپ XX ئەسىرنىڭ

بوسۇغىسىدىن ئاتلىغاندا، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ بەختسىزلىكلەر كۈتۈپ تۇراتتى. نادانلىقتا قالدۇرۇش، پارچىلاپ باشقۇرۇش، سىرت بىلەن بولغان ئالاقىلەرنى قامال قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش مىزانى قىلغان فېئودال مىلتارىستلار تاكى ئەسىرىمىزنىڭ 30-يىللىرىغا قەدەر ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە سەگىدەش پۇرسىتى بەرمىدى. خۇددى ياك زېھنىيەتتىن ئۆزى ئېيتقاندەك: «مائارىپى يوق مىللەت دۇم كۆمتۈرۈپ قويغان قازاننىڭ ئاستىدىكى قوڭغۇزغا ئوخشايدۇ. جاھان مۇشۇ دەپ يۈرۈۋېرىدۇ. نادان خەلقنى باشقۇرماق ئاسان، ئۇلارنى قويغا ئوخشاش خالىغان تەرەپكە ھەيدەپ كەتكىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۇلارغا مائارىپنى بەرمەيمەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن چىققان ھەر قانداق ئىقتىدارلىق ۋە ئەقىللىق كىشىنى دەرھال نەزەربەنت قىلىمەن، بىر باھانە تېپىپ يوق قىلىمەن...» (61)، «چەتنىڭ ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپى راۋاجلاندۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت ئىدىيىسى قوزغىلىدۇ. بۇ چوقۇم شىنجاڭنى قالايمىقانچىلىققا ئېلىپ بارىدۇ...» (62). كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، خوجىلار پاراكەندىچىلىكىدىن بۇيان ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىمدىكى ماڭقۇرتلۇق كومېدىيىسى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىمۇ ئوخشاشلا ئوينىلىۋاتاتتى. ياك زېھنىيەتتىن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىكى ئون يەتتە يىل داۋامىدا، ئۇ «ھېچقانچە قۇرۇلۇش قىلمىغان، مەدەنىي مۇئەسسەسە، ئاخبارات ئورگىنى قۇرمىغان. بىر پارچىمۇ گېزىت چىقارمىغان. تىياتىرخانا، مەدەنىيەت يۇرتى، كىتابخانا دېگەنلەردىن سۆز ئېچىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى» (63)

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇنجى قېتىم ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن ئاتاقلىق تارىخچى ۋە تونۇلغان جامائەت ئەربابى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ (1951-1887) نىڭ 1913-يىللىرى تەكرىتىيېغىدىن ئۆتۈپ جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرى ئالاھىدە خاراكتېرلىكتۇر. ئۇنىڭ مۇبارەك نامى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىگە تونۇلۇشقا باشلىغانىدى. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئېھتىمال مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ تەرەققىيات مەسىلىسى ۋە كەلگۈسى تەقدىرى ئۈستىدە ئەڭ كۆپ ئويلانغان ۋە ئازابلانغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن. «ئۇ، مىللىتىمىزنىڭ ئەسلىدىكى مىللەت نامىنى قوللانماي قەشقەرلىك، تۇرپانلىق، ئالتە شەھەرلىك دەپ ئاتاشتەك نادانلارچە ئەھۋالنى تۈگىتىپ، قەدىمكى ‹ ئۇيغۇر › نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەقسىتىدە ‹ ئۇيغۇر بالىسى › تەخەللۇسى بىلەن 1911-يىلى ‹ شۇرا › ژۇرنىلىغا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ‹ قۇتادغۇبىلىگ › داستانىنى تونۇشتۇردى. بۇ ئىش باشقىلارنى ئاجايىپ قىزىقتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ‹ ئۇيغۇر بالىسى › نىڭ ئاما ئارىسىدىكى ئابرويى تېخىمۇ ئۆستى.» (64)

«ئۇيغۇر بالىسى» ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى ئۈستىدە چوڭقۇر ئىزدەندى. ئۇنىڭ

ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى، 1864-يىلىدىكى ئىلى قوزغىلىڭى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ تارىخى، ئىلى ئۇيغۇرلىرىنىڭ يەتتە سۇغا كۆچۈشى قاتارلىق تېمىلارغا دائىر ماقالىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ قازاندا چىقىدىغان «شۇرا» ، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. ئۇ يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، «نوزۇگۇم» ، «خانتەڭرى» ، «كىچىككىنە رىزا» ، «ياش ئۇيغۇرغا»-قاتارلىق ھېكايە-پوۋېست ۋە شېئىرلارنى ئېلان قىلدى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يول ئاچقۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر جەمئىيىتى ۋە ئۇنىڭ كېسەلمەن گەۋدىسى، مىللىي تەرەققىيات مەسىلىسى شۇنىڭدەك مىللەتنىڭ كېلەچىكى، ئىسلام دىنىنى ئىسلاھ قىلىش ھەققىدىكى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى دىققەتكە ئالاھىدە سازاۋەردۇر. ئۇ، «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1912-يىللىق 11-سانىغا يازغان «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم تارقىتىش ھەققىدە مۇلاھىزىلەر» ناملىق ماقالىسىدە كەسكىن قىلىپ مۇنداق يازدى: «مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىلىم نېمە ئۈچۈن لازىم دەرىجىدە تارقالمىدى؟ بۇ سوئالغا ‹شۇرا› ئوقۇرمەنلىرى تۆرلۈك سەۋەبلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بىزنىڭ ئاجىزانە پىكرىمىزچە، ھەقىقىي سەۋەبى پەقەت بىرلا، باشقا سەۋەبلىرى بۇنىڭ پارچىلىرىدۇر. ئۇ بولسىمۇ، پۇلنىڭ يوقلۇقى ۋە كەمبەغەللىكتۇر. ئاقچا بولسا باشقا ھەممە سەۋەبلەر ھەل بولغان بولاتتى. ئەمما پۇلسىزلىقىمىز ۋە كەمبەغەللىكىمىزنىڭ سەۋەبى بولسا بەك زاھىر ۋە ئوچۇقتۇر. مىڭ نەچچە يىللاردىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نىزا، ئۆز ئارا جاڭجال ۋە ئىختىلاپلاردىن بىزلەر ئوقۇش ۋە باي بولۇشقا ئەمەس، بەلكى بىر-بىرىمىزنى ئۆلتۈرۈش ۋە قىرىشقا ۋاقىت تاپالماي يۈرىمىز. . . بۇ يولدا سەرپ ئەتكەن مال ۋە كۈچىمىزنى، دۇنيا ۋە بايلىقىمىزنى ساۋابلىق ئەمەل دەپ ھېسابلايمىز. بۇ سۆزۈمنىڭ دەلىلىنى سورىسىڭىز، قاراڭلار، ئىسلام دۇنياسىغا! ئىرانلىقلار، بۇلغارلار، پارسلار ۋە يەمەنلىكلەر ھەمدە ئەرەبلەر ھەمىشە سوقۇشىدۇ، قىرىشىدۇ. كىملەر بىلەن سوقۇشىدۇ دېسىڭىز — جاۋابى مەلۇم: مۇسۇلمانلار مۇسۇلمانلار بىلەن سوقۇشىدۇ. بۇ سوقۇشلارغا كەتكەن مىليونلىغان پۇل ئىلىم-بىلىم يولىغا ئىشلىتىلسە ئىدى، ئىسلامىيلەر ئارىسىدا ئىلىم يامان ئەمەس تارقالغان بولاتتى. لېكىن، ناھايىتى ئەپسۇس، جاھىل-جاھالەت! » [65].

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ 1913-1914-يىللىرى ئالتە شەھەرگە قىلغان زىيارىتى ۋە قالدۇرغان خاتىرىلىرى بىزنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى تارىم ۋادىسىنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىنى چۈشىنىشىمىزگە زور ياردەم بېرىدۇ. ئۇ، روسىيە تەۋەسىدىكى ياركەنتتىن يولغا چىقىپ، تېكەس ئارقىلىق قار-مۇزلار بىلەن قاپلانغان مۇزارت داۋىنىغا يول ئالىدۇ. يانۋارنىڭ شۇۋرغانلىق كۈنلىرىدە بۈيۈك مۇز تاغ ئاتىنىڭ ئۈستىدە — خانتەڭرى ئېتىكىدە كېتىۋېتىپ، بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى، ھازىرى ۋە كېلەچىكى ئۈستىدە چوڭقۇر خىيالغا چۆمىدۇ. ئۇنىڭ خىياللىرى ئادەتتىكى بىر ساياھەتچىنىڭ يۈزە ھېسسىياتىنى ئەمەس، بەلكى ماغدۇرسىز ئاياغلىرىنى سۆرەپ يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ ئىچكى ئۆكۈنۈشلىرىنى نامايەن قىلغانىدى. ئۇ «ئالتە شەھەرگە سەپەر» ناملىق ساياھەت خاتىرىسىدە مۇزارت داۋىنى ئۈستىدىكى ھېسسىياتىنى مۇنداق يازىدۇ: «ئۆتكەن يىللارنىڭ قايغۇ-ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇش، دەردلىك قەلبىمگە تەسەللىي بېرىش مەقسىتى بىلەن سەپەردە بولماقنى ئارزۇ قىلدىم. قەيەردە ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ۋەتىنى، مەدەنىيەتلىك ئۇيغۇر بوۋىلىرىمىزنىڭ جاھانگاھى؟ . . . بۈگۈن 4-يانۋار، بەش-ئالتە ھەمراھلىرىم بىلەن ئالتە شەھەر تەرەپكە راۋان بولدۇم. ھېسابلىسام بىزنىڭ ئىسلام قوبۇل قىلغىنىمىزغا يەنە 18 يىلدىن كېيىن مىڭ يىل توشىدىكەن. خاۋاتىرلىنىدىغان بىر ئىش — ھەر كېلەچەك يېقىندۇر. . . ئالدىمىزدىكى قورقۇنچلۇق تاغ تۆپىسىدە قار-شۇۋرغان ۋىژىلداپ تۇرىدۇ، خىياللار ھالاكەت چوڭقۇرلۇقىغا ئاغدۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. ھەممىسى چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا چۆمۈلگەن ھالدا كېتىپ بارىدۇ، ئۈن-تىنىش يوق. ئاخىرى يەتتۇق مۇزارتقا! ھەر نەرسە بولسىمۇ مۇز ئۈستىدە ھامان كېتىپ بارىمىز. قاتار تىزىلغان تۈرك مۇھاجىرلىرى ئاچ-يالىڭاچ، بالا-چاقا، قېرى-چۆرە — ھەممىسى پىيادە، بەزىلىرى ھالسىزلىقتىن سەنتۈرۈلۈپ، ئۇياق-بۇياققا دەلدەڭشىپ كېتىپ بارىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنىڭ جەسىتىنىڭ تاش تۈۋىدە قېپقالغانلىقىنى كۆردۈم. . . ئەي ئوقۇرمەن قېرىنداشلار! تۈرك مۇھاجىرلىرى دېسەك، بالقانلىقلارنىڭ زۇلۇمىدىن قاچقان تۈركلەر ئېسىڭلارغا چۈشۈۋاتامدۇ؟ خەيرىيەت، بۇ يەردە بالقانلىقلار يوق. لېكىن بالقانلىقلاردىنمۇ زالىم بىر كۈچ باركى، ئۇ بولسىمۇ يوقسۇزلۇق، نامراتلىق ۋە مەئىشەت تارلىقى. . . ئاخىرى مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈپ، تاغ ئېغىزىدىكى قورغانغا كەلدۇق. خىياللىرىم مېنى X IX ئەسىرگە ئېلىپ كەتكەنىدى. خىيال بىلەن تەڭ قورغاندىن چىقتۇق ۋە قىزىلبۇلاق دېگەن جايغا يەتتۇق. بۇ يەردە مەكتەپ بولمىسىمۇ، لېكىن بىر خانىقا بار ئىكەن. ‹بىزلەر ئاخىرەت ئادەملىرى بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، دۇنيا مەكتىپى نېمىگە لازىم بولار دېدۇق› - دېدى ساھىبخان» [66].

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ مۇزارت داۋىنىدىن ئۆتۈش جەريانىدا ئۆز مىللىتى ھەققىدە چوڭقۇر خىياللارغا چۆمىدۇ ۋە يېقىن ئارىدا يېتىپ بارىدىغان تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ئالتەشەھەرنىڭ غايىۋى مەنزىرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. لېكىن رېئاللىق ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىن كۆپ يىراق ئىدى. ئۇ، ئاقسۇ شەھىرىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، قاتتىق ئېچىنىش ئىچىدە ئۆز خاتىرىسىگە مۇنۇلارنى يازىدۇ: «ئاقسۇ كۆڭۈللەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ تۇرغۇدەك خۇش مەنزىرىلىك شەھەر ئەمەسكەن، ئادەملىرى بۇنىڭدىن مىڭ يىل ئاۋۋال قانداق ياشىغان بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق ياشاپ تۇرۇپتۇ. پەقەت ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ چىققان جايى بولغانلىقى ئۈچۈنلا خۇش كۆرۈنىدۇ.

www.uyghurkitap.com

كوچىلىرى مۇنتىزىم — تەرتىپلىك ئەمەس، ھەممىسى بىر تۈرلۈك دىگۈدەك تارقاقلىقتىن ئىبارەت. شەھەردە گۈزەل ياسالغان بىرمۇ ئىمارەت يوق. گەمىگە ئوخشاش خانىلاردا كىشىلەر روھسىز، چۈشكۈن، نامرات ۋە مىسكىنلىك ئىچىدە ياشايدىكەن. ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرى سۇس، ئەكسىچە ئىشانچىلىق بەك كۈچلۈك، ھۈنەر-سەنئەت كۆپتىن بىرى يوق. پەخىش ۋە پاھىشۋازلىق، كەمبەغەللىك بارغانسىرى ئەۋج ئېلىۋېتىپتۇ. مولللارلاردا بۇنىڭغا قارشى تۇرغۇدەك ئىقتىدار يوق. ئېھتىمال، ھۆكۈمەت ئەھمىيەت بەرمەيدىغاندۇر. بۇ يەردىكى مەمۇرلار «ھارۋا سۇنسا ئوتۇن، ئۆكۈز ئۆلسە - گۆش» بولىدۇ دەپ قاراپ تۇرىدۇ. پاھىشىلەرگە پاھىشىخانىلار يوق، شۇڭا ئۇلار تۇڭگان سارايلىرىدا مۇستەقىل ياشايدۇ. يانلىرىدىن ئۆتسەڭ نازلىنىپ ئىشقىي-مۇھەببەت قوشاقلىرىنى ئېيتىدۇ. بۇلارنى كۆرۈپ ئۆز-ئۆزۈڭدىن خورلىنىسەن. خۇسۇسەن ماڭا ئوخشاش باشقا يەردە ئۆسكەن بىر كىشىگە بۇلارنىڭ قىلىقلىرى بەك ئېتىقسىز ۋە يات تۇيۇلىدىكەن...» (67)

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ خۇددى نوشىرۋان يائۇشوۋ ئەپەندىگە ئوخشاشلا تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئېڭىنىڭ پەۋقۇلئاددە تۆۋەن ئىكەنلىكىدىن قاتتىق قايغۇرىدۇ. دەرۋەقە X X ئەسىر بوسۇغىسىنى ئاتلىغان بىر مىللەتتە مىللىي ئاڭنىڭ ۋقىلىشى غايەت زور بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى ئىدى. چۈنكى ھەر قانداق مىللەتنىڭ ئاسسىمىلياتسىيىگە قارشى ئىچكى پىسخىك ئېنېرگىيىسى مىللىي ئاڭنى ئۆزىگە ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئالتە شەھەرگە قىلغان سەپىرىدىن كېيىن، «شۇرا» ژۇرنىلىغا سۇنغان «بىزنىڭ تۇرمۇش» ناملىق ماقالىسىدە ھەسرەت بىلەن مۇنۇلارنى يازىدۇ: «بۇرۇنقى زاماندا ‹ئۇيغۇر› ئاتىلىپ، ھازىر ئاتسىز قالغان چىنى تۈركىستان تۈركىي خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش مەنزىرىسى ناھايىتى ئېچىنىشلىق ۋە بىچارىدۇر. بىز بۇنى 1914-يىلى ئاقسۇ سەپىرىمىز جەريانىدا كۆرگەنىدۇق. مەسىلەن، ئۇ يەردە 15 سوم قەرزىنى بېرەلمەي قالغان بىر ئۇيغۇر ئەزىز بالىسىنى بىر خەنزۇ سودىگەرگە ساتقانلىقىنى، ئىككى-ئۈچ مۇسۇلمان ئايالنىڭ يات تائىپىدىن بولغان بىرى بىلەن ئائىلە تەشكىل قىلغانلىقىنى ۋە جاڭگۇيدىسىنى ماختىنىپ ئۆتكەن — كەچكەن ئۇيغۇرلارنى مەسخىرە قىلىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇرۇشقانلىقىنى، سارايلاردا تولىسى مۇسۇلمانلارنىڭ پاھىشىۋازلىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى، تەپسە تۆمۈر ئۈزگۈدەك ياش يىگىتلەر تۈركۈم-تۈركۈم ھالدا كوچىلاردا ۋارقىرىشىپ، بىر پارچە نان غېرىبى بولۇشۇپ، باشلىرىنى دىۋانىلىقتا سىيلىشىپ ‹يا، دوست، يا، ئاللاھ› دەپ بىر پۇل ئۈچۈن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئېتىكىگە ئېسىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەنىدۇق...»

(68) ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇسابايېۋلار، ئابدۇقادىر داموللىلار بارغۇ دەپ ئۆزىمىزگە تەسەللىي بەرگەنىدۇق. لېكىن بىزنىڭ بۇ ئۈمىد لىرىمىزنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق. سەيياھ مۆھتەرەم نوشىرۋان ئەپەندى بىزنى چىنى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن يېقىندىن تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ئىستىقبالىمىزنىڭ بەك ۋەھىملىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق... دېمەك، ھەممە يەردە ئەھۋال ئوخشاش. بىر چىنى تۈركىستان ئۇيغۇرلىرى ئاۋۋال ئۇيغۇر ئاتىلىپ، كېيىن ئاتسىز قالغان دېگەنىدۇق. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ يەرلىك بىر ئۇيغۇردىن ‹سەن كىم؟› دەپ سورىساڭ، ئۇ قىلچە ئىككىلەنمەستىن ‹قەشقەرلىك›، ياكى ‹خوتەنلىك› دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ‹ئۇ دېگەن يەر-جاي نامىغۇ؟› دېسەڭ، ئۇ ھامان ‹مەن مۇسۇلمان› دەيدۇ. ‹ياق، مەن دىنىڭنى سورىمىدىم› دېسەڭ، ھودۇقۇپ ‹مەن چەنتۇ› دەيدۇ. قازاق - قىرغىزلارغا ئارىلاشقان يەرلىكلەر ‹بىز سارت› دەيدۇ. دېمەك، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مانا بۇ جاھالەت!» (69).

نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭ ھەققىدىكى خاتىرىلىرى، ئۆزىگە تونۇشلۇق بولغان يەتتە سۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالى ھەققىدىكى ئۆتكۈر مۇلاھىزىلىرى شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرى X X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىدىكى ئەڭ ئىلغار بىر سەھىپىنى تەشكىل قىلغانىدى. جەدىتىزم دولقۇنلىرىدا كۈنسېرى ئويغىنىش ۋە ئۆز تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىش يولىنى ئېچىۋاتقان قىرىم، قازان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى نوشىرۋان ئەپەندى ۋە نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋلارنىڭ «شۇرا»، «تىل يارىش» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلغان ئۇيغۇرلار توغرىسىدىكى ئۆتكۈر ماقالىلىرىدىن تارىم چوڭقۇرلۇقىنىڭ ئېغىر تىنىقىنى ۋە بىر قانچە ئەسىرگە سوزۇلغان غېرىبلىقىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 1905-يىلىدىكى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، روسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا قىسمىدىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ سىياسىي ھاياتى ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىدا ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى. ھالبۇكى، تارىم ۋادىسى يەنىلا بىر خىلدا ئۆز ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماقتا ئىدى. سىياسىي سېھىرگەرلەرنىڭ «نادانلىقتا قالدۇرۇش»، «بىخوتلۇقتا قويۇش» مىزانلىرى بىلەن نائەھلى خوجىلار، پىر-ئەۋلىيالارنىڭ توقىمەك پەتىۋالىرى مىللىتىمىزنىڭ ھالسىرىغان ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى ھاياتىي كۈچىنى ئاستا-ئاستا خورىتىپ بارماقتا ئىدى. خەيرىيەت، يېرىم ئەسىر ئۆتمەيلا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى خەلقلەر بىلەن تارىم ۋادىسىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى، تەرەققىياتى ۋە روھىي دۇنياسىدا زور ئارىلىق شەكىللەندى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇيغۇر خەلقى ھەسسىلەپ بەدەل تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

**▲ XX ئەسىر روھى شەرق خەلقلىرىگە ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەردى. قىرىم ۋە قازان تاتارلىرى يېڭىلاش، ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى يېڭى بىر مەيدان پىكىر ئىنقىلابىغا تەييارلاندى. جەدىتىزم ھەرىكىتى مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقىدىن ھازىرقى زامان تەپەككۇرىغا سەكرىشىگە زور تۈرتكە بولدى.**

ناۋادا ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيانىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت ئويغىنىشىدا ئىسلاھات مەشئىلىنى ئەڭ بالدۇر ۋە ئەڭ ئېگىز كۆتۈرگەن بىر مىللەت بار دېيىلسە، ئۇ خەلق شەك - شۈبھىسىزكى تاتارلار ئىدى. شۇنداق، تاتارلار تۈركىي تىللىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بالدۇر ئويغانغان، ئەڭ كۆپ ھالاكەتلىك سىناقلارغا دۇچ كەلگەن، ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە تەرەققىياتى ئۈستىدە ئەڭ چوڭقۇر ئويلانغان بىر خەلق ئىدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ روھىي ئويغىنىشىغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە جاھالەت تۇمانلىرى ئىچىدە يەتكىچە ھالسىرىغان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىمۇ مۇئەييەن تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى.

ئالتۇن ئوردا خانلىقى ۋە ئۇنىڭ ۋارىسى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن قازان، ئاستىراخان ۋە قىرىم خانلىقلىرى مەزگىلىدە تاتارلار ئاجايىپ گۈللىنىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاتارلار جۇغراپىيىلىك جايلىشىش جەھەتتىن روسىيىنىڭ ياۋروپا قىسمى بىلەن بىۋاستە تۇتىشىدىغان ۋولگا ۋە ئۇرال دەريالىرىنىڭ تۆۋەن ئېقىمى، قىرىم يېرىم ئارىلى قاتارلىق مۇنبەت زېمىنلارنى ماكان تۇتقانىدى. شۇڭا ئۇلار ئىسلام مەدەنىيىتى ئاساسىدا يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان رۇس ۋە ياۋروپا مەدەنىيەتلىرى بىلەن بىۋاستە ئۇچرىشىپ بىر مەھەل راسا گۈللىنىش مەنزىرىسىنى بەرپا قىلدى. مونتېسكيۇ «پارس مەكتۇپلىرى» ناملىق ئەسىرىدە ھاياجان ئىلكىدە مۇنداق قۇرلارنى يازغانىدى: «دۇنيادىكى ھەر خىل مىللەتلەر ئىچىدە ئۇرۇشقاقلىقنى ئۇلۇغ تۆھپە ھېسابلايدىغىنى تاتارلار ئىكەن. تاتارلار دۇنيانىڭ ھەقىقىي ھۆكۈمرانى بولۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. باشقا بارلىق ئەللەرنىڭ خەلقلىرى ئۇلارغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن يارالغاندەكلا تۇرىدۇ؛ تاتارلار بىر قانچە ئىمپېرىيىلەرنىڭ قۇرغۇچىلىرى، شۇنداقلا بىر قانچىلىغان ئىمپېرىيىلەرنى گۇمران قىلغۇچىلاردۇر؛ ھەرقايسى دەۋرلەردە تاتارلار ئۆز قۇدرىتىنىڭ ئىزنى يەر شارىدا قالدۇرغان...»(70).

ناھايىتى ئەپسۇس، رۇسلارنىڭ كۆچىيىشى ۋە زېمىن كېڭەيمىچىلىكى تاتارلارغا مىسلىسىز بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدى. چار روسىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا 1552-يىلى قازان خانلىقىنى، 1554-يىلى ئاستىراخان خانلىقىنى، 1783-يىلى قىرىم خانلىقىنى يۇتۇۋالدى ۋە ئۆز تېررىتورىيىسىگە قوشۇۋالدى. قازان ۋە قىرىم تاتارلىرى روسىيە تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، بىر مەيدان بوران-چاپقۇنلۇق ئۆزگىرىش دولقۇنىنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى. بۇ ئۆزگىرىش ئۆز نۆۋىتىدە پۈتكۈل مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ تارىخىغا تەسىر كۆرسەتتى(71). رۇسلار قازاننى بېسىۋالغاندىن كېيىن، قەدەممۇ قەدەم ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە تاتار مىللىتىنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان تىركىشىش، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە چېكىنىش يولى ئىزدەشتەك قان-ياشلىق تارىخى باشلاندى. ئامېرىكا تارىخچىسى گاۋىن ھامبلىي بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «رۇسلار قازان رايونىدا ئىككى ئەسىرگە سوزۇلغان ۋەھشىي سىياسەت يۈرگۈزدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى قازان تاتارلىرىنى تامامەن رۇسلاشتۇرۇش ھەمدە مۇسۇلمانلار جامائەسىنى ئۆز جەمئىيىتىگە قوشۇۋېلىش ئىدى. ۋولگا دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىدىكى رايونلاردا رۇسلار ‹تاتارسىزلاشتۇرۇش› سىياسىتىنىڭ بىرىنچى قەدىمى سۈپىتىدە ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەردىن، بولۇپمۇ قازاندىن تاتارلارنى تۈركۈم-تۈركۈملەپ ھەيدەپ چىقاردى. تاتارلارنىڭ مۇنبەت تېرىلغۇ يەرلىرىنى رۇس ئاقسۆڭەكلىرىگە بۆلۈپ بەردى. شۇنىڭدەك يەرلىك خەلقنى خىرىستىيان دىنىغا كىرىشكە قىستىدى، مەسچىت ۋە مەدرىسلەرنى تاقاپ، ۋەخپىلەرنى بىكار قىلىپ، چېركاۋلارنى كۆپلەپ بىنا قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە يەرلىك مۇسۇلمانلار تېز ۋاقىت ئىچىدە ئاز سانلىق ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى. ئۇلار تاتار ئاقسۆڭەكلىرىنى يا خىرىستىيان دىنىغا بەيئەت قىلىشقا، يا ئۆز ئىمتىيازلىرىدىن ۋاز كېچىشكە زورلىدى... ستاتىستىكىلارغا ئاساسلانغاندا، XIX ئەسىرگە كەلگەندە تەخمىنەن 200 مىڭ تاتار خىرىستىيان مۇرتى بولۇپ كەتكەن»(72). رۇسلارنىڭ تاتارىستاندا قاتتىق ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتىنى قوللىنىشى بىپايان ئوتتۇرا ئاسىيانى مەڭگۈلۈك يۇتۇۋېلىش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاش، شۇنىڭدەك رۇس زېمىنلىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ئوتتۇرىسىدىكى توسالغۇنى سۈپۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن تاتار خەلقى ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇزۇنغا سوزۇلغان قارشىلىق كۆرسىتىش كۈرەشلىرىنى ئېلىپ باردى. 1552-يىلىدىن تاكى ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا II تاتارلارغا قاراتقان قاتتىق قول سىياسىتىنى ئۆزگەرتكەنگە قەدەر ئىككى ئەسىر داۋامىدا تاتارلارنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرى بىر كۈنمۇ توختاپ قالمىدى. 1792-يىلى بارغانسېرى زەئىپلىشىۋاتقان ئوسمان ئىمپېرىيىسى رۇسىيىنىڭ قىرىم يېرىم ئارىلىغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن، تاتارلار تارىخىدا يەنە بىر قاراڭغۇ سەھىپە ئېچىلدى. رۇسلار قىرىمغا بولغان «تاتارسىزلاشتۇرۇش» مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن رۇس پۇقرالىرى ۋە چەتئەل مۇھاجىرلىرى

www.uyghurkitap.com

(گېرمانلار، گرېكلار، بۇلغارلار، بالتىقلىقلار) نى تۈركۈم-تۈركۈملەپ كۆچۈرۈپ كەلدى. شانلىق ئۆتمۈش گويا بىر مەيدان چۈشكە ئوخشاش تاتارلار خاتىرىسىدىن ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار ھالاكەت يېقىنلاپ كېلىۋاتقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك كۈنلەردە ئوسمان ئىمپېرىيىسىدىن مەدەت تىلىدى. لېكىن ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ ئۇلارغا ياردەم قىلغۇدەك ھالى قالمىغانىدى. نەتىجىدە 1783-يىلىدىن 1893-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتارلار يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ، قان-ياشلىق چوڭ كۆچۈش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ جەرياندا تاتار مىللىتى نەچچە ئون قېتىم توپ-توپى بىلەن قىرىمدىن تۈركىيىگە كۆچۈشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى روسىيە «تاتارسىزلاشتۇرۇش» سىياسىتى يۈرگۈزۈۋاتقان ئاشۇ ۋەھىمىلىك يىللاردا پەقەت كۆچۈشلا بۇ بەختسىز مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالايتتى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە تاتارلار قىرىم يېرىم ئارىلىدىكى بىر ئاز سانلىق مىللەتكە ئايلىنىپ قالدى. 1897-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، قىرىمدا ئەسلىدە بار بولغان 523 مىڭ تاتاردىن پەقەت 187 مىڭىلا قالغانىدى. شۇنداقلا پۈتكۈل ياۋروپا مۇسۇلمانلىرى ئىچىدە مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەڭ تۆۋەن ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانىدى. شۇنداق قىلىپ قىرىم تاتار خانلىقىنىڭ شانلىق خاتىرىلىرى كىشىلەرنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.[73]

XVIII ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، بولۇپمۇ ئايال پادىشاھ يېكاتېرىنا II تەختكە چىققان مەزگىللەردە تاتارلار ئۆز ئىستىقبالى ئۈچۈن يېڭى يول ئىزدىدى. شەھەرلەردىن قوغلانغان تاتار ئاقسۆڭەكلىرى ۋە قول ھۈنەرۋەنلىرى ئاستا-ئاستا تىجارەت يولىغا كىرىپ، روسىيىدىكى يېڭى بىر سودا گۇرۇھىنى شەكىللەندۈردى. ئۇلار چارروسىيە ئوتتۇرا ئاسىيانى تامامەن بويسۇندۇرغىچە بولغان بىر ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە روسىيە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سودىسىدا ۋاستىچىلىق رول ئوينىدى. ئەسلىدىكى جىمى ئىمتىيازلىرىدىن مەھرۇم قالغان بۇ مىللەت سودا ئېڭى ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇتلۇقىغا ماددىي ئاساس ھازىرلىدى. خۇددى گاۋىن ھامبلي تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «تاتار سودىگەرلىرى چارروسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ سودا جەھەتتىكى ‹ھەمكارلاشقۇچى›، سى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار يەنىلا ئىسلام دىنىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەنىدى شۇنداقلا ئۆز مىللىتىگە بولغان مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى ئۇنتۇمىغانىدى. ئەگەردە ئۇلار بولمىغان بولسا، ئىسلاھات ھەرىكىتى ۋە XIX ئەسىردىكى ‹تاتار ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشى›، مۇ يۈز بەرمىگەن بولاتتى...»[74]

XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، چارروسىيە قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى تولۇق ئىستېلا قىلدى. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ ئاخىرقى خانلىق - قوقان ۋە خىۋە خانلىقلىرى مۇنقەرز بولدى. ئەمدىلىكتە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى ئۈچۈن تاتارلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋاستىچىلىق رولىنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغانىدى. بۇنىڭ بىلەن تاتارلار ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ‹رۇسلاشتۇرۇش› سىياسىتى يەنە بىر بالداق كۈچەيتىلدى. ھەتتا 1909-يىلى «مۇسۇلمانلارنىڭ مەكتەپ، مەدرىسلىرىگە چار پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ خانىشىنىڭ سۈرىتىنى ئېسىش بۇيرۇق قىلىندى»[75]. چار پادىشاھنىڭ «رۇسلاشتۇرۇش»، «خرىستىئانلاشتۇرۇش» تەك ئاسسىمىلياتسىيە سىياسىتى تاتار ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە مىللەت پۈتۈنلۈكىگە غايەت زور تەھدىت ئېلىپ كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تاتار خەلقى بىرىنچى بولۇپ ئىسلاھات دولقۇنى قوزغىدى. ئۇلار مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاش، مۇسۇلمان خەلقلىرىنى ئىجتىمائىي كرىزىستىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن مەدەنىيەتتىكى قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىش، ئىسلام دىنىنى تەرەققىيات بىلەن ماسلاشتۇرۇش زۆرۈر دەپ قارىدى. دەرۋەقە، XX ئەسىر روھى شەرق خەلقلىرىگە ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىش پۇرسىتى بەردى. قىرىم ۋە قازان تاتارلىرى يېڭىلاش ۋە ئاقارتىش دولقۇنىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ئويمانلىقى بىر مەيدان يېڭى پىكىر ئىنقىلابىغا تەييارلاندى. جەدىتىزم ھەرىكىتى مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان روھىي مەھكۇملۇقىدىن ھازىرقى زامان ئەقلىي تەپەككۇرىغا سەكرىشىگە زور تۈرتكە بولدى. خۇددى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئېيتقاندەك: «نوغاي قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئويغىنىش دەۋرى XIX ئەسىردە باشلىنىپ XX ئەسىردە تەرەققىيات دەۋرىگە كىرگەن بولسا، تارانچى تۈركلىرى (ئۇيغۇرلار) نىڭ ئويغىنىش دەۋرى XX ئەسىردە بولدى»[76].

مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئىسلاھات ھەرىكىتى ئەڭ ئاۋۋال بىر تۈركۈم داڭلىق دىنىي مۇتەپەككۇرلار تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇناسىر قۇرساۋى (1783-1814)، شىھابىددىن مارجانى (1818-1889)، رىزائىددىن فەخرىددىن (1859-1936) ۋە مۇسا جارۇللا (1875-؟19) قاتارلىقلار ئۆز دەۋرىدىكى تاتار مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى يېتەكلەپ ماڭغان قورقماس ئىسلاھاتچىلار ۋە مۇتەپەككۇرلار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئىچىدە مۇسا جارۇللانىڭ تەسىرى ئىنتايىن زور بولغانىدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى ۋە ئىلغار ئىجتىمائىي قاراشلىرى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن «تاتار ئەدەبىي ئويغىنىشى» ۋە جەدىتىزم ھەرىكىتىگە زور تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، جەدىتىزم ئىسلام شەرقىدە مەيدانغا كەلگەن دىنىي ئىسلاھاتلارنىڭ تەسىرى ۋە ئۆز دەۋرىدىكى كونا بىلەن يېڭى ئالمىشىۋاتقان بىر تارىخىي شارائىتتا مەيدانغا كەلگەن يېڭىلاش ھەرىكىتى ئىدى. «پۈتكۈل ئىسلامىيەت تارىخىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دىنىي مەزھەپلەر كۈرەشى ئۈزۈلگەن ئەمەس. مۇقەددەس ئىسلام دەستۇرى ‹قۇرئان› سۈرىلىرىنى ئىزاھلاشمۇ پۈتۈنلەي بىردەك بولغىنى يوق. دەمەشىق خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرى، باغداد خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان مۇتەززىلىم پىكىر ئېقىمى ‹قۇرئان› نى ئىنساننىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە ئىنسان بەختىگە مەنپەئەتلىك

يوسۇندا شەرھىلەشنى تەشەببۇس قىلىشتى. خەلىپە مۇقتەدىر زامانىدا مۇتەززىلىم پىكىر ئېقىمى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئەركىن پىكىر تەشەببۇسلىرى باشقىچە شەكىلدە، جۈملىدىن سوپىزمنىڭ مەلۇم شەكىللىرى تەرىزىدە داۋاملىق ئىپادىلىنىپ كەلدى» (77). يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئىسلام دۇنياسىدا كۆتۈرۈلگەن ۋاھابىيلار ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى سەئىد ئەھمەدخان، جامالىددىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇقاتارلىقلارنىڭ دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى جەدىتىزم ھەرىكىتىگە زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. جەدىتىزم XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مەيدانغا كەلگەن دىنىي «يېڭىلاش» ۋە «دەۋرلەشتۈرۈش» نى مەزمۇن قىلغان ئىسلام ئىسلاھاتچىلىق ھەرىكىتى ئىدى. ئۇ، تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ «تۇرلۇك-تۇمەن ئىجتىمائىي تەبىقىلىرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئىپادىلىگەن، مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەشكەن، ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىشقا، دىنىي مەكتەپلەرنىڭ پروگراممىسىغا ئايرىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈشكە ئىنتىلگەن» (78) ئىسلاھاتچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە يېڭى پىكىر ئېقىمى. جەدىتىزم دەسلەپتە ئىسلام دۇنياسىدىكى ئويغىنىش تەسىرلىرى بىلەن باشلانغان. روسىيىنىڭ 1905-يىلدىكى ئىنقىلابىدىن كېيىن بۇخارا، خىۋە خانلىقلىرى ۋە شىنجاڭ تەۋەسىگە قەدەر كەڭرى تارقالغان (79). جەدىتىزم ئېقىمىنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى تاتارىستانلىق مەشھۇر مۇتەپەككۇر ئىسمائىل غاسپىرالى ئىدى. ئۇ ئۇزۇن مەزگىل ئەنئەنىۋى ئىسلام مەدرىسلىرىدە، ئاندىن رۇس مەكتەپلىرىدە ئوقۇغان. فرانسىيە ۋە تۈركىيىدە ئۇزاق تۇرغان. 1877-يىلى تاتارىستانغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن تاتار ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغا ئۆزىنى بېغىشلىدى. غاسپىرالى «چوڭقۇر بىلىملىك ۋە كۆپ مەھسۇلاتلىق يازغۇچى شۇنداقلا ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ قەتئىي قوللىغۇچىسى سۈپىتىدە، ئىسلام دىنىنى ھازىرقى زامان دۇنياسى بىلەن ماسلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئەمەلىيەت ئۇنىڭ بىر تالانتلىق مائارىپچى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ‹ئۇسۇلى جەدىت› مائارىپى ئالدى بىلەن ئۆزى مۇدەرىسلىك قىلىۋاتقان باغچە ساراي ئىسلام ئىنستىتۇتىدا قوللىنىلدى، ئاندىن پۈتكۈل رۇسىيىدىكى كۆپ قىسىم ئىسلام مەدرىسلىرىگە كېڭەيتىلدى. بۇ ئۇسۇل كېيىنچە تۈركىيە ۋە باشقا ئىسلام ئەللىرىگە، ھەتتا يىراقتىكى ھىندىستانغىچە يېتىپ باردى. تېخىمۇ مۇھىمى، غاسپىرالى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تىل ۋە ئىدىيە بىرلىكىگە ئۇيۇشۇشىنى تەكىتلىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىدىيىسىنى «تەرجۇمەن» ناملىق مەجمۇئەدە ئېنىق شەرھىلىدى. 1882-يىلدىن 1914-يىلغىچە بولغان ئوتتۇز نەچچە يىل جەريانىدا بۇ مەجمۇئە تەسىرى ئەڭ زور، ئوقۇرمىنى ئەڭ كۆپ نەشرى ئەپكارغا ئايلاندى. شەك-شۈبھىسىزكى، غاسپىرالى XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسلام دۇنياسىغا ئەڭ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن شەخسلەرنىڭ بىرى ئىدى» (80).

غاسپىرالى ئىسلاھات يېڭىلاشنى ھەممىدىن بۇرۇن تىل ۋە يېزىقتىن باشلاشنى تەشەببۇس قىلدى (81). جەدىتىزم ناھايىتى چوڭ پىكىر ئېقىمى سۈپىتىدە، دىن، تارىخ، تىل-يېزىق، ئەخلاق ۋە ئىنسان قىممىتى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشنى يېڭى كۈنتەرتىپكە قويدى. نەتىجىدە، قىرىم، قازان، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى خەلقلەرنىڭ جاھالەت ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئىلىم-پەنگە يۈزلىنىشى، ئۆلۈك، قېتىپ قالغان دىنىي ئادەتلەرنى قايتا ئىسلاھ قىلىش ۋە ھازىرقى زامان ئەقلىي تەپەككۇرىغا تەرەققىي قىلىشىدا غايەت زور رول ئوينىدى. جەدىتىزم ھەممىدىن ئاۋۋال ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىل جەھەتتىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى چىقىش قىلىپ، ئورتاق بىر تىل-يېزىق گەۋدىسىگە ئۇيۇشۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئىلگىرىكى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى چاغاتاي يېزىقىنى ئىسلاھ قىلىپ، ھەر بىر تاۋۇش ئۈچۈن بىردىن ھەرپ بەلگىلىدى. قازاندا نەشر قىلىنغان «شۇرا»، «تىل يارىش»، «تەرجۇمەن» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللار پۈتكۈل تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرگە ئورتاق بولغان تىل-يېزىقتا چىقىرىلغان بولۇپ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغىچە مۇھىم رول ئوينىغانىدى.

يەنە بىر تەرەپتىن جەدىتىزم تەرەپدارلىرى كەسكىن ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە ياد بولغان غەيرىي ئېتىقاد ھادىسىلىرىنى، قاتمال دىنىي قاراشلارنى ۋە مۇرەككەپ شەرىئەت قائىدىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈشنى، يېڭىچە مائارىپ ۋە پەننىي مەكتەپلەرنى يولغا قويۇپ مەرىپەت جەھەتتىن ئويغىنىشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇلار دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئىسلامنى دەۋرگە ماسلاشتۇرۇش ۋە مىللەتلەرنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىسلام دىنىنىڭ تەلىماتلىرىغا زىت ئەمەس، ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى «قۇرئان» ھەر قانداق دەۋر ۋە ھەر قانداق تەرەققىياتقا ماسلىشالايدۇ. مەسىلە پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنى قانداق تونۇشى ۋە پايدىلىنىشىدا. شۇڭا جەمئىيەت تەرەققىياتىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان، خەلق ئېڭىنى ئاسارەتتە قويىدىغان ھەر قانداق ئادەت ۋە قاراشلارنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. جەدىتىزم تەرەپدارلىرى ئىچىدە ئىسلاھات تەلىپى ئەڭ كەسكىن، «دەۋرلەشتۈرۈش» قارىشى ئەڭ كۈچلۈك بولغىنى مۇسا جارۇللا ئىدى. ئۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «ئىسلام دىنىنىڭ ئىستىقبالى ۋە ئۇنىڭ قۇدرەت تېپىشى ئۈچۈن ئىسلام دىنىدا يېڭىلىق پەيدا قىلىش لازىم دېگەن تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىكى، مەسىلەن، روزا تۇتۇشتىكى مەنتىقىي زىددىيەتلەرنى تىلغا ئېلىپ، ‹قۇرئان› نى ھازىرقى زامانغا ماسلاشتۇرۇپ، ئەركىن شەرھىلەشنى تەشەببۇس قىلدى شۇنداقلا ئەر-ئاياللار باراۋەرلىكى، غەيرىي دىندىكىلەر دوستانىلىقى ۋە تۇرمۇشنى غەربلەشتۈرۈش قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىغا قويدى...»

www.uyghurkitap.com

دەرۋەقە، ئۆز زامانىسىدىكى مۇنداق ئاكتىۋال پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. [82]

مۇسا جارۇللا، ئىسمائىل غاسپىرالى قاتارلىقلارنىڭ «جەدىت» (يېڭىلىق) قاراشلىرى مۇھەممەدنى مۇھەممەدوۋ ۋەكىللىكىدىكى «قەدىمىيە» گۇرۇھىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىدى ۋە «دەھرىلەر» دەپ ئەيىپلەندى. «قەدىمىيە» گۇرۇھىدىكىلەر: «خىرىستىئان، كاتولىك دىنلىرى كەمچىلىكلەردىن خالىي بولمىغاچقا ئىسلاھ قىلىش ھاجەتلىك بولسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنىنى ھەر قانداق ئۇسۇلدا ئىسلاھ قىلىش ھاجەت ئەمەس. چۈنكى ئىسلام دىنى ئۆز مۇكەممەللىكى بىلەن باشقا دىنلاردىن پەرقلىنىدۇ» [83] دەپ قاراشتى. ئۇلار يەنە ئىسلام دىنى ئىسلاھاتىنى «شەيتانلار ھەرىكىتى» دېدى. مۇھەممەدنى مۇھەممەدوۋ چار ھۆكۈمىتىگە جەدىتلەر «پانئىسلامىزم» بىلەن شۇغۇللىنىپ، چار پادىشاھلىقىغا قارشى ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، دەپ چاقتى. ئاخىرقى داۋامىدا گەرچە «جەدىتلەر پانئىسلامىزم تەشۋىقاتى بىلەن شۇغۇللاندى دېگەنلىك ئىسپاتلانمىسىمۇ» ئەمما ئۇلاردىن كۆپلىگەن چەكلەنگەن كىتابلار چىققانلىقى سەۋەبلىك قولغا ئېلىنىدى. [84]

شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قازان، قىرىم قاتارلىق جايلاردا جەدىتىزم ھەرىكىتى جۇش ئۇرۇپ ئۆۋجلاندى. جەدىتىزم تەرەپدارلىرىنىڭ دىنىي مىسلاھاتچىلىق قاراشلىرىنىڭ كەينىگە يەنە مۇئەييەن مىللىي مەنپەئەت چۈشەنچىلىرىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. «بۇ جەھەتتە، قازان، قىرىم، ئۇفا شەھەرلىرىدە نەشىر قىلىنغان نۇرغۇنلىغان كىتابلار، ‹شۇرا› مەجمۇئەسى بىلەن ‹ۋاقىت›، ۋە ‹تەرجىمان›، قاتارلىق گېزىتلەرنىڭ رولى چوڭ بولدى» [85]. ئۇنىڭ ئۈستىگە «XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قازان ۋە باشقا تاتار شەھەرلىرى — ئورىنبوگ، ترويىسكى ۋە ئاستىراخانلاردىكى ئىسلام مەدرىسلىرى، نەشىر-ئەپكارلار، تاتار تىلىدىكى گېزىت-ژۇرناللار بۇ شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى سۈپىتىدىكى پارلاق مەنزىرىسىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ شەھەرلەرنىڭ تەسىرى تاتارىستان تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى روسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىدىنمۇ ھالقىپ كەتتى» [86]. تاتارىستاندا قوزغالغان ۋە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىغا ناھايىتى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشىدە تاتارلار بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئورتاق تىل-يېزىق، مەدەنىيەت ۋە قان-قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى چوڭ رول ئوينىدى. تاتارلار يەنە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرۇپ، رۇس شوۋىنىزمى بىلەن تىركەشتى. 1905-يىلىدىكى روسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن كېيىن، غاسپىرالى ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى يالغۇز مەدەنىيەت ئىسلاھاتى بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ياش تۈركچىلەر پارتىيىسى ۋە روسىيە سوتسىيالىزمىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۇلار ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تەلەپلىرىنىمۇ ئىپادە قىلىشقا باشلىدى. 1905-، 1906-يىللىرى ئۇلار نوۋگوراد، سان-پېتىربۇرگ قاتارلىق شەھەرلەردە ئۈچ قېتىم ئىسلام قۇرۇلتىيى ئاچتى. ئۇلار قۇرۇلتايدا، مەدەنىيەت، دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى ئەركىنلىك تەلەپلىرىدىن باشقا يەنە سىياسىي باراۋەرلىك قاراشلىرىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىدا جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلىۋاتقان تاتار ئەدەبىياتى ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. بۇ ھەقتە ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم مۇنداق دەيدۇ: «رۇس ۋە ئىسلام ئەللىرىدىكى دېموكراتىك پىكىر ئېقىملىرىنىڭ تەسىرى بىلەن تاتار مەدەنىيىتىدە ئويغىنىش دەۋرى باشلىنىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىي تىلى ۋە شۇ تىلدا يارىتىلغان تاتار ئەدەبىياتى شەكىللىنىشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە شىھابىددىن مارجانى، ئىبراھىم ھەلەفىن، رىزا ھەزرەت، ئىسمائىل غاسپىرالى قاتارلىق تاتار مەرىپەتچىلىرى باشچىلىقىدىكى زىيالىيلار قاتلىمى ۋە ئۇلارنىڭ قازان، ئۇفا، قىرىم شەھەرلىرىدە تەسىس قىلىنغان بىر قاتار مەتبۇئات ۋە نەشرىيات مۇئەسسەسلىرى چوڭ رول ئوينىدى. بولۇپمۇ 1905-يىلىدىكى بىرىنچى رۇس ئىنقىلابى بىلەن تۈركىيە مىللىي بۇرژۇئازىيىسىنىڭ سۇلتانلىق تۈزۈمىگە قارشى ئىنقىلاب ھەرىكەتلىرى تاتار يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. مۇشۇنداق شارائىتتا مىجىت غاپۇرى، فاتىخ ئەمىرخان، ئابدۇللا توقاي، سەغىت رەمىيېف، غالىمجان ئىبراھىموۋ قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدىب ۋە شائىرلار يېتىشىپ چىقىپ، يېڭى زامان تاتار ئەدەبىياتىنىڭ تاكامۇللىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ چاغلاردىكى تاتار ئەدەبىياتى روسىيە تاتارىستان دائىرىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر مۇنچە خەلقلەر بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى». [87] بولۇپمۇ تاتار ئەدەبىياتىدا ئابدۇللا توقاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئەدەبىياتى جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى ئالاھىدە گەۋدىلىكتۇر. بىز ئەسىرىمىزنىڭ باشلىرىدا بۇرۇختۇم ھالەتتە تۇرغان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا زىلزىلە بېغىشلىغان ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ شېئىرلىرىدىن ئابدۇللا توقاينىڭ مۇئەييەن تەسىرلىرىنى بايقىيالايمىز. جەدىتىزم ئېقىمىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچرىغان ئابدۇللا توقاي (1886-1913) ئۆز شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ مىللىي ئويغىنىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان روھانىي ئۆلىمالار، قىزىلكۆز موللىلار ۋە ئوتتۇرىغا ئىشانلارنى قاتتىق سۆكىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. چۈنكى جەدىتىزم پىكىر ئېقىمى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان XX ئەسىر ھارپىسىدا، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىشانچىلىق ۋە سوپىچىلىقنىڭ تەسىرى خېلى زور ئىدى. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تېخىمۇ ئەۋج ئالغانىدى. ئۇلار ئىسلام ئىسلاھاتى ۋە يېڭى مائارىپقا چىش-تىرنىقى بىلەن ئۆچلۈك قىلاتتى. «قەدىمىيە» گۇرۇھىغا يان باساتتى. تەرەققىيپەرۋەر زىيالىيلارنى «دەھرى»، «كالتە چاپان» دەيتتى. خۇددى نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋ مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا يازغان «تارانچى تۈركلىرىنىڭ ھاياتى» ناملىق ماقالىسىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك:

«1905-يىلىدىن ئىلگىرى تارانچى دىياردا ئىشانلىق ئادەتتىن تاشقىرى شۆھرەت قازىنىپ، ھەممىلا يەردە ئالدىنقى رولغا ئۆتكەنىدى. ئۆزلىرىنى ئىشان دەپ ئاتىۋالغان ئاشۇ بىر توپ كىشىلەر ئۆز مەۋقەلىرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، مازارلارنى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى خۇدا بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ۋاستە دەپ ئاتىغانىدى. ئۇلار يەنە ‹پىر پىرغا يەتكۈزەر، پىر-خۇداغا› دەپ تەلىم بېرەتتى. بۇنىڭ بىلەن تارانچى ئاكىلار پىر دەپ ھېسابلىغان ئىشانلارغا مەھكەم يېپىشقان شۇنداقلا پىرلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇ ئالەمگە بارغاندا جەننەتكە كىرىش نېسىپ بولىدۇ دەپ قارىغان. بۇنى كۆرگەن بىزنىڭ موللىلارمۇ جىم تۇرمىغان ھەمدە ئۆزلىرىنىمۇ ئىشان دەپ ئېلان قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن موللىلار بىلەن ئىشانلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش باشلانغان. بۇلارنىڭ ھەرقايسىسىغا مۇرىت بولۇپ ئەگەشكەن ئادەملەر ھەر قاچان شەيخلىرى ھەققىدە تۈرلۈك كارامەتلىك خەۋەرلەرنى ئىختىرا قىلىپ تۇرغان. شۇ چاغلاردا مازارلارغا بەك يىراق يەرلەردىن سەپەر ئازابىنى چېكىپ، قۇربانلىقلار ئېلىپ كېلىپ تاۋاپ قىلغۇچىلار بولغىنىغا ئوخشاش، ئىشانلارغا نەزىر-سەدىقە ئايرىپ، ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئالغۇچىلارمۇ كۆپ بولغان. . . »88

ھەممىگە ئايانكى، جەدىتىزم دىنىي ئىسلاھاتچىلىق سۈپىتىدە ھەممىدىن ئاۋۋال ئىسلام ماھىيىتىگە يات بولغان خۇراپىي قاراشلارنى، غەيرىي ئادەت-يوسۇنلارنى ۋە تەركىدۇنياچىلىق، ئىشانچىلىق ھادىسىلىرىنى كەسكىن رەت قىلاتتى. ئىسلام ئەقىدىلىرىنى ساپلاشتۇرۇشنى، دەۋرلەشتۇرۇشنى ۋە ئىنسان قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. دەرۋەقە، بۇ قاراشلار ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. بەلكى ئابدۇللا توقاي ئىجادىيىتىدە كەسكىن پىكىر ئىنقىلابىنىڭمەشئىلىنى ياقتى. ئۇ «ئىدىيىلەر تارىخىنى خۇددى سائەت ستىرېلكىسىنى سۈرگەندەك توپتوغرا بىر ئەسىر ئىلگىرى سۈرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پۈتكۈل ئېزىلگەن تاتار خەلقىنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى ۋە دېموكراتىك ئۈمىدلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەم نۇرلۇق، ھەم يالقۇنلۇق شۇنداق مەشئەل پەيدا قىلدىكى، ئۇنىڭ نۇرى ماركسىزمغىچە بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دېموكراتىك ئاڭ-پىكرىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنىڭ داۋاملىق ئويغىنىشىغا ئىلھام بېغىشلىدى»89 ئۇ «ئىشان» دېگەن شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

كۆزىنى يۇمغان، بوينىنى پۈككەن، باشىندا چالما
چورنالغان،
كەپەن چالما كىيىپ باشقا، ئىشان بولغان ئىمىش ھايۋان.

دوستلىرىم، قەرداشلىرىم، سىز موللىلارغا ئېيتىڭىز،
ئوقۇسۇن بۇ ئىككى قۇرنى مېنى كۆمگەچ قەبرەمە.
دېمەك، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇللا توقاي مىللەتنىڭ ئويغىنىشىدىكى كەسكىن روھىي ئوپېراتسىيىچى ئىدى. ئۇ ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە باشتىن-ئاخىر مىللەت ۋۇجۇدىنى چىرماپ تۇرغان نادانلىق، جاھالەت ۋە خۇراپاتلىققا قارشى قەلەم تەۋرىتىپ، ئاخىرقى تىنىقلىرىدا بۇ زۇلمەت دۇنيانى پاكلىيالمىغانلىقىغا ھەسرەتلىنىدۇ:

بىتتى كۈچ، سۇندى قىلىچ، قايتمادى ئۈچ، شۇل بولدى ئىش،
كىرلەنىپ بىتتىم ئۆزۈم، دۇنيانى پاكلى ئالمادىم.

ئابدۇللا توقاينىڭ ئەسەرلىرى «يالغۇز قازاندىلا ئەمەس، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باشقا نەشىر-ئەپكارلاردا قايتا-قايتا بېسىلىپ، بارغانسېرى ئۆرلەۋاتقان ئىنقىلاب بورانلىرى بىلەن بىللە پەرۋاز قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئويغانغان دېموكراتىك پىكىر ئېقىمىغا قاتناشتى»90.

ئۇندىن باشقا جەدىتىزم تەرەپدارلىرى نۇقتىلىق ھالدا تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەرنىڭ تارىخىنى، سەلتەنەتلىك ئۆتمۈشىنى ۋە پارلاق مەدەنىيىتىنى تەرغىب قىلدى ۋە شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ مىللىي ئېڭىنى ئويغىتىش، ئىززەت-غورۇرىنى كۈچەيتىش، روھىي دۇنياسىدىكى چۈشكۈنلۈك داغلىرىنى يۇيۇش غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۇردى. «شۇرا»، «تەرجۇمەن» مەجمۇئەلىرى تۈركىي خەلقلەر تارىخىغا دائىر مۇھىم تارىخىي قولىيازمىلارنى ئېلان قىلدى. تاتار ئالىمى نوشىرۋان يائۇشوۋنىڭ «شۇرا» ژۇرنىلىنىڭ 1916-يىللىق سانلىرىدا ئۇلاپ نەشر قىلدۇرغان «ئالتەشەھەر تارىخىدىن بىر پارچە» ناملىق تارىخىي قولىيازما شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ئوتتۇر ئاسىيادىكى جەدىتىزم ھەرىكىتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان قازاق شائىرى ماغژان جۇماباي (1894-؟) ئۆزىنىڭ بىر شېئىرىدا، يىراق قەدىمكى تارىخنى ئەسلەپ مۇنداق يازدى: «. . . ئانا دىيارىمىز قەدىمدە تۇران دەپ ئاتالغان. تۇراندا ئالپ تۈرك تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، تۇراننىڭ ئۇزۇن تارىخى ۋە پارلاق مەدەنىيىتى بار. ئۇنىڭ بېشىدىن ئاجايىپ كەچمىشلەر ئۆتكەن. تۇراننىڭ دېڭىز كەبىي كۆللىرى بار. بۇنىڭ بىرى چايقىلىپ تۇرغان ئارال دېڭىزى، يەنە بىرى مۇقەددەس ئىسسىق كۆلدۇر. كۆك بۆرە. تۇغقان ئەڭ دەسلەپكى تۈرك ئوغلانى بۇ كۆلنىڭ باغرىدا كۆز ئاچقان. . . »91. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جەدىتىزم تەرەپدارلىرى ئۆز تەشەببۇسلىرىدا تارىخنى ئەسلىتىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان سىر-ئەسرالارنى ئېچىشقا، ئۇنىڭدىن غورۇر ۋە شىجائەت ئېلىپ، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى ھەققىدە كەسكىن ئويلىنىشقا چاقىرىق قىلدى. نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوۋمۇ مىللەتنىڭ تارىخ تۇيغۇسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازدى: «مىللىي تارىخنى بىلىش مۇتلەق لازىمدۇر. لېكىن بۈگۈنگە قەدەر ئۇيغۇر ئودۇمىنىڭ مىللىي تارىخى تەتقىق ئېتىلگەن ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر مەلۇماتلار تارقاقتۇر. شۇنداق بولسىمۇ قاراپ يېتىشقا بولمايدۇ. باشقا خەلقلەر بىزنىڭ تارىخىي ئەھۋاللىرىمىزنى بىلىش يولىدا ئالتە شەھەر چۆللىرىنى كېزىپ، تۇرپان ۋە قۇمۇل خارابىلىرىنى كولاپ، يەر تېگىدىن چىققان تاش، كېسەك ۋە باشقا يوچۇن بۇيۇملارنى تېپىش ئارقىلىق تارىخىي مەلۇماتلار يىغىپ، پۈتكۈل ئالەمگە نەشر قىلىپ تۇرغاندا،

www.uyghurkitap.com

بىزنىڭكىلەرنىڭ ئۆتكەنلەر تەرىپىدىن نەشر ئېتىلگەن ۋە مەيدانغا كەلگەن مەلۇماتلارنى يىغقۇدەك ھىممەت ۋە غەيرەتلىرى بولمىسا، بۇنى ئۆزىمىزنىڭ ھۇرۇنلۇقىدىن كۆرسەك بولىدۇ...»[92]

قىرىم ۋە قازاندا كۆتۈرۈلگەن جەدىتىزىم ھەرىكىتى ۋە مەدەنىيەت ئويغىنىش دولقۇنى بىپايان قازاق دالىلىرىدىن ئۆتۈپ، ئاندىن ئوتتۇرا ئاسىيا بوستانلىقلىرىغا يېتىپ كەلدى. شۇنداق بولغاچقا، تاتار ئويغىنىشى ۋە تاتار زىيالىيلارنىڭ قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئىسلاھاتىغا تەسىرى زور بولدى. خۇددى گاۋىن ھامبلىي ئېيتقاندەك: «قازاقلار ئىپتىدائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى، جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى ھەمدە ئانچە مۇكەممەل بولمىغان ئىسلام ئادەتلىرى سەۋەبلىك ئاسانلا روس مەدەنىيىتىنىڭ غىدىقلىشىغا ئۇچرايتتى»[93]. XIX ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشى ۋە ئىسلام ئىسلاھاتچىلىقىنىڭ تەسىرى بىلەن قازاق خەلقىدىمۇ ناھايىتى روشەن مىللىي ھېسسىيات خاھىشلىرى كۆرۈلدى. ئۇلار ئەمدىلىكتە مەلۇم قەبىلە ياكى «يۈز» نى ئەمەس بەلكى بىر پۈتۈن مىللەت مەنپەئەتىنى يېڭى كۆنتەرتىپكە قويۇشقا باشلىدى. قازاقلاردا كۆتۈرۈلگەن بۇ خىل مىللەتپەرۋەرلىك خاھىشلىرى رۇسلارنى قاتتىق خاتىرجەمسىزلەندۈردى. روسىيە ھۆكۈمىتى XIX ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغا كەلگەندە، تاتارلارنىڭ تەسىرىنى چەكلەش، قازاقلارنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىن تاتار پېداگوگىكا ئىدىيىلىرىنى تازىلاش مەقسىتىدە بىر خىل يېڭىچە مائارىپ لايىھىسىنى يولغا قويدى. رۇس - قازاق مەكتەپلىرىنى قۇردى. تامامەن «غەربلەشكەن» مائارىپ تەربىيىسىنى ئېلىپ باردى. بۇنىڭ بىلەن قازاقلاردا يېڭىچە زىيالىيلار قاتلىمى شەكىللەندى. ئۇلار بىردەك روسىيە بىلەن ھەمكارلىشىشنى قازاقلارنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولى دەپ قارىدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ تىپىك ۋەكىللىرىدىن ئۈچ كىشىنى يەنى روسىيە ئوفىتسېرى ۋە شەرقشۇناس چوقان ۋەلىخانوۋ (1834ـ1865)، ئىبراھىم ئالتىنسارىن (1841ـ1889) ۋە مۇتەپەككۇر ئاباي قونانبايېۋ (1845ـ1904) لارنى كۆرسىتىشكە بولاتتى. ئۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا مىللەتپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرى تامامەن قازاقچە ئۇسلۇبتا راۋاجلاندى. شۇنداقلا تاتار ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ تەسىرىدىن چەتنەشتۈرۈلدى[94]. 1879-يىلىدىن 1904-يىلىغىچە بولغان 25 يىل جەريانىدا، تاشكەنت پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن 415 ئوقۇغۇچى ئىچىدە يەرلىك ئوقۇغۇچىلار 65 نەپەر ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە 11 نەپىرى ئۆزبېك، تۈركمەن ۋە تاتار، قالغان 54 نەپىرى قازاق، قىرغىزلار ئىدى[95]. شۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، رۇسلار ئىسلام ئەنئەنىسى نىسبەتەن سۇسراق بولغان قازاق، قىرغىزلارنى رۇسچە مائارىپنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئاساسىي ئوبيېكتى قىلغان.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە جەدىتىزم ئوتتۇرا ئاسىيادا كەڭ كۆلەمدە راۋاجلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. 1901-يىلى تاشكەنتتە تۇنجى ئۇسۇلى جەدىت مەكتىپى قۇرۇلغاندىن باشلاپ 1914-يىلىغا كەلگەندە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يۈزدىن ئارتۇق «جەدىت» (يېڭىچە) مەكتەپلەر مەيدانغا كەلدى. يەرلىك گېزىتلەر چىقىرىلدى. گاۋىن ھامبلىي مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ: «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك خەلققە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇقەررەز بولۇش بىلەن زامانىۋىلىشىش ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلىك تاللاش جەريانى مەۋجۇت ئىدى. زامانىۋىلىشىش ئۇلارنى سىرتقى كۈچلەرنىڭ مۇداخىلىسىگە نىسبەتەن تىركىشەلەيدىغان ئىقتىدارغا ئىگە قىلىسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى ئەسلىدىكى بېكىك تۇرمۇش ئەنئەنىسىدىن مەھرۇم قىلىپ، ئۆزگەرتىپ تاشلايتتى. رۇسلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئاتالمىش مەدەنىيەت تارقىتىش ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ رايونغا بولغان ئاسسىمىلياتسىيىلەش مەقسىتىگە يېتەتتى... ئۆز دەۋرىدىكى باشقا مۇستەملىكىچى ھاكىمىيەتلەرگە ئوخشاشلا، رۇسلار ئىنسانپەرۋەرلىك كوزىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى ئاقلىغانىدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئۆزلىرىنىڭ كېڭەيمىچىلىكى بىر خىل مەدەنىيەت تارقىتىش بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق ئىدى. لېكىن بۇ ۋۇۋسكىنىڭ كەينىگە ئۇلار ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ئىقتىسادىي ۋە ستراتېگىيە جەھەتتىكى مەنپەئەت قارىشى يوشۇرۇنغانىدى...»[96]

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ھاياتىنى تامامەن ئۆزگەرتىۋەتتى. 1920-يىلى 5-ئايدا تاتارىستان سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. 1921-يىلى 10-ئايدا قىرىم سوۋېت جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئوتتۇرا ئاسىيادا ھەرقايسى مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلۇشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن مىرسەئىد سۇلتانغالىيېۋ باشچىلىقىدىكى تاتار كوممۇنىستلىرىنىڭ تاتارىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانى ئۆز ئىچىگە ئالغان روسىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ يۇكسەك ئاپتونومىيە گەۋدىسى قۇرۇش خىيالى چۇشكە ئايلاندى. قىرىمدا ئەھۋال تېخىمۇ باشقىچە بولدى. 1921-يىلى قىرىم كوممۇنىستلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى 5875 كىشىگە يەتكەن بولۇپ، تاتارلار ئاران 192 كىشى ئىدى. سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن زور تۈركۈمدىكى رۇس كۆچمەنلىرى قىرىمغا ئېقىپ كىردى. 1926-يىلىدىكى نوپۇس ستاتىستىكىسىدا، قىرىمنىڭ ئومۇمىي ئاھالىسى 875 مىڭغا يەتكەن بولۇپ، تاتارلار ئاران 23% نى تەشكىل قىلغانىدى. 1928-يىلى سوۋېت ھۆكۈمىتى «بۇرژۇئا مىللەتچىلىرىنى تازىلاش»، «سۇلتانغالىيېۋىزم» غا زەربە بېرىش دولقۇنى قوزغاپ، زور تۈركۈمدىكى تاتار زىيالىيلىرى ۋە كوممۇنىستلىرىنى تۇتقۇن قىلدى. ھەتتا قىرىم جۇمھۇرىيىتى خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋەلى ئىبراھىموۋ قاتارلىق يۇقىرى قاتلام تاتار كوممۇنىستلىرىغىمۇ ئۆلۈم جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە قىرىم يېرىم ئارىلى گېرمانىيە تەرىپىدىن ئىشغال قىلىندى. 1944-يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى قىرىم يېرىم ئارىلىنى قايتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، پۈتكۈل تاتار خەلقىنى «ناتسىستلارغا سېتىلدى، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلدى» دېگەن بەد نام بىلەن قىرىم يېرىم ئارىلىدىن

قوغلاپ چىقىرىپ، سىبىرىيە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا سۈرگۈن قىلدى. شۇنداق قىلىپ، قىرىمدا تاتار مىللىتىنىڭ تارىخىي پاجىئەلىك ھالدا ئاخىرلاشتى. شۇندىن باشلاپ سەرسانلىق قىسمىتىگە دۇچار بولغان بۇ مىللەت قايتا گۈللىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى، ئانا ماكانى قىرىمغا قايتىشقىمۇ رۇخسەت قىلىنمىدى(97). ئۆز دەۋرىدە رۇسىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئەڭ بالدۇر مەدەنىيەت ئويغىنىشى ئېلىپ بارغان، جەدىتىزىم ھەرىكىتىنى قوزغىغان، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ ھازىرقى زامان مەدەنىيەت-مائارىپىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن تاتار مىللىتى مۇشۇ ئەسىرىمىزدىمۇ زور بەختسىزلىكلەرگە دۇچار بولدى.

تاتارىستاندىن باشلانغان جەدىتىزىم ھەرىكىتى XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا رايونىمىز شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت ئويغىنىشىغىمۇ كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى. بولۇپمۇ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان مەھەللىۋى مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئۇيغۇر يېڭى زامان مائارىپى ۋە «ئۇسۇلى جەدىت» مەكتەپلىرىنى بەرپا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. 1885-يىلى ئاتۇش ئېكساقتا مۇسابايلار جەمەتىنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇيغۇر تارىخىدىكى تۇنجى يېڭىچە مەكتەپ «ھۈسەينىيە مەكتىپى» مەيدانغا كەلدى. شۇندىن باشلاپ، ئاتۇش، تۇرپان، ئىلى، قەشقەر ۋە چۆچەكلەردە كەينى-كەينىدىن يېڭى مەكتەپلەر قۇرۇلۇپ، جەدىتىزىم روھى كەڭ تۇردە تەشۋىق قىلىندى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تاتار زىيالىيلىرىنىڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا قوشقان تۆھپىلىرىنى باشقا مىللەتلەر بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن تارتىپ تاكى 1955-يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا تاتار زىيالىيلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۇرپاندىكى مەشھۇر تەرەققىيپەرۋەر باي مەقسۇت مۇھىتى تۇنجى قېتىم تاتارىستاندىن تاتار زىيالىيلىرىنى تەكلىپ قىلغاندىن باشلاپ، تۈركۈم-تۈركۈم تاتار زىيالىيلىرى رايونىمىزغا كېلىپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئويغىنىشىغا خالىسانە كۈچ چىقاردى. ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدا تۇنجى خانىم-قىزلار مەكتىپىنى بەرپا قىلغۇچى گۈلەندەم ئانا (1889—1947) شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىللىتىمىزنىڭ روھىي ئويغىنىشىدا جەدىتىزىمنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناھايىتى زور بولغانىدى. بۇ جەھەتتە بولۇپمۇ ئابدۇقادىر دامولّامنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. ئۇ ئىسلام دۇنياسىغا تونۇلغان دىنىي ئۆلىما بولۇش سۈپىتى بىلەن، مىللىتىمىزنىڭ ئۆز-ئۆزىنى تونۇشىنى، نادانلىق ۋە جاھالەتكە خاتىمە بېرىشىنى، ئېتىقادنى ساپلاشتۇرۇپ، قاتمال، غەيرىي ئادەتلەرنى تۈگىتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەسلىي ماھىيىتىنى توغرا تونۇشىنى تەشەببۇس قىلدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇشتا بىر قىسىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئۆز دەۋرىدە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:

«— ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولماقىغا بائىس نېمەدۇر؟

— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى جاھالەت ۋە نادانلىق، ئىككىنچىسى تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.

— ئىززەت - ئابروي ۋە قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولىدۇ؟

— ئىلىم - مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ». ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ «نەسىھەتى ئاممە» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەگەكلىك زامانى، جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم - مەرىپەت دەۋرى؛ سۇسلۇق ۋە بىكار تەلەپلىك ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت قىلىش ۋاقتى. باشقا مىللەتلەر ئىلىم - مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ — ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق - يوقۇلۇش ۋە ئۆلۈمدىن دېرەك بېرىدۇ! ھېلىھەم ۋاقىت، پۇرسەت بار».

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئابدۇقادىر دامولّام ئېغىر گەۋدىسىنى سۆرەپ XX ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقىگە يېڭى دەۋرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىنى بەرگەنىدى. لېكىن تارىم ئويمانلىقىدا يېڭى ئەسىرنىڭ مۇقەددىمىسى ئېچىلغاندىن كېيىنمۇ مىللىتىمىز ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن بۇ غېرىبلىق ئۇزاققىچە تارقىمىدى. ئابدۇقادىر دامولّام، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، مەمتىلى ئەپەندى قاتارلىق مەرىپەتپەرۋەر شەخسلەرنىڭ ئىسسىق قېنى ئارقىلىق 30-يىللاردىكى بوران-چاپقۇنلۇق دەۋرگە كىرىپ كەلگەن ئۇيغۇر خەلقى بىر مەھەل ئاقارتىش، ئويغىنىش دولقۇنى قوزغاپ غايەت زور نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن جاللات شېڭ شىسەينىڭ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز ماھىيىتىنى ئاشكارىلىشى بىلەن يەنە بىر قېتىملىق ئېغىر يوقىتىشلارنى بېشىدىن كەچۈردى.

ئاخىرىدا، شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى، جەدىتىزىم يېقىنقى زاماندىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈش جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىدىيە تارىخىدىكى بىر ئوبيېكتىپ ھادىسە. شۇڭا ئۇنىڭغا بىر ئىلغار پىكىر ئېقىمى ۋە ئىدىيە ئىنقىلابى سۈپىتىدە قارىشىمىز، توغرا باھا بېرىشىمىز زۆرۈر. ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىنمۇ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «جەدىتىزىملىق دىنىي ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىۋى ئېقىمىنى ماكان، زامان، شارائىت ۋە ئەمەلىيەتكە قاراپ، تارىخىي باسقۇچ ۋە ئۆزگىرىشلىرى بويىچە كونكرېت تەھلىل قىلىش لازىم. جەدىتىزىملىق دىنىي ئىسلاھات ۋە مائارىپ تەشەببۇسلىرىنىڭ تارىخىي

خىزمىتىنى ئىنكار قىلماسلىق كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاھانگىرلىككە قارشى، فېئوداللىق ئوتتۇرا ئەسىرچىلىككە قارشى خەلقپەرۋەر ئىجتىمائىي ئىسلاھات، دىنىي ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى بىلەن تونۇلغان مەرىپەتپەرۋەر مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ تارىخىي تۆھپىلىرىنى ئادەتتىكى جەدىتىزم تەرەپدارلىرىدىن پەرقلەندۈرمەستىن، ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ. بۇنداق تەنتەكلىك ماركسىزمغا زىت ئىنكارچىلىق (نىگىلىزم) ئۇسۇلىدىن ئىبارەت»⑱.

دەرۋەقە، جەدىتىزم ھازىرقى زامان ئىدىيە ۋە پىكىر تارىخىمىزدىكى يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ پىلتىسى بولۇپ قالدى. شۇنداقلا بىر قانچە ئەسىرلەر مابەينىدە غېرىبلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان مىللىتىمىزنىڭ XX ئەسىر روھىدىن ئىلھام ئېلىپ، ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشىغا تۈرتكە بولدى.

**▲ XX ئەسىرگە ھالقىش ھارپىسىدا ئۇلاردا ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئۇزاق زامانلار غېرىبلىق ئازابىنى تارتقان بۇ مىللەت ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ رىقابەتكە، بېخىلىققا ۋە ئەقلىي نەپەككۇرغا تولغان يېڭى دەۋرگە كىرىپ كەلدى. XX ئەسىر ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قايتا بېيىۋېلىش يولىدا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بوران-چاپقۇنلۇق ئەسرى بولۇپ قالدى.**

پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، XX ئەسىر ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاجايىپ ئۇلۇغۋار ئەسىر بولغانىدى. يەنە كېلىپ مۇشۇ ئۇلۇغۋارلىق كەينىگە ئىنسانلارنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى زامانىۋى مىربىلىقىمۇ يوشۇرۇنغانىدى. ئىنسانىيەتنىڭ مۇشۇ ئەسىردىن بۇيانقى ئىجادىيەت روھى ۋە ئەقلىي ئىنقىلابى ئۇلارنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئىزدىنىشلىرى ۋە نەتىجىلىرىنى نەچچە ئون ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە قاتلىنىۋەتكەنىدى. ئاتوم ئېنېرگىيىسى، ھاياتلىق ئىلمى تېخنىكىسى، ئىرسىيەت ۋە گېن تەتقىقاتى، ئۇچۇر ئىلمى ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى نەتىجىلەر ۋە پارتلاش خاراكتېرلىق مۆۋەپپەقىيەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويدى... ئەمدى ئۇلار يۈكسەك دەرىجىدە ئىجتىمائىيلاشقان بىر مۇھىتتا تۇرۇپ ئۆزلىرى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا، سىرتقى دۇنيادىن ئىنساننىڭ ئىچكى مەنىۋى دۇنياسىغا يۈزلىنىشكە باشلىدى. شۇنداق، XX ئەسىر ئىنساننى قايتا تونۇش ئىراسىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى!

سانائەتنىڭ تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئادەملەرنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان نورمال تۇرمۇش رىتىمىنى زور دەرىجىدە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى. ئۇچۇر ۋە ئېلېكترونلۇق مېڭە تورى يەر شارىنى كىچىككىنە بىر كەنتكە ئايلاندۇرۇپ قويدى. ماددىي ئىختىرالارغا تويۇنۇپ، ئېلېكتىر يالتىراقلىرى ئىچىدە بىر خىل زامانىۋى غېرىبلىقنى ھېس قىلىشقا باشلىغان ھازىرقى زامان كىشىلىرىدە ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىدىن قېپقالغان تەبىئىي ئىنسانىي ماھىيەتنى قايتا تېپىۋېلىش ئارزۇسى تۇغۇلدى.

XX ئەسىر ئەڭ زور ۋەقەلەرگە، ئەڭ كۈچلۈك ئىجادىيەت روھىغا ۋە ئەڭ چوڭقۇر ئازابقا تولغان بىر ئەسىر بولدى... مۇشۇ ئەسىردە ئىنسانىيەت تارىخىدىكى كۆلىمى ئەڭ زور بولغان ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يۈز بەردى. دەرىجىدىن تاشقىرى ئىككى چوڭ دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تەسىر دائىرە تالىشىشى ۋە سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشى داۋاملاشتى. ئوتتۇرا شەرق ئۇرۇشلىرى، شەرقىي ياۋروپادىكى داۋالغۇشلار ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى دۇنيا تارىخىنى مىللەتچىلىك، بۆلۈنۈش ۋە دىنىي توقۇنۇشلار بىلەن تولغان 90-يىللارغا ئېلىپ كىردى.

ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ كۆنسايىن بۇزۇلۇشى، نوپۇسنىڭ شىددەت بىلەن كۆپىيىشى، يادرو قوراللىرىنىڭ تەھدىتى ھازىرقى زامان كىشىلىرىنىڭ ۋەھىمىسىنى كۈچەيتىپ، ئىنسان بىلەن تەبىئەت، ئىنسان بىلەن جەمئىيەت ئوتتۇرىسىدىكى «ياتلىشىش» نى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىنسانلار ئۆزلىرى قۇرغان، گۈللەندۈرگەن ۋە ماددىي ئىختىرالار بىلەن تويۇندۇرغان يەر شارىدا ئۆزىنى غېرىب، مىسكىن ھەم كەمتۈك ھېس قىلىدىغان بولدى. مۇنداق زامانىۋىي غېرىبلىق ئىنسانىيەت XX ئەسىرنىڭ ئەقىل زاكىسىغا تولۇق ئورالغان بىر پەيتتە، ئۇلارنى ئۆزى ھەققىدە ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە ئويلىنىشقا ۋە قايتا پىكىر يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى...

شۇنداق، XX ئەسىر — ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى ھەم ئازابلىرى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن، رىقابەت ھەم ئىجادىيەت روھىغا تولغان، ئىنسان قىممىتى قايتا بايقالغان بىر ئەسىر بولدى.

XX ئەسىر — ئىنسانىي ھوقۇق كۈچلۈك تەكىتلەنگەن، شەخسنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتى ۋە ئەركىنلىكى قانۇنىي كاپالەتكە ئېرىشىشنى ئىستىگەن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقى يېڭى كۈنتەرتىپكە قويۇلغان بىر ئەسىر بولدى.

XX ئەسىر — ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزلىرىنى ھايۋانلار بىلەن سېلىشتۇرۇپ ئېرىشكەن ئىلگىرىكى يۈزە ھالەتتىكى ئۈستۈنلۈك تۇيغۇسى بەربات بولغان، ئىنساننىڭ يوشۇرۇن ھاياتىي كۈچى ۋە پۈتمەس-تۈگىمەس ئىجادىيەت ئىقتىدارى بايقالغان «ئادەم مەركەزچىلىك ئەسرى بولدى...

خوش، بەش ئەسىرلىك تۇرغۇنلۇقتىن ۋۇجۇدى قۇرۇغان، بەللىرى مۈكچەيگەن، كېسەللىك باكتېرىيىلىرى چىرماشقان بۇ قەدىمىي گەۋدە قانداق قىلىپ ئۆزىنىڭ قان-ياشلىق ئۆتمۈشىنى يېڭى ئەسىرگە ئۇلىدى؟ ئۇلار قانداق روھىي تەييارلىقى بىلەن ئادەم قىممىتى قايتا بايقالغان بۇ ئەسىرگە كىرىپ كەلدى؟ تەرەققىيات ۋە رىقابەتكە تولغان XX ئەسىردە ئۇلار نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشتى؟!...

دەرۋەقە، سوئاللار ساناقسىز، جاۋابلار ئازابلىق ئىدى.

بۇ يەردە — چوڭقۇر سۆكۈتكە، قېلىن لاتقىغا ۋە

پىنھان ئازابقا تولغان تارىم ئويمانلىقىدا ئىچكى ئۆلكىلەردىكىدەك «ۋۇشۇ يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى» ئېلىپ بېرىلمىدى؛ ياپونىيىلىكلەردەك مىڭجى يېڭىلىقىقا كۆچۈش ئىسلاھاتى قوزغالمىدى؛ غەربىي ياۋروپادىكى ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا مەيدانغا كەلگەن تېخنىكا ئىنقىلابى تېخىمۇ يۈز بەرمىدى. بۇ يەردە — بىزنىڭ «بالىياتقۇ» غا ئوخشايدىغان ئانا دىيارىمىزدا جاھان ئۆزگىرىشلىرىدىن خالىي روھىي بۇرۇختۇملۇق، ئەسلى ماھىيەتتىن چەتنىگەن ئەقىدە كرىزىسى، سىياسىي سېھىرگەرلەرنىڭ سىرلىق ئەپسۇنلىرىدىن بىھوشلانغان خاموش كەيپىيات ھۆكۈم سۈردى. ئۆز كېلەچىكى ئۈستىدە قىلچىمۇ ئالدىن كۆرەرلىكى بولمىغان بۇ مىللەت پۈتۈن دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتقان XIX ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى دەقىقىلىرىدە، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەتلىك دۇنيادىن قانچىلىك يىراقلىقتا قېپقالغانلىقىنى ئاڭقىرالمىدى. ئۇلار يېڭى ئەسىرگە «ئۇيغۇر» دېگەن ئېتنىڭ نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى ھەر قايسى بوستانلىقلارنى پاسىل قىلغان يۇرت ناملىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئۇلاردا ئۆز كېلەچىكىگە نىسبەتەن مۇكەممەل لايىھە ئوتتۇرىغا قويۇلمىدى. ئۇزاق زامانلار غېرىبلىق ئازابىنى تارتقان بۇ مىللەت ھارغىن قەدەملىرىنى سۆرەپ رىقابەتكە، يېڭىلىققا ۋە تەپەككۇر ئىنقىلابىغا تولغان يېڭى دەۋرگە قەدەم قويدى. XX ئەسىر ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قايتا تېپىۋېلىش يولىدا نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن بوران-چاپقۇنلۇق ئەسىرى بولۇپ قالدى...

جامالىددىن ئافغانىي ئىستانبۇلدا سۆزلىگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق نۇتقىدا ناھايىتى كەسكىنلىك بىلەن ئىسلاھات ۋە دەۋرگە ماسلىشىش ئارقىلىق پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىدە تولۇق روھىي ئېنېرگىيە ھازىرلىشى ۋە ئويغاق سەزگۈدە تۇرۇپ يېڭى ئەسىرنى كۈتۈۋېلىشى ھەققىدە ئالدىن ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنىدى. ناھايىتى ئەپسۇس، جامالىددىن ئافغانىينىڭ ئىسلاھات تەشەببۇسلىرى مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈشىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ مەكتۇبى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنىڭ سۇلتانى ئابدۇلھەمىد I تەرىپىدىن يىرتىپ تاشلاندى. پۈتكۈل شەرق مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدىكى روھىي چۈشكۈنلىكى تارىم ئويمانلىقىنىڭ غېرىبلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

گېگېل ئۆزىنىڭ «روھ ھادىسشۇناسلىقى» ناملىق ئەسىرىدە، بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچنى تۇغۇدىغان ئۆتكۈنچى دەۋردۇر. ئىنساننىڭ روھىيىتى ئاللىقاچان ئۆزىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتى ۋە ئوقۇملىرىدىن تۈزۈلگەن كونا دۇنيا بىلەن كەسكىن چەك-چېگرا ئايرىدى. ئىلگىرىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئۆتمۈش قەبرىگاھىغا دەپنە قىلىپ، ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى قايتا يارىتىشقا كىرىشتى، دەپ كۆرسەتتى. بىراق، بۇ پىنھان ئويمانلىقىمىز ئۆزىنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك زۇلمەتلىك ئۆتمۈشىدىن ئۇنداق ئاسان قول ئۈزەلمىدى. چۈنكى ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرغۇنلۇق مىللەتنىڭ پىسخىك تىندۇرمىسىنى قېرىتىپ، روھىيەت قۇرۇلمىسىنى قېلىن لاتقىلار بىلەن كۆمۈپ تاشلىغانىدى. ئۇ بىرخىللىقتا، رايىشلىقتا ۋە جاھاننىڭ رەپتارىغا كۆنۈككەنىدى. ئۆزىنى ئۆزى ھەرىكەتلەندۈرەلمەيتتى، قوزغىتالمايتتى، ھەيدىيەلمەيتتى. ئۇنىڭغا قامچا كېرەك ئىدى. بىر زامانلاردا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى چېكىندۈرگەن، ساك-سوغدىلارنى ئۆزلەشتۈرگەن، چىڭگىزخان سەلتەنىتىگە مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىغان بۇ خەلق ئەمدىلىكتە ئەخمەتشاھ قاراقاشىنىڭ شۇ ناملىق داستانىدىكى «يامان ئات» ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانىدى. (ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىننىڭ «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ماقالىسىغا قاراڭ) لۇشۈن ئەپەندى «نارا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن قانداق بولدى» ناملىق ماقالىسىدە، ناھايىتى ئەپسۇس، جۇڭگونى ئۆزگەرتىش تولىمۇ مۈشكۈل بىر ئىش، بىر دانە ئۈستەلنى ئورنىدىن يۆتكەش ياكى بىر ئوچاقنى قايتا قوراشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ قان تۆكۈشكە توغرا كېلىدۇ. بەلكى قان تۆكۈلگەن تەقدىردىمۇ، بۇ ئىشلارنىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ناتايىن. چوڭ بىر قامچا بىلەن ھەر ۋاقىت دۈمبىسىگە ئۇرۇپ تۇرمىسا، جۇڭگو ئۆزىنى ئۆزى قوزغىتىپ ماڭالمايدۇ، دەپ يازغانىدى. دەرۋەقە، لۇشۈن ئەپەندى ئۆز ئەسەرلىرىدە نەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق بېكىنمە ھايات جەريانىدا پىسخىك تىندۇرمىسى قېرىغان، ئىچمايىللىق ئەندىزىسى تۇراقلاشقان، ھۆل، يېپىشاڭغۇ ۋە ئاسان غىدىقلانمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە جۇڭگولۇقلارنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئوپېراتسىيە قىلدى. ئۇ، روھىي غالىبىيەتچىلىككە ھېرىسمەن ئاQ غا ئۆز تەقدىرىنىڭ چەمبىرىنى سىزدۇردى؛ ئىنقىلابقا قاتناشقان بىر كېسەلمەن ياشقا «دورا» ئىزدەپ، ئۆز مەسلەكداشىنىڭ قېنىغا چىلانغان ھورناننى يېگۈزدى؛ سەۋدايىلىق كېسىلىگە دۇچار بولغانلارنىڭ خاتىرىسىنى يېزىپ چىقتى... لۇشۈن ئەپەندى ئۆز دەۋرىدە ھەتتا بىر مەزگىل ياشلارغا ئەڭ ياخشىسى جۇڭگونىڭ كىتابلىرىنى ئاز ئوقۇشنى ياكى پۈتۈنلەي ئوقۇماسلىقنى، چەت ئەلنىڭ كىتابلىرىنى كۆپلەپ ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلغانىدى. (گاۋيابياۋ: «مىللىي روھنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا»، 225-بەت، جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت نەشرىياتى) ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇزاق ۋاقىتلىق بېكىنمىچىلىك ۋە تۇرغۇنلۇقتىن ۋۇجۇدى تىنىپ كەتكەن كېسەلمەن گەۋدىنىڭ سىرتتىكى مەيىن شامالدىن سەگىدەشكە بولغان تەلپۈنۈش پىسخىكىسى ئىدى. بۇنداق ئىستەك ئۇزاق مۇددەتلىك بۇرۇختۇملۇق نەتىجىسىدە ھامان ئۆزىنى ئاشكارىلاشنى، سىرتتىكى رەڭگارەڭ دۇنيادىن بەھىر ئېلىشنى ئىزدەيتتى. بېكىنمىچىلىكتىن كېلىپ چىققان سىرتقا تەلپۈنۈش ئىستىكى ھەتتا بەزىدە مىللىي ئىنكارچىلىق ئەسەبىيلىكىگىمۇ ئېلىپ باراتتى. شۇڭا كۆپلىگەن تەھلىلچىلەر شەرقنىڭ جۈملىدىن جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامانغا كەلگەندە ئارقىدا قېلىشىنىڭ تۈپ سەۋەبى بېكىنمىچىلىكتە، سانائەت ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلمىغانلىقىدا دەپ قارىدى. دېڭ شياۋپىڭ ئەپەندىمۇ ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: «جۇڭگونىڭ تارىختا ئۇزۇن مەزگىل بىر ئىزدا توختاپ قېلىشى ۋە قالاق ھالەتتە

قىلىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب — بېكىنمىچىلىك قىلىشتىن ئىبارەت. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ، قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ» دەپ كۆرسەتكەنىدى (دېڭ شياۋپىڭ: «جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش توغرىسىدا» 50-بەت خەنزۇچە نەشرى)

خەيرىيەت، تارىم ۋادىسىدىكى تۇرغۇنلۇق ئىچكى ئۆلكىلەردىكى ئۆزگىرىشلەر ۋە يېقىن قوشنىسى بولغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەقدىرىگە تامامەن ئوخشىمىغان ھالدا، تاكى مۇشۇ ئەسىرىمىزنىڭ 30-يىللىرىدىكى بوران-چاپقۇنلۇق ئىنقىلابلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن ئاقارتىش دولقۇنلىرىغىچە داۋاملاشتى. گەرچە XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرقى چارىكىدىن باشلاپ دىيارىمىزدا يېتىلىپ ئويغىنىۋاتقان مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە چوڭ سودىگەرلەر (جۈملىدىن ئاتۇشتىكى مۇسابايلار جەمەتى، تۇرپاندىكى مۇھىتىلار جەمەتى) نىڭ بىۋاستە كۈچ چىقىرىشى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ تۇنجى مەشئەللىرى يېقىلغان، ئابدۇقادىر داموللام ۋەكىللىكىدە جەدىتىزملىق پىكىر ئېقىمى تارقىلىشقا باشلىغان، سودا ۋە ھەج سەپەرلىرى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىدىكى تۈرلۈك يېڭىلىقلارنىڭ ئۇچۇرلىرى مەلۇم بولۇۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن پۈتكۈل مىللەت گەۋدىسىدە ھەقىقىي مەنىدىكى ھازىرقى زامان ئويغىنىشى تولۇق شەكىللەنمىگەنىدى. دىيارىمىزنى ئۆزىنىڭ مەست قىلغۇچى ئەپسۇنلىرى بىلەن تاكى 1928-يىلىغىچە غەپلەتتە تۇتۇپ تۇرغان فېئودال مۇستەبىت ياڭ زېڭشىن «توكنى يېتىشىغا سىيلاش»، «ئىككى ئىتقا سۆڭەك تالاشتۇرۇش»، «قازاننى دۈم كۆمتۈرۈش»، «دۈمبىسىنى پەپىلەپ تۇرۇپ قوۋۇرغىسىنى سۇغۇرۇۋېلىش»، «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش»، «مائارىپنى بەرمەي بىخۇتلۇقتا قالدۇرۇش»، «سىرتقى دۇنيانىڭ يېڭىلىقلىرىنى قامال قىلىش» قاتارلىق تۈرلۈك-تۈمەن ھىيلە-نەيرەڭلىرى ئارقىلىق ئىسمى جىسمىغا لايىق «ئىستىغپار ھوجرىسى» غا ئايلاندۇردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە پۈتكۈل دۇنيا جىددىي ئۆزگىرىشلەر ياساۋاتقان XX ئەسىر بېشىدا تارىم ئويمانلىقى گويا ئاسىيا قىتئەسىدىكى «غەپلەت ئارىلى» غا ئايلىنىپ قالدى. ئابدۇقادىر داموللام ئۇلارنى بۇ غەپلەتتىن ئاگاھلاندۇرغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئېرىشكىنى مۇناپىقلارنىڭ زىيانكەشلىكى بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ياڭراق خىتابلىرى ئۇنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن ھەممىنى سىغدۇرۇپ كەلگەن بۇ تۇپراققا سىڭىپ كەتتى. ھەتتا مۇسا جارۇللادەك بۈيۈك ئىسلام پەيلاسوپىمۇ 20-يىللاردىكى قەشقەرنى كۆرۈپ: «بۇ يەرگە ئىسلام دىنى كەينىچىلەپ كىرىپتۇ» دەپ تاشلىدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دۇنيا تارىخىنىڭ يېڭى دەۋرى ئېچىلدى. ئىچكى ئۆلكىلەردە شىنخەي ئىنقىلابى يۈز بەردى. 4-ماي ھەرىكىتى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئىدېئولوگىيىسىدە تۈپتىن بۇرۇلۇش ياسىدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يېڭى بىر سىياسىي، نەزەرىيىۋى سىستېمىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى. دېموكراتىك ئىنقىلابلار ۋە ھەر قايسى خەلقلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق كۈرەشلىرى دۇنيا تارىخىنىڭ مۇقەررەر ئېقىمىغا ئايلاندى... لېكىن يېڭى ئەسىردىكى بۇ تارىخىي ئۆزگىرىشلەر بىزنىڭ بۇ پىنھان دىيارىمىزغا نېمىلەرنى ئېلىپ كېلەلىدى؟ قانداق ئۆزگىرىشلەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدى؟ ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىمىز راستىنلا بەزى تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئېيتقىنىدەك شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن مەيدانغا كەلگەنمۇ؟ ھازىرقى زامان ئېڭىمىز ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە 4-ماي ھەرىكىتىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەنمۇ!؟...

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، شىنخەي ئىنقىلابى جۇڭگودا نەچچە مىڭ يىل ھۆكۈم سۈرگەن فېئوداللىق تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغىنىدا؛ 4-ماي ھەرىكىتى يېڭى بىر مەيدان پىكىر ئىنقىلابىنى ۋۇجۇتقا چىقارغىنىدا؛ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى «سەنمىنجۇيى» (ئۈچ مەسلەك) نى ئوتتۇرىغا قويغىنىدا، ياڭ زېڭشىننىڭ ئۈرۈمچىدىكى سۈرلۈك قەسرىدە تاكى شېڭ شىسەي تەختكە ئولتۇرغىچە بولغان دەۋرلەرگىچە سىرلىق سىياسىي ئەپسۇنلاردىن پۈتۈلگەن مۇنداق بىر نەزمە ئېسىقلىق تۇرغانىدى:

جۇمھۇرىيەت تۇنجى رەت قىلدى ئىزھار مەرىپەت،
ئۇيات ئەمدى بەش خاقان، يەتتە بەگدەك دەۋرىمەك،
جۇڭيۈەندىكى غەۋغاغا پەرۋا قىلىش نە كېرەك؟
چېگرا دىيار بەئەينى باغى ئىرەم ھۆسنىدەك.
مۇسۇلماننى جەنۇبتىن شىمالغىچە بەنت قىلساڭ،
ئىپتىدائىي پۇقرالار ئاڭقاۋ بولسا ئەۋزەلرەك.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، تاكى مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە شىنجاڭنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە مىنىۋالغان بۇ مۇستەبىت ئەپسۇنچى سىرتقى دۇنيادىن كېلىدىغان ھەر قانداق ئۇچۇر ۋە يېڭىلىقلارنى قاتتىق قامال قىلىپ كەلگەنىدى. خۇددى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتوۋ ئېيتقاندەك، جۇڭگودا جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارغا ھېچقانداق يېڭىلىق ئېلىپ كېلەلمىگەنىدى. يەنە كېلىپ «يەرلىك خاقان» بولۇۋالغان فېئودال مۇستەبىتلەر بىخۇتلاشتۇرۇش، نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، دىيارىمىزدا تارىخنىڭ چاقىنى كەينىگە بۇراپ كەلگەنىدى. ياڭ زېڭشىن جۇڭگونىڭ قەدىمكى پەيلاسوپى لاۋزىنىڭ «ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەلنى ئىدارە قىلىش» تەلىماتىغا قاتتىق چوقۇناتتى. ئۇ «ئەلنى ئىدارە قىلغۇچىلار، ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئىدارە قىلىشى كېرەك. ئاۋام خەلقنى مەڭگۈ باردى-كەلدى قىلدۇرماسلىق كېرەك»؛ «بىر ئادەم كۆز-قۇلىقىنى مەھكەم ئېتىۋالسا، كۆڭلىرى ئۆمۈر بويى تىنچلىقتا ئۆتىدۇ، يەر يۈزىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇنداق قىلسا، جاھان تىنچ بولىدۇ»، «كۆز - قۇلاقنى مەھكەم ئېتىۋېلىپ، گاس - قارىغۇ بولۇۋېلىش كېرەك»، شۇنداق قىلغاندىلا ئاندىن «سىرتنىڭ ئازدۇرۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى، يات كۈچلەرنى توسۇپ قالغىلى بولىدۇ» دەپ قارىغان (ياڭ زېڭشىن: «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 4-جىلد). ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشىكنى تاقىۋېلىپ ئەل باشقۇرۇش تەدبىرىنى

www.uyghurkitap.com

مۇنداق چۈشەندۈرگەنىدى: «كۆز - قۇلاقنى ئېتىۋېلىپ، دۆلەت چېگرىسىنى پۇختا قىلىش، ئازراقمۇ يوچۇق قالدۇرماسلىق كېرەك. قوشنا دۆلەتلەر بىر - بىرگە چېگرىداش بولۇپ، توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرسىمۇ، ئادەملەر مەڭگۈ بېرىش - كېلىش قىلمىسا، قوشنا دۆلەتلەر ئاندىن ئۆز ئارا ئىناق، تىنچ ئۆتىدۇ. ئۆز ئارا باردى - كەلدى قىلىپ قالسا ئوتتۇرىدا دەرھال رىقابەت پەيدا بولىدۇ. سىرت بىلەن ئالاقە بولمىسا سىرتتىن بالايىئاپەتمۇ تەگمەيدۇ. ئالاقە سۇيىقەستچىلەرگە يول ئاچىدۇ. ئۇلار خۇددى چاشقان سېپىلنى تېشىپ كىرگىنىدەك، چۇمۇلە ئۇۋا كولىغىنىدەك، قومغا سۇ سىڭگەندەك، ئۆيگە بوران كىرگەندەك شىنجاڭغا كىرىۋالىدۇ. ئەڭ ياخشىسى يوچۇق بولمىغان ياخشى. ئەگەر ئازراق يوچۇق بولسىلا ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كىرىۋالىدۇ. مانا بۇ ئىشىكنى تاقىۋېلىشتىكى سەۋەبلەردۇر» («سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، 13-19-جىلد).

لاۋزى، كۇڭزى قاتارلىق قەدىمكى مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىتابلىرىنى زىغىرلاپ ئوقۇپ، كاللىسىغا شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالغىدەك ھىيلە - مىكىرلەر تولغان بۇ مەككار مۇستەبىت خەلقنىڭ بىلىملىك بولۇپ قېلىشىدىن ئۆلگىدەك قورقاتتى. ئۇ، قول ئاستىدىكى خەلقنىڭ رايىش، ئىتائەتچان، نادان، ئىخلاسمەن، ساددا، قارشىلىق تۇيغۇسى يوق، ئەل قاتارى جان بېقىشنى ئۆز تۇرمۇشىنىڭ مىزانى قىلىدىغان «ماڭقۇرت» بولۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت ئوقۇملىرىنى ئۆچ كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ «سەۋەنلىكلەردىن خاتىرىلەر»، «ئىستىغپار ھۇجرىسىدىكى خاتىرىلەر»، «سەۋەنلىكلەردىن ساۋاق ئېلىش ئۈچۈن لاۋزى تەلىماتىنى ئوقۇش» قاتارلىق بىر يۈرۈش قولىيازما خاتىرىلىرىدە مۇنداق دەپ يازغانىدى: «خەلقنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەس بولۇشى، بىلىملىكلەرنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن بولغان. ئەل - خەلقنىڭ بىلىم ئۆگىنەلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن . . . بىلىم ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلسا دۆلەتكە ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. خەلقنىڭ بىلىمى ئاشقانسېرى ئۇلار يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، يامان ئىشلارنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ۋەقە پەيدا قىلىپ، دۆلەتنى مالىماتاڭ قىلىشتىن باش تارتمايدۇ . . . ھۈنەر - تېخنىكىسى بار ئادەملەردىن بىرى كۆپ بولسا، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈرۈدىغان ئادەمدىن بىرى كۆپىيىدۇ. جاھاندىكى بەغەرەزلىكنى كۆپىنچە ئەقىللىق ئادەملەر قىلىدۇ . . . مەكتەپلەر ياخشى ئەمەس. ئوقۇغۇچىلارغا يامان تەلىماتلار ئارقىلىق پايدىسىز ئۇرۇقلارنى تارقىتىدۇ. شۇڭا بارلىق مەكتەپلەرنى بىكار قىلىپ تاشلىماي بولمايدۇ. مەن ئادەم ئىشلىتىشتە نادان كىشىلەرنى ئىشلەتسەم ئىشلىتىمەنكى، ھەرگىزمۇ ئەقىللىق، بىلىملىك كىشىلەرنى ئىشلەتمەيمەن . . .». مانا بۇ، مەدەنىيەتلىك دۇنيا دەپ قارالغان XX ئەسىرنىڭ بېشىدا دىيارىمىزغا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان بىر سىياسىي سېھىرگەرنىڭ بىخۇتلاشتۇرۇش تاكتىكىسى ئىدى!

بىر مىللەتنىڭ كلاسسىك دەۋردىن ھازىرقى زامان دەۋرىگە ئۆتۈشىدە، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات - سەنئەت ۋە مىللىي ئاڭنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئومۇمىيۈزلۈك بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىشىدا شۇ مىللەتنىڭ ئىچكى پىسخىك جۇغلانمىسى ۋە تارىخىي شارائىتى بىلەن ھېسابلاشماي، باشقا بىر مىللەتنىڭ تارىخىي ئۆلچەملىرىنى مىزان قىلىش — ئىلمىي پوزىتسىيە ئەمەس، ئەلۋەتتە. چۈنكى سىرتقى تەسىر (ناۋادا راستىنلا تەسىر كۆرسەتتى دېيىلسە) ھامان ئىچكى ئېنېرگىيە ئارقىلىق رول ئوينايدۇ. دەرۋەقە، ئورتاق سىياسىي گەۋدە ئىچىدە يۈز بەرگەن زور ۋەقەلەرنىڭ ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ تارىخىي ھاياتىغا تەسىر كۆرسىتىشى ئوبيېكتىپ ھادىسە، لېكىن ئۇنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى ھامان تەكشىسىز بولىدۇ. بىر خەلقنىڭ تارىخىي تەقدىرىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋەقەنىڭ يەنە بىر خەلقنىڭ تەقدىرىنىمۇ بەلگىلەپ قويۇشى ناتايىن.

ئەگەردە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن شەكىللەندى دېيىلسە، ئۇنداقتا خۇددى ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقاندەك، مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا ياشىغان قايسى بىر ئەدىبىمىز تەجەللىدىن كېيىنكى ئەدەبىياتىمىزدا ئىلگىرىكى قەلەمكەشلىرىمىزدىن ھالقىغان ياكى پەرقلەنگەن تەپەككۇر يېڭىلىقىنى ياكى ھېكمە دۇردانىسىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ ھەقىقىي مەنىدە ھازىرقى زامان ئېڭىنى ئىپادە قىلغان قايسى بىر ئەسەرنى مەيدانغا كەلتۈرەلىدى؟ «شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن» تۆمۈر خەلپە قانداقلارچە بىر چالا مۇسۇلماننىڭ «قۇرئان» تۇتۇپ قىلغان قەسىمگە ئىشىنىپ، ئۆز ئايىغى بىلەن ياڭ زېڭشىننىڭ دامىغا دەسسىدى؟ ئاتالمىش «گېلاۋخۇيچىلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىدىيىلىرىنى ئۆزلەشتۈرگەن، لېنىننىڭ مۇبارەك نامىنى ئاڭلىغان» سېيىت نوچى نېمە ئۈچۈن قەشقەر دوتىيى ماشاۋۇغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنى ئۆزى ئاپىرىپ بەردى، يەنە نېمە ئۈچۈن بىكاردىن - بىكار ئۆلۈشكە رازى بولدى، ئۇنىڭ «گېلاۋ خۇيچىلار» دىن ئۆگەنگەن ئىنقىلاب ئېڭى نەگە كەتتى! ؟ . . .

شۇنداق، ياڭ زېڭشىننىڭ سىرلىق سېھىر - ئەپسۇنلىرىدىن قۇرۇلغان ھاكىممۇتلەق قورغانلىرى بىلەن مىللىتىمىزنىڭ يېقىنقى بەش ئەسىرلىك جاھالەتلىك تارىخىدىن قېپقالغان روھىي توساقلىرى يېڭى دەۋرنىڭ تاڭ نۇرىنى بۇ يەرگە يېقىن كەلتۈرمىدى. ئۇلار شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ خەۋىرىنى، 4 - ماي ھەرىكىتىنىڭ دولقۇنلىرىنى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ توپ ئاۋازلىرىنى قاتمۇ قات توساقلار ئىچىدە تۇرۇپ يىراقتىن ئاڭلىدى، خالاس. مىللەت نامىنىمۇ ئۇنتۇغان ھالدا يېڭى ئەسىرگە كىرىپ كەلگەن بۇ خەلقنىڭ ئېتنىك نامى مەسىلىسى پەقەت 1924 - يىلىغا كەلگەندە تاشكەنتتە چاقىرىلغان سوۋېت ئۇيغۇرلىرىنىڭ بىرىنچى قۇرۇلتىيىدا ئاندىن رەسمى كۈنتەرتىپكە قويۇلدى. شۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ كەسكىنلىك بىلەن: «تارانچىلار، قەشقەرلىكلەر ۋە ئالتە شەھەرلىكلەر قاتارلىق تۈرلۈك

www.uyghurkitap.com

ناملاردا ئاتىلىپ كەلگەن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە بىرلا خەلق، يەنى ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇندىن كېيىن ھەممىسى بىردەك مىللەتنىڭ ئومۇمىي نامى بولغان 〈 ئۇيغۇر 〉 ئاتالغۇسىنى قوللىنىشنى كېرەك» دەپ كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ، «ئۇيغۇر» نامى بىرقانچە ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن قايتا ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. رايونىمىزدا بولسا 1933 ـ يىلى ئاپرېل ئۆزگىرىشىدىن كېيىن «ئۇيغۇر» نامى رەسمىي بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ، خەنزۇچىدىكى «خۇيخۇي» ( 回回 ) ، «خۇيمىن» ( 回民 ) ، «مۇسۇلمان» ( 穆斯林 ) ، «چەنتۇ» ( 缠头 ) قاتارلىق ئاتالغۇلارنىڭ ئورنىغا «ئۇيغۇر» ( 维吾尔 ) دېگەن نام رەسمىي بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.

1931 ـ يىلى پارتلىغان قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى پۈتكۈل شىنجاڭدىكى داغدۇغىلىق خەلق ئىنقىلابلىرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى. تارىم ئويمانلىقىدا ئۇزاققىچە داۋاملاشقان تۇرغۇنلۇق ئاخىرى بۇزۇپ تاشلاندى. جەددىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىپ، تېزراق تەختكە ئولتۇرۇش كويىدا قالغان شېڭ شىسەي، خۇددى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەپەندىم ئېيتقاندەك «ستالىندەك ئەربابنىڭ كۆزلىرىنىمۇ قاماشتۇرۇۋېتىدىغان زەر تون» نى كىيىپ، ماركسىزمچى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى ۋە ستالىننى ئىستىلا تەسىرلەندۈردى. شېڭ شىسەي سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە تايىنىپ ئۆزىنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملىۋالدى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزىنىڭ «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» ىنى كۆز ـ كۆز قىلدى. پۈتكۈل شىنجاڭدا داغدۇغىلىق ئاقارتىش ـ ئويغىنىش ھەرىكەتلىرى قانات يايدى. ئۇنجى قېتىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلىرىدە بىر قانچە تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ئوقۇپ كىردى. ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقى، مەتبەئە ـ نەشرىياتچىلىقى، ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ۋە باشقا ساھەلەردە زور تەرەققىياتلار مەيدانغا كېلىپ، دەسلەپكى زىيالىلار قوشۇنى شەكىللەندى. مەلۇم مەنىدە بوران ـ چاپقۇنلۇق 30 ـ يىللارنى خەلقىمىزدە پۈتكۈل مىللەت سۈپىتى بىلەن ھازىرقى زامان ئېڭى رەسمىي ئويغانغان ۋە شەكىللەنگەن دەۋر دېيىشكە بولاتتى.

تارىمدىكى 500 يىلغا يېقىن ۋاقىت داۋاملاشقان تۇرغۇنلۇق دەۋرى ئاخىرى بۇزۇپ تاشلاندى. ئۇيغۇرلار بىر پۈتۈن مىللەت سۈپىتى بىلەن تۇنجى قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ئارقىلىق كىرگەن ھازىرقى زامان ئىدېئولوگىيىلىرى، ئىلىم ـ پېنى ۋە مەدەنىيەتلىرى بىلەن كەڭ كۆلەمدە ئۇچرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا، سوۋېت ئىتتىپاقى تىكلەپ بەرگەن مەدەنىيەت ئەندىزىسىگە تاكى 60 ـ يىللاردا جۇڭگو ـ سوۋېت مۇناسىۋىتى ئۈزۈلگەنگە قەدەر سەۋدايىلارچە چوقۇنۇپ كەلدى. شېڭ شىسەي ئۈستىدىكى زەر تونىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئاشكارىلىغاندىن كېيىن، بۇ مىللەتنىڭ بېشىغا يەنە بىر قېتىملىق چوڭ بالا ـ قازا يوپۇرۇلۇپ كەلدى. لېكىن، شېڭ شىسەينىڭ قانلىق قىلىچى ئۇلارنى ئاللىقاچان «يورۇقلۇقنى كۆرگەن ئېلېكتر چىرىقىدىن قارا چىراققا قايتۇرالمىدى» (ئەھمەتجان قاسىمىنىڭ سۆزى، «ئەھمەتجان قاسىمى ھەققىدە ھېكايىلەر» Ⅱ ـ كىتاب). ئۇزاققىچە بۇرۇختۇم مۇھىتتا ئۆزىنى ئوڭشىيالماي كەلگەن بۇ مىللەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ بوران ـ چاپقۇنلۇق يىللىرىدا غايەت زور بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى.

30 ـ يىللاردىن تاكى 60 ـ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىمپورت قىلىنغان مەدەنىيەت ئەندىزىسى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر دەۋرلىك فورمىلىنى ھاسىل قىلدى. مۇشۇ بىر ئەسىر مابەينىدە نېمىلەرنى يوقىتىپ، نېمىلەرگە ئېرىشكەنلىكىمىز ھەققىدە تېخىچە تولۇق ئويلانمىدۇق. بىزنىڭ ھېس قىلىشىمىزچە، ئېرىشكەنلىرىمىز كۆپ، يوقاتقانلىرىمىز ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولۇشى مۇمكىن. دەرۋەقە، يوقىتىش — قايتا ئېرىشىشنىڭ مۇقەررەر باسقۇچى. لېكىن ئارتۇقى بىلەن يوقىتىش مىللەتنى گاڭگىراش، ئۆزىنى دەڭسىيەلمەسلىك قىسمىتىگە دۇچار قىلىدۇ. مۇشۇ بىر ئەسىر داۋامىدا قانچە قېتىملاپ يېزىق ئالماشتۇرغانلىقىمىز، تىلىمىزغا قانچىلىغان تىللاردىن قانچىلىغان ئاتالغۇلارنى ئېلىپ كىرگەنلىكىمىز، قانچە نۆۋەت «ئىزم» يۆتكىگەنلىكىمىز كىشىنى ھەقىقەتەنمۇ ھەيران قالدۇرىدۇ. قىسقىسى، XX ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت پىسخىكىسىدا ئەڭ كۆپ داۋالغۇش بولغان بىر دەۋر بولدى. 60 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلانغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» گاڭگىرىغان روھىيىتىمىزدە يەنە بىر قېتىم بوھران پەيدا قىلدى. سىرتقا بولغان تەلپۈنىشىمىز تېخى تولۇق قانائەت ھاسىل قىلماي تۇرۇپلا ئىشىكلەر ئېتىلىپ قالدى. 30 يىللاپ ئەقىدە قىلىنغان سوۋېتچە مەدەنىيەت ئەندىزىسى «خاتا ئېتىقاد» بولۇپ چىقتى. ئون يىللىق مالىمانچىلىق ئاخىرلىشىپ، 80 ـ يىللارنىڭ دولقۇنى يېتىپ كەلگەندە، قورىغان، قاغجىرىغان ۋە ئۇسسىغان لەۋلىرىمىز بىلەن تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرى ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە ئەسەبىيلەرچە مەپتۇن بولدۇق. ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» ناملىق ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى: «30 — 40 ـ يىللاردىن كېيىنكى زامانلاردا سوۋېت روسىيىسى ئارقىلىق ئۆزگەرتىلگەن شەكىلدە بىزگە يېتىپ كەلگەن يېڭىچە پەن ـ مائارىپ بىلەن تونۇشتۇق. بۇ ياخشى باشلىنىش بىر مۇرىسى يوق كاپىتاندەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت تارىخىمىز ۋە مەدەنىيەت تېپىمىزنى دىققەت ـ ئېتىباردىن چەتنەشتۈرۈپ قويدى. بارا ـ بارا بىز شەرقنى، ئۆز مەدەنىيەت تېپىمىزنى، ئۆز ئەنئەنە يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ، غەربنىڭ شەرقتىكى قوشۇمچىسىغا ئوخشاپراق قالدۇق! يېقىنقى يىللاردىن بۇيان سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش بىلەن سوۋېت روسىيىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغ ئوكيان ۋە دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆلكىلەر ئارقىلىق چايقىلىپ كەلگەن غەرب مەدەنىيىتىگە دۇچ كەلدۇق. نەتىجىدە گاڭگىراشتىن توختىماي تۇرۇپلا يەنە گاڭگىراشقا كىرىشتۇق . . . »㊾. قىسقىسى

بىز ئەنئەنە بىلەن قوبۇل قىلىش ئوتتۇرىسىدىكى مۇۋاپىق مۇۋازىنەتنى ئىزچىل ساقلىيالماي كەلدۇق. نەتىجىدە مەدەنىيەت پىسخىكىمىزدا ئۇ قوتۇپتىن بۇ قوتۇپقا ئېغىش، ئاسانلا قىيداش ئامىللىرى پەيدا بولدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرگە تەسلىم بولغان ياپونىيە، ئۇرۇش خارابىلىرى ئىچىدىن قانداقلارچە ئۆرە تۇرۇپ «Sayonara ، ئاسىيا!» (خەير - خوش، ئاسىيا!) دېگىنىچە، شەرقنى تاشلاپ كېتىپ قالدى؟ ياپونىيە تەسلىم بولۇپ 10 كۈندىن كېيىن، توكيودىكى بىر كۈندىلىك گېزىتكە مۇنداق مۇراجىئەتنامە بېسىلغانىدى: «ھەربىي جەھەتتىكى مەغلۇبىيەتنى ياپون مىللىتى ئۆزىنىڭ بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى سۈپىتىدە قارىشى ھەم ئۆز رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك . . . ياپون خەلقى ھەقىقىي يوسۇندا دۇنياغا يۈزلىنىش، ئۆز ئۆتمۈشىنىڭ ئەسلى ماھىيىتىنى ئوبيېكتىپ تونۇش ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن ئىبارەت مۇنداق مىسلىسىز قۇربان بېرىشنى ئېتىراپ قىلىشى زۆرۈر. بۇگۈنكە قەدەر ياپونىيىلىكلەرنىڭ تەپەككۇر ئەندىزىسىدىكى بارلىق نامۇۋاپىق تەرەپلەرنى دادىللىق بىلەن تەھلىل قىلىشىمىز، ئۇرۇش مەغلۇبىيىتىنى رەھىمسىز رېئاللىق سۈپىتىدە روھنى قايتا ئۇرغۇتۇشنىڭ ساۋىقى قىلىشىمىز لازىم. لېكىن شۇنى تەكىتلەش زۆرۈركى ياپون خەلقى ئۆز ئەتىسىگە ئىشىنىشى كېرەك! . . .». دەرۋەقە، ئۇرۇشتىن كېيىنكى ياپونىيە تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەپ، ئۆز كېلەچىكى ئۈچۈن جاپالىق ئىزدەندى. . غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇنماي، ئۇنى ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ھەزىمى كۆتۈرەلەيدىغان مۇۋاپىق نۇقتىدا قوبۇل قىلدى ۋە ئۆزلەشتۈردى. ياپونىيىنىڭ تەرەققىيات سىرىنى ئۇزۇن مەزگىل تەتقىق قىلغان ئامېرىكا ئالىمى روبېرت كرستوف «ياپون روھى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ياپونىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم بايلىقى نېمە دېگەندە، ئۇنىڭ جىددىي ئۆزگىرىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان خەلقئارا مۇھىتقا قانداق ماسلاشقانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى يوقىتىپ قويمىغانلىقىدۇر. ئەگەردە 2050 - يىلى دۇنيادىكى قايسى دۆلەت ئۆزىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىيات ئۇسۇلى جەھەتتىن ھازىرقى ئاھالىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، دېيىلسە، باغلىشىمىزكى، ئۇ دۆلەت — ياپونىيىدۇر».

X X ئەسىر ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن X XI ئەسىرنىڭ پەردىسى كۆتۈرىلىدۇ. خوش، بىز يەنە بىر يېڭى ئەسىرگە — ئۈچىنچى ئىراغا قانداق روھىي تەييارلىقىمىز بىلەن كىرىمىز؟ ئۆز دەۋرىدە ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى جورجى ۋاشىنگتون يېڭىدىن لايىھىلىگەن ئامېرىكا دوللىرىنىڭ كەينىگە « Novus Ordo Sedorum » (دۇنيا ۋە تارىخ بىزنىڭ بۇ يەردىن باشلىنىدۇ) دېگەن خەتنى بېسىشنى تەۋسىيە قىلغان. بۇ دەل ئۆز تارىخىنى يېڭى دەۋرگە ئېلىپ كىرگەن ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۆز كېلەچىكىگە، بولغان چوڭقۇر ئىشەنچى ئىدى.

دەر ھەقىقەت، X X ئەسىرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چارىكىدە «غەربنى مەركەز» قىلىپ كەلگەن دۇنيا تارىخى ئۆز مۇۋازىنىتىدە شەرقنىڭ كۈندىن - كۈنگە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئورنىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. سانائەتلىشىشنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن غەرب دۇنياسىنىڭ ئېنېرگىيە ۋە خام ئەشياغا بولغان ئېھتىياجى شەرقنىڭ مۇھىملىقىنى يەنىمۇ بىر بالداق يۇقىرىغا كۆتۈردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇزاققىچە بېكىنمىچىلىك تەسىرىدە غەربتىن ئۆگىنىشنى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ مىزانى قىلىپ كەلگەن شەرق خەلقلىرى بىر مەزگىللىك ئەسەبىي قىزغىنلىق ۋە قارىغۇلارچە چوقۇنۇشتىن كېيىن، ئۆزىنى دەڭسەۋېلىش، تەكشۈرۈش، تەدرىجىي تەمكىنلىشىش دەۋرىگە كىردى. ئۇلار ئەمدى باشقىلار تىكلەپ بەرگەن «پەرەڭچە ئەندىزە» گە ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ دۇنيا ۋە دەۋر ئېقىمى بىلەن ماسلاشقان، مىللىي مەدەنىيەت ئۇدۇمىنى ساقلاشنى تەشەببۇس قىلىدىغان ھەم مىللىي ھەم دۇنياۋى ئەندىزىسىنى قۇرۇشقا جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئېتىراپ قىلىش زۆرۈركى، بىزنىڭ مۇشۇ ئەسىر مابەينىدە، بولۇپمۇ 80 - يىللاردىن كېيىنكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دولقۇنلىرىدا ئېرىشكەن تەپەككۇر يېڭىلىقلىرىمىز ئاخىرقى ھېسابتا بېكىنمە روھىيىتىمىزنى بۇزۇپ تاشلىدى، تىنچ ئوكيان قىرغاقلىرىدىن تەرجىمە ئارقىلىق كىرگەن ۋاستىلىك ئۇچۇرلار بىلەن ئوتتۇرا ۋە غەربىي ئاسىيادىن تەرجىمىسىز كىرىۋاتقان بىۋاستە ئۇچۇرلار ئەمدىلىكتە بالىياتقۇ شەكلىدىكى دىيارىمىزنىڭ «ئەسھابۇل كەھف» تىكى بىر قانچە ئەسىرلىك ئۇيقۇسىغا خاتىمە بەردى. خۇددى يېقىنقى زاماندا تاشلاندۇق رايونغا ئايلىنىپ قالغان ئوتتۇرا شەرقنىڭ ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئۆزىدىكى مول نېفىت زاپىسى بىلەن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزىگە ئايلىنىپ قالغىنىدەك، ئۆز ۋۇجۇدىغا چەكسىز ئېنېرگىيە مەنبەسىنى يوشۇرۇپ ياتقان تارىم ئويمانلىقىمۇ يېڭى ئىرانىڭ ئېنېرگىيە بۆلىقى بولۇپ قېلىشى مۇقەررەر! ئىشىكنىڭ بىردىنلا ئېچىلىشى بىلەن كۆزلىرى ئالا - چەكمەن بولۇپ ئەسەبىي قىزغىنلىقى بىلەن سىرتقا ئىنتىلگەن ۋە چوقۇنغان مىللىتىمىز 80-يىللارنى ئاخىرلاشتۇرۇپ 90-يىللارغا كەلگىنىدە ئۆزىنى خېلىلا تۇختىتىۋالدى ۋە سوغۇققانلىق بىلەن ئەتراپقا نەزەر تاشلاپ، مىللىي مەدەنىيىتىمىزگە ۋە ئۆز روھىيىتىمىزگە قارىتا سوغۇققانلىق بىلەن قايتا ئويلىنىش باشلاندى! شۇنداق، بۇ بىزنىڭ ئەسىر ھالقىش ھارپىسىدا ئېرىشكەن ئەڭ زور ۋەسقىمىز، مەھرۇملۇق ئىچىدە ئېرىشكەن تەپەككۇرىمىز ئارقىلىق ئۈچىنچى ئىرانىڭ پەردىسىنى كۆتىرىدىغان قايتا ئويلىنىشىمىز ئىدى.

## پايدىلانغان مەنبەلەر


① «مەشرەپ شېئىرىيىتىدىن» ، 69 - بەت، تاشكەنت، 1979 - يىل ئۆزبېكچە نەشرى.

② موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى» ، 175 - بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى.

③ مونتېسكيۇ: «پارس مەكتۇپلىرى» ، 360 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى.

④، ⑤ ئوكتاۋىئو پاز: «تەنھالىق قەسرى» — «چەت ئەل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە)، 1992 - يىللىق 3 - سان

⑥ «قۇرئان كەرىم» ، سۈرە ئال - ئىمران، 185 - ئايەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 - يىل نەشرى.

⑦ ئارنولد تويىنبى: «تارىخ تەتقىقاتى» ، سودا نەشرىياتى، 1983 - يىل نەشرى.

⑧ لىيۇ يىتاڭ (تەيۋەن) : «ئۇيغۇر تەتقىقاتى» ، 259 - بەت، تەيۋەن جېڭجۇڭ نەشرىياتى، تەيبېي نەشرى.

⑨، ⑩ گاۋىن ھامبلىي (ئامېرىكا) : «ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى تىزىسلىرى» ، 6-، 7- بەتلەر، سودا نەشرىياتى، 1994 - يىل نەشرى.



# «كرىزىس ۋە ئويلىنىش»تىن تەرمىلەر

خې شىن

## قورشاۋ هويلا ۋە بېكىنمە جەمئىيەت قۇرۇلمىسى

جۇڭگونىڭ قەدىمكى بىناكارلىق شەكلى تۆت ئەتراپى قورشالغان بېكىنمە شەكىللىك تۆت چاسا قۇرۇلمىنى ئۆزىنىڭ خاراكتېرى قىلىدۇ. قىزىق يېرى شۇكى، قەدىمكى جۇڭگونىڭ شەھەر دۆلىتى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن بۇ خىل فېئودالىق شەكىل هازىرغىچە داۋاملىشىپ، بۈگۈنكى جۇڭگونىڭ تىپىك بىناكارلىق ئۇسلۇبى -- قورشاۋ هويلا قۇرۇلمىسىغا مۇجەسسەملەشتى.

قورشاۋ هويلا شەكىللىك ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلمىسى ئەنئەنىۋى ئۇسلۇب سۈپىتىدە پەقەت جۇڭگودىلا ئۆز سېھرىي كۈچىنى نامايەن قىلماقتا. بۇ خىل پەۋقۇلئاددە قۇرۇلۇش شەكلىنىڭ قانداق ۋە نېمە ئۈچۈن شەكىللەنگەنلىكى مەسىلىسىنى مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدىغانلار ئېلىمىزدە ناهايىتمۇ ئاز بولدى. ياۋروپا ۋە ئامېرىكىغا بېرىپ باققانلار شۇنى بىلىدۇكى، ياۋروپانىڭ ئادەتتىكى پۇقرالىرىنىڭ ئۆيلىرى ئەتراپىدا هويلا تېمى دېگەنلەرنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، ئۇلار ئوچۇق قۇرۇلمىلىق ئۆيلەر ياكى هەيۋەتلىك، كۆپ قەۋەتلىك، سترېئولوق بىنالارنى ياخشى كۆرىدۇ.

غەربلىكلەر ئۆيلىرىنىڭ ئۆپچۆرىسىگە جۇڭگولۇقلاردەك ئېگىز، قېلىن تاملارنى چۆرۈپ هويلا ياسىمايدۇ، پەقەت چىتلاق شەكىللىك سالاسۇنلار ئارقىلىق ئۆيلىرىگە بىر خىل تەبىئىيلىك بېغىشلايدۇ. بىراق جۇڭگونىڭ قورشاۋ هويلىلىرىچۇ؟ بېكىك ۋە چەمبەر شەكىللىك بۇ خىل ئولتۇراقنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى هويلا تېمىدىن هەتتا شامالمۇ ئۆتمەيدۇ، شەهەرلەر شۇنداق، ئوردىمۇ شۇنداق، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىمۇ شۇنداق، ئۆيلەرنىڭ تۆت تەرىپىگە قوپۇرۇلغان ئېگىز، قېلىن تاملار بۇ ئۆيلەرنى تاشقى دۇنيادىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىپ تۇرىدۇ.

جۇڭگودىكى بۇ خىل قورشاۋ هويلا شەكىللىك بېكىنمە ئولتۇراق قۇرۇلمىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى زادى نېمىنى مەنبە قىلىدۇ؟ مېنىڭچە، قورشاۋ هويلا جۇ، شاڭ سۇلالىلىرىدىكى مەركىزىي شەهەر دۆلىتى مەزگىلىدە بارلىققا كەلگەن چاسا شەهەر بىناكارلىقىنىڭ شەكىل ۋە فۇنكسىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. چۈنكى قەدىمكى شەهەر دۆلىتى پۇقرالىرى ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتىگە قاراپ بىردىن ئۆزلەر (قانداشلار) گۇرۇھى بولۇپ شەكىللەنگەن. هەر بىر قورشاۋهويلا ئىچىدىكى پۇقرالار ئۇرۇقداشلىق مۇناسىۋىتى بار چوڭ بىر ئائىلە ئىدى. دېمەك، قورشاۋ هويلا شەكىل جەهەتتىن شۇ ئائىلىنىڭ ياتلارغا تاقابىل تۇرۇش، ئۇلارنى چەتكە قېقىش ئارزۇسىنى ناهايىتى ياخشى قاندۇرغان.

بېكىنمە شەكىللىك قورشاۋ هويلىنىڭ مەيدانغا كېلىشى فېئودالىق ئائىلە تۈزۈمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قەدىمكى قورشاۋ هويلىنىڭ قاپ مەركىزىگە تۆر ئۆي ياسىلىدۇ، لېكىن هەم چوڭ، هەم ياسىداق بېزەلگەن بۇ ئۆيدە ئادەتتە ئادەم ئولتۇرمايدۇ، پەقەت پۈتكۈل ئائىلە هوقۇقىنىڭ سىمۋولى

سۇيىتىدە ئاتا - بوۋىسىغا تەزىيە تاختىسى قاداپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش ۋە ئائىلە يىغىنى چاقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ، ماھىيەت جەھەتتىن شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىكى شەھەر دۆلىتىنىڭ ئىچىدە تەسىس قىلىنغان «قىبلە» — دىنىي، سىياسىي ئىشلار مەركىزى ھېسابلىنىدىغان ئەجدادلار ئىبادەتخانىسى ۋە ئوردىغا ئوخشايدۇ. بېيجىڭدىكى خان سارىيى گەرچە بىر پادىشاھنىڭ ئوردىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە قورۇلما ۋە فونكسىيە جەھەتتىن ئالغاندا يەنىلا ناھايىتى سەلتەنەتلىك قورشاۋ ھويلىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئۇنىڭدىكى تەيگۇڭ سارىيى دەل بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان تۆر ئۆيگە ئوخشايدۇ.

بۇنداق بېكىنمە شەكىللىك قورشاۋ ھويلا زادى نېمە مەقسەتتە بەرپا قىلىنىدۇ؟ مەقسەت ناھايىتى ئېنىق: مۇستەقىل ئۇرۇقداشلىق بىرلىكى، نەزىر - چىراغ بىرلىكى، ئىقتىسادىي بىرلىك ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ ئائىلىنى تاشقى جەمئىيەتتىن ئايرىپ تۇرۇش. چۈنكى مۇستەقىل ئىجتىمائىي تەشكىلات ھېسابلىنىدىغان بۇ ئائىلىنىڭ ئۇرۇق جەھەتتىكى ساپلىقى پەقەت شۇ ئائىلە ئىچىدىكى باشقا ئۇششاق ئائىلىلەرنىڭ بىر - بىرىگە يۆلىنىشى ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنىدۇ.

غەربلىكلەرنىڭ بىناكارلىق ئېڭى بۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. غەربتە ئەزەلدىن تارتىپ قورشاۋ ھويلا بولۇپ باققان ئەمەس، ياۋروپا شەھەرلىرىنىڭ ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدا قەتئىي ھويلا تىمى بولمايدۇ، ھەتتا پادىشاھ ئوردىلىرىمۇ كەڭرى مەيدانغا ئاشكارا قاراپ تۇرىدۇ. دېمەك، غەربنىڭ بىناكارلىقىدا جۇڭگو بىناكارلىقىنىڭ ئەكسىچە ئومۇمىيۈزلۈك ئوچۇق شەكىللىك قۇرۇلما قوللىنىلىدۇ. مەدەنىيەت بەلگىشۇناسلىقى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، بىناكارلىق شەكلى ئەمەلىيەتتە بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت پىسخىكىسى ھالىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. غەرب بىلەن جۇڭگونىڭ بىناكارلىق شەكلى جەھەتتىكى بۇ پەرقلەر ئەمەلىيەتتە غەربنىڭ ئوچۇق مەدەنىيەت پىسخىكىسى ھالىتى بىلەن جۇڭگونىڭ بېكىنمە مەدەنىيەت پىسخىكىسى ھالىتىنىڭ سىمۋوللۇق سىبلىشتۇرمىسى.

بۇ ئىككى خىل مەدەنىيەت تىپى ھالا بۈگۈنكى كۈندىمۇ مەدەنىيەت پىسخىكىسى جەھەتتە يەنىلا قىززىقارلىق سېلىشتۇرمىلارغا سەۋەب بولماقتا. تۆمۈريول تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر چەت ئەللىك ئېلىمىزگە كەلگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: جۇڭگو قۇرۇلۇشلىرىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، لايىھىلەنگەن چاغدا بىناغا ئىشىك خېلى كۆپ قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بىنا پۈتكەندىن كېيىن ئوچۇق تۇرىدىغان ئىشىكلەر ناھايىتىمۇ ئاز بولىدىكەن. مەسىلەن، بېيجىڭ مېتروسىنى مىسالغا ئالساق، ھەر بىر بېكەتكە تۆتتىن سەككىزگىچە ئىشىك قويۇلۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭدىن پەقەت بىرىلا ئېچىلىدىكەن. ئەمما پارىژ مېتروسىدا ئەھۋال بۇنىڭ ئەكسىچە، نەچچە ئىشىك بولسا، ھەممىسى داغدام ئوچۇق تۇرىدۇ. چۈنكى باشقۇرغۇچىلار يولۇچىلارنىڭ ئىشىكتىن قىستاشماي، ئەركىن - ئازادە كىرىپ - چىقىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

خوش، جۇڭگو مېترولىرىدا نېمە ئۈچۈن ئىشىكلەرنىڭ كۆپىنچىسى تاقىۋېلىنىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئاددىي: پەقەت باشقۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش ئۈچۈنلا. شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، «باشقۇرۇشقا قولايلىق يارىتىش» بىر خىل جەمئىيەت فونكسىيىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. بىز باشقۇرۇشتا كۆپىنچە ئىشىكنى تاقىۋېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىمىز، بۇ، جۇڭگونىڭ قەدىمدىن قالغان بىر خىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسى. شۇنداق ئەمەسمۇ؟ ئۆيلىرىمىز قورشاۋ ھويلىنىڭ ئىچىدە، شەھەرلىرىمىز چاسا رامكىنىڭ ئىچىدە، ۋەتىنىمىز بوشلۇقتىكى غايەت قورشاۋ ھويلا — سەددىچىن سېپىلىنىڭ سىمۋوللۇقىدا. يېقىنقى دەۋرلەردە ئېلىمىزدە غەربنىڭكىگە تەقلىد قىلىنىپ نۇرغۇن ستىرېئولۇق بىنالار سېلىندى، بۇ بىنالارغا ئېستېتىكا ۋە بىناكارلىق ئىلمى نۇقتىسىدىن نۇرغۇن ئىشىكلەر قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن قايسىلا بىناغا بارماڭ 100 ئىشىك قويۇلغان بولسا، ئۇنىڭ 99 نىنىڭ 360 كۈن قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرىسىز.

سەددىچىن بوشلۇقتا قۇرۇلغان قورشاۋ ھويلا، قەدىمقىلار ئۇنى كۆچمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈنلا ئەمەس، مۇھىمى خۇاشيالارنىڭ غەيرىي خۇا شيالار بىلەن بولغان ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاقىسىنى توسۇش مەقسىتىدە قۇرغان. ئەمەلىيەتمۇ شۇنداق. جۇڭگولۇقلار شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ مەنچىڭ خاندانلىقى قۇرۇلغىچە بولغان 3 مىڭ يىل مابەينىدە يەنىلا كۆچمەنلەرنىڭ تەھدىتىگە ئىزچىل ئۇچراپ كەلدى.

ياۋروپا تارىخىدا رىم ئىمپېرىيىسى ئاخىرقى دەۋرلەردە بەدىۋىلەرنىڭ، كېيىن موڭغۇللارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. لېكىن ئومۇمەن قىلغاندا، ياۋروپا كۆچمەنلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەھدىتىگە ئۇنچىۋالا كۆپ ۋە ئېغىر ئۇچرىمىدى. ئەمەلىيەتتە كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى ياۋروپا مەدەنىيىتى تەرىپىدىن ئاسسىمىلاتسىيە قىلىنماي ئەكسىچە ئۆزلەشتۈرۈلۈپ بېيىتىلدى. يېقىنقى دەۋرلەردە كۆچمەنلەر مەدەنىيىتى ياۋروپا كاپىتالىستىك سودا - سانائەت مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم تولۇقلىمىسىغا ئايلاندى. گرېتسىيە رىمپولىسى (شەھەر دۆلىتى) ئەينى ۋاقىتتا ئېچىۋېتىلگەن سودا مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈنلا شۇنداق قىلالىدى. لېكىن جۇڭگودىچۇ؟ خۇا شيالارنىڭ ياتلار بىلەن سودا خاراكتېرلىك مەدەنىيەت ئالاقىسى قىلىشى قاتتىق چەكلەندى. خەن، تاڭ سۇلالىلىرىدا بۇ خىل سىياسەت بىر ئاز بوشىتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ياتلارنىڭ چېگرا سودىسى يەنىلا دۆلەتنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىغا ئېلىنىپ كەلدى، سودىدا پۈتۈشەلمىسە قان تۆكۈپ جەڭ قىلىشتى. 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشى ئەمەلىيەتتە بىر قېتىملىق سودا ئۇرۇشىدىن ئىبارەت. «ئەنگلىيە ئەپيۇن ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىدى» دېگەن ئاتاق شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ سەۋەبلىرى ئىچىدىكى ناھايىتى كىچىك بىر سەۋەب. تۈپ نېگىزىدىن ئالغاندا شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى پەقەت چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋېلىپ، خەلقئارا سودىنى چەكلەش سىياسىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئۇرۇشنىڭ مەغلۇبىيىتى چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇتەئەسسىپلىك سىياسىتىگە بېرىلگەن ئېغىر جازا بولدى.

ئىشىكنى ناھايىتى نۇرغۇن قويۇپ ئەمەلىيەتتە ھەممىسىنى قۇلۇپلىۋېلىشىمىز دەل تاۋ يۈەنمىڭ يازغان: «قويغان قوۋۇق شامۇ - سەھەر تاقاق تۇرار» ( 门虽设而常关 ) دېگەن مىسراغا ناھايىتى ئوخشايدۇ. 关 (گۈەن — ئىشىكنى تاقىۋېلىش) دىن مەقسەت 管 (گۈەن — باشقۇرۇش) نى كۆچەيتىش. بۇ يەردە مەن خەنزۇچە خەت ئۇستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ باقاي. خەنزۇچىدىكى 管 (گۈەن — ئەمەل) سۆزى بىلەن 管 (گۈەن — باشقۇرۇش) سۆزى ئەمەلىيەتتە بىر مەنىنى بېرىدۇ، چۈنكى ئەمەل تۇتۇشنىڭ ئۆزى ئادەم باشقۇرۇش دېمەكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە 管 خېتى يەنە «ئىشىكنى قۇلۇپلاش» دېگەن مەنىنىمۇ بېرىدۇ. قەدىمدە ئىشىكنى قۇلۇپلاش 管键 — 关键 دەپ ئاتىلاتتى. شۇڭا جۇڭگودا ئەمەلدارنىڭ مەسئۇلىيىتى — باشقۇرۇش، باشقۇرۇشتا قوللىنىدىغان ئۇسۇلى — ئىشىكنى تاقاش، قۇلۇپلاشلا، خالاس. سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيىسى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، جۇڭگونىڭ قەدىمكى باشقۇرۇش نۇقتىئىنەزەرى ۋە ئۇنىڭ تۈپكى ماھىيىتىنى ناھايىتى روشەن چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان جۇڭگودىكى بىر قىسىم ئىقتىسادشۇناسلار ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسى جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى «باشقۇرىمەن دەپ تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇش، تۇنجۇقۇپ قالغىلى قوپسا يەنە قويۇپ بېرىش، قويۇپ بەرسە قالايمىقانلىشىپ كېتىش، قالايمىقانلىشىپ كەتسە يەنە باشقۇرۇش» دېگەن ئىبارىلەرگە مۇجەسسەملىدى. ئېلىمىزنىڭ بۇ خىل ئىقتىسادىي

تۈزۈلمىسى بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش. ئىقتىسادشۇناسلارنىڭ بۇ مەسخىرىسى ئېلىمىزنىڭ بۇ خىل بېكىنمە شەكىللىك مەدەنىيەت پسىخىكىسى ھالىتىنىڭ زامانىۋى ئىقتىساد، سىياسەتكە تۈپتىن ئۇيغۇنلىشالمايۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ خىل بېكىنمە ۋە باشقىلارنى چەتكە قېقىشتەك ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت پسىخىكىسى ھالىتى دەل جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئۇرۇقداشلىق ئاساسىدىكى جەمئىيەت قۇرۇلمىسىدىن ئىبارەت ئانىدىن تۇغۇلغان.

سېيىت تىلىۋالدى تەرجىمىسى

# جۇڭگودىكى قەدىمكى شەھەرلەر ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنىڭ مەنبەسى ئەمەس، بەلكى مۇستەبىتلىكنىڭ قورغىنى ئىدى

ھازىرقى زامان جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى بىلەن غەرب تارىخشۇناسلىرى ئوتتۇرىسىدا تۆۋەندىكى بىر قانچە مەسىلىدە تۈپ ئىختىلاپ ساقلىنىپ كەلمەكتە. يەنى، جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ تارىخىدا ماھىيەتلىك پەرق بارمۇ يوق؟ جۇڭگو باشتىن - ئاخىر غەرب بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغان تارىخىي يولدا مېڭىپ كەلدىمۇ يوق؟ جۇڭگو بىلەن غەربنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى پەرقى پەقەتلا ئىجتىمائىي تۈزۈم پەرقىدىنلا ئىبارەت، ئۇ ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت فورماتسىيىسىدىكى بىر قاتار نېگىزلىك پەرق ئەمەس، دېيىشكە بولامدۇ - يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەردە جۇڭگو تارىخشۇناسلىرى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ھېچقانچە پەرق يوق، ئەگەر پەرق بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت ئىجتىمائىي تۈزۈمدىكى پەرقتىنلا ئىبارەت، دەپ قارايدۇ. ئەكسىچە غەرب تارىخشۇناسلىرى جۇڭگو بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ماھىيەتلىك پەرق مەۋجۇت، دەپ قارايدۇ.

«ئامېرىكا ۋە جۇڭگو» دېگەن كىتابتا جۇڭگونىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بىلەن غەربنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى ئوتتۇرىسىدىكى ماھىيەتلىك پەرق ئالاھىدە ئورۇنغا قويۇلۇپ، بۇ خىل ماھىيەتلىك پەرق ئۈستىدە بىر قەدەر چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈلگەن.

ئاپتور مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «جۇڭگو جەمئىيىتى تۈپ جەھەتتىن يا روسىيىگە، يا ئامېرىكىغا ئوخشىمايدىغان جەمئىيەت، ئۇ ئۆزىدىكى ئەنئەنە ۋە مۇھىت بويىچە راۋاجلانغان»، «بىز جۇڭگونى شۇنىڭ ئۈچۈن تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمەيمىزكى، ھېچ بولمىغاندا جۇڭگونىڭ مەلۇم جەھەتتىكى زامانىۋى قىياپىتىنى خاتا ھالدا جۇڭگو تۇرمۇشىنىڭ ئۆزى دەپ قاراپ قالىمىز»، «ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تۆۋەن قاتلىمى ۋە ئۇنىڭ كەينىگە بىز غەربلىكلەر جۈملىدىن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، قەدىمىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان باشقا بىر خىل جەمئىيەت يوشۇرۇنغان بولۇپ، بىز مانا مۇشۇ تۇپراقتىنلا جۇڭگونىڭ غەربكە ئوخشىمايدىغان ھالقىلىق جايلىرىنى تېپىپ چىقالايمىز».

ئۇنداقتا، جۇڭگو جەمئىيىتى بىلەن غەرب جەمئىيىتى مەدەنىيەت ئەنئەنىسىدە قانداق ئوخشىماسلىقلار مەۋجۇت؟

مەدەنىيەت ئېكولوگىيىسى (Cultural ecology) نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت فورماتسىيىسى ئالدى بىلەن ئىنسانلارنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا ماسلاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. ئىجتىمائىي شەخس (ئادەم) نىڭ خاراكتېرى ۋە ھەرىكەت پائالىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مەدەنىيەت فورماتسىيىسى (ئىجتىمائىي قۇرۇلما، قىممەت سىستېمىسى، ئىجتىمائىيلىشىش شەكلى) نىڭ مەلۇم تەرەپتىكى ئىپادىسى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئېكولوگىيە تىپى (شەكلى) مەدەنىيەت فورماتسىيىسى (ئىگىلىك شەكلى، ئىجتىمائىي قۇرۇلما، قىممەت سىستېمىسى) نى بەلگىلەيدۇ. مەدەنىيەت فورماتسىيىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىجتىمائىي شەخس (ئادەم) نىڭ خاراكتېرى، خۇي - پەيلى ۋە ھەرىكەت پائالىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، جۇڭگو مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزگىچە جۇغراپىيىلىك مۇھىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك شارائىتىدىن چۈشەندۈرۈش زۆرۈر. قەدىمكى خۇا شيا مەدەنىيىتى ئاساسلىقى خۇاڭخې دەرياسى، خۇەيخې دەرياسى، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ ئېقىننىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن قىسىم رايونلىرىدا يەنى ھازىرقى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مەيدانغا كەلگەن. بىز خەرىتىدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ پۈتكۈل جۇڭگو ۋە ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، مۇنداق بىر نەرسىنى بايقايمىز: بۇ تۈزلەڭلىك بىر خىل يېپىق ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك بوشلۇققا جايلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىنى يەنشەن تاغ تىزمىسى، تەيخاڭشەن تاغ تىزمىسى، لۈلياڭشەن تاغ تىزمىسى، فۇنيۇشەن تاغ تىزمىسى، چىنلىڭ، ۋۇداڭشەن تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. جەنۇب تەرىپىنى بولسا ۋۇلىڭشەن، دابېيشەن، جيۇيىشەن، تيەنمۇشەن، نەنلىڭ، ۋۇيىشەن تاغلىرى ئوراپ تۇرىدۇ. بۇ تاغلار تاكى جەنۇبىي دېڭىز ساھىلىغىچە سوزۇلغان. بۇ ئېگىز تاغ، تىك قىيالار خۇددى قاتمۇ قات توساقتەك ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنى شىمال، غەرب، جەنۇب تەرەپتىن مەھكەم ئىسكەنجىگە ئالغان. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ شەرق تەرىپى بولسا، بوخەي دېڭىزى، خۇاڭخەي دېڭىزى، دۇڭخەي دېڭىزلىرى بىلەن ئورىلىپ تۇرىدۇ.

بۇ خىل بېكىنمە ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك شارائىت دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا، ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ناتۇرال ئىگىلىك تۇرمۇشىغا تازا ماس كەلگەن بىلەن، ئېچىۋېتىلگەن سودا خاراكتېرلىك ئىقتىساد (ئىگىلىك) نى راۋاجلاندۇرۇشقا ماس كەلمەيتتى. گەرچە چىن، خەن سۇلالىلىرىدىن كېيىن قەدىمكى جۇڭگونىڭ سىياسىي جۇغراپىيىلىك دائىرىسى كېڭىيىپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ كەتكەن بولسىمۇ، بېكىنمە ھالەتتىكى چەمبەرسىمان جۇغراپىيىلىك مۇھىت تۈپ جەھەتتىن ئۆزگەرمىگەن. غايەت زور كۈچ سەرپ قىلىش بەدىلىگە مىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە تاماملانغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئۆزىمۇ ماھىيەت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى بىلەن سېپىل سىرتىدىكى مەدەنىيەتنى ئايرىپ تۇرىدىغان غايەت چوڭ بىر سىياسىي - ھەربىي چەمبەر رولىنى ئوينىغانىدى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە جۇڭگونىڭ زېمىن دائىرىسى شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمال تەرەپلەرگە

قاراپ زور دەرىجىدە كېڭەيگەن. ھالبۇكى سىبىرىيە، موڭغۇلىيە ئېگىزلىكى، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىكى چۆل - باياۋانلار، قۇملۇقلار، ئېگىز تاغلار يەنىلا جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت كۆزنىكىنى ئېتىپ تۇرىدىغان چوڭ توسالغۇ بولۇپ كەلگەن. گەرچە قەدىمدە گاھى توسۇلۇپ، گاھى راۋانلىشىپ تۇرغان، غەرب بىلەن بولغان سودا ئىشلىرىدىكى مۇھىم يول - «يىپەك يولى» مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، ئەپسۇس، بۇ يول چىن (جۇڭگونىڭ) غەربىدىكى يۇنان، رىم مەدەنىيىتىنى قەدىمكى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋە ئىككى مەدەنىيەتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تومۇرغا ئايلىنالمىغان. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن كېيىن بۇ يول ئەمەلىيەتتە ئېتىلىپ قالغان.

دېڭىز تەۋەسى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، خۇا شيا مەدەنىيىتى ئەڭ تەرەققىي قىلغان ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى تۇتىشىپ تۇرىدىغان بوخەي دېڭىزىنىڭ ئۆزىمۇ ئەمەلىيەتتە يېرىم يېپىق ھالەتتىكى ئىچكى دېڭىز ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا خۇاڭخەي، دۇڭخەي دېڭىزلىرىنىڭ شەرقىدىكى چاۋشيەن، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەر ئەينى چاغدا خۇا شيا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدىكى ئىككىنچى ئورۇندىكى مەدەنىيەت رايونلىرى بولۇپ، بۇ يەردە خۇا شيالارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەدەنىيىتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان باشقىچە مەدەنىيەت شەكىللىنەلمىگەن. مانا مۇشۇنداق يېپىق ھالەتتىكى جۇغراپىيىلىك ماكان قۇرۇلمىسى قەدىمكى زامان خۇا شيا مەدەنىيىتىنىڭ بېكىنمە ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن.

بۇنىڭ ئەكسىچە، قەدىمكى يۇناندا تەرەققىي قىلغان ئىجتىمائىي ئىش تەقسىماتى ۋە سودا ئىگىلىكى بولغان تارقاق شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلۇش ۋە دېڭىز قاتنىشى ئارقىلىق ئېچىۋېتىلگەن ئىقتىسادىي تور شەكىللەندۈرۈلگەن، ئەركىن فېدراتسىيە شەكلىدىكى باشقا بىر خىل سىياسىي مەدەنىيىتى شەكىللەنگەنىدى. بۇ خىل سىياسىي مەدەنىيەت ئەنئەنىسى تا بۈگۈنگە قەدەر غەربىي ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىغا ئىزچىل تەسىر كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق جۇڭگودىكى قەدىمكى شەھەرلەر فونكسىيە جەھەتتە يۇنان شەھەرلىرىگە سېلىشتۇرغاندا، پۈتۈنلەي باشقىچە رول ئوينىغان. يەنى قەدىمكى زاماندىكى جۇڭگو شەھەرلىرى پەقەتلا دىنىي ۋە سىياسىي مەدەنىيەتنىڭلا مەركىزى بولۇپ قالغانكى سودا ۋە قول سانائەت ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىغان ئىقتىسادىي مەركەز بولالمىغان.

«ئامېرىكا ۋە جۇڭگو» دېگەن كىتابتا ئاپتور بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرىدىكى دىنىي، سىياسىي مەركەزلىك فۇنكسىيىسىنى چوڭقۇر تەھلىل قىلىپ: «بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ناھايىتى ھەشەمەتلىك سىممېترىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى شۈبھىسىز ھالدا ئۇنى پايتەختلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىغا ئايلاندۇرغان»، «غەربتىكى ھەر قانداق بىر پايتەختتە ھوقۇق مەركەزلەشكەن ھاكىم مۇتلەق سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ سىمۋوللۇق خاراكتېرى بۇنداق روشەن گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئەمەس» دەپ يازىدۇ. دەرۋەقە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ چەت ئەل ساياھەتچىلىرى بېيجىڭ شەھىرىدىكى شەھەر قۇرۇلۇشلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ئۇنىڭ سىياسىي ئەھمىيىتىدىن ھەيران قالماي تۇرالمايدۇ. بۇ يەردىكى غايەت چوڭ مەيدان، ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان كوچا - رەستىلەر، تۆرلۈك - تۈمەن ۋۇۋسكا، پىلاكاتلار . . . نىڭ ھەممىسى كۈچلۈك سىياسىي سىمۋول خاراكتېرىگە ئىگە. بۇ ھالەت بىر غېرىچ يەر ئالتۇندىن قىممەت توختايدىغان، سودا خاراكتېرىدىكى ھەشەمەتلىك بىنا - ئىمارەتلەر سانجاق - سانجاق سېلىنغان، قاتناش - ئالاقە ئىشلىرى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي تاپقان زامانىۋى پۇل - مۇئامىلە مەركەزلىرىدىن نيۇ - يورك، توكيو، پارىژ، لوندون، شياڭگاڭلار بىلەن ناھايىتى ئېنىق تەتۈر پەرق ۋە سېلىشتۇرما ھاسىل قىلغان.

مانا مۇشۇ خىل ئىچكى، ماھىيەتلىك ئوبيېكتىپ پەرق ئاساسىدا، قەدىمكى زاماندىكى جۇڭگو شەھەرلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەرب شەھەرلىرىدەك ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيىنىڭ مەنبەسى بولماي، بەلكى پەقەتلا مۇستەبىتلىكنىڭ قورغىنى بولۇپ قالغانلىقىنىڭ، نېمە ئۈچۈن شەھەر ئاھالىسىنىڭ جۇڭگودا كونا جەمئىيەتتىن ئەركىن كاپىتالىزمغا سەكرەشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ بولۇپ شەكىللىنەلمىگەنلىكىنىڭ، جۈملىدىن ھازىرقى شەھەرلەردىمۇ نېمە ئۈچۈن يەنىلا سىياسىي تۈس ئالغان نۇرغۇن پائالىيەت ۋە بۇيۇملارغا (بولۇپمۇ بەزى سىياسىي بايرام مەزگىللىرىدە) پۇل خەجلەشكە كەلگەندە قولىمىز شۇنچە ئوچۇق، ئەكسىچە، يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيوللارنى ياساش، شەھەر ئىچى قاتناش ئىشلىرى ۋە مۇئەسسەسلىرىنى ھەقىقىي ياخشىلاشقا پۇل خەجلەشتە بولسا، تولىمۇ بېخىل بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبلىرىنى تاپالايمىز.

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مەركىزىي شەھەرلىرىدە سودا ۋە قول سانائەت ئىككىنچى ئورۇندىكى قوشۇمچە نەرسە بولغاچقا، ھەمىشە كەمستىلىشكە ۋە تۈرلۈك چەكلىمىلەرگە ئۇچرىغان. شۇڭا، كۆپ ساندىكى يەرلىك ناھىيە (ئايماق) بازارلىرىدا پەقەت مەلۇم ۋاقىت ئارىلىقى بىلەن پەرقلىنىپ دەۋرلىنىپ تۇرىدىغان ھەشەمەتلىك قەبرىستانلىقلار بولسا بولغانكى، مۇنتىزىم، ئىزچىللىقى ئىگە بولغان سودا خاراكتېرىدىكى تەركىب بولغان ئەمەس. سىياسىي شەھەرلەرنى مەركەز قىلغان پارچە - پارچە دېھقانچىلىق رايونلىرى تىك لىنىيىلىك يۇقىرى - تۆۋەنلىك مۇناسىۋەتتە ھوقۇق مەركەزلەشكەن ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگانغا قارايدىغان بولۇپ، رايون بىلەن رايون ئوتتۇرىسىدا توغرا لىنىيىلىك مۇناسىۋەت يوق دېيەرلىك بولغان. شۇڭا، قەدىمكى زاماندا دۆلەت بىرلىككە كەلتۈرۈلۈپ تازا گۈللەنگەن مەزگىللەردىمۇ «ئەرش ئېگىز، خان يىراقتا بولغاچ (تاغدا يولۋاس بولمىسا) مايمۇن پادىشاھ بولۇۋالغان» غا ئوخشاش، يەرلىك تەپرىقە كۈچلەر يەنىلا يوشۇرۇن ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. ئۇرۇق، نەسەب، ئائىلىدىن ئىبارەت قانداشلىق مۇناسىۋەت ئاساسىدىكى تەشكىلىي شەكىل بۇ خىل يەرلىك بۆلۈنمە كۈچلەرنىڭ تەبىئىي تەشكىلىي ئەندىزىسى بولۇپ كەلگەن. تاۋار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىي قىلماسلىقى، قاتناش - ئالاقە ئىشلىرىدىكى قالاق ھالەتنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن داۋاملىشىشى ئورتاق قوللىنىۋاتقان بىر تىلدا تۈمەن شىۋە پەيدا بولۇش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، جۈملىدىن ئۇزۇن مەزگىل سىرت بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان بەزى رايونلاردا نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى، تۇرمۇش شەكلى، ساناپ تۈگەتكۈسىز نادانلىق ۋە مۇتەئەسسىپلىكلەرنىڭ تا بۈگۈنگە قەدەر مۇپەسسەل ساقلىنىپ كېلىشىنى ماكان ۋە زامان ئاملى بىلەن تەمىنلىگەن.

**ياسىنجان ھامىد تەرجىمىسى**

---

خې شىن گەپەندى زامانىمىزدىكى داڭلىق نەزەرىيىچى، تارىخشۇناس، ئىقتىسادشۇناس ۋە ستراتېگىيە مەسىلىلىرى تەتقىقاتچىسى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى. ئۇ ھازىر مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشتە تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ ئىككى ماقالە ئالىمنىڭ «خەلقئارا مەدەنىيەت نەشرىياتى» 1997 - يىلى 3 - ئايدا نەشر قىلغان «كرىزىس ۋە گۈيلىنىش» ناملىق كىتابىدىن تەرجىمە قىلىندى.

(M1)



# شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەتكە ئايلىنىش دەۋرىنىڭ تەلىپى

شەرىپقان ئەبدالىي

«شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى قازاق تەھرىراتىنىڭ مەزكۇر ماقالىغا ئىلاۋىسى: ئاپتور خەلقىمىزنىڭ ئومۇمىي مەدەنىيەت سەۋىيىسى، ھازىرقى تەرەققىيات دەرىجىسىنى مەدەنىيەت ئىلمى نۇقتىسىدىن باھالاپ، ئىجتىمائىي مەدەنىي ھاياتتا يۈز بېرىۋاتقان ياشاشنىڭ دەۋر تەلىپى ئىكەنلىكىنى مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى بىلەن باغلاپ، باش قاتۇرۇشقا ئەرزىيدىغان يېڭى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ، مىللىتىمىزنىڭ ھەر بىر ئەزاسى ئۈچۈن ئويلىنىشقا تېگىشلىك زور مەسىلە، شۇنداقلا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرۈشتە ئۇلۇغۋار ئىشلار قىلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، بۇنداق ئوي - پىكىرلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تولىمۇ ئەھمىيەتلىك. سەگەك ئوقۇرمەنلەر ۋە ئاپتورلارنىڭ بۇنى دەتسەپ بېقىپ، مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## 1

«قايسىبىر مىللەت ئاۋۋال شائىر، كېيىن مۇتەپەككۇر بولمىغان؟» ① بۇ، ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋى تەرەققىياتى جەريانىنى تەتقىق قىلغان 18 - ئەسىردىكى ئاتاقلىق فرانسۇز ئالىمى گېرىنىڭ قويغان سوئالى. مەشھۇر ماركسىزم نەزەرىيىچىسى، پەيلاسوپ گ. ۋ. پلېخانوۋ بۇ سوئال ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەنىدى: «ئۇ (گېرىم) بىر مىللەت شېئىرىيىتىنىڭ گۈللەپ - ياشنىشى شۇ مىللەتنىڭ بالىلىق، ياشلىق چاغلىرى بىلەن دەۋرداش كېلىدۇ، پەلسەپىدە بولسا، مۇئەييەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش — شۇ مىللەتنىڭ بالاغەتكە يەتكەن دەۋرىدىلا ئەمەلگە ئاشىدۇ، دېگەن كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. 18 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ كۆز قاراشنى 19 - ئەسىردىمۇ تەشەببۇس قىلىپ يېڭىباشتىن ئوتتۇرىغا قويىدىغانلار بارلىققا كەلدى» ②. ئىتالىيىنىڭ مەشھۇر تارىخچىسى گىيامباتتىستا ۋىكو (1668 - 1744) 1725 - يىلى نەشر قىلدۇرغان «مىللەتلەر ئورتاقلىقىنىڭ يېڭى ئىلمىي پرىنسىپى» دېگەن تولىمۇ قىممەتلىك ئەسىرىدە «شېئىرىي ئەقىل» (Poetic wisdom) دېگەن ئۇقۇمنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىتالىيە ئالىمى ۋىكو قەدىمىي گرېتسىيە (يۇنان) نىڭ بۈيۈك ئېپوسى «ئىللىئادا» بىلەن «ئودىسا» ھەر گىزمۇ پەلسەپىۋى تىلسىمچىلىقنىڭ يەنى ئەقلىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بەلكى «شېئىرىي ئەقىل» نىڭ مەھسۇلى، دەپ قارايدۇ ③.

مەن بۇ يەردە يۇقىرىدىكى ئالىملارنىڭ پىكىرلىرى ۋە كۆز قاراشلىرىنىڭ قانداق مەنا ۋە قانداق شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمەكچى ئەمەسمەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشمدىكى مەقسەت: بىزنىڭ «شېئىرىي مىللەت»، «پەلسەپىۋى مىللەت» دېگەن ئىككى ئۇقۇمنى ئىشلىتىشىمىزگە تۈرتكە بولغانلىقىنى شەرھىيلەپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت. شۇنى ئېنىق ئېيتىش ھاجەتكى، ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىۋاتقان «شېئىرىي مىللەت»، «پەلسەپىۋى مىللەت» دېگەن ئۇقۇملارنىڭ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن كۆز قاراشلار بىلەن مۇئەييەن تارىخىي مۇناسىۋىتى بار بولغىنى بىلەن، ئىچكى ئاساسىي مەزمۇن جەھەتتىن پەرقى بار. ئۇنداقتا «شېئىرىي مىللەت» دېگەن نېمە؟ «پەلسەپىۋى مىللەت» دېگەنچۇ؟

شېئىرىي مىللەت دۇنيانى بىلىش (ياشاش جەريانىدا) ۋە تەپەككۇر قىلىش شەكلى جەھەتتە ئاساسەن ھېس قىلىش ياكى بىۋاستە تۇيغۇ - سەزگۈگە تايىنىدۇ. بۇنداق مىللەتنىڭ مىجەز - خۇلق جەھەتتىكى بەلگىلىرى مۇنۇلاردىن ئىبارەت: ئاقكۆڭۈللۈك، ئوچۇق - يورۇقلۇق، كۆڭۈلچەكلىك، كەڭ قورساقلىق، ساددىلىق، ھېسسىياتچانلىق، قاراپايىملىق، يۇۋاشلىق . . . بۇلارنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن شائىر مىجەزلىك دېيىشمۇ مۇمكىن.

پەلسەپىۋى مىللەت دۇنيانى بىلىشتە ھېس قىلىش ياكى بىۋاستە تۇيغۇغا ئەمەس، بەلكى ئەقىلگە يەنى ئەقلىي تەپەككۇرغا تايىنىدۇ. ئىلمىيلىكنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. نەزەر دائىرىسى كەڭ، زامانىۋى ئاڭغا ئىگە ئوچۇق مىللەت دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئاڭلىق ھالدا قوبۇل قىلالايدۇ.

تەرەققىياتنى ئاساسىي ئورۇنغا قويىدۇ. ئۆز مەدەنىيىتى بىلەن ئەنئەنىسىدىكى تەرەققىياتقا پۇتلىكاشاڭ بولىۋاتقان نەرسىلەردىن قەتئىي ئادا - جۇدا بولالايدۇ. يەنى مەدەنىيىتى بىلەن ئەنئەنىسىدىكى ئىجابىي ئامىللارغا ۋارىسلىق قىلىپ، سەلبىي نەرسىلەرنى تاشلىۋېتەلەيدۇ. شۇڭلاشقا، بۇنداق مىللەتلەر ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ ۋە كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ، باشلامچىلىق رول ئوينىيالايدۇ. شۇڭا، بۇنداق مىللەتلەر «پەلسەپىۋى مىللەت» دېيىلىدۇ. دېمەك «پەلسەپىۋى مىللەت» بىلەن «شېئىرىي مىللەت» دېگەن ئاتالغۇلار ماھىيەتتە مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات دەرىجىسىنى كۆرسىتىدىغان ئۇقۇملاردۇر. ئىنسانىيەتنىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى جەريانىدا ئالدىدا كېتىۋاتقان، يەنى پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مىللەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق پەللىگە بىردىنلا كۆتۈرۈلگەن ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا شېئىرىي مىللەتلىك دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگەن. ئۇزاق مەزگىللىك مۇرەككەپ ۋە ئەگرى - توقاي تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتۈش، ئەمەلىيەت جەريانىدا پىشىپ - يېتىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيىتىگە تەنقىدىي قاراپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز يېڭىلاش ئارقىلىق دۇنيادىكى بارلىق مىللەتلەرنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى دادىللىق، كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكەن، شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەتكە ئايلانغان.

شۇڭا بىز فرانسىيە ئالىمى گېرىمنىڭ: «قايسىبىر مىللەت ئاۋۋال شائىر، كېيىن مۇتەپەككۇر بولمىغان؟» دېگەن سوئالىنى چىن مەنىسى بىلەن چۈشىنىشىمىز كېرەك. ئۇ، بۇ سوئال ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن كېيىنكى جەمئىيەتكە — كېيىنكى تەرەققىيات باسقۇچىغا يېتىش جەريانىنى مۇئەييەن سېلىشتۇرمىلىق مەنادا كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئۇقۇمنى بىز مۇئەييەن سېلىشتۇرمىلىق مەنادا ئوتتۇرىغا قويىۋاتىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىز بۇ ئىككى ئۇقۇمنى بۈگۈنكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىنى بىلىش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا قويىۋاتىمىز . . . بۇنىڭدىن ھەرگىزمۇ ھازىرقى دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى ئاۋۋال شائىر مىللەت بولۇپ، كېيىن مۇتەپەككۇر مىللەتكە — شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەتكە ئايلىنىپ بولدى دېگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ. چۈنكى دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى ھېلىھەم تەكشىسىز، ھەتتا ئاسمان - زېمىن پەرق بار. ھەتتا كۆپلىرى تاھازىرغىچە شېئىرىي مىللەتلىك باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇلار تېخى تەرەققىي تاپقان مىللەتلەر قاتارىغا ئۆتكىنى يوق.

«شېئىرىي مىللەت»، «پەلسەپىۋى مىللەت» دېگەن سېلىشتۇرمىلىق ئىككى ئۇقۇمدىن ھەرگىزمۇ شېئىرىي مىللەتنىڭ ھەممىلا ئادىمى شائىر، ئۇلاردا پەلسەپىۋى مىللەتكە خاس ھېچقانداق ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەت بولمايدۇ، شۇنداقلا پەلسەپىۋى مىللەتتىمۇ شېئىرىي مىللەتكە خاس ھېچقانداق ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەت يوق، دېگەن مۇتلەق ئىنكارچىلىق كېلىپ چىقمايدۇ. بۇ ئۇقۇملار ماقالىمىزدا مىللەتلەرنىڭ ئاساسلىق تەرىپىگە، يەنى سالماقلىق، ئاسان كۆزگە چېلىقىدىغان ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قوللىنىلدى.

بۇ يەردە مۇنداق بىر مۇھىم مەسىلە ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ: مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ تەرەققىياتى قانداق؟ بۇ مىللەتلەر قايسى باسقۇچتا تۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدى بىلەن ئۆزۈپ چىقىپ شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەت پەللىسىگە كۆتۈرۈلگەنلىرى زادى قانچىلىك؟ شۇنى ئوچۇق ئېيتىش كېرەككى، مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسى تەكشى ئەمەس، بەزىلىرىنىڭ تەرەققىياتى يۇقىرىراق، بەزىلىرىنىڭ خېلى پەرقلىق ھالدا تۆۋەن، تۆۋەن بولغاندىمۇ ئىنتايىن تۆۋەن. شۇڭا، مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەتنىڭ ھەممىسىلا شېئىرىي مىللەتلىكتە تۇرۇۋاتىدۇ ياكى ئۆزىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىگە قاراپ پەيدىنپەي پەلسەپىۋى مىللەتلىككە قاراپ بۇرۇلۇۋاتىدۇ. ئەمما پاكىتلارغا ئاساسەن بۇ مىللەتلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى تېخى تولۇق پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلدى، دېيەلمەيمىز. چۈنكى مەملىكىتىمىز ھازىر يېڭىلا ئىگىلىك جەمئىيىتىدىن سانائەتلەشكەن جەمئىيەتكە، ئۇچۇر دەۋرىگە ئۆتۈشتەك زور بۇرۇلۇش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. دېمەك، شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ئاساسى تېخى تولۇق ھازىرلانغىنى يوق. مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ. بىراق بىز شۇنىڭغىمۇ دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ھازىرقى ئۇلۇغ بۇرۇلۇشتىن ھېچقايسى مىللەت چەتتە قالمايدۇ ۋە بۇ جەرياندا مەدەنىيەت ساپاسى يۇقىرىراق مىللەتلەر ئالدى بىلەن تولۇق بۇرۇلۇش ياساپ، پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە تامامەن كۆتۈرۈلەلەيدۇ. شۇڭا، بەزى مىللەتلەر دەرھال ئويغانمايدىغان ۋە تىرىشمايدىغان بولسا، قاتاردىن قېلىپ شاللىنىپ كېتىشى تۇرغان گەپ.

## 2

مېنىڭچە، بىزنىڭ قازاق خەلقى شېئىرىي مىللەت، شېئىرىي مىللەت بولغاندىمۇ ئەڭ تىپىك شېئىرىي مىللەت. دۇنيادىكى شەيئىلەر بىر ياقلىمىلىق بولماستىن، بەلكى ئىككى ياقلىمىلىق ھەتتا كۆپ ياقلىمىلىققا ئىگە. شۇڭا، بىزنىڭ قازاق خەلقىنى شېئىرىي مىللەت، شائىر خەلق دېگەندىمۇ يالغۇز ئۇنىڭ بىرلا تەرىپىگىلا ئەمەس، بەلكى ھەممە تەرىپىگە تەڭ نەزەر سېلىشىمىز كېرەك.

ئالدى بىلەن ياخشى تەرەپ يەنى ئىجابىي تەرەپ ئۈستىدە توختىلايلى. بىز كۆپىنچە قازاق خەلقىنى شائىر خەلق دەيمىز ھەم بۇ ئاتاق بىلەن تولىمۇ پەخىرلىنىمىز. بۇ، مۇئەييەن نۇقتىدىن، مۇئەييەن تارىخىي ئالدىنقى شەرت ئاساسىدىن قارىغاندا، ئەقىلغە مۇۋاپىق. بىز شائىر خەلق، يەنى بىز شېئىرىي مىللەت دېگەن گەپنىڭ ئورۇنلۇق، ھەقىقەت ئاساسى بارلىقى مۇنۇ جەھەتلەردە روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: قازاق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئېپوس بىلەن مۇھەببەت داستانلىرى بىپايان دېڭىز. ئۇلۇغ ئابايىنىڭ:

تۇغۇلغاندا دۇنيا ئېشىكىن ئاچار شېئىر،
شېئىر بىلەن يەر قويىنغا كىرەرتىنىڭ.
ھاياتنىڭ لەززىتى شېئىر بىلەن،
ئويلىساڭچۇ يۇرگىچە ئىبلەڭ - سىلەڭ .

دەپ يازغىنىدەك قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇش - تىرىكچىلىكى، ئۆرپ - ئادەت، قائىدە - يوسۇنلىرى ھەتتا مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەخلاقىي ۋە ئېستېتىك مەدەنىيىتى شېئىرىيەت بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كەتكەن. خۇددى ئۇلۇغ ئاباي ئېيتقاندەك، قازاق خەلقىنىڭ «شېئىرنى سۆزنىڭ سۇلتانى - دۇردانىسى» دەپ قارايدىغانلىقى، «ناخشا بىلەن ئات قازاقنىڭ

ئىككى قانتى» دېيىشى، شائىرلار بىلەن نوچى - گاڭگۇڭلارنى باي - زەردارلار ھەتتا پادىشاھ - بەگلەردىن ئارتۇق كۆرۈدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئىپتىخارلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدۇ. قازاق خەلقىنىڭ كەڭ ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئاقىنلار ئېيتىشىشى ۋە ئېيتىشىش ماھارىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەنلىكى، ھەمدە ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر قازاقنى مەپتۇن قىلىپ، قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغانلىقىدىن، شائىرلىقنىڭ بىز قازاق خەلقىگە ئاتا قىلىنغان ئۆزگىچە بىر خاسىيەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ، قازاق خەلقىنىڭ مەدەنىي ھاياتىنىڭ ئەھمىيەتلىك بىر قىسمى. بىزنىڭ باشقا نەرسىمىز بولمىسىمۇ، لېكىن شائىر دېگەن ساماندەك. قازاقنىڭ قويچىسىمۇ، پادىچىسىمۇ شائىر، ئاۋۇل، ناھىيە، شەھەرلەردىكى ئادەتتىكى ئولتۇرۇش سورۇنلىرىدىن تارتىپ توي - تۆكۈنگىچە بولغان مەرىكىلەر شائىرلارسىز ئۆتمەيدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ئۈچۈن بىر ئۇدۇم.

قازاق خەلقىنىڭ شېئىرىي مىللەت ياكى شائىر خەلق ئىكەنلىكى قازاق مەدەنىيىتى، تۇرمۇشى ۋە ئۆرپ - ئادىتىنى ئاز - تولا بىلىدىغان، قازاق خەلقى بىلەن ئاز - تولا ئارىلاشقان قېرىنداش مىللەتلەر ۋەكىللىرى (ئۇقۇمۇشلۇقلار) تەرىپىدىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنغان ھەقىقەت④.

## 3

دەرۋەقە، بىز قازاق خەلقىنى شائىر خەلق، شېئىرىي مىللەت دېگەن گەپنى پەقەت ئۇنىڭ يۇقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرىگە قاراپلا ئېيتىۋاتقىنىمىز يوق. بىز بىر مىللەتنىڭ شېئىرىي مىللەت ياكى پەلسەپىۋى مىللەتلىكىگە باھا بەرگەندە شۇ مىللەت مەدەنىيىتىنى جۈملىدىن ئومۇمىي قىممەت قارىشى، تەپەككۇر شەكلى، ئەدەب - ئەخلاق ئەنئەنىسى، ئېستېتىكىلىق ئۆلچىمى قاتارلىق ئەڭ تۈپلۈك، ئەڭ نېگىزلىك تەرەپلىرىنى ئاساس قىلىمىز: بۇ يەردىكى ئەڭ تۈپلۈك، ئەڭ نېگىزلىك تەرەپلەر يەنىلا شۇ مەدەنىيەت ئارقىلىق ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئۇنداقتا، مەدەنىيەت دېگەن نېمە؟ مەدەنىيەت (Cultural) كۆپ مەنىلىك ئۇقۇم، لېكىن ئۇنى ئاساسەن ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، تار مەنىدىكى مەدەنىيەت، يەنە بىرى، كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت؛ ئالدىنقىسى ئاساسەن مەنىۋى بايلىقتا، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت، مائارىپ، ئىلىم - پەن بىلىملىرىگە قارىتىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت ئالدىنقىسىغا قارىغاندا ناھايىتى مۇرەككەپ ھەم كەڭ، ئابستراكت ئۇقۇم. كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەتنىڭ ئۈچ مۇھىم تەرىپى بار: 1. قىممەت قارىشى، 2. تەپەككۇر شەكلى، 3. ئەدەب - ئەخلاق ھەم ئېستېتىك پرىنسىپ ياكى ئۆلچەم. مەدەنىيەت مۇشۇ ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سىستېمىدىن ئىبارەت. مەدەنىيەت مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي تەجرىبىلىرى ئاساسىدا شەكىللەندۈرگەن ھەم شۇ مىللەتنى تۇتۇپ تۇرۇدىغان چوڭ بىر سىستېما. بىر جەھەتتىن ئالغاندا، ئۇ، شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى، يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي سىياسىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇلۇغ كۈچ. قازاق مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ئىقتىسادىي ھەمدە ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات دەرىجىسىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يەنى قازاق مەدەنىيىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئىشلەپچىقىرىش كۈچ - قۇدرىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى بەلگىلەيدۇ. قازاق مەدەنىيىتى بولسا، ئۆز نۆۋىتىدە يەنە قازاق خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتى بىلەن ئىجتىمائىي ئىگىلىك ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان ئامىل. قازاق خەلقىنىڭ شېئىرىي مىللەت بولۇشى مىللەتنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك. بىراق، مەسىلىگە ھەرگىز بىر تەرەپلىمە قاراشقا بولمايدۇ. قازاق خەلقىنىڭ مانا مۇشۇنداق شائىر ۋە شېئىرىي مىللەت بولۇشى ئۇنىڭ ئەلقاتارى تەرەققىي قىلىشى ھەم ئومۇمىي ئەھۋالىغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتمەكتە. بىز بۇنى رېئال ئەمەلىيەتتىن روشەن كۆرۈۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن، رېئال تۇرمۇشتىكى چىنلىق بىلەن پاكىتلارنى «دېگىلى بولىدىغان» ۋە «دېگىلى بولمايدىغان» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىيدىغان كۆز بويامچىلىققا ئەسلا يېقىن يولىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى تۇرمۇشتىكى بەزى ئاچچىق ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمۇشنىڭ ئۆزى ئىنتايىن زىيانلىق ۋە خەتەرلىك. خەلقىمىزدە «ئاغرىقنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا» دەيدىغان ھېكمەت بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنداق بولسا، قازاق خەلقىنىڭ شېئىرىي مىللەت، شائىر خەلق بولۇشىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەر قايسىلار؟

ھازىرقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا شېئىرىي مىللەت بولۇشنىڭ سەلبىي تەرەپلىرى، ئۇنىڭ مىللىتىمىزنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئوڭۇشلۇق ماسلىشىشىغا زور توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقى بىلەن روشەن گەۋدىلەنمەكتە.

شېئىرىي مىللەت شائىر مىجەز كېلىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مەرد، ئاقكۆڭۈل، كەڭ قورساق، ئۇچۇق - يورۇق، مېھماندوست، ھېسسىياتچان ھەم ئىنتايىن كۆڭۈلچەك كېلىدۇ. بۇنداق ئالاھىدىلىكلەرنى ئىلگىرىكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆچمەن دالا تۇرمۇشى، يايلاق مەدەنىيىتى پەيدا قىلغان. بۇ، بىزنىڭ قان - قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن. بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئاشۇ كۆچمەن تۇرمۇش شارائىتىدا ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىدى. چۈنكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا تاۋار ئىگىلىكى ۋە ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان كۆز قاراش بىلەن ئاڭ تولىمۇ ئاجىز بولۇپ، تۈزۈك تەرەققىي قىلمىغان ھەم مۇۋاپىق تەشەببۇس قىلىنمىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆچمەن تۇرمۇشتىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر تولىمۇ ئاددىي ئىدى. چۈنكى كۆچمەن تۇرمۇشنىڭ ئىگىلىك ئاساسى — ناتۇرال ئىگىلىك بولغاچقا، ئۇ ئىجتىمائىيلاشقان ئىش تەقسىماتىنى چەتكە قاقىدۇ. شۇڭا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن ئىش تەقسىماتىنىڭ قالاقلىقى ئاساسەن بىردەك بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرى تارقاق، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى تار، تۈرى نوقۇل بولىدۇ. ناتۇرال ئىگىلىك شارائىتىدىكى كىشىلىك مۇناسىۋەتمۇ مۇرەككەپ ئەمەس، تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدىكىدەك ماددىي نەرسىلەر بىلەن باغلانغان بولمايدۇ. ناتۇرال ئىگىلىك ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن

تاۋار ئالماشتۇرۇش بېقىندى ئورۇندا تۇرىدۇ ـ دە، تولۇقلىغۇچىلىق رول ئوينايدۇ ⑤.

ناتۇرال ئىگىلىككە خاس نەرسىلەر (قىممەت قارىشى، ئاڭ — سېزىم، قائىدە — يوسۇن، ئۆرپ ـ ئادەت، مىجەز — خۇلق ۋەھاكازالار) نى بۈگۈنكى كۈنگىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ، دېيىش ئەخمىقانىلىقتۇر. ھازىرقى ئەھۋال بۇرۇنقىدىن پۈتۈنلەي باشقىچە: بازار ئىگىلىكىنىڭ ئەڭ توپ ئالاھىدىلىكى كەسكىن رىقابەت. بۇنداق شارائىتتا، نەچچە 1000 يىلغا سوزۇلغان كۆچمەن تۇرمۇشتا — ناتۇرال ئىگىلىك ھالىتىدە قان ـ قېنىمىزغا سىڭىپ كەتكەن نۇرغۇن ئادەتلەر، جۈملىدىن قىممەت قارىشى بىلەن تەپەككۇر شەكلى، ئەنئەنە، ئەدەب ـ ئەخلاق ۋە ئېستېتىك ئۆلچەملەرنى مەلۇم دەرىجىدە ئىسلاھ قىلىشقا، ئۇلارغا مۇناسىپ چەكلىمە قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، كەسكىن رىقابەت بىلەن خاراكتېرلىنىدىغان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا زىيادە ئاقكۆڭۈللۈك، بەك ئوچۇق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق بىلەن يوۋاش ـ رايىشلىق كۆز ئالدىمىزدىكى رىقابەتتە بىزنى تامامەن مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىشى مۇمكىن. چۈنكى مۇرەككەپ رىقابەت جەريانىدا بەزىدە سىر ساقلاشقا، ھەر ئىشتا چېچەن ـ سەزگۈر، ئۇستات بولۇپ چارە ـ تەدبىرگە ماھىر بولۇشقا، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرمەي يىراققا نەزەر تاشلاشقا، شۇنىڭغا مۇناسىپ رىجە ـ پىلان تۈزۈشكە توغرا كېلىدۇ. بۈگۈنكى شارائىتتا، مېھماندوستلۇق چېكىدىن ئېشىپ كەتسە ئاشۇ مېھماندوستلۇقىمىز ئۆزىمىزنى ئوڭدا قويۇشى تۇرغان گەپ. بېيىش، ئىگىلىك تىكلەش، كەسپلىشىش ئۈچۈن مېھماندوستلۇق، مەردلىكتىن كۆرە تېخىمۇ تېجەشلىك، تېخىمۇ پۇختا بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

قازاق خەلقى شېئىرىي مىللەت بولغاچقا، بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكى ۋە كەسكىن رىقابەتكە تازا دېگەندەك ماسلىشالمايۋاتىدۇ. گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيساق، بۇرۇنقى كۆچمەن تۇرمۇشتا — تاۋار ئىگىلىكى تۈزۈكرەك راۋاجلانمىغان شارائىتتا شەكىللەنگەن تونۇش بىلەن ئاڭ، قىممەت قارىشى، تەپەككۇر شەكلى، مىللىتىمىزنىڭ ئەلقاتارى تەرەققىي قىلىشىغا پۈتلىكاشاڭ بولماقتا. ناتۇرال ئىگىلىك ئاساسىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا تاۋار ئىگىلىكىگە ماس كېلىدىغان قىممەت قارىشى بىلەن تەپەككۇر تۈزۈك يېتىلمىگەچكە، قازاق خەلقىدە سودا ـ سېتىقتىن نومۇس قىلىدىغان ئاڭ شەكىللەنگەن. شۇ ئاڭنىڭ كاساپىتىدىن بازار ئىگىلىكىنىڭ دەسلەپكى رىقابىتى باشلانغان مەزگىلدە — ئەلقاتارى ئۆزگىرىش ياسايدىغان چاغدا، قازاقلار مۇتەئەسسىپلىك قىلىپ، كونا قاراشلارنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالماي، كەينىدە قېپقالدى ئەمەسمۇ؟ باشقا مىللەتلەر بولسا پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، تېز تۇتۇش قىلغانلىقتىن تەجرىبىلىك بولۇپ، كاپىتال توپلاپ تىقىلىپ كەتتى، قولايلىق ئورۇنغا چىقىۋالدى.

كۆچمەن يايلاق تۇرمۇشىغا ئادەتلىنىپ كەتكەن قازاق خەلقىنىڭ بۇنداق تۇرمۇشتىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، يايلاق تۇرمۇشىنى بىر خىل راھەت ـ پاراغەت دەپ قارايدۇ. ئەمدى بۇنداق ھالەتنىڭ بەكمۇ زىيانلىقلىقىنى، دەۋر تەلىپىگە، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماس كېلىشۋەرمەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، قازاق دېھقانلىرىنىڭ دېھقانچىلىقىمۇ تۈزۈككىنە ئېپى يوقلىقىنى، يىلدا بەش ـ ئالتە قوينى ئاھەيدەپ تاغقا چىقىپ، مالنىڭ كەينىدە يۈرۈپ، يېرىگە، زىرائىتىگە تۈزۈك قارىماي، چېنىدىكىدەك ھوسۇل ئالالماي، ئاخىرى يېرىنى ئېلىشقا سېتىپ، نامراتلىشىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاڭلاپمۇ تۇرىۋاتىمىز. بۇ ھالەت ئۇلۇغ شائىر تاڭجارىق جولدى ئوغلىنىڭ «چىن تىلەك» دېگەن شېئىرىدىكى ماۋۇ مىسرالىرىنى ئىختىيارسىز ئېسىمىزگە سالىدۇ:

قازاق ـ ئاڭدەك يامراپ يۈرەر تاغ باشىدا،
بىلمەيدۇ دوستى كىم، دۈشمىنى كىم قاشىدا.
قىلالمايدۇ تېرە ـ يۇڭ سودىسىن ھەم،
باقالمايدۇ مالنى جۆندەپ، تاغ باشىدا⑥.

ئۇلۇغ ئاباي: «ئۆز غەيرىتىڭگە تايىنىپ تەر ئاققۇز، ئەمگەك قىلساڭ قارا يەرمۇ ھوسۇل بېرىدۇ، نائۇمىد قويمايدۇ»⑦ دېگەن ھېكمەتلىك سۆزنى بىكارغا ئېيتمىغان. بۇ سۆزنى ئۇ قازاقنىڭ قولىدا يەر تۇرۇپمۇ قەدىر ـ قىممىتىگە يەتمەيدىغانلىقى، شۇ يەرگە تەر تۆكۈپ ئەجىر قىلىپ ھالاۋىتىنى كۆرۈشكە تىرىشمايدىغانلىقىغا قارىتىپ ئېيتقان.

نامراتلىق بىر خىل تراگېدىيە. چۈنكى نامراتلىق ئورۇنسىز، ئېچىنىشلىق، ھەتتا قايغۇ ـ ھەسرەتلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇلۇغ ئاباي بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەنىدى: «يوقسۇللۇقنىڭ ئادەمنى ھايۋان سىياقىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدىغان يېرىمۇ بار»⑧. ھالبۇكى، ئادەمنىڭ ھايۋانغا ئايلىنىشىدىنمۇ بەتتەر يەنە قانداق تراگېدىيە بولماقچىدى؟ نامراتلىق سەۋەبىدىن ھازىر جاي ـ جايلاردا قازاق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېرىم يولدا ئوقۇشتىن توختاپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بولۇپمۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قازاق ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى ئومۇمىيۈزلۈك ئازايماقتا. مەسىلەن، بەزى ناھىيىلەردە تولۇقسىز ئوتتۇرىنى پۈتتۈرۈش تەلىپى 90% بولسا، ئەمەلىيەتتە ئارانلا 27% بولىۋاتىدۇ. بۇنداقتا، ئوقۇشسىز قالغان ياشلارنىڭ ئىستىقبالى نېمە بولماقچىدى؟ ئۇلاردىن نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟ ھازىر قازاق ياشلىرى ئىچىدە ئوغرى ـ يالغان ۋە باشقا جىنايەتلەر بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. بۇ، نامراتلىق بىلەن نادانلىقنىڭ كاساپىتىدىن يۈز بېرىۋاتقان تراگېدىيە بولماي نېمە؟ بۇ ھەقتە ئۇلۇغ ئابايىنىڭ: «توغرىسىنى ئېيتقاندا، بالاڭغا خوتۇن ئېلىپ بەرمە، مىراس قالدۇرما، ھەممە نېمەڭنى خەجلەپ بولسىمۇ ئورۇسنىڭ ئىلمىنى ئۆگەت، مانا بۇ مېنىڭ كۆرسىتىدىغان يولۇم . . . خۇدادىن قورق، بەندىدىن ئۇيال، بالاڭنى بالا بولسۇن دېسەڭ، ئوقۇت، بۇ يولدا مال ـ دۇنيانى ئايىما! بولمىسا، بىر قازاق كېيىن ئادىمىي ئىت بولۇپ ساڭا ئارام بېرەمدۇ، ئۆزى ئارام تاپامدۇ ياكى خەققە ئاراملىق بېرەمدۇ؟»⑨ دېگەن ھېكمەتلىك سۆزى ئىختىيارسىز يادىمىزغا كېلىدۇ. ئۇلۇغ ئابايىنىڭ بۇ سۆزى ھامان ھىممىتى بىلەن قىممىتىنى يوقاتمايدۇ. شۇڭا، ئاباي تەلىملىرىگە قولاق سېلىپ، ئوقۇشنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ،

ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ ئەۋلادلارنى ئوقۇشتىن توختىتىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

## 4

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك، شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ سىخىي، ئاقكۆڭۈل، ھېسسىياتچان، يۇۋاش كېلىدىغانلىقى بىر ھەقىقەت. بۇنى يامان ئىش دېگىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، ھەر قانداق نەرسىنىڭ چېكى بولىدۇ، چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئۆز خاسىيىتىنى يوقىتىدۇ. بەلكىم بەزىدە بىز قازاقلارنىڭ دېۋەڭ كۆرۈنىدىغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىندۇ؟ بولۇپمۇ قازاقنىڭ دېۋەڭلىكى بەزىبىر تولىمۇ زىيانلىق «بەسلىشىش» لەردە ئېنىق كۆرۈلىدۇ: مەسىلەن، خەق ئالەم كېمىسىگە چۈشۈپ ئايغا چىقسا، بىز ئۆكۈز مىنىپ تاغقا چىققىنىمىزغا مەستخۇش بولۇپ يۈرىمىز. ھەدېسە: «ئۇنى ساتسا ھارامەي»، «بۇنى ساتسا يامان بولىدۇ» يەي دەپ ئۆزىمىزنىڭ مال - چارۋىسى ۋە ئۇنىڭ يۇڭ - تېرىسى، سۈت، قېتىق - قايماق، قۇرۇت، سىرىقمايلىرىنى سېتىشنى ھار ئېلىپ ئۆز ئەمگىكىمىزنىڭ ھالاۋىتىنى كۆرۈشتىن نومۇس قىلىمىز. ھەي ئېسىت، ھار ئالمايدىغان ئىشتىن ھار ئالىدىغان، ھار ئالىدىغان ئىشتىن ھار ئالمايدىغان تەتۈرلۈكىمىز شۇ يەردىكى، ئۆزىمىزنىڭ ھالال مال - چارۋىسى ۋە ئۇچارپىيالارنىڭ بەدىنىدىكى «ساپ ئالتۇن» لارنى سېتىشتىن نومۇس قىلىمىزۇ، «جىگەر پارىمىز» دەپ تۇرۇپ ئىنسانىي ئار - نومۇسنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆز قىزىمىزنى ئۆزىمىز بازارغا سېلىپ، قالىن مال (تويلۇق مال) غا ئايرىۋاشلاش ئارقىلىق قىز سېتىشتىن نومۇس قىلمايمىز. بەزى قىز - يىگىتلىرىمىز مۇشۇنداق بەختىيار زاماندا تەڭسىز نىكاھ سودىسىنىڭ ئەلىمىگە چىدىماي ئۆلۈۋېلىۋاتسا ياكى قېچىپ كېتىۋاتسا، يۈرەكلىرىمىز پارە - پارە بولماي قانداق چىداپ تۇرىمىز؟ قېنى، بىزنىڭ نومۇسچانلىقىمىز؟ قېنى، بىزنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىمىز؟ ھەدېسە ئاغزىمىزدىن چۈشمەيدىغان: «خىلىنى تاپ، بىكارغا بەر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزىمىزگە ئەمەل قىلغىنىمىز قېنى؟ ئەمدى يەنە بىر بەسلىشىشىمىز - چېكىدىن ئاشقان ھاراقكەشلىكىمىز، بەسلىشىپ ھاراق ئىچىشلىرىمىزدە كۆرۈلىدۇ. «ھاراقنىڭ مىللىتىمىزگە سېلىۋاتقان زىيىنى ھەقىقەتەن بەك ئېغىر بولماقتا»⑩.

قازاقنىڭ دېۋەڭلىكى ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىمۇ دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن «بەسلىشىشلەر» دىن باشقا، بەسلىشىپ توي قىلىش، بەسلىشىپ مېھمان چاقىرىش . . . ۋە ھاكازالارنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىن.

قازاقنىڭ دېۋەڭلىكى ئۆزىمىزنىڭ قازاق قەلەمكەشلىرىنىڭ قولىدىن چىققان بەزى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. ئالايلۇق، كىنو - تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدە كۆرسىتىلىۋاتقان تۆكمە - ئەلۋەڭ بايلىق، ئۇيۇن - كۈلكە، لىگەن - لىگەن گۆش، جاۋۇر - جاۋۇر قىمىز، كىشىنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان ئېسىل، لەرزان ناخشا - مۇزىكىلار، ئۇسسۇللار، چىرايلىق يايلاقلار، گۈزەل تەبىئەت، ئاقىنلار ئېيتىشىشى، بۇنى تاماشا قىلىشقا توپلانغان ئالامانى . . . بۇ فىلىملەردىن ئەمگەك قىلىۋاتقان، مىللەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن كۆيۈنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار تېما، تۈپلۈك مەسىلەر توغرىسىدا باش قاتۇرۇپ تۈنلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزگەن، بەزى مەڭگۈلۈك مەسىلەر ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزگەن قازاق ۋۇجۇدىنى كۆرۈش تولىمۇ قىيىن. بۇ فىلىملەرنى كۆرگەن باشقا مىللەت تاماشىبىنلىرى قازاق دېگەن ئەمگەك قىلماستىن، ھەدېسىلا گۈزەل تەبىئەت قۇچىقىدا گۆش يەپ، قىمىز ئىچىپ، ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ئاقىنلار ئېيتىشىشىنى ئىشتىياق بىلەن تاماشا قىلىش بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىغان بىر خەلقكەنغۇ دېگەن تونۇشقا كەلمەيدۇ، دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ بىراق، رېئاللىق بۇنىڭ ئەكسىچە. بۇ فىلىملەردە ھېچقانداق يېڭى ئىدىيە، ئىلغارلىق، چوڭقۇرلۇق يوق دېسەك ئارتۇق كەتمەس. بۇ، بىزنىڭ دېۋەڭلىكىمىز بىلەن ئېرەڭسىزلىكىمىزنىڭ ياندىن كۆرۈنۈشى.

بىزنىڭ قازاقنىڭ ئاقكۆڭۈل، ئوچۇق - يورۇقلۇقى، كەڭ قورساقلىقى بىلەن بىللە ھاماقەتلىكى، گوللۇقى، يۇۋاشلىقىمۇ ئالاھىدە سالماقلىق. بۇلارنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمىز. بۇ ھەقتە بۇرۇنقى دانىشمەنلەرمۇ كۆپ ئېيتقان. قازاقنىڭ مۇشۇ ھاماقەتلىكى گوللۇقى، يۇۋاشلىقىنىڭ كاساپىتىدىن كۆپ جەھەتلەردە زىيان تارتىپ، ئالدىنىپ، قولىدىكىلىرىدىن ئايرىلىپ پاجىئەگە يولۇقۇپ، بارماق چىشلەپ قېپقالىدىغىنى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بۇ ھەقتە، كېرەك بولسا سان - ساناقسىز مىساللار تولۇپ يېتىپتۇ.

بىزنىڭ قازاقنىڭ ئۆملۈك - ئىناقلىق توغرىسىدا ئېسىل ئەقلىيە سۆزلىرى، ماقال - تەمسىللىرى، نەزمە - بېيىتلىرى كۆپ. شۇنداقلا بىزنىڭ قازاق ھەقىقەتەن ئۆملۈك - ئىناقلىقنى ئېغىزدا ئەڭ كۆپ سۆزلەيدىغان خەلق. ھالبۇكى، ئېغىزدا شۇنداق دېسىمۇ ئەمەلىيەتتە ئۇم بولالمايدۇ. يېزا - قىشلاقلاردا ئۇششاق ئۇرۇقلارغا بۆلۈنۈپ، ئۆز ئارا غىزىلدىشىپ قەدىر - قىممىتى كېتىۋاتسا، ناھىيىلەردە ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ ئۇرۇقلارغا بۆلۈنۈپ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان مەنسەپنى تالىشىپ، نەزەردىن چۈشۈپ، توزۇپ يۈرمەمدۇ؟ بىر قېتىم تۆۋەنگە بارغىنىمدا بىر ئاقىل كىشى مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى ئېچىنغان ھالدا سۆزلەپ كېلىپ: «بۇنداق قەبىلىۋازلىق قىلىۋاتقان نائەھلىلەر يا ئۆز قەبىلىسىنى روناق تاپقۇزمىدى، يا باشقا قەبىلىنى روناق تاپقۇزمىدى، پەقەت خەلقنىلا سورۇقچىلىققا سېلىپ تۇگەتتى» دېگەنىدى. بۇ سۆز خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسى، قەھرلىك چۇقانى. ھەممىدىن ئەقىلغە سىغمايدىغىنى شۇكى، شەھەرلەردىكى ئازغىنە قازاقنىڭ ئىچىدە ئۆزلىرىنى زىيالىي دەپ سانايدىغانلىرىمۇ ئۇرۇق - قەبىلىلەرگە بۆلۈنىدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېشىپ يۇرتۋازلىق قىلىدۇ. بۇنداق قەبىلىۋاز، يۇرتۋازلارنى قانداقمۇ ھەقىقىي زىيالىي دېگىلى بولسۇن؟ دەرۋەقە، بىز قازاقلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ھەممىسىنى يۇرتۋاز، قەبىلىۋاز دەۋاتقىنىمىز يوق، ئەلۋەتتە. ھەقىقىي بىلىملىك، ئۇقۇمۇشلۇق كىشىلەر بۇنداق ئىللەتلەردىن خالىي. مانا بۇ ھەقىقىي زىيالىيلىقنىڭ بەلگىسى. 21 - ئەسىرگە قەدەم قويغىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە يۇرۇتۋازلىق بىلەن قەبىلىۋازلىقنىڭ ھېچكىمگە پايدا بەرمەيدىغانلىقىنى چۈشەنمەسلىك ھەقىقىي نادانلىق بولماي نېمە؟ ئەگەر بىزمۇ باشقا مىللەتلەردەك ئەلقاتارى مىللەت بولىمىز دەيدىكەنمىز، ئۆملۈك - ئىناقلىقسىز ھېچكىم، ھېچقانداق مىللەت بۇ مەقسەتكە يەتكەن ئەمەس. شىئىرىي مىللەتلىكتىن پەلسەپىۋى مىللەتلىككە كۆتۈرۈلگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىلا ئۆملۈك - ئىناقلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. ئۆملۈك - ئىناقلىق يوق يەردە ھېچقانداق ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن. پاراسەت دېگەن مانا شۇ!

## 5

ئۇنداقتا، بىزمۇ پەلسەپىۋى مىللەت بولالايمىزمۇ؟ قاچان ۋە قانداق قىلغاندا دۇنيادىكى ئىلغار مىللەتلەر سەۋىيىسىگە يېتەلەيمىز؟ بۇ زادى مۇمكىنمۇ؟

ھازىر مىللىتىمىزنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىيات سەۋىيىسى تېخى ئارقىدا. مىللىتىمىزنىڭ نادانلىق، قالاقلىق، مۇتەئەسسىپلىكى، يەنى شېئىرىي مىللەتكە خاس ئاجىزلىق تەرەپلىرى تېخى بەكمۇ ئېغىر. شۇڭلاشقا، بەزى كىشىلەرنىڭ مىللەتنىڭ كېلەچىكىدىن ئۈمىدسىزلىنىشى ھەتتا بىزار بولۇشى تەبىئىي. ھالبۇكى، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى دېيىلىدۇ. ئۈمىدسىزلىك كارغا يارىماسلىقنىڭ ئىپادىسى، چېلىشماي تۇرۇپ يېڭىلگەنلىكنىڭ، يانماي تۇرۇپ ئۆچكەنلىكنىڭ ئىپادىسى.

ھالبۇكى، شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەتكە كۆتۈرۈلۈش پات پۇرسەتتە ئەمەلگە ئاشىدىغان ئاسان ئىش دەپ قاراشمۇ پۇچەك، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان كۆز قاراش. بۇنداق كۆز قاراشلار، بىرىنچىدىن، مىللىتىمىزنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات سەۋىيىسىنى، دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنى تولۇق چۈشەنمەسلىكتىن؛ ئىككىنچىدىن، زامانىۋىلىشىش تەرەققىياتىدا مىللىتىمىز دۇچ كېلىدىغان خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلار بىلەن توسقۇنلۇقلارنى توغرا مۆلچەرلىيەلمەسلىكتىن پەيدا بولىدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ قىيىنچىلىقلار بىلەن توسقۇنلۇقلار نادانلىق بىلەن مۇتەئەسسىپلىكتىن يەنى شېئىرىي مىللەتكە خاس ئاجىزلىقلاردىن كېلىدۇ. بۇنى توغرا تونۇپ، تولۇق مۆلچەرلەش ۋە بۇ مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تەييارلىقنىڭ بولۇشى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئىكەن. قەدىمكى يۇنان مۇتەپەككۇرلىرى: «ئۆزۈڭنى تونۇ» دېگەنىكەن. مىللەت سۈپىتىدە ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز تونۇپ يەتمىسەك تەرەققىي قىلالمايدىغىنىمىز قىل سىغمايدىغان ھەقىقەت.

بىز مىللىتىمىزنىڭ شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز ۋە پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە چوقۇم كۆتۈرۈلىشى كېرەك دەپ ھېسابلايمىز. ئۇنداق دەرىجىگە كۆتۈرۈلەلمىسەك، مىللەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇش ئىستىقبالىمىزدىن گەپ ئاچقىلى بولمايدۇ. ۋەھالەنكى، بىز مىللەت سۈپىتىدە ئۆز ئىستىقبالىمىزدىن باش تارتالمايمىز. يەنى ئىستىقبالى يوق مىللەت بولۇشنى خالىمايمىز. شۇڭلاشقا، پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش — زامانىۋىلىشىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ دەۋرنىڭ تەلىپى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئۈمىدسىزلىكتىن قەتئىي قول ئۈزۈشىمىز كېرەك. جەمئىيەت ھامان تەرەققىي قىلىدۇ. مىللەتمۇ شۇنداق. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن قازاق خەلقىنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا مىسلى كۆرۈلمىگەن قولاي تارىخىي شارائىت يارىتىلدى. بۇ، ھازىرقى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولىدا مېڭىش سىياسىتى ۋە پارتىيىمىزنىڭ ئۆز ئارا ھەمكارلىشىش، ياردەملىشىش، ئورتاق ئالغا بېسىپ، ئورتاق گۈللىنىشتىن ئىبارەت مىللەتلەر سىياسىتىدىن ئىبارەت. بۇ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۈملىدىن قازاق خەلقىنىڭمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن پايدىلىق، قىممەتلىك پۇرسەت. بىز مىللەت سۈپىتىدە رۇسلىنىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، شېئىرىي مىللەتتىن پەلسەپىۋى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن ئاڭلىق ھالدا جاسارەت بىلەن ھەرىكەت قىلىشىمىز، ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز كېرەك.

ماۋزۇ سۈرىتىدە: مەنمۇ باي بولارمەن. ئادىل ئىسمائىل فوتوسى.

قازاقچە: «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى 1997 - يىل 1 - سانىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئوسمانجان ساۋۇت.** (M2)

## ئىزاھلار

① ، ② پىلېخانوۋ: «مەنىۋەت توغرىسىدا» 1 - قىسىم، خەنزۇچە، ئۈچ بىرلەشمە كىتاب نەشرىياتى، 1964 - يىل نەشرى، 49 -، 50 - بەتلەر.

③ جاڭ گۇاڭجى، جاڭ گۇاڭيۇڭ: «تارىخشۇناسلىق، مەدەنىيەت ئېچىدىكى مەدەنىيەت — مەدەنىيەت نۇقتىسىدىن قارىغاندا غەربنىڭ تارىخ ئىلمى» خەنزۇچە، جېجياڭ خەلق نەشرىياتى، 1990 - يىل نەشرى، 279 - بەت.

④ بۇ ھەقتە شىبە بىلىمدانى، تەرجىمان خابەينىڭ 1993 - يىل مىللەتلەر نەشرىياتى خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلغان «ئاباي شېئىرلىرى بىلەن ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ تولۇق توپلىمى» غا يازغان كىرىش سۆزى ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

⑤ «قىسقىچە نەزەرىيە لۇغىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1987 - يىل نەشرى، 301 - بەت.

⑥ تاڭجارىق جولدى ئوغلى: «تاللانما ئەسەرلەر» 1- كىتاب، 179 - بەت.

⑦ ، ⑧ ، ⑨ «ئاباي ئەقلىيە سۆزلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 - يىل نەشرى، 58-، 145-، 93- بەتلەر.

⑩ رىزابەك قاسەنوۋ: «مىللىتىمىز كېلەچىكى ئۈچۈن بەسىيشكە تېگىشلىك بىر قانچە بەسلىشىش»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1991 - يىل 1 - سان.

# ئادەت كۆچى ۋە تەپەككۇردىن ياتلىشىش



تۇرسۇنمۇھەممەت توختى

شەيئىلەرنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق چىقىرىلغان ئەقلىي خۇلاسە ھېكمەتتۇر. ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ يۈكسەكلىكىدە ئوتقاشتەك تاۋلانغان ھېكمەتلەرنىڭ ئادەم روھىيىتىگە تاشلانغان بومبا ئىكەنلىكىدە شەك يوق. مۇھىمى بۇ بومبا پارتلاپ ئادەم ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغاندىلا ھاياتلىق ھەقىقىي مەناغا تويۇنۇشى مۇمكىن. ئەپسۇسكى، بۇ نۇقتىدا تەبىئىتىمىزگە يوشۇرۇنغان ئاجىزلىقلىرىمىز تۈپەيلى روھىيىتىمىزدىكى زەئىپلىك ئەقلىنى چەتكە قېقىپ كەلدى. ھەتتا ۋۇجۇدىمىزدا ساختا روھنىڭ ھۆكۈمرانلىقى كۈچىيىپ باردى. كۆپ ھاللاردا تىلىمىز دىلىمىزغا ۋەكىللىك قىلالمىغانلىقى سەۋەبىدىن پىسخىك پائالىيىتىمىز قالايمىقانلىشىپ، ھاياتلىق مۇساپىسىدا گاڭگىراشقا باشلىدۇق.

«ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەر بىر كۈن يېڭى بىر ھايات». ئاڭلىماققا ئاددىيلا تۇيۇلىدىغان بۇ بىر جۈملە سۆز ئالتۇننىڭ نەرقىنى كاسات قىلالايدىغان ھەقىقىي ھېكمەت، كىشىلەرنى ئىنسانىي قەدىر - قىممەت يارىتىشقا چىللايدىغان جاراڭلىق كۈي. بۇ كۈي ھالاكەتكە يۈزلەنگەن نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ ھاياتقا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان. بىر جۈملە سۆزنىڭ شۇنچىۋالا سېھرىي كۈچى بارمىدۇ؟ بۇ نۇقتىنى سىناپ كۆزىتىشكە ماھىر، ئەقىل سەزگۈلىرى ئويغاق كىشىلەرلا ھېس قىلالايدۇ.

ھەر كۈنى تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا بىز يېڭى بىر سەھەرنى كۈتۈۋالىمىز، بۇ، ھەرگىزمۇ تونۇگۈنكى سەھەر ئەمەس، بۇ سەھەر ئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. ئۇ، بۈگۈن! ئادەمنىڭ چەكلىك ئۆمرىگە نىسبەتەن كۈنلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ماھىيەت ئەمەس، ماھىيەت دەل ھاياتنىڭ ھەر كۈنى يېڭى مەنالار بىلەن بېيىپ بېرىشىدۇر. مۇبادا بىر ئادەم ھەر كۈنى ئىككى ۋاق چاي، بىر ۋاق تاماقنىڭ قۇلى بولۇپ قالسا ياكى شۇ خىل ئاددىي، مېخانىك تۇرمۇشتىن چەتنەپ كېتەلمەي قىسقىغىنە ئۆمرىنى بىر خىل تەكرارلىق ئىچىدە ئۆتكۈزسە، بۇ، نۇتۇق ۋە تەپەككۇرى ئارقىلىق ھايۋاندىن تۈپتىن پەرقلىنىپ ياشايدىغان ئادەم ئۈچۈن نەقەدەر پاجىئە، مۇھەببەتسىز دۇنيا - ھە؟! شۇ تاپتا بۇ خىل ھاياتنىڭ ئىنسانغا نىسبەتەن دەھشەتلىك بىر مەنىۋى تراگېدىيە ئىكەنلىكىدىن بىخەۋەر ياشاۋاتقان ئادەملىرىمىزگە تولىمۇ ئەپسۇس. ئەمەلىيەتتە ھاياتىمىزنىڭ ھەر بىر دەقىقىلىرى ئادىمىيلىك سۈپەتلىرىمىزنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ غەلىيانلىرىغا كۆمۈلۈشى كېرەك ئىدى.

روھىيەت نۇقتىسىدىن كۆزەتكىنىمىزدە، ئادەمگە ھەقىقىي مەنىدىكى شادلىنىش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلىدىغان نەرسە ئادەملەردىكى، تەبىئەت دۇنياسىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان سىرلارنى ئېچىش، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش، ئىنسان ۋۇجۇدىغا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەقلىي كۈچنى ئاشكارىلاش ئىستىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش تۇيغۇسىدۇر. ئادەم بۇ خىل تۇيغۇدىن ياتلاشقانسېرى ھاياتلىقنىڭ جەلپكارلىقى ۋە جەزبىدارلىقىمۇ يوقىلىپ بارىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىستەك ئىنسان تەپەككۇرىنى ھەر ۋاقىت قوزغىتىپ، ئادەمدە ئەقىل جۇلاسى پەيدا قىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇنىڭ تەپەككۇرىغا باغلىق، ئەلۋەتتە. تەپەككۇر بولسا كۆز ئالدىمىزدا چېچىلىپ ياتقان شەيئى — ھادىسىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنى تېپىپ چىقىشتا ئىپادىلىنىدىغان پىسخىك پائالىيەت جەريانىدۇر. ئادەتتە شەيئىلەردىكى بۇ خىل ماھىيەتلىك بەلگىلەر ئىنسان ئېڭىغا ئاكتىپ پوزىتسىيىدە بولمايدۇ. بىراق ئۇ ئىنساننىڭ ئاڭلىق تەپەككۇر پائالىيىتىنى ئۆزىگە تەققەززا قىلىدۇ. ئەگەر بىز قالاق

بولساق، قالاقلىقنىڭ ماھىيەتلىك سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر يۈرگۈزمىسەك مەڭگۈ قالاق ھالەتتە تۇرۇۋېرىمىز. 60 - يىللارنىڭ ئاخىرىدىلا ئاي شارىغا ئىنسانلارنىڭ قەدەم ئىزىنىڭ بېسىلغانلىقىنى، ھەتتا بولتۇر ئىنسانلار لايىھىلىگەن ئالەم كېمىسىنىڭ مارىسقا قونۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆپۈرلۈق دەپ قارىساق، مۇقەررەركى، بىز خۇراپاتلىقنىڭ يەمچۈكىگە ئايلىنىپ كېتىمىز.

ئىنسانشۇناسلار ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىلىرى ئۈستىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ: ئادەم ئەمگەك قىلالايدىغان ۋە قورال ياسىيالايدىغان، نۇتۇق ئارقىلىق ئابستراكت لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلالايدىغان، ئىجتىمائىي خاراكتېرلىك بەلگىلەرگە ئىگە يۇقىرى دەرىجىلىك سۈت ئەمگۈچى ھايۋان دېگەن تەبىرنى بەردى. ئەگەر بۇ ماھىيەتلىك بەلگىلەر ئىچىدە تەپەككۇر بولمىغىنىدا ئۇ چاغدا ئادەم يېرىم ياۋايى ھالەتتىكى مەڭگۈلۈك ئىپتىدائىيلىقتا ئىگە ئادەمدىن ئىبارەت بولۇپ قېلىشى ئېھتىمال. بىز مۇكەممەل ئادەم بولماقچى ئىكەنمىز تەپەككۇردىن ئىبارەت بۇ ئادىمىيلىكنىڭ ماھىيەتلىك بەلگىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارىشىمىزغا، تەبىئىتىمىزدىكى بۇ يوشۇرۇن بايلىقنى ئېچىپ پايدىلىنىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەش زۆرۈركى، كۆپ ھاللاردا ئادەت كۈچى تەپەككۇرغا پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى بوغۇپ تۇرىدۇ. مىسالى، چوڭ تۇخۇمدىكى سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشتا نۇرغۇنلىرى بالىنى تۇخۇمنىڭ ئاغزىدىن سۇزۇۋېلىشنى ئويلايدۇ، مانا بۇ ئادەت كۈچى. سىماگۇاڭ بولسا تۇخۇمنى چېقىش ئارقىلىق بالىنى سۇدىن ئايرىپ قۇتۇلدۇرۇشنى ئويلىغان. مانا بۇ، تەپەككۇرنىڭ ئادەم كۈچىدىن غالىبلىقى. بىر ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارنى تىزىمغا ئېلىۋېتىپ، چىراي شەكلى بىر - بىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشاش ئىككى بالىنى كۆرۈپ ئۇلاردىن: «سىلەر قوشكېزەكمۇ» دەپ سورىغاندا، ئۇلار: «ياق» دەپ جاۋاب بەرگەن. كېيىن بۇ ئوقۇتقۇچى ئۇلارنىڭ ئۈچكېزەك ئىكەنلىكىنى ئۇققان. مانا بۇنىڭغا ئوخشاش، تۇرمۇشتا مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا بىرلا خىل ئادەتكە كۆنۈپ كەتسەك تەپەككۇرىمىزنى ئاستا - ئاستا زەئىپلەشتۈرۈپ قويىمىز. بىر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىسىدىن: «يۈيگۈڭ تاغنى يۆتكەپ ئاۋارە بولغىچە ئۆيىنى يۆتكىسە بولمامدۇ؟» دېگەن بىر ئاقىلانە سوئالنى سورىغان. توغرا، بىز تاغنىڭ ئۇتەرىپىگە ئۆتۈشتە تاغنى يۆتكەشتەك مۇشەققەتلىك بىرلا يولنى تاللىۋالساق، بۇ يول بىزنىڭ ئەسلى - ۋەسلىمىزنى پۈتۈنلەي كاردىن چىقىرىپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇنداقتا تاغنىڭ ئۇتەرىپىگە ئۆتۈشتىكى كۆپ خىل يوللار ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرۈشىمىز كېرەك. بىلىش كېرەككى، بازارغا بارىدىغان يول بىرلا ئەمەس، ئەگەر بىرلا دەپ قارىساق ھاياتىمىز ئاشۇ بىر يولدا تەكرار - تەكرار قاتراش بىلەن خوراپ تۈگەيدۇ. ئەگەر بۇ بازاردىن باشقىمۇ بىر بازار بارلىقىنى بايقىساق، بۇ تېخىمۇ قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان تەسەۋۋۇر. تەپەككۇرى زەئىپلەشمىگەن كىشىلەردە پاسسىپ ئادەت كۈچىگە جەڭ ئېلان قىلالايدىغان جاسارەتلىك روھنىڭ بولۇشى تەبىئىي.

بۈگۈنكى كۈندە ئادەمنىڭ ئەقلىي تەرەققىياتى يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ ئېلېكترون دەۋرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئالىملار: ئادەم مېڭىسى تېخى ئېچىلمىغان بايلىق، دەپ قاراشماقتا. ماتېرىياللاردا كۆرسىتىلىشىچە، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ مېڭىسى 2 - 3 پىرسەنتكىچە، ئالىملارنىڭ 4 پىرسەنت، پەقەت ئېينىشتېيننىڭلا 5 پىرسەنت ئىشلىگەنىكەن. يەنە بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، كىشىلەر ئۆزىنىڭ يوشۇرۇن كۈچىدىن 5 - 10 پىرسەنتكىچە پايدىلىنالايدىكەن.

دۇنيادا مەدەنىيەت ساپاسى 102 - ئورۇندا تۇرۇدىغان جۇڭگو لۇقلارنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولغان بىز ئۇيغۇرلار ۋۇجۇدىمىزغا يوشۇرۇنغان ئەقلىي كۈچىمىزدىن قانچىلىك دەرىجىدە پايدىلىنىۋاتىمىز؟! بۇلارنى ئويلىغانسېرى يەلكىمىزنى غەم تاغلىرى باسىدۇ. بىراق ھازىر چوڭقۇر ئويلانماي بولمايدۇ. ئويلانماسلىق ھاماقەتلىكتۇر. ئامېرىكىلىق مۇتەپەككۇر روگاخېشيوگىن: «20 - ئەسىر ئىنسانىيەت تارىخىنى تەھرىرلىگەندە مۇنداق دەپ يېزىشقا بولىدۇ: بۇ ئەسىردە بىزگە ئەڭ چوڭ تراگېدىيە بولغىنى دەھشەتلىك يەر تەۋرەش، يىلدىن يىلغا سوزۇلغان ئۇرۇش، ھەتتا ياپونىيىدىكى خىروسىماغا تاشلانغان ئاتوم بومبىسى ئەمەس، بەلكى ھايات كەچۈرۈپ ئاندىن ئۆلۈپ كەتكەن مىليونلىغان ئادەمنىڭ ئۆز بەدىنىدىكى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچىنى ئېچىپ پايدىلانمىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن. قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، بىزدە ئاشۇنداق ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلار تېخىمۇ كۆپ، بۇ، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق! بۇ يەردىكى يوشۇرۇن كۈچ دەل ئادەم ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەقلىي كۈچ بولۇپ، ماھىيەتتە ئىجادىي تەپەككۇر كۈچىدۇر.

ئەجدادلىرىمىز ئادىمىيلىك سۈپەتلەر ھەققىدە خېلى چوڭقۇر ئىزدىنىپ تارىخىي قىممەتكە ئىگە نەسەپنامىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كېيىنكى دەۋرلەردە بۇ نەسەپنامىلەرنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا خاس راۋاجى يارىتىلمىدى. بۈگۈنكى كۈندە يۇكسەك دەرىجىدىكى پەن - تېخنىكا ۋە ئەقىل رىقابىتىنىڭ خىرىسىغا دۇچ كەلگەن، ئېلېكترون - ئۇچۇر دەۋرىنىڭ جىددىي رىتىمى ئالدىدا گاڭگىرىغان ھالدا ئۇيقۇدىن ئويغىنىۋاتقان ئەۋلاد، ئادىمىيلىك سۈپەتلەر ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇدىيەت ئاساسى ھەققىدە ئەقلىي سەزگۈرلىكىمىزنى ئىشقا سېلىپ، چوڭقۇر ئويلىنىشقا مۇۋەپپەق بولماقتىمىز.

بۈگۈنكى كۈندە مىللىتىمىزنىڭ نامرات روھىي دۇنياسىنى، تەپەككۇر سەۋىيىسىنى ئاختۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، چۆچۈش ۋە خورسىنىش ھېس قىلماقتىمىز. بۈگۈن تۈنۈگۈننىڭ داۋامى ئىكەن، ئەلۋەتتە بۇ نۇقتىدا تارىخىي ئامىللارنىڭ مىللەت

www.uyghurkitap.com

ۋۇجۇدىدا قالدۇرغان ئىزنالىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلالمايمىز. بولۇپمۇ 17 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلانغان خوجا - ئىشانلار هۆكۈم سۈرگەن جاهالەتلىك دەۋر ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ئەجدادلىرىمىز ياراتقان مىللىي روھ ۋە شانلىق مەدەنىيىتىمىزنى خانىۋەيران قىلىپ، مىللىتىمىزنى ماددىي جەھەتتىن نامراتلاشتۇرۇپ، مەنىۋى جەھەتتىن خۇنۇكلەشتۈرۈپ روھىي گادايلىق ۋە قۇلچىلىق ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ خىل پاجىئە كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەتتا گېنىمىزغىچە سىڭىپ كەتكەن فېئودال قۇلچىلىق ۋە خوراپاتلىقنىڭ هالا بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر ۋۇجۇدىمىزدا ۋىرۇس سۈپىتىدە ساقلىنىپ قېلىشى، شۇ خىل مەنىۋى نامراتلىق تۈپەيلى بىزدە زامانىۋى ئاڭنى قوبۇل قىلالايدىغان ياخشى مەنىۋى ئاشقازاننىڭ بولماسلىقى، بۈگۈنكى كۈندە غەربنىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىشنىڭ ئورنىغا چاكىنا تەرەپلەرنى قارا - قويۇق قوبۇل قىلىپ، ئەس - هوشىمىزنى يوقىتىشىمىزنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

مەنىۋى پاجىئەلەرنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرىدىن بولغان خوراپاتلىق، ئەۋھا پەرەسلىك، يۇرتۋازلىق، غەيۋەتخورلۇق، ئىناقسىزلىق، ئەقىدىسىزلىك، تاماخورلۇق، ئاچكۆزلۈك، هورۇنلۇق، هەسەتخورلۇق، دورامچىلىق، چېقىمچىلىق، يالغانچىلىق، هاراقكەشلىك، نەشىكەشلىك، خىرۇئىنكەشلىك، چەكتىن ئاشقان مېهماندوستلۇق، پۇرسەتپەرەسلىك، ئۆزىنى بىلمەسلىك، تەربىيىسىزلىك، خوتۇنبازلىق، ساتقىنلىق . . . دەك روھىي ئىللەتلەر بىلەن مىجەزلىنىپ قېلىشىمىز، ئېڭىمىزنى ئاستا - ئاستا خۇنۇكلەشتۈرۈپ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىپ قويدى. دېمەك، مىجەزلەنگەن ناچار ئادەت كۆچىنىڭ ئىسكەنجىسىدە تەپەككۇرىمىز تۇنجۇقۇشقا باشلىدى.

ئەپسۇس، پەن - تېخنىكا تەرەققىي قىلغان بۈگۈنكى كۈندىمۇ جەنگۇ (ئۇرۇشقاق پادىشاھلىقلار) دەۋرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىغا ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىپ كېتەلمەي، ئادەتلەشكەن ئاددىي، ئەنئەنىۋى دېهقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان، ئۈستىبېشىنى يالىڭاچ، قورسىقىنى ئاچ قويماي، مەهەللە - كوي ئادىمەتچىلىكىدىن قالماي، باللىرىنى «قاتارغا قوشۇپ» كېلىۋاتقانلىقىغا شۈكرى - قانائەت، دۇئا - تىلاۋەت قىلىپ ياشاۋاتقان كۆپچىلىك دېهقانلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ئاختۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، زەئىپلىك ئىچىدە ئېڭراۋاتقان ئىنتايىن ئاجىز ئەقىل ۋە تەپەككۇر شوللىرىنى كۆرىمىز. ساددا ئېتىقاد، بىر خىل تۇرمۇش رېتىمى ئۇلارنىڭ رىقابەت تۇيغۇسىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، تەپەككۇرنى كاردىن چىقارغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ ماڭارىپ، پەن - تېخنىكا، سانائەتلىشىشنىڭ قۇدرىتى ۋە ماهىيىتىنى تېخى ئىدىيىدە تونۇش باسقۇچىغا كىرىپ بولمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىققا ئامالسىزمىز.

ئەقىل ۋە تەپەككۇردىن ياتلاشقان، ئادەمنىڭ

ئىندىۋىدۇئاللىقىغا هۆرمەت قىلىنمايۋاتقان ماڭارىپىمىزدا بوسۇش خاراكتېرلىك يېڭىلىنىش بولمىدى. كىتابىي بىلىملەرنى، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلگەن دەبدەبىلىك نەزەرىيىلەرنى كونا قېلىپ ئىچىدە زورۇقۇپ سۆزلەشلىرىمىز نەتىجىسىدە نۇرغۇنلىغان ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاز بىر قىسمىنى هېسابقا ئالمىغاندا كۆپچىلىك ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەقىل بۇلىقى نەزەرىيىلەر دۆۋىسى ئىچىدە تۇنجۇقۇشقا باشلىدى. ئۇلاردا ئىنسانىي قەدىر - قىممەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان، ئۆزىنى قەدىرلەيدىغان، مەۋجۇتلۇقىنى ئىزدەيدىغان ۋۇجۇدنى شەكىللەندۈرەلمىدۇق (ئوقۇتقۇچىلىرىمىز ئالدى بىلەن ئۆزىدە ئاشۇنداق ۋۇجۇدنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك، ئەلۋەتتە). ماڭارىپىمىزنىڭ مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم بېرىشلا ئەمەس، ئەڭ مۇهىمى ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر ئىزدىنىشىگە، قان - تەر ئاققۇزۇپ ياشىشىغا هەر ۋاقىت مەدەت بېرىپ تۇرۇدىغان بىر خىل روهىي كۈچنى پەيدا قىلىش ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدۇق. بىز تەربىيىلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى مەكتەپتىن ئايرىلىپلا هېچنەرسىنى بىلمەيدىغان غەيرىي ساۋاتسىز سەرگەندانلارغا ئايلىنىپ قېلىشى تەربىيىلىگۈچىلەرنىڭ ۋىجدان - نومۇسىغا تېگىدىغان هاقارەت ئىكەنلىكىنى سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىپ كۆرۈشكە تېگىشلىك مەسىلە. شۇ كۈنلەردىمۇ ئۆزىنى مەكتەپتە ئوقۇماي ياخشى قىلغانلىقى هەققىدە پەخىرلىنىپ سۆزلەيدىغان، توغرىسى ئالجىپ قالغان ئادەملىرىمىزنى ئۇچرىتىپ قالىمىز. بۇنىڭغا ئوخشاش كۆرۈنۈشلەرنى ئۇچراتقىنىمىزدا، هاماقەتلىكىمىز شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنمىدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشقا مەجبۇر بولىمىز.

مىللىتىمىزنىڭ روهىيەت قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا بىنانى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىر جەريان كېرەك. ئەگەر بىز شۇنداق بىر ئىدىئال مۇهىتنى تەسەۋۋۇرىمىزدا ياراتساق: يەنى پەرزەنتلىرىمىزنى ساپاسىز تەربىيىلىگۈچىلەردىن پۈتۈنلەي ئايرىپ تاشلاپ، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك، دەۋرنىڭ تەرەققىيات كۈيىنى ياڭرىتالايدىغان، يۇقىرى ساپاغا ئىگە ئىقتىدار ئىگىلىرىنىڭ تەربىيىسىدە بىر ئەۋلاد كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقالىساق ئىدۇق، ئۇچاغدا بىز روهىي دۇنياسى باشقىچە يېڭى بىر ئەۋلاد ساپالىق قوشۇنغا ئىگە بولۇشىمىز مۇمكىن. شۇنداقتا مىللەت ساپاسى توساتتىن ئۆزگىرىپ يېڭىچە بىر قىياپەتكە كىرىشى مۇقەررەر ئىدى. بۇ بىر تەسەۋۋۇر بولسىمۇ، بىز بۇ نۇقتىدىن تەربىيىلەش ۋەزىپىسى زىممىسىگە چۈشكەن چوڭلار، ئاتا - ئانىلار، ئۇستازلار بولسۇن ئۇلاردىن ساپادا قاغجىرىغانلىرى ئەۋلادلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قانچىلىك زور دەرىجىدە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى، مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنىڭ قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشىمىز تەس ئەمەس.

www.uyghurkitap.com

ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ روھىي قۇدرىتىنى كۆرسەتكەن «ئىنتېرناتسىئونال» شېئىرىدا بىر نەچچە تونىنا ئاتوم بومبىسىنىڭ ۋەزنى بار ئىكەنلىكىگە كىشىلەر گۇمان بىلەن قارىمىسا كېرەك. ئەدەبىيات - سەنئەت كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا زور دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي ھەتتا ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى يارىتىدىغانلىقى سىر ئەمەس. بۈگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىغا نەزەر سالغىنىمىزدا تىلغا ئالغىچىلىكى بار بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يارىتىلغان بولسىمۇ، بىر پۈتۈن ئەدەبىيات نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئىلگىرىلەش دېيەرلىك بولمىدى. بۇ ئاساسەن ئۇسلۇبنى يېڭىلىماسلىق، تۇرمۇشنىڭ نازۇك، ماھىيەتلىك نۇقتىلىرىنى قازالماسلىق، ئىنسان تەبىئىتىنى ئاشكارىلىيالماسلىق، ئەسەردە پەلسەپۋى يۈكسەكلىك بولماسلىق، ئىستېتىك جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ ئاجىزلىقى، ئەسەبىي ھېسسىياتقا بېرىلىپ ئەقىلنى گەۋدىلەندۈرەلمەسلىك ھەتتا بەزى ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ خەۋەر ئەدەبىياتىدىن پەرقى بولماسلىق، دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشالماسلىق، يەنى ھاياتىي كۈچىدىن قالغان كونا تېمىلارنى دەسمايە قىلىپ تەكرار - تەكرار يېزىشتەك تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

نەۋائىينىڭ مۇھەببەت تېما قىلىنغان داستان، غەزەللىرىنىڭ ئاجايىپ جەزبىدارلىق ۋە سېھرىي كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ سىرى شۇ يەردىكى، ئۇ دەۋرلەردە يىگىت - قىزلارنىڭ ئەركىن مۇھەببەتلىشىشى، سۆيگۈلىرىنى ئىزھار قىلىشىدەك ئىنسان تەبىئىتىگە خاس گۈزەل ئىنتىلىش فېئوداللىق ئەخلاقنىڭ قاتتىق تەقىپ قىلىشىغا ئۇچراپ، سۆيگۈ - مۇھەببەت دەپسەندە قىلىنغان. شۇنداق شارائىتتا شائىرنىڭ پاك مۇھەببەتكە بولغان مەدھىيە ناخشىسىنى بەدىئىي ئەدەبىياتتا ئىپادىلىشى تولىمۇ ئاقىلانىلىق ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە قىز - يىگىتلەر سۆيگۈ - مۇھەببەتلىرىنى ئەركىن ئىزھار قىلالايدىغان بولدى. دەۋر تەرەققىياتى بولسا، كىشىلەر ئالدىغا يېڭى - يېڭى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىر بىزنى تەقەززا قىلىۋاتقان مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ. شۇنداق ئىكەن، بۇ خىل مۇھەببەتنى بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ مەركىزىي تېمىسىغا ئايلاندۇرۇۋېلىش تازا ئاقىلانىلىق بولمىسا كېرەك. توغرا، ئادەم مەۋجۇت ئىكەن مۇھەببەت مەۋجۇت، ئۇ، كەڭ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان مەڭگۈلۈك تېما بولۇشى مۇمكىن. گەپ بۇ خىل تېمىنى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ يۈكسەكلىكىدە يورۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىز مۇھەببەت تېما قىلىنغان پروزىمىزغا قارايدىغان بولساق، مۇنداق توقۇلمىلارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز: ئوتتەك مۇھەببەتلىشىۋاتقان بىر جۈپ ياشنىڭ بىرسى (كۆپىنچە يىگىت) مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يىراق بىر يەرگە كېتىپ قالىدۇ ياكى جۇرىسىنى تاشلىۋېتىدۇ. ئارىلىقتا قىزمۇ مەلۇم قىسمەتلەرگە دۇچار بولىدۇ، توغرىسى ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان بىرسى تەرىپىدىن دەپسەندە قىلىنىشقا ئۇچرايدۇ. نەتىجىدە قىز بۇ خورلۇققا چىدىيالماي ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ ياكى قورسىقىدا قالغان بالىنى دەپلا ياشاپ قالىدۇ. ئاپتور شۇنىڭغا ئوخشاش «تەسىرلىك» توقۇلمىلار ئارقىلىق ئوقۇرمەنلەرنى ھاياجانغا سالماقچى بولىدۇ. سۆيگىنىدىن ئايرىلىپ قېلىش — دەپسەندە قىلىنىش — ئۆلۈش ياكى روھىي جەھەتتىن ئۆلۈش. مانا بۇ كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرۈدىغان، مىسكىن، يىغلاڭغۇ ھېسسىيات بولماي نېمە؟ ئەسلىدە ئېپىتى دەپسەندە قىلىنغان قىز ئەخلاقنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى سۇرلۇك ئىسكەنجىسىگە جەڭ ئېلان قىلىپ ئۆلۈۋالماسلىقى، ئۆزىنىڭ مۇستەقىللىقى، مەۋجۇتلۇقى ۋە تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى، ئۆز بەختىنى ئۆزى يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىش جاسارىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىدى. مانا بۇ يۈكسەكلىك، كىشىلەرنى بىر ماڭدام بولسىمۇ ئالغا ئىنتىلدۈرىدىغان يول. يازغۇچىلىرىمىز بۇنىڭغا ئوخشاش نۇقتىلاردا كونا ئادەت كۈچىنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ كېتەلىدىمۇ - يوق، بۇ، ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە. مېنىڭچە، بەدىئىي تەپەككۇرىمىز تېخى تۇرغۇن ھالەتتە بولسا كېرەك، دەپ قارايمەن.

يازغۇچى — سەنئەتكارلىرىمىز تۇرمۇشنى كۈزەتكەندە ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى كۆزىتىشكە ماھىر بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى تەپەككۇرغا باي بولۇشى، تەپەككۇر ماھارىتىدە بوسۇش خاراكتېرلىك ئۇنۇمگە ئېرىشىشى ئۈچۈن ھارماي ئۆگىنىشى، ئىزدىنىشىگە، ھەر قايسى ساھەلەردىن مول بىلىم توپلىشىغا، قىسقىسى، ۋۇجۇدىدىكى ئەقلىي قۇۋۋەت كۈچىنى ئاشۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. مېڭىسى ئاددىي يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرىدە پاخوت كۆپ بولىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ خىل پاخوت ئەقىل قۇۋۋىتى ئاجىز كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنى تومانلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئەسەرگە ھاياتىي كۈچ ئاتا قىلىدىغان نەرسە ھەرگىزمۇ دەبدەبىلىك سۆزلەر تىزمىسى ياكى پارچە - پۇرات كۆزىتىشلەردىن پەيدا بولغان ھېسسىيات ئەمەس، بەلكى ماھىيەتلىك بەلگىلەر تامچىپ تۇرغان ئەقىل يۈكسەكلىكىدۇر. ئوقۇرمەنلەرنىڭ سەۋىيىسىدىن يازغۇچىنىڭ سەۋىيىسى كېيىن قالسا، بۇ، يازغۇچى ئۈچۈن پاجىئە بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى مىللىتى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ پاجىئە. بۇنداق يازغۇچىلارنىڭ تەبىئىتىمىزدىكى تەپەككۇر نامراتلىقى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان قىسمەتلەرنى تراگېدىيىلىك يۈكسەكلىكتە ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە ئەسەر يېزىشقا قۇربى يەتمەيدۇ. نەتىجىدە ئەدەبىيات - سەنئەت تەربىيىلەش رولىنى، ئېستېتىك قىممىتىنى يوقىتىپ بارىدۇ. مانا بۇلار بىزدىكى تەپەككۇر كرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ئاقىۋەتلەردىن كىچىككىنە بىر كۆرۈنۈش.

* * *

ئادەمئاتا بىلەن ھاۋا ئانىنىڭ «چەكلەنگەن مېۋە»نى يېيىشى تۈپەيلى جەننەتتىن قوغلىنىشى ئىنسانىيەتكە ئەقىل بالاسى ئاتا قىلمىغان بولسا، بۈگۈنكىدەك مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلەنگەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋۇجۇدقا كېلەرمىدى؟ ياق، ئەكسىچە «ئىنسانىيەت تارىخى ھەقىقەتكە ئايلانمىغان ۋە تېخى ئەپسانىۋى ئېرەم بېغىدا چۈشەپ ياتقان بولاتتى» (ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەتئىمىن). بىز ئىنسانىيەتنىڭ تەپەككۇر تەرەققىيات تارىخىغا نەزەر سالغىنىمىزدا تەپەككۇرنىڭ ھامان يېڭىنىڭ كونىنى ئىنكار قىلىشى جەريانىدا تاۋلىنىپ بارىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر يەر شارىنى تۈپتۈز دەپ

پەرەز قىلىشقان. كېيىنچە كۆزىتىشنىڭ چوڭقۇرلىشىشى، دېڭىز يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى، ئىنسانىيەت تەسەۋۋۇرىنىڭ بوشلۇققا كېڭىيىشى نەتىجىسىدە يەر شارىنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىگە توغرىسى ئىللىپسسىمان ھالەتتە ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىشتى. ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر يەر شارىنى تۇرغۇن ھېس قىلىپ، قۇياشنىڭ شەرقتىن چىقىپ غەربكە پېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، يەر مەركەز تەلىماتىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. بۇ تەلىمات دىنىي تۈس ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قان - قېنىغا سىڭدۈرۈۋېتىلگەچكە 15 ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈم سۈرگەن بولسىمۇ، ئەقىلنىڭ قۇترىتىشى ھامان غالىب كېلىپ، كوپېرنىك تەرىپىدىن ئاغدۇرۇپ تاشلاندى. كىشىلەر خۇدادەك چوقۇنۇپ كەلگەن ئارىستوتېلنىڭ مىڭ يىلغا يېقىن دەۋر سۈرگەن جىسىملارنىڭ ئەركىن چۈشۈش ھەرىكىتى ھەققىدىكى نەزەرىيىلىرى گالىلېينىڭ پولاتتەك پاكىتلىرى ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمىدى. دالتوننىڭ ئېلېكتروننى كەشپ قىلىشى دېموكرىتنىڭ ئاتوم تەلىماتىغا خاتىمە بەردى. بىرلا ۋاقىتتا ئۈچ ساھەدە مۆجىزە ياراتقان نيۇتونغا بولغان چوقۇنۇشىمىز، ئېينشتېيننىڭ نىسپىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ بالاغىتىدە تەۋرىنىپ قالدى. ماكان ۋە زاماننىڭ مۇتلەق ئەمەسلىكىگە بولغان تونۇشىمىز تۇرغۇزۇلدى.

بۇلاردىن بىز خىل شەيئىنى كۆپ تەرەپتىن كۆزەتمەسلىك، خۇددى ماياتنىكنىڭ ھەرىكىتىدەك تۇرمۇشتىكى بىر خىل رىتىم، پىكىر يۈرگۈزمەي قارىسىغىلا ئېتىقاد قىلىش، ئەنئەنىگە رودىپايدەك يېپىشىۋېلىش، ئادەت كۈچىگە جەڭ ئېلان قىلالماسلىقنىڭ ئىنساننى تەپەككۇردىن ياتلاشتۇرۇپ، ئىنسان تەبىئىتىنى تولىمۇ ئاددىيلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى؛ ئىلمىي بولغان گۇمانىي قاراش ۋە ئۆزىنى ئىنكار قىلىپ تۇرۇشنىڭ تەپەككۇر پائالىيىتىنى ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. گېرمان پەيلاسوپى نېتزىنىڭ كىشىلەر ئۆزى ياساۋالغان بۇتلارنى «خۇدا» بىلىپ چوقۇنۇپ يۈرگەنلىكىدىن غەزەپلىنىپ قەھرى بىلەن بۇتلارنى چېقىشتىن ئىبارەت جاسارەتلىك چۇقانى ئۇنىڭغا تەپەككۇر ئاتا قىلغان ئەقىلدىن كەلگەن ئەمەسمىدى؟! ئالىمىمىز ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن ئېيتقانىدەك: «ئىنسانىيەت بىر قەترە سۇدىن ئاپىرىدە بولغىنىدەك، ئىنسانىيەت تارىخىمۇ بىر جاسارەتچىلىك ئىسيانىدىن باشلانغان. ئۇ: قىلما دېگەننى قىلىش».

بىز ئۆز روھىيىتىمىزنى ئاختۇرۇپ بۇنداق جاسارەتلىك چۇقانلارنىڭ قۇللۇققا مەھكۇم بولغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزدىكى رېئال تۇرمۇشىمىزدىن كۆرۈۋالالايمىز. مىسالى، تۈگىمەس «يامان بولىدۇ» لارنىڭ سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىپ كۆرمەي، ئۇنداق قاغىشتەككۇر پەتىۋالارنى قاراقويۇق قوبۇل قىلغاننى ئاز دەپ ھەتتا نارەسىدە بالىلارنىڭ ۋۇجۇدىغا ۋەھىمە سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن تەرەققىي قىلىشىنى ۋە پىكىر قىلىشىنى بوغۇش، بولۇپمۇ قىز - ئاياللىرىمىزنىڭ كىنو - تېلېۋىزورلاردىن بىرەر خەتەرلىك كۆرۈنۈش ياكى تەسىرلىك نۇقتىلارنى كۆرگەندە ئىختىيارسىز ۋارقىراپ كېتىشى ياكى كۆز يېشى قىلىشتەك مىستىك ھېسسىيات ئەسەبىيلىكى؛ ئىتائەتمەنلىك، يۇۋاشلىق، بەدىنىنى يوشۇرۇپ يۇرۇشنى ئەخلاقنىڭ ئۆلچىمى قىلىۋېلىش، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن قىسىلىش، بېكىنمىچىلىك، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا كۆرۈنگەن كىچىككىنە ئامەتتىن بىردەملىك شادلىنىش؛ بالىلارنىڭ نورغۇنلىغان «نېمە ئۈچۈن» لىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل بۇلىقىنى بۆشۈكىدىلا تۇنجۇقتۇرۇپ قويۇشتىن يانماسلىق (بالا تېپىشنى بىلىپ تەربىيىلەشنى بىلمەسلىك)، بالىلارنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ، ئەقلى بىلەن ھېسابلاشماسلىق، پەرزەنتى بىراۋدىن تاياق يېسە شۇ زامات يەڭ شىمايلاپ چىقىشنى بىلىپ، بالىلىرى نادان قالسا كارى بولماسلىقتەك بالىلارغا «كۆيۈنۈش» تىكى تەتۈر مەنتىقە ۋە بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىغا قاراپ تەسەللىي تېپىش، ئۆز شارائىتى ۋە ئەمەلىي ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماي يۇقىرى نېمە دېسە شۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىش، قىز - ئاياللار تەربىيىسىگە ئېتىبارسىز قاراش، ۋاقىتنى قەدىرلىمەسلىك، زىيالىيلارنىڭ قەدرىگە يەتمەسلىك، «خۇدانىڭ بەرگىنى — پېشانىسىگە يېزىلغىنى» غا شۈكرى - قانائەت قىلىپ تەقدىرگە تەن بېرىش، نېمە ئۈچۈن شۇھال، شۇ كۈنگە قالغانلىقىنى ئىسيانكارلىق روھ بىلەن ئويلىيالماسلىق، ھەقىقەتنى كۆرۈپ تۇرسىمۇ كۆرمەسلىككە سېلىش، كىتابقا يېزىلغانلىكى نەرسىنى مۇتلەق توغرا بىلىم سۈپىتىدە قوبۇل قىلىۋېرىش يەنى گۇمانىي قاراشنى ئوتتۇرىغا قويالماسلىق، خۇراپاتلىقنى دىن دەپ چۈشىنىش ھەتتا نادانلىقنى كۆككە كۆتۈرۈشلىرىمىزدىن ئېڭىمىزدا تەپەككۇر غەلىيانى پەيدا قىلىدىغان گۇمانىي تۇيغۇ ئېلېمېنتلىرىنىڭ تولىمۇ كەمچىل ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، بىز بۇ كۈنلەردە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېسىل تەپەككۇر خىسلىتىنى، جاھالەتكە ئوت ئاچقۇچى ئابدۇقادىر داموللا، ئابدۇ خالىق ئۇيغۇرى، مەمتىلى ئەپەندى (تەۋپىق) روھىنى زارىقىش ئىچىدە سېغىنماقتىمىز.

21 - ئەسىرنىڭ ئۇپۇقى يورۇشقا باشلىغان دەل بۈگۈنكى كۈندە، تارىختىكى باتۇرلۇقى ۋە تەۋەككۈلچىلىكى، ئاستىدىكى ئات تۇياقلىرىنىڭ ھەيۋەتلىك دۈكۈرلەشلىرى بىلەن دۇنيانى تىترەتكەن ئەجدادلارنىڭ روھىيەت ساقىندىلىرىدىن ۋۇجۇدى سۇغۇرۇلغان ئادىل ھوشۇرنىڭ دۇنيا يېڭى جىنىس رىكورتىنى يارىتىپ، بىردىنلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، نەچچە ئەسىردىن بېرى روھىيىتىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تۇنجۇقۇپ ياتقان جاسارەتلىك روھنىڭ خۇددى كومىتا يۇلتۇزدەك پەيدا بولۇپ قېلىشى، ئەجەبا ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھنىڭ پارتلىشى ئەمەسمۇ؟! بۇ روھ — ئادەت كۈچىگە باغلىنىپ قالغان، چوڭقۇر تەپەككۇر قىلىش ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئېڭىدىن ياتلاشقان مىللەت ۋۇجۇدىدا ئۈمىدۋارلىق، جەڭگىۋارلىق، سىلكىنىش تۇيغۇلىرى پەيدا قىلالماسمۇ؟ شۇڭا يوقالغان روھ بىلەن ۋۇجۇدىمىز قايتا يۇيۇنۇشقا باشلىغاندەك قىلىدۇ.

بىز تەبىئىتىمىزدىكى ئاجىزلىقلارغا جەڭ ئېلان قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنەيلى، ئىزدىنەيلى، شۇ ئاساستا تەپەككۇرىمىزنى ئەركىن تەرەققىي قىلدۇرايلى. بۇ، تاللاش ۋە شاللاش خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان بىر مىللەتكە نىسبەتەن دەۋرنىڭ قالدۇرغان قىممەتلىك پۇرسىتى.

---

ئاپتور: قورغاس ناھىيە لوسكۇن بازار 2 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى (M1)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ھايات ھەقىقەتلىرى

## تەربىيىلىنىش ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ 20 ياشتا چىرايلىق، 30 ياشتا ساغلام، 40 ياشتا باي، 50 ياشتا ئەقىللىق بولالمىساڭ، بۇ نەرسىلەرگە مەڭگۈ ئېرىشەلمەيسەن.

-- ھېربورت

▲ كۆپىنچە -- كۆپ بەختسىزلىكلەرنىڭ يىلتىزى -- بالىنىڭ كىچىك چېغىدىن ئۇنىڭ خاھىشلىرىنى تىزگىنلىمەي، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلىۋېلىشقا ئۆگەتمەسلىكتە.

-- سوخوملىنىسكىي

▲ كەلگۈسىدە ھەسرەت چەكمەيمىز دېسەڭلار، بالىلارنىڭ ھەر قانداق ئۇششاق ھەرىكىتىگە سەل قارىماڭلار!

-- لېنىن

▲ مەنىسىز ياشاش، مەزگىلدىن بۇرۇن ئۆلۈش، دېگەنلىك.

-- گيۇتى

▲ ئۆزىنى كونترول قىلىش بىلەن ئەمگەك -- ئىنسانىيەتنىڭ ھەقىقىي دوختۇرىدۇر.

-- روسسو

▲ يېمەك - ئىچمەكتە ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئادەمنىڭ كاللىسى سەگەك، پىكرى ئۆتكۈر كېلىدۇ.

-- جورج سان

▲ روھىڭىز ئازادە، ئېغىر - بېسىق بولسۇن، يېمەك - ئىچمەكتە پەرھىز تۇتۇڭ، ئىسسىق - سوغۇقتىن ئېھتىيات قىلىڭ، ۋاقتىدا تۇرۇپ، ۋاقتىدا يېتىڭ، ئەمگەك بىلەن دەم ئېلىش مۇۋاپىق بولسۇن.

-- مېي لەنفاڭ

▲ كېسەللىكنىڭ ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقچىسى — بىمارنىڭ ئۈمىدسىزلىكىدۇر.

-- م. گوركىي

* * *

▲ ئەدەبلىك بالىسىنى توغرا قىلىدۇ، ئەدەبسىز بالىسىنى ئوغرى قىلىدۇ.

▲ ئەدەبلىك بولاي دېسەڭ ئەدەبسىزدىن ئىبرەت ئال.

▲ ئۆيدە راھىتى يوقنىڭ كوچىدا پاراغىتى يوق.

▲ ئانىسى ماختىغان قىزنى ئالما، ئەل ماختىغان قىزدىن قالما.

▲ زېرەك ئايال قىشتا ئوت، يازدا مۇز ساقلايدۇ.

---

توپلىغۇچى: **ئەھمەتجان تاشتۆمۈر**

## دانالار خەزىنىسى

## ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلى ھەققىدە ھېكمەتلەر

▲ قېرىندىشىم، سەن ئىلىمگە پەقەت زېرەكلىك، قىزغىنلىق، تىرىشچانلىق، يېتەرلىك خىراجەت، ئۇستازسۆھبىتى ۋە ئۇزۇن زامان سەرپ قىلىشتىن ئىبارەت ئالتە خىل ئامىل بىلەنلا ئېرىشەلەيسەن.

ئىلىم تەھسىل قىلىش يولىدا يۇرت - ۋەتەندىن ئايرىلىپ سەپەرگە چىق! چۈنكى سەپەرلەردە غەم - ئەندىشىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشى، تۇرمۇش يولىنى تېپىش، ئىلىم - مەرىپەت ئىگىلەش، ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىنىش ۋە ئېسىل زاتقا ھەمسۆھبەت بولۇشتىن ئىبارەت بەش خىل پايدا بار.

**-- مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئىي**

▲ مېنىڭ سۆھبىتىمگە بىدئەتچى، تەنىچى، لەنەتخور، ئەدەبسىز، ئېغىزى مەينەت، ھەقتىن چەتنىگەن ئازغۇنلارنىڭ ھازىر بولۇشىنى ياقتۇرمايمەن.

**-- ئەھمەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى زەھھاك**

▲ تارتىنچاق بىلەن ھاكاۋۇر ئىلىم ئۆگىنەلمەيدۇ.

**-- مۇجاھىد**

شەيتانغا مۆلايىم ئالىمدىن يامان نەرسە بولمايدۇ. ئۇ سۆزلىسە ئىلىم بىلەن سۆزلەيدۇ. توختىسا مۆلايىملىق بىلەن توختايدۇ. شەيتان ئېيتىدۇكى: «ئۇنىڭغا قاراڭلار! ماڭا ئۇنىڭ سۆزلىگىنى ئۇنىڭ جىم تۇرغىنىدىن قاتتىقراق تۇيۇلىدۇ».

**-- ئىبراھىم ئەدھەم**

▲ ئىلىم ئۆگىنىڭلار، سىلەر قەۋمىڭنىڭ كىچىكلىرى بولساڭلار كەلگۈسىدە ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ چوڭلىرى بولۇپ قالىسىلەر. كىمكى ئەستە قالدۇرالمىسا يېزىپ قويسۇن!

**-- ھەسەن ئىبنى ئەلى**

▲ ئەلگە باش بولۇشتىن ئىلگىرى ئالىم بولۇڭلار!

---

**-- خەلىفە ئۆمەر**

ئەرەبچىدىن: شىھابىدىن ئابدۇلئەھەد تەرجىمىسى

## دانىشمەن ئۇستاز دوكتۇر، نوبېل فىزىكا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن پاكىستانلىق ئالىم ئابدۇسالامنىڭ «ئەرەب ۋە ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئىلىم - پەن ئىجادىيەت قۇدرىتى» دېگەن نۇتقىدىن ھېكمەتلەر

▲ بىزنىڭ ئىزدىنىشىمىز قانچىكى چوڭقۇر بولغانسېرى، بىزنىڭ ھەيرانلىقىمىز شۇنچە ئاشىدۇ، كۆزىمىز شۇنچە قامىشىدۇ.

▲ دەمەشىق ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى دوكتۇر مۇھەممەد ئەيجازۇل خاتىبنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا ئىلىم - پەننىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەشتە مۇنۇ سۆزدەك پاساھەتلىك سۆز يوق: «قانۇن تۈزۈش ئاپپاراتلىرىنىڭ تۈزۈپ چىققان 250 ماددىسىنىڭ ئەكسىچە، 〈قۇرئان〉نىڭ 750 ئايىتىدە («قۇرئان» نىڭ تەخمىنەن سەككىزدىن بىرى) مۇسۇلمانلارنىڭ تەبىئەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى تونۇش ھەمدە ئەقىل - پاراسەتتىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئىلىم - پەن ساھەلىرىنى جەمئىيەت پائالىيىتىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى قىلىش» توغرىسىدا نەسىھەت قىلىنغان.»

▲ ھەدىستە «ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسىدۇر» دېيىلگەن.

▲ ياپونىيە مېجىنى يېڭىلاش دەۋرىدە پادىشاھنىڭ تەختكە چىقىش قەسەمياد نۇتقىدا: «بىلىم ئۇ يەرشارىنىڭ ھەر قانداق يىراق بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىدا بولسۇن، بىز ئۇنىڭغا ئېرىشىشىمىز لازىم» دېگەنىدى.

▲ ئىپتىخار بىلەن قەددىڭنى كۆتۈر، ئۆزۈڭگە ھۆرمەت قىل!

---

تەييارلىغۇچى: **ئىلھام ئاخۇنباي**

## ھېكمەتلەر

▲ ھەر ئىشنى ئاۋۋال ئەقىل بىلەن، ئاندىن كۈچ بىلەن قىلىش — قىساس ئېلىشنىڭ بىردىنبىر يولى.

▲ مەرىپەت مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ ئەلنى زۇلمەتتە قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغان مۇستەبىتنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ياۋۇز نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالىغىنى يوق.

▲ ئەقىللىق كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ھەر بىر كۈن بىر يېڭى ھايات دېمەكتۇر.

* * *

▲ قىيامەت كۈنى ھەممىدىن كۆپ ئازاب چەككۈچى، ئۆز ئائىلىسىنى نادانلىقتا قويغۇچىدۇر.

**-- «قۇرئان كەرىم»دىن**

▲ تەدبىق قىلىشنى بىلمىسەڭ، بىلىم كۈچكە ئايلىنالمايدۇ.

**-- دېيىل كارنېگ**

---

توپلىغۇچى: **ئىسمائىل كېرەم**

## تەدبىرلىك ئالىم

### -- «ئەجدادلار نەسىھىتى»دىن ھېكايەت

مەۋلانە ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىي ھەر جۈمە كۈنى ھىراتنىڭ ئۇلۇغ مەيدانىدا ۋەز ئېيتىپ، خەلققە پەند - نەسىھەت قىلاتتى. ئىبرەتلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇنىڭ گۈزەل سۆزلىرىگە مەپتۇن بولغان

www.uyghurkitap.com

خەلق مەۋلانە ھۈسەيىنگە تاپقانلىرىنى دۇئا قىلدۇراتتى. ۋەزدىن كېيىن، يىغىلغان ھەممە نەرسىنى ئاپىرىپ مەدرىستىكى مۇساپىر تالىپلار، غېرىبلار، يوقسۇللارغا بۆلۈپ بېرەتتى.

بىر جۈمە كۈنى، مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفىي يىغىلغان پۇل ۋە ئالتۇنلارنى ئېلىپ، ھۇجرىسىغا ئاپىرىپ كەمبەغەل - نامراتلارغا بۆلۈپ بېرىشكە ماڭدى. يېرىم كېچە بولغاندا، مەدرىسە ئەھلى شېرىن ئۇيقۇدىكى چاغدا مەۋلانىنىڭ ھۇجرىسى يېنىدا ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. ھۇجرا ئىشىكىنى بىرى تاراقلاتقىلى تۇردى. مەۋلانە ھۈسەيىن ئىشىكنى ئېچىشىغا، قوراللىق ئالتە كىشى يوپۇرۇلۇپ كەلدى. مەۋلانە ھەيران بولغىنىچە تۇرۇپلا قالدى. بۇ نامەلۇم ئادەملەر ئىچكىرىگە كىرىپ، ئىشىكنى ئىچىدىن زەنجىرلىدى. ئۇلاردىن بىرى مەۋلانە ھۈسەيىنگە تەزىم قىلىپ مۇنداق دېدى:

— ھۆرمەتلىك داموللام، بىز ئوغرىلار تائىپىسىدىن بولىمىز. ھازىر پۇلغا بەكمۇ ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدۇق. بۇ ھەقتە ئۆز ئەھۋالىمىزنى سىلىگە دېگىلى كەلدۇق. بۈگۈن چۈشكەن ئالتۇن - كۈمۈشلەرنى بىزگە بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەۋلانە ھۈسەيىن ئوغرىلارنى قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. دەرھال داستىخان سېلىپ نازۇ - نېمەتلەرنى مول قويۇپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى:

— ئەزىزلەر، بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولۇپ كەپسىلەر، بۇنىڭغا ئىنتايىن خۇرسەنمەن. ساھىبخان ئەلۋەتتە مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىشى كېرەك. مەندىن ياردەم سوراپ كەپسىلەر. جان - دىلىم بىلەن قولۇمدىن كېلىدىغانلىكى نەرسىنى سىلەردەك ئەزىز مېھمانلاردىن ئايىمايمەن. بۈگۈن چۈشكەن ئالتۇن - كۈمۈشنىلا ئەمەس، ھەر قايسىڭلارغا بىردىن تونمۇ ھەدىيە قىلىمەن. ھازىر پولۇ تەييارلاشقا تۇتۇش قىلايلى. گۆش، سەۋزە بېرەي، ئۇنى ئۆزۈڭلار توغراڭلار. بىرىڭلار ئوچاققا ئوت قالاڭلار، مەنمۇ سىلەرنىڭ قولۇڭلاردىن بىر پولۇ يېيىش ئارزۇسىدىمەن، — دېدى.

ئوغرىلار ماقۇل بولۇشتى. مەۋلانە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئۇلارغا تەقلەپ بەردى. ئاندىن ئۇلارغا:

— مەنمۇ بىكار ئولتۇرماي، سىلەرگە قىزىق بىر ھېكايە سۆزلەپ بېرەي، — دېدى.

ئوغرىلار مەۋلانە كاشىفىينىڭ ئۆتكۈر ناتىقلىقىنى، سۆزلىرىنىڭ تەسىرلىك ۋە يېقىملىق ئىكەنلىكىنى بىلىشەتتى. ئوغرىلار بۇ ئالىمنىڭ ھېكايىسىنىڭ پولۇدىنمۇ لەززەتلىك بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، قىزغىنلىق بىلەن قارشى ئېلىشتى. مەۋلانە ئۆز ھېكايىسىنى ئېيتىشتىن ئاۋۋال، قارىمۇ قارشى ئىككى تەرەپكە كىچىك ئورۇندۇق قويدى. ئوغرىلار بۇ ئورۇندۇقلارغا جايلىشىپ ئولتۇرۇشتى. مەۋلانە ئۆزىنىڭ ھېكايە سۆزلەش ئادىتى بويىچە ئوتتۇرىدا ئۇ باشتىن بۇ باشقا مېڭىپ يۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— بىر شەھەردە ئەھمەد دېگەن بىر كەمبەغەل ئادەم بار ئىدى. ئۇ شەھەرگە يېقىن بىر پارچە يەرگە تېرىقچىلىق قىلىپ، شۇنىڭدىن چىققان دارامەت بىلەن كۈن كەچۈرەتتى. ئۇ بىر يىلى ئەتىيازدا يەر ھەيدەۋېتىپ، قوشنىڭ چىشىغا قاتتىق بىر نەرسىنىڭ تاقىشىپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى. ئۇ، قوشنى توختىتىپ، يەرنى كولاپ تەكشۈردى. قوشنىڭ چىشىغا ئۇرۇلغىنى ئاغزى مەھكەم بېكىتىلگەن بىر كوزا بولۇپ چىقتى. ئەھمەد كوزىنى كولاپ چىقاردى ۋە ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدا لىق تولغان قىممەتلىك ئېسىل جاۋاھىر ۋە ئالتۇننى كۆردى.

ئەھمەد بۇنى كۆرۈپ سەل تەمتىرەپ قالدى. كوزىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كېتىشكە كۆزى يەتمىدى، شۇنداقلا ئۇنى ئەكەتكەن تەقدىردىمۇ، باشقىلارنىڭ گۇمان قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كوزىنى يەرگە قايتا كۆمۈپ قويۇپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ يولدا كېلىۋېتىپ، بۇ كوزىنى يېقىن قوشنىسى بىلەن شېرىكلىشىپ ئەكىلىپ بۆلۈۋالماقچى بولدى.

ئەھمەدنىڭ يېقىن قوشنىسى ھىيلىگەر بىر باي ئىدى. ئۇ، سىرتقى قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ھەر قانداق بۇزۇقچىلىق ۋە جىنايەتتىن يانمايتتى. ئەھمەد سادda ۋە ئاق كۆڭۈل ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، يولدا كېلىۋېتىپ ئويلىغانلىرىنى بۇ قوشنىسىغا ئېيتتى.

ھىيلىگەر باي قوشنىسى بۇنىڭدىن ئىنتايىن خوشال بولدى. ئەتىسى ئىككىسى بىللە ئېتىزلىققا باردى. كوزىنى كۆمۈلگەن جايدىن كولاپ چىقاردى. بەتنىيەت قوشنىسى نىيىتىنى بۇزدى. بۇ بايلىققا ئۆزى ئىگە بولۇشنى مەقسەت قىلدى. ئاجىز ئەھمەدنى بىر دەمدىلا يەرگە يىقىتتى ۋە كانىيىغا پىچاق سۈرۈشكە تەييارلاندى . . .

ئوغرىلار ھېكايىگە مەھلىيا بولۇپ كېتىپ، قالغان ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇغانىدى. ئوتتۇرىدا مېڭىپ يۈرۈپ ھېكايە ئېيتىۋاتقان مەۋلانە كاشىفىي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، ئىشىكنىڭ زەنجىرىنى چىقىرىپ ئاستىلا ئېچىپ قويدى — دە، ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— بىچارە ئەھمەد بۇ رەھىمسىز قوشنىسىغا «جېنىم قوشنام، ماڭا رەھىم قىل، مېنى ئۆلتۈرمە، بۇ كوزىدىكى ھەممە دۇنيانى سەنلا ئال، ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس» دەپ قانچە يالۋۇرسىمۇ، قوشنىسى ئۇنىڭ نالىسىگە قۇلاق سالمىدى. جېنىدىن ئۈمىد ئۈزگەن ئەھمەد قوشنىسىغا «ئەمدى بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىدىغانلىقىمغا كۆزۈم يەتتى. سەن مېنى جەزمەن ئۆلتۈرىسەن. ساڭا پەقەت بىرلا ئىلتىماسىم بار. بۇنى رەت قىلما. ئايالىم ھامىلدار ئىدى. ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن . ئەگەر كۆزى يورۇپ، سالامەت پەرزەنت كۆرسە، ئىسمىنى ‹داد› قويسۇن» دېدى.

باي ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى — دە، ئەھمەدنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە، ئوغرىلار ۋارقىر-

شىپ ئەمەدكە ئىچ ئاغرىتىشتى. مەۋلانە كاشىفىي ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى:

— باي ئەمەدنىڭ جەسىتىنى كۆمۈۋېتىپ خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، كوزىنى چاپىنىغا ئوراپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. ئۇ ئالدىراپ كېلىۋېتىپ، يولدا ئەمەدنىڭ خوتۇنىغا ئۇچراپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، ۋاپات بولۇش ئالدىدا قىلغان ۋەسىيىتىنى ئېيتىپتۇ. بىچارە ئايال نىمە قىلالىسۇن، كۆزيېشىغا زورلاش بىلەن دەردىنى ئىچىگە يۇتتى. بىر نەچچە ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى. ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئۇنىڭغا «داد» دەپ ئىسىم قويدى. بىچارە ئايال نۇرغۇن جاپا - مۇشەققەتلەرنى چېكىپ، بالىسىنى ياخشى تەربىيىلىدى. بالا تۆت ياشقا كىردى.

بىر كۈنى شەھەر ھاكىمى ئۆز ئادەملىرى بىلەن شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، داد كوچىدا ئوينىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئانىسى بىرتوپ ئاتلىق كىشىلەرنىڭ يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئوغلىغا قاراپ:

— داد! — داد! — نەدىسەن ئوغلۇم داد! جېنىم بالام داد! — دەپ ۋارقىراپ بالىسىنى چاقىردى.

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە، مەۋلانە ھۆسەيىن كاشىفىي پۈتۈن مەدرىستىكىلەر ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، «داد!» دېگەن سۆزنى ئاۋازىنىڭ بارىچە توۋلاپ ئېيتتى. مەدرىستىكىلەر «داد!» دېگەن ئاۋازنىڭ مەۋلانە كاشىفىينىڭ ھۇجرىسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، شۇ ياققا قاراپ يۈگۈرۈشتى ۋە بىر دەمدىلا ھەممىسى ھۇجرىغا قاپساپ كەلدى. مەۋلانىنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇلار ئوغرىلارنى تۇتۇپ باغلىۋالدى. ئوغرىلار شۇ چاغدىلا بۇ ئالىمنىڭ ھىيلىسىنى چۈشىنىپ، پۇشايمان قىلىشتى.

تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئوغرىلارنى پادشاھنىڭ ئوردىسىغا ئەكېلىشتى. پادشاھ ۋەقەنى ئۇققاندىن كېيىن، ئوغرىلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلدى. ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ھۆكۈمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ كاشىفىيغا تەزىم قىلدى ۋە مۇنداق تەلەپ قويدى:

— مەۋلانە ھۆسەيىن كاشىفىي، تەدبىرلىرىگە بارىكاللا! بىزنى ھېچقانداق ھاكىم - ئەمەلدار تۇتالمىغانتى. ئۆزلىرى ئاجايىپ تەدبىر ئىشلىتىپ بىزنى تۇتتىلا. ئۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن زېرەك، تەدبىرلىك كىشى ئىكەنلىكلىرىگە باش ئېگىمەن. ئۆلۈم ئالدىدا ئۆزلىرىگە بىرلا ئىلتىماسىم بار. ھېكايىلىرىنىڭ داۋامىنى سۆزلەپ بەرسىلە، ئاندىن ئۆلسەك ئارمىنىمىز يوق، — دېدى.

مەۋلانە ھۆسەيىن كاشىفىي پادشاھنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، ھېكايىنىڭ داۋامىنى سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھاكىم «داد» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال توختىدى. مۇلازىملىرىغا داد دېگۈچىنى تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. ئۇلار كىچىك بىر بالىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرغان بىر ئايالنى ئەكەلدى.

ھاكىم ئاتتىن چۈشۈپ ئايالنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئايالدىن:

— قىزىم، نېمىشقا داد دەپ يىغلايسەن؟ سېنى كىم ئازابلىدى؟ قايسى نائىنساب سېنىڭ كۆز ياشلىرىڭنىڭ تۆكۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى؟ سەن ئەھۋالنى ماڭا تەپسىلىي ئېيت. ساڭا جەۋر - زۇلۇم سالغان زالىمنىڭ جازاسىنى بېرەي، — دېدى.

ئايال يىغىدىن توختاپ:

— ماڭا ھېچكىم زۇلۇم سالمىدى، مۇنۇ ئوغلۇمنى ئاتلارنىڭ ئاياغ ئاستىدا قالمىغىيدى، دەپ ئۇنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانىدىم، — دېدى.

ھاكىم ھەيران بولۇپ:

— ئوغلۇڭنىڭ ئېتى نىمە؟ — دەپ سورىدى.

— ئېتى داد.

— بۇنداقمۇ ئىسىم بولامدۇ؟ بۇ ئىسىمنى كىم قويغان؟

ئايال ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئېرىمنى ئېتىزدا بىراۋلار ئۆلتۈرۈپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا بىزنىڭ بىر باي قوشنىمىزغا: «ئەگەر ھامىلدار ئايالىم سالامەت پەرزەنت كۆرسە، ئىسمىنى ‹داد› قويسۇن» دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن. قوشنىمىز ئېرىمنىڭ ۋەسىيىتىنى ماڭا يەتكۈزدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بالامنىڭ ئىسمىنى «داد» قويدۇم، — دېدى.

ھاكىم بۇ ئېچىنىشلىق ۋەقەنى ئاڭلاپ ھاياجانلاندى، بۇ دەردمەن ئايالنىڭ ھالىغا ئېچىندى. مۇلازىملىرىغا ئايالنىڭ باي قوشنىسىنى ئەكېلىشنى بۇيرۇدى. ئايالنى بالىسى بىلەن بىرگە مەھكىمىگە ئەكەتتى.

ياساۋۇللار باينى مەھكىمىگە ئەكېلىشتى. باي قورققىنىدىن غاللىداپ تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ھاكىم ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ سورىدى:

— بۇ بالىغا «داد» دېگەن ئىسىمنى كىم قويدى.

— دادىسى.

— دادىسى قويدىما؟ ئۇنداق بولسا، ئەھۋالنى جەريانى بىلەن سۆزلە.

— بالىنىڭ دادىسى ئەمەد چالا ئۆلۈك قىلىنىپ ئېتىزغا تاشلاپ قويۇلغانىكەن، دەل ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بىر ئىش بىلەن بېرىپ قاپتىمەن. ئەمەدنىڭ قانغا بويىلىپ، توپىدا ئېغىناپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۆلىدىم. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ، ماڭا ئايالىنىڭ ھامىلدارلىقىنى، ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغانلىقىنى، ئەگەر سالامەت پەرزەنت كۆرسە، ئۇنىڭ ئېتىنى «داد» قويۇشنى ۋەسىيەت قىلىپلا جان ئۈزدى. مەن كېلىپ ئۇنىڭ ۋەسىيىتىنى خوتۇنىغا ئېيتتىم، — دېدى.

باي بۇنى سۆزلىگۈچە بىردە تەرلەپ، بىردە تىترەپ، رەڭگىرويى ئۆچۈپ كەتتى.

ھاكىم ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— سەن يالغان سۆزلىدىڭ. ئۇنىڭ يېنىغا قانداق رەزىل غەرەز بىلەن باردىڭ؟ ئوغرىلار مال — دۇنياسى

بار ئادەمنى كۆزىتىدۇ، بۇلايدۇ. ئۇنىڭدەك كەمبەغەل ئادەمنى نېمە قىلىدۇ؟ راستىڭنى ئېيت! — دەپ بۇيرۇق قىلدى غەزەپ بىلەن.

ھېكايە شۇ يەرگە كەلگەندە ئوغرىلار ھاكىمنىڭ سۆزىگە ھېسداشلىق قىلىشتى.

مەۋلانە كاشىفي ھېكايىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق قىلىپ، چالا ئۆلۈك ياتقان ئەھمەد سىنىڭ قولۇڭدا جان ئۈزۈپتۇ، ئۇنىڭ جەسىتىنى قانداق قىلدىڭ؟ — دەپ سورىدى ھاكىم يەنە.

— شۇ يەرنى كولاپ كۆمۈپ قويدۇم، — دېدى باي ئىختىيارسىز ھالدا.

— جەسەتنى ھەر قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىمكان بار ئۆيىگە ئەكىلىپ يۇيۇپ -تاراپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ ئاندىن دەپنە قىلىش كېرەك ئەمەسمىدى؟

باي جاۋاب بېرەلمەي جىم تۇرۇپ قالدى.

ئەھمەدنىڭ ئايالى ھاكىمغا ۋە مەھكىمىگە يىغىلغان يۇرت چوڭلىرىغا:

— ئاشۇ پاجىئە بولغان كۈنى ئەتىگەندە ئېرىم بۇ قوشنىمىز بىلەن ئېتىزلىققا بىللە كەتكەن. كەچقۇرۇن قايتىپ كەلمىدى. تىت — تىت بولۇپ تۇراتتىم. بۇ قوشنىمىز كىرىپ، ئېرىمنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنىلا ئېيتتى. مەنمۇ بۇ ئېغىر قايغۇ بىلەن گاڭگىراپ كېتىپ، ئۇنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلماپتىمەن، — دېدى.

ھاكىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— مانا ئاڭلىدىڭمۇ، — دېدى بايغا، — قىلغان سۆزۈڭنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدىغان پاكىتلار تولۇق. ئۇ بىچارىنى ئۆلتۈرگۈچى قاتىل سەن ئىيتقاندەك قانداقتۇر نامەلۇم ئوغرىلار ئەمەس بەلكى سەن ئۆزۈڭ. ئۇنى ئۆلتۈرۈش سەۋەبىنى ئېيتىپ بەر، — دەپ قىستىدى. باي ئىلاجىسىز جىنايىتىگە ئىقرار بولدى. ھاكىم شەرىئەت ھۆكمى بويىچە ئۇنى دارغا ئاستى. ئۇنىڭ بارلىق مال - دۇنياسىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۇنى دادىنىڭ نامىغا يازدۇردى ۋە بالىغا قاراپ:

— ئوغلۇم، ئىسمىڭنى بۈگۈندىن كېيىن «دىلشاد» دەپ ئۆزگەرتەيلى، چۈنكى شېھىت بولغان داداڭنىڭ ئىنتىقامى ئېلىنىپ، دىلىڭ شادلاندى. داداڭنىڭ ساڭا نېمە ئۈچۈن «داد» دەپ ئىسىم قويغانلىقىنىڭ سىرى بۈگۈن ئېچىلدى، — دېدى.

مەۋلانە ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفي ھېكايىسىنى ئاخىرلاشتۇردى. مەھكىمىدىكى ھەممەيلەن، ھەتتا ئوغرىلارمۇ ھاكىمنىڭ قىلغانلىرىغا رازى بولۇشتى ۋە ئۇنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىدىن خۇرسەن بولۇشتى.

ئوغرىلارنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ:

- رەھمەت سىلىگە مەۋلانە ھۈسەيىن كاشىفي. ھېكايىنى ئاخىرغىچە ئېيتىپ بەردىلە. ئەمدى ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق، — دېدى.

مەۋلانە ھۈسەيىن كاشىفي پادىشاھقا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ:

- شاھ ئالىيلىرى، ئۆزلىرىگە مېنىڭ كىچىككىنە بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى. بۇ ئىلتىماسىمنى جانابلىرى رەت قىلماس دېگەن ئۈمىدتىمەن. بۇ ئادەملەر ئوغرىلىق قىلىشتەك يامان يولدا ماڭغانلىقى ئۈچۈن، ئەلۋەتتە جازاغا تارتىلىشى كېرەك. لېكىن بۇلار بۇ كېچە ماڭا مېھمان بولدى. ھېكايە ئېيتىپ بۇلارنى تۇتۇپ بېرىشتىن مەقسىتىم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئالدىلىرىدا بۇلارنى ئۆزى قىلغان يامانلىقلىرىغا تۆۋەقىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. مەن ھېكايىنى سۆزلەۋاتقان چېغىمدا بۇلارنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلدىم. باينىڭ ئەھمەدنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرگەنلىكى سۆزلەنگەندە، بۇلار ھەسرەت چېكىپ يىغلىشىپ كەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ يۇمشىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە ئۇلار يامان ئادەمنىڭ ئۆز قىلمىشىغا يارىشا جازالىنىدىغانلىقىغا، ئادالەت ۋە ھەققانىيەتنىڭ غەلىبە قازىنىدىغانلىقىغا ئىشەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزلىرى ئۆلۈم ئالدىدا تۇرسىمۇ، ھېكايىنىڭ داۋامىنى ئېيتىپ بېرىشىمنى سورىدى. ئۇلارنىڭ بۇ روھىي ھالەتلىرىدىن شۇنى بىلىشكە بولىدۇكى، ئۇلار ئوغرىلىقنى مۇقىم كەسپ قىلمىغان، موھتاجلىق ئالدىدا بەرداشلىق بېرەلمەي، يامان يولغا كىرىپ قېلىشقان. شۇڭا، ئۇلارنىڭ گۇناھىدىن كېچىپ، مېنىڭ تەربىيىلىشىمگە بېرىشلىرىنى سورايمەن. مەن بۇلارنى ئاشۇ يولدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىشىمغا، بۇلارنىڭمۇ خەلققە پايدا يەتكۈزىدىغان ياخشى پەزىلەتلىك كىشىلەردىن بولۇشىغا ئىشىنىمەن، — دېدى.

پادىشاھ مەۋلانە ھۈسەيىن كاشىفىينىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى. ئوغرىلارنى ئازاد قىلىپ مەۋلانىنىڭ قولىغا تاپشۇردى. ئوغرىلار مەۋلانە كاشىفىينىڭ بۇ ئالىيجانابلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئايىقىغا يىقىلىپ يىغلاشتى، پادىشاھ ۋە مەۋلانە ئالدىدا تۆۋە قىلىشتى. مەۋلانە ئۇلارنى ئۆزىگە شاگىرت قىلىۋالدى. بۇ ئالتە ئوغرى كېيىن ھەزرىتى مەۋلانە كاشىفىينىڭ ئالىم، پازىل شاگىرتلىرىدىن بولۇپ يېتىشتى.

## مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا ئېيتقانلىرى

### — «مەشھۇر شەخسلەرنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىدىن» ھېكمەتلەر

▲ ئۇ (دادام) بىزگە دائىم: «ھەرگىز خىيالىڭغا كەلگەنلا ئىشنى قىلىمەن دېمەي، بەلكى ئۆزۈڭ توغرا تاپقان ئىشنى قىلىشىڭ كېرەك. قىلىۋاتقىنىڭ توغرا ئىش بولسا، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا ئۆزۈڭمۇ ئىشەنسەڭ، ھەرگىز خەقنىڭ پالان - پوكۇن دېگىنىگە پەرۋا قىلما» دەيتتى. مانا بۇ ئۇنىڭ جاھانسازلىق پەلسەپىسى ئىدى.

1984 - يىلى نورغۇن كىشىلەر مېنى ئەيىبلەپ، بىر تالاي مۇخبىرلار گېزىت - رادىئولاردا گۇستۇمدىن ئىغۋا تارقاتقان چاغدا، دادام ماڭا: «گوغلۇم، سەن ھېچقانداق خاتا ئىش قىلمىدىڭ. بىرىگە گورا كولىمىدىڭ ياكى بىرەيلەننى پۇتلىمىدىڭ ياكى بىرەيلەنگە ئاھانەت قىلمىدىڭ. گۇنداق ئىكەن، قىلغىنىڭ توغرا، كېيىنگەدە چىڭ تۇر، ئەتراپىڭدا بولۇۋاتقان ئىشلارغا پەرۋا قىلما، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈشلىپ كېتىدۇ» دېگەندى.

-- لېۋىس

▲ ئانام ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا پالەچ بولۇپ قالغانلىقىنى پالاكەت، دەپ قارىماي بەلكى ئۆزىنى خۇدانىڭ سىنىغانلىقى، دەپ قارايتتى. ئۇ مېنى خۇداغا ئەقىدە قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلىگەن.

▲ بالىلار بەزىدە مۇنداق ئەھۋالغىمۇ دۇچ كېلىدۇ، يەنى ئۇلار ئاتا - ئانىسىدىن تېگىشلىك مېھرىبانلىقىنى ئېرىشەلمىسە، ئۇ مېھرنى باشقىلاردىن ئېلىشقا، بوۋا - مومىلىرىغا ياكى باشقىلارغا تەلمۈرۈشكە مەجبۇر بولىدۇ. بىز بولساق ئانا مېھرىدە چوڭ بولغاچقا، باشقىلارغا تەلمۈرۈپ يۈرمىدۇق. ئۇ بىزگە دائىم: مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل بولۇڭلار، دوستلارغا مېھىر قويۇڭلار، باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىشنى ئەلا بىلىڭلار، خەققە ئاھانەت قىلماڭلار، تەمەخورلۇق قىلماڭلار، باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەنمەڭلار، دەپ نەسىھەت قىلاتتى. يۇقىرىقى نەسىھەتكە خىلاپلىق قىلىش ئائىلىمىزدە گۇناھ ھېسابلىناتتى. ئۇ پەقەت بىزگە بېرىشنىلا بىلىدىغان، لېكىن ئالمايدىغان، ھېچنېمىنى تەمە قىلمايدىغان مانا مۇشۇنداق ئانا ئىدى.

-- مىكائىل جېكسون

▲ ھەر بىر بالىنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئۆزگىچىلىكى، باشقىلاردىن ئاز -- تولا پەرقلىنىدىغان ئارتۇقچىلىقى بولىدۇ. ھېچنېمىنى قاملاشتۇرالمايدىغان بالا يوق. بۇ يەردىكى مەسىلە كىمنىڭ نېمىگە باب ئىكەنلىكىدە. بۇ ئۇيغۇنلۇقنى تاپىدىغىنى ئاتا - ئانىمۇ ئەمەس، ئوقۇتقۇچىمۇ ئەمەس، بەلكى شۇ بالىنىڭ ئۆزى.

ئاتا - ئانا بالا ئۈچۈن بالىغا زادى ئۆزىنىڭ نېمە ئىشقا باب ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرالايدىغان شارائىتنى يارىتىپ بېرىشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىپ قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىشى پۈتۈنلەي شۇ بالىنىڭ تىرىشچانلىقىغا باغلىق، ئاتا - ئانىسى يەنە ئارىغا قىسىلىۋالمىسىمۇ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، بالىغا كېرەكلىك ئەڭ تۆۋەن چەكلىمىدىكى خىراجەت يەنىلا تەمىن ئېتىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

▲ بالا ئۆزىگە بىر نىشان تىكلىگەنىكەن، ئۇنى چەكلىمەسلىك، ئەركىن قويۇپ بېرىش كېرەك. كېيىنكى ئىشلارنى بالىلار ئۆزى ئويلايدۇ. ئۇلار چوقۇم ئۆزى تاللىغان يول بىلەن ياخشى تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. ئەگەر ئاتا - ئانىلار بۇنىڭغا يول قويمىسا، بالىلار بۇ دۇنياغا ئۆزلىرىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ.

-- ۋاڭ جېنجې

▲ ئەگەر بالىلىق ئەسلىمىلىرىڭىز كۆيۈمچان ئانىڭىزنىڭ ئالدىدا غەمسىز ئۆسكەن چاغلىرىڭىزدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىڭىزنى يېڭىباشتىن ئويغۇتالىسا، دېمەك، سىز بەختلىك ئادەم؛ ئەكسىچە، بالىلىق ئەسلىمىلىرىڭىز قورقۇنچلۇق چۈشتەك ۋەھىمە ۋە قىيىندى - سوقۇندىلىق ئازابىغا تولغان بولسا، سىز ھەتتا ئوتتۇرا ياشقا كىرگەندىمۇ ھەقىقىي خاتىرجەملىك ۋە بەختنىڭ پەيزىنى سۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالىسىز.

-- سوفىيە روللان

▲ دادام ماڭا: «بىرەر نېمە ئۆتنە ئالساڭ، ھەتتا بىرەر ساۋاقدىشىڭدىن 20 سېنت قەرز ئالساڭمۇ، قايتۇرۇشنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خاتىرىلەپ قوي» دەيتتى.

▲ دادام ماڭا: «شۇنى بىلىشىڭ كېرەككى، تۇرمۇشتا بەزى ئىشلار ئويلىغان يېرىڭدىن چىقمايمۇ قالىدۇ. كۆڭۈلسىز ئىشلارغا ئانچە - مۇنچە ئۇچراپ تۇرمىساڭ، ھەقىقىي بەختنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەي قالىسەن» دەيتتى.

-- ئاكوكا

▲ راجىپ (راجىپ گەندى -- ھىندىستاننىڭ سۇيىقەستكە ئۇچراپ قازا قىلغان مەرھۇم باش مىنىستىرى. مۇھەررىردىن) تۇغۇلغاندا سەت بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى ھاياتىمدىكى ئەلا كۆڭۈللۈك پەيتلەرنىڭ بىرى بولغان. تاگور توغرا ئېيتقان: «ھەر بىر بوۋاق بۇدۇنياغا كۆز ئاچقاندا، خۇدانىڭ ئىنسانىيەتتىن تېخى ئۈمىدىنى ئۈزمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلىپ كېلىدۇ.»

▲ جاھاندا ئۆزى ئۈلگە بولۇشتىن ياخشى تەربىيە يوق.

-- ئىندىرا گەندى خانىم

▲ ئادەتتە، ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قوللىشى يېتەرسىز بولغان بالىلارنىڭ ئۆز قىممىتىنى تونۇش تۇيغۇسى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

▲ ھەر بىر ئادەم مەغلۇبىيىتىگە ئۆزى جاۋابكار بولۇشى كېرەك.

-- رىگان

▲ بالىلار ياخشى ئوقۇسىلا، ئىمتىھانلاردىن ياخشى ئۆتسىلا، كەلگۈسىدە يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىدۇ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، دېيىش توغرا ئەمەس ئىكەن. دەرھەقىقەت، بالا ھەر قانچە ئەقىللىق بولسىمۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرمەيدىغان كۆڭلى قارا، كاززاپ بالا بولۇپ قالسا، ئۇنىڭدىن يامان ئىش يوق. بالىلارنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۇلارنى ئوقۇشتىلا ئەمەس، پەزىلەتتىمۇ يېتىشتۈرۈش كېرەك.

-- ۋاداكاتسۇ

▲ ئادەم خۇدانىڭ بالىلىرى. شۇڭا تۇغۇلۇشتىلا ئۇنىڭغا ئىقتىدار ئاتا قىلىنغان. ئۇنى ئىقتىدارلىق

قىلىپ يېتىشتۈرەلمەسلىك ئەسلى ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىشنىڭ يولىنى بىلمىگەنلىكىدە. بالىدىكى ئىقتىدارنى پىششقلاپ ئىشلەنمىگەن بىرىلىيانتقا ئوخشاتساق، ئۇنىڭ سىرتىدىن پارقىرىمىغانلىقىغا قاراپلا ئۈمىدسىزىنىشى ئۇزۇۋەتسەك بولمايدۇ. بىرلىيانتنى سۈركەپ تۇرۇپ پارقىراتقانغا ئوخشاش، ئىقتىدارنىمۇ ئىلھام ئارقىلىق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. (شۇڭا) ياخشى گەپ بىلەن بالىلارنىڭ كۆڭلىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلاردىكى بارلىق ئىقتىدارنى جارى قىلدۇرايلى.

▲ بالىنىڭ سۆز ـ ھەرىكىتى ئاتا ـ ئانا ۋە ئائىلىنىڭ روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرىدىغان ئەينەك. شۇڭا بالىلىرىمىزنى ياخشى ئادەم بولسۇن دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىز نەمۇنىلىك رول ئوينىشىمىز كېرەك. ئاتا ـ ئانا ياكى تەربىيىلىگۈچىنىڭ كۈندىلىك سۆز ـ ھەرىكەتلىرى بالىلارنىڭ خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈشتە كۈچلۈك قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە.

—— گوك ياچىسن

▲ بالىلارنى تەربىيىلەشتە ئۇرۇش، زىيادە چىڭ تۇتۇش، قارىغۇلارچە باشقۇرۇش ناھايىتى زىيانلىق. بۇنداق تەربىيە ئۇسۇلى بالىلارنى ساختىپەز، يالغانچى قىلىپ قويىدۇ. ئۇلار قورققانلىقى ئۈچۈن كۆڭلىدىكىنى راستى بىلەن دېمەيدىغان، نىيىتى بىلەن ھەرىكىتى بىردەك بولمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

▲ ئۇرۇش بالىنى خۇددى ئۆزىنى ئېغىر تاشنىڭ ئاستىدا بېسىلىپ يۈرگەندەك ھېس قىلىدىغان ئاجىز قۇلغا، روھى ئۆلۈك، ۋىجدانسىز، زەئىپ، ئىقتىدارسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

▲ ئۇرۇش، زىيادە چىڭ تۇتۇش ۋە قاتتىق ھۆكۈمدارلىق قىلىشلار ھەرگىزمۇ بالىلار قەلبىگە تەسىر قىلىشنىڭ، ئۇلاردىكى ياخشى تۇيغۇلارنى ئويغىتىشنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك چارىسى بولالمايدۇ. چۈنكى بالىنىڭ ئېڭىدا زورلۇق كۈچى ھەممىنى يېڭەلەيدىكەن، دېگەن تونۇش ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋالغاچقا، ئۇلاردا جاھىللىق مىجەزى يېتىلىدۇ، ھەتتا ئۆزىنىڭ يامان ئىش قىلغىنىنى ھېس قىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا تەرسالىق قىلغۇسى كېلىدۇ ياكى بولمىسا ئۇنىڭدا ئىنتايىن قورقۇنچاقلىق ياكى ساختىپەزلىك ئادىتى يېتىلىپ قالىدۇ.

▲ ئۇرۇش پەقەت ۋاقىتلىقلا رول ئوينايدۇ. بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن تاياق يېيىشتىن قورقمايدىغان بولغاچقا بەلكى يەنە ۋىجدانىنى يوقىتىپ، چۈشكۈنلىشىپ، يامان ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالسا، ئۇلار بىلەن بىللە جىنايەت يولىغا ماڭىدىغان بولۇپ قالىدۇ. دۇنيادا بالىغا تەن جازاسى بېرىشتەك يامان ئىش يوق.

▲ بالا ئۆزىگە كۆيۈنگەن ئادەمگە ئامراق . . . بالىنى پەقەت كۆيۈنۈش بىلەن ئادەم قىلغىلى بولىدۇ. بالا ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئۆزىگە كۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغاندىلا، ئۇلارنىڭ گېپىگە كىرىدۇ، ئۇلارنى خاپا قىلمايدۇ.

—— دزېرژىنسكىي

بۈگۈنكى ئاتا ـ ئانىلار، بالىلىرىڭلارنى ئانچە ـ مۇنچە جاپا تارتقۇزۇپ چوڭ قىلىڭلار. ھېچ بولمىغاندا، ئۇلارنىڭ مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە بولسىمۇ دىققەت قىلىڭلار. بالىلارنى ھەممىلا ئىشتا ئۆزۈڭلەرگە يۆلىنىدىغان قىلىپ قويساڭلار، ئاپتاپ چۈشسە بېشىغا سايىۋەن بولۇپ، سوغۇق بولسا ئۇلارغا ئوچاق بولۇپ يۈرۈۋەرسەڭلار، ئاۋۋال ئۇلارنىڭ قولى كۈچسىزلىنىدۇ، كېيىن ئۇلار پۈتتىنمۇ كېتىدۇ. مۇنداق تەربىيىلەنگەن بالىلار ئەگەر بىر كۈنى باشپاناھىدىن ئايرىلىپ قالسا، مۇقەررەر ھالدا شەپقەتسىز تەبىئەت تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

▲ ھۆرمەتلەنگەن بالا باشقىلارنى ھۆرمەتلەشنى بىلىدۇ.

—— ئىنكىدا ئۇساكۇ

▲ مېنىڭ قىلغانلىرىمنى تەكرارلاش مېنىڭ بىرمۇ مۇۋەپپەقىيىتىم يوقلۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

▲ بۈگۈن بىز ياخشى دەپ قارىغان نەرسىلىرىمىز بەلكىم ئەتە يامانغا ئۆزگىرىشى مۇمكىن.

▲ شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار ھازىر تېرىقچىلىق قىلىۋاتىدۇ، لېكىن ئۇلار ئەسلى سىياسەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا تېگىشلىك ئادەملەر؛ يەنە شۇنداقمۇ ئادەملەر باركى، ئۇلار ئالللىقاچان ۋەزىر بولۇۋالغىنى بىلەن، ئەسلىدە ئۇلار دېھقان بولۇشقىلا لايىق . . .

▲ ئوغلۇم دائىم تارىخنى ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ تۇرسۇن. بىردىنبىر ھەقىقىي پەلسەپە دېگەن ئاشۇ.

—— ناپالېئون

▲ دۇنيادىكى بارلىق ئاتىلارنىڭ بىرسەممىي ئارزۇسى، يەنى ئۆزى ئورۇندىيالمىغان ئىشلارنى ئوغلىنىڭ ئورۇندىغانلىقىنى كۆرۈش ئارزۇسى بولىدۇ.

—— گيوتى

▲ قىمار پۈتۈن ئەسكىلىكنىڭ مەنبەسى. ئۇ، ئادەمنى ئەخلاقتىنلا ئەمەس، سالامەتلىكتىنمۇ ئايرىۋېتىدۇ. قىمارۋازلىق نەپسانىيەتچىلىكنىڭ مەھسۇلى. قىمارۋازلىقتىن جىنايەت، جىنايەتتىن خىلمۇ خىل بەختسىزلىكلەر تۇغۇلىدۇ. قىمار نۇرغۇن ئابرويلۇق ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىۋەتكەن، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ يۈزىنى يەر قىلغان، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ئۆلۈۋېلىشىغا سەۋەبچى بولغان. قىمار دېگەننىڭ مېھرى ئىسسىق نېمە. ئۇتقانلىرى تەلىيىم كەلدى دەپ قول ئۈزەلمەيدۇ؛ ئۇتتۇرغانلىرى تەلىيىم كېلىپ قالار، دەپ نېرى كېتەلمەيدۇ. ئاخىر بېشىچىلاپ كىرىپ كېتىپ ھەممىنى بىراقلا دوغا تىكىدۇ ـ دە، گاڭگىسا ـ جىسا بولۇپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. قىسقىسى، قىمار دېگەن بۇ رەسۋا ئويۇندىن زىيان تارتقانلار باركى، پايدا ئالغانلار يوق.

—— ۋاشىنگتون

▲ ئائىلىلەردە بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى بىلەن ئەڭ كىچىكى ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىشى مۇمكىن. قالغان بالىلار ئاسانلا ئۇنتۇلۇپ قالىدۇ. لېكىن كۆپىنچە

ھاللاردا ئەڭ يارامىلىق بالا شۇلارنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ.
-- باكون

▲ مەجبۇرلاش بىلەن بېسىشتىن ئېغىزغا ئالغۇسىز قۇللۇقنىڭ پۇرىقى كېلىدۇ.
-- مۇنتەينى

▲ كىچىكىدە چېچەن بالا ئىرادىلىك بولىدۇ، مەيلىگە قويۇۋەتسە، ئاخىرى بېرىپ نابۇت بولىدۇ.
-- قەدىمكىلەر سۆزى

## ھېكمەتلەر

▲ ۋاقىت ناھايىتى شەپقەتسىز، شۇنداقلا بەكمۇ رەھىمدىل. ۋاقىت بىزنى ئۇرغۇن نەرسىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، شۇنداقلا بىزنى ئۇرغۇن نەرسىگە ئىگە قىلىدۇ.

▲ كۆپ ھاللاردا بوران - چاپقۇندا بىللە بولغان كىشىلەر ھاۋا ئېچىلىشى بىلەنلا ھەرقايسىسى ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ.

▲ ئادەم — يۈزىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن بويىنىنىڭ كېسىلىشىگە رازى بولىدىغان بىردىنبىر ھايۋان.

▲ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتا باشقىلارنى بېسىپ چۈشۈشلا مەقسەت قىلىنىدىغان بولسا، بۇنداق مۇۋەپپەقىيەتنى باشقىلار تەبرىكلىمەيدۇ ھەمدە ئۇ كېيىنكى كۈنلەردە مەغلۇبىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ.

▲ قورامىغا يەتكەن بىر كىشى بىر كىچىك بالىنى ھېچبىر كۈچىمەيلا يىقىتالىشى مۇمكىن، ئۇ بالىمۇ چوڭ بولغاندا ئەينى ۋاقىتتىكى قورامىغا يەتكەن كىشىنى ھېچبىر كۈچىمەيلا يىقىتالىشى مۇمكىن. بۇ يەردە قۇدرەتلىك ھېسابلىنىۋاتقىنى جىسمانىي كۈچ ئەمەس، ۋاقىت.

▲ ئادەم ياش ۋاقتىدا ساغلاملىق ئارقىلىق پۇل تاپىدۇ، قېرىغاندا بولسا پۇل ئارقىلىق ساغلاملىقنى سېتىۋالىدۇ.

تەييارلىغۇچى: دىلئارام قۇربان (ئوقۇغۇچى)

## ۋىكتور ھيۇگونىڭ «خارلانغانلار» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئادەمنىڭ دىلى جاھالەت ئىلكىدە قالغاندا، ئۇنىڭدىن جىنايەت تۇغۇلىدۇ. گۇناھ جىنايەت ئۆتكۈزگەن ئادەمدە ئەمەس، بەلكى جاھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئادەمدە.

▲ ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلارنى كىشىلەرنىڭ چۈشىنىشى ھامان ئەڭ تەس بولىدۇ.

▲ غوم - ئاداۋەت — ئوغرى - قاراقچى، رەزىل ئادەتلەر قاتىل دېمەكتۇر. چوڭ خەۋپ ئۆزىمىزنىڭ دىلىدىن كېلىدۇ.

▲ ئىنسانىيەت پەقەت بىلىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىلا قوبۇل قىلىشى كېرەك.

▲ ئىلغار بولغان زورلۇق كۈچ ئىنقىلاب دەپ ئاتىلىدۇ.

▲ غالىبلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان كىشىنىڭلا غالىبلارنى سوتلاش ھوقۇقى بولىدۇ.

▲ دۇنيادا ئاتارمەن - چاپارمەنلىرى بولمىغان ھوقۇقدار يوق، مۈرىتلىرى بولمىغان نوپۇز ئىگىسىمۇ يوق.

▲ شەھەر كىشىنى رەھىمسىز قىلىپ تاشلايدۇ. چۈنكى شەھەر كىشىنى چىرىكلەشتۈرۈپ چۈشكۈنلەشتۈرىدۇ. تاغ، دېڭىز ۋە ئورمانلار كىشىلەرنى قوپال ۋە ياۋايى قىلىپ قويىدۇ، پەقەت ياۋايىلىقنى كۈچەيتىدۇ، ئەمما ئادەمنىڭ ئادىمىگەرچىلىكىنى يوقىتىۋەتمەيدۇ.

▲ بەزى ھاللاردا تەلىم - تەربىيە ۋە ئەقىل - پاراسەت قاباھەتلىكنى كۈچەيتىۋېتىش رولىنى ئوينىشى مۇمكىن.

▲ خام خىيالغا بېرىلگەن ئادەم ھەمىشە ئەمەلىيەتكە ئېتىبارسىز قارايدۇ.

▲ ئەڭ ۋەھشىي ھايۋانمۇ ئۆز باللىرىنى خەقنىڭ سېلاپ - سىيپىغىنىنى كۆرگەندە، ياۋاشلاپ ئىتائەتچان بولۇپ قالىدۇ.

▲ بالا ئېمىتىۋاتقان ئانا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى -- ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىككى خىل خادىمى.

▲ كىتاب -- سوغۇققان، ئىشەنچلىك دوست.

▲ جاھاندىكى غەلىتە ئىشلار باشقىلارنىڭ ئۆزى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشتىن ئارتۇق بولماس.

▲ قارا نىيەتنىڭ ئۆزىگە يارىشا قارا بەختى بولىدۇ.

▲ ياخشى ئادەم بولۇش ئوڭاي، ئادىل ئادەم بولۇش ناھايىتى تەس.

▲ دۇنيادا دېڭىزدىنمۇ بىپايان مەنزىرە بار، ئۇ -- ئاسمان، يەنە ئاسماندىنمۇ بىپايان مەنزىرە بار، ئۇ — ئىنساننىڭ روھىي دۇنياسى.

▲ ئىنسان قەلبى -- بەتنىيەت، نەپسانىيەت ۋە سۈيىقەستلەر ھاكى، خام خىياللار سەھنىسى، رەزىل ئويلار ماكانى، مەككارلىق مەركىزى، ئارزۇ -- ھەۋەسلەرنىڭ جەڭ مەيدانى.

تەييارلىغۇچى: رەھىم راھمان

www.uyghurkitap.com

## چىنگىز ئايتماتوۋنىڭ «قىيامەت» رومانىدىن ھېكمەتلەر

▲ ئادەملەر تەقدىرنى، تەقدىر ئادەملەرنى ئىزدەپ يۈرىدۇ.

▲ ھەر بىر ئادەم ئۆزىگە ئوخشىغان باشقا بىرەر ئادەم ئۈستىدىن ھاكىملىق قىلىش ئۈچۈن ئۆلۈپ تىرىلىدۇ.

▲ ئىنسان بالىسى ئاچكۆزلۈك، ھوقۇق تەمەسى ۋە شۆھرەتپەرەسلىك ئوتتۇرىسىدا ئاۋارە — سەرسان بولۇپ يۈرىدۇ. مانا مۇشۇ ئۈچ نەرسە ئاممۇۋى ئاڭنىڭ ئۈچ لەھەڭ بېلىقى.

▲ شېئىر باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ پايانسىز ئالەم ئالدىدىكى ئىنسان روھىنىڭ ئەركىن پەرۋازى.

▲ سەنئەتنىڭ كۈچى خەلق روھىنىڭ تارىخ تەقەززاسى بىلەن تەڭ ئىپادىلەنگەنلىكىدە.

▲ ئىنسان قۇدرىتى ئۆزىنىڭ ئەڭ يۈكسەك نۇقتىسىغا يەتكەن، سانائەت ھۆكۈمران كۈچكە ئايلانغان دەۋردە ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ خۇدا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ئىنقىلاپ بىلىۋېلىش پېيىگە چۈشىدۇ.

---

تەييارلىغۇچى: ئەنۋەر توختى (ئىشچى)

## فېرىدرىخ نېتزى ھېكمەتلىرىدىن

▲ بىر ئادەمنىڭ ئۇچرىغان ئازابىنىڭ ئاز - كۆپلىكى ھەمىشە شۇ ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

▲ روھىي جەھەتتىكى ئەركىنلىك ۋە ئۇلۇغلۇق بولمىسا، تەبىئەتتىكى يۈكسەكلىكنى بىلەلمەيسەن.

▲ قاسراق تاشلاشنى بىلمىگەن يىلان ئۆلمەي قالمايدۇ.

▲ خىزمەت مەجبۇرىيەت ئۈچۈن بولىدىغان بولسا، ئادەمنىڭ ئۆمرى چەكسىز ئۇزىراپ كەتكەن بولاتتى.

▲ ئۆزىنى يوشۇرۇپ ئۆگەنگەن ئادەم ھەمىشە ئۆزى توغرىلىقلا سۆزلەيدۇ.

▲ ئىمكانىيەت يار بېرىدىغانلا بولسا، ئادەمنىڭ خۇدا بولغۇسى كېلىدۇ.

▲ قانۇن پەقەت ئۆرپ - ئادەت ۋە ئەدەب - ئەخلاقنىڭ سىرتىدىكى ئىشلارغىلا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

▲ پەقەت يېڭىچە نام، قىممەت ۋە مۇمكىنلىكنى يارىتالىغاندىلا، يېڭىچە شەيئىلەرنى ئوڭۇشلۇق يارىتىپ چىققىلى بولىدۇ.

▲ ئېتىقاد قىلغۇچى چوقۇم ئۆزىگە تەئەللۇق بولمايدۇ.

▲ ھازىرقى ئادەملەر ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالدى.

▲ ھەر قانداق مەنىدىكى ھەر قانداق بىر خىل خاتالىق ئىرادە ئاجىزلىقىنىڭ نەتىجىسى.

▲ ئادەم ئۆز قولىدىلا ئۆلىدۇ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قولىدا ئۆلمەيدۇ.

▲ ئادەم تەنھا ياشىماقچى بولسا، چوقۇم ياۋايى ھايۋان ياكى ئىلاھ بولۇشى كېرەك.

▲ بىر ئادەم ئېرىشىشنى ئويلىغان نەرسە يەنە بىر ئادەم يوقاتقان نەرسىدىن ئىبارەت.

▲ يېڭى نەرسىلەر ھەمىشە رەزىللىكنى بويسۇندۇرۇشنى ئىزدىگەن مۇھىت ئاستىدا پەيدا بولىدۇ.

▲ ھەقىقىي دۇنيا پەقەتلا ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان بولىدۇ.

▲ ئەگەر سەن باشقىلارنىڭ ساڭا مۇتلەق ئىشىنىشىنى ئويلىساڭ، ئالدى بىلەن ئۆزۈڭگە ئىشىنىشىڭ كېرەك.

▲ مەن .گىگانت ئادەملەرنى ئىزدەيمەن، ئەمما مېنىڭ تاپقىنىم باشتىن - ئاخىر گىگانت ئادەملەرنىڭ غايىسىدىكى ئادەمسىمان مايمۇندىنلا ئىبارەت بولدى.

▲ مەن پەقەت قىساس ئېلىشقا ئاجىز ياكى قىساس ئېلىش ئىرادىسى يوق ئادەملەرنىلا كەمسىتىمەن.

▲يېزىقچىلىقتىن باشقا، كۆڭلۈمدىكى نەرسىلەرنى ھەيدەپ چىقىرالايدىغان ئۇسۇلنى تاپالمىغاچقا، يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىمەن.

▲ ئۆزۈڭنىڭ ئەڭ ياخشى ياكى ئەڭ يامان ئارزۇسىنى قاندۇرۇشنى ئويلىساڭ، ئەڭ ياخشىسى بىر مەيدان ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ باق.

---

توپلىغۇچى: ئېلتېكىن (M1)

بۇ سان 1998 - يىل 20 - فېۋرالدا تىزىشقا يوللاندى، 30 - مارتتا باسمىدىن چىقتى. تەھرىر لىگۈچى: قۇربان مامۇت(M1) ، رىسالەت مۇھەممەت(M2)

ئەنۋەر ئابدۇھېلىم فوتوسى　　　　ئىللىقجا



《新疆文化》　（维吾尔文）
综合性文学双月刊

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 1998 - يىل 2-، 3-سان
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال)

主办：新疆维吾尔自治区文化厅
编辑出版：《新疆文化》杂志编辑部
地址：乌鲁木齐市胜利路193号
邮编：830001　电话：2856942
印刷：《新疆日报》印刷厂
发行：乌鲁木齐市邮局
订阅：全国各地邮局

ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتى تەرىپىدىن چىقىرىلدى
«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزۈپ نەشر قىلدى
ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 193 - قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830001. تېلېفون نومۇرى: 2856942
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一刊号：CN65——1073/I
本刊代号：58——22　定价：6元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى CN65—1073/I
ۋەكالەت نومۇرى: 22 - 58　باھاسى: 6 يۈەن



زەھەرلىك چېكىملىككە قارشى تۇرۇپ ھاياتىمىزنى قەدىرلەيلى

قەيسەر ھېسامىددىن سىزغان

www.uyghurkitap.com